# بۇلاق

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە ئۇيغۇر
ئەدەبىياتى مەجمۇئەسى

1

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
١٩٨٢-يىل، ئۈرۈمچى

بۇلاق
(1981 - يىل 1 - سان)
*
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقىتىدۇ
شىنجاڭ شىنخۇا 1 - باسما زاۋۇدىدا بېسىلدى
1981 - يىل 1 - ئاي 1 - نەشرى
1981 - يىل 6 - ئاي 1 - بېسىلىشى
كىتاپ نومۇرى: M 10098·478
باھاسى:0,86يۈەن

# مۇندەرىجە

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇلۇغ ئالىمى مەھمۇت قەشقىرى ۋە ئۇنىڭ
«دىۋان لۇغەتىت تۈرك» ئەسىرى ...... مەھەممەت ئىمىن 1
گۈل ۋە نەۋروز.................................... لۇتپى 35
نەشرگە تەييارلىغۇچى: ر. جارى
قەلەندەر غەزەللىرىدىن.................................... 130
نەشرگە تەييارلىغۇچى: تېيىپجان ئېلىيوپ
دىۋانى مەھزۇن..............................مەھزۇن خ. تەنى 185
نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدىرېشىت ئىسلام
نۇزۇگۇم.................... موللا بىلال بىنىنى موللا يۇسۇپ 208
نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەھەممەت تۇرسۇن باھاۋىدىن
ئابدىقادىر داموللا (تارىخىي ئوچېرىك) ...... خېۋىر تومۇر 226
مىڭ ئۆي ۋە پەرھاد ـ شىرىن.................... نىم شېهىت 270
نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئېلى ئېزىز

## خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن

سەنوبەر (خەلق داستانى) .................................... 347
قۇمۇل قوشاقلىرىدىن تاللانما .............................. 390
خاسىيەتلىك ئەگىشتەر (چۆچەك) .............................. 438
ۋەلى باپكا (چۆچەك) .......................................... 454

«ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» نىڭ تەتقىقات تېمىلىرى ...
....................... ئابدۇشۈكۈر مەمتىمىن 466

# ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇلۇغ ئالىمى مەھمۇت قەشقەرى ۋە ئۇنىڭ «دىۋان لۇغەتىت تۈرك» ئەسىرى

مەھەممەت ئىمىن

مەھمۇت قەشقەرىدەك ئۇلۇغ ئالىم ۋە ئاتاقلىق تىلشۇناس ھەققىدە مۇناسىپ ۋە ئوز لايىقىدا مۇلاھىزە يۈرگۈزۈش ئىنتايىن قىيىن ۋە مۇرەككەپ بىر ئىش. بىزنىڭ قولىمىزدا تا بۈگۈنكى كۈنگىچىلىك ئۇنىڭ ھاياتى، تۇرمۇش شارائىتى ۋە ئۇ ياشىغان دەۋر ھەققىدە تولۇق مەلۇمات بېرىدىغان ماتېرىياللار يوق. مەھ- مۇت قەشقەرى ھەققىدىكى ھەر بىر مەسىلىگە ئېنىق ۋە توغرا جاۋاپ بېرىش ئىنتايىن قىيىن بولسىمۇ، لېكىن باشلانغۇچ ساۋات ھىساۋىدا ئاز-تولا مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ كورسەك يامان بولماس، ئەلۋەتتە.

بىزنى مەھمۇت قەشقەرى ۋە ئۇنىڭ ئىجادىي ئەمگەكلىرى ھەققىدىكى بەزى كېرەكلىك ماتېرىياللار بىلەن پەقەت ئالىمنىڭ بىباھا ئەسىرى — «دىۋان لۇغەتىت تۈرك» («تۈركى تىللار لۇغىتى») نىڭ ئوزىلا تەمىن قىلىدۇ. «دىۋان لۇغەتىت تۈرك» ئەسىرىدە ئۇنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتى ھەققىدىكى بەزى مەلۇمات- لار خۇددى ئاز ئۇچرايدىغان قىممەت باھالىق تاشتەك ئۇ يەر-

بۇ يەردە كوزگە چېلىقىپ پارلاق نۇر چېچىپ تۇرىدۇ. ئەسەر-نىڭ ئۆزىدىكى بۇ مەلۇماتلار ئارقىلىق ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇلۇغ ئالىمى ۋە ئاتاقلىق تىلشۇناسى مەھمۇت قەشقىرى ھەققىدە بىر قەدەر بەزىبىر بىلىملەرنى ئۆگىنىش مۇمكىن.

مەھمۇت قەشقىرىنىڭ تولۇق ئىسمى مەھمۇت ئىبنول ھۇ-سەيىن ئىبنى مۇھەممەدىل قەشقىرى. ئۇ 11- ئەسىرنىڭ باشلى-رىدا قەشقەردە تۇغۇلغان. مەھمۇت قەشقىرىنىڭ مىللىتى ھەققىدە شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ ئېيتىش كېرەككى، ئۇ قەشقەرلىق ساپ ئۇيغۇردۇر. چۈنكى ئۇ، ئۆزىنىڭ «دىۋان لۇغەتىت تۈرك» ئەسە-رىدە ئۇيغۇرلار ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات بەرگىنىدە، ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر مىللىتىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. ئۇ يەنە شۇ 1- تومنىڭ 136- بېتىدە ئۇيغۇر ئۆلكىسىنى ئىران قېنىدىن بولغان سامانىلارنىڭ قولىدىن ئۇرۇش بىلەن ئۇتكۈزۈۋالغان قارا-خانىلار خاقانىنى ئۆزىنىڭ چوڭ بوۋىسى دەپ كورسىتىدۇ. بۇ پاكىتلار، مەھمۇت قەشقىرىنىڭ ساپ ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى ئىس-پاتلايدۇ. مەھمۇت قەشقىرى ئۆزىنىڭ بوۋىلىرىنى سوز بېشىدىكى "ئا" نى "ھا" قىلىپ سوزلەيدىغان قەبىلىلەردىن ئىدى، دەپ كورسىتىدۇ. ئۇنىڭ بۇ كورسەتمىسىدە ئۆزىنىڭ قايسى قەبىلىدىن ئىكەنلىكىنى ئېنىق كورسەتمىسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ناھايىتى بۇرۇنقى دەۋرلەردىن تارتىپ شۇ تېرىتورىيىدە زور ئورۇن تۇتقان بىر قەبىلىنىڭ پەرزەندى ئىكەنلىگى تولىمۇ ئېنىقتۇر. چۈنكى قەدىمقى يازما ئەدىبىياتلارنىڭ تىل پاكىتلىرىغا ئاساسلانغاندا، شۇنىڭدەك ھازىرقى تىل پاكىتلىرى خۇسۇسىيەتلىرىگە ئاساسلانغاندىمۇ بۇ خىل تىل ئالاھىدىلىكلىرىگە ئىگە بولغان قەبىلىلەر ناھايىتى كوپچىلىكنى تەشكىل قىلىدىغان قەبىلىلەر بولۇپ ھىساپلىنىدۇ. بۇگۈنكى كۈندە،

بىزدە ئاتۇش ئۇيغۇرلىرىدا "ئا" نى "ھا" دەپ تەلەپپۇز قىلىش
ھادىسىسى ئومۇمى يۈزلۈك ساقلانغان. مەسىلەن ئۇلار: "ئابدۇللا"
نى "ھابدۇللا"، "ئابلىز" نى "ھابلىز" دەپ ئېيتىدۇ. بۇ قەبىلە
«دىۋان لۇغەتىت تۈرك» يېزىلغان دەۋرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا
ئىنتايىن كەڭ زېمىنغا تارالغان ئۇيغۇر قەبىلىلىرىدۇر. كېيىنكى
دەۋرلەرگە، بولۇپمۇ ئەلشىر ناۋايى دەۋرىگە بارغاندا بۇ قەبى-
لىلەر ئىنتايىن زور نوپۇسقا ئىگە بولغان.

مەھمۇت قەشقىرىنىڭ ئاتىسى — ھۈسەيىن ئىبنى مۇھەممەت
بارساگان (بارسخان) شەھىرىدە تۇغۇلغان ۋە شۇ يەردە ئۆسكەن
ئىدى. بۇ شەھەر ھازىرقى ئىسسىق كۆلنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىغا
توغرا كېلىدۇ. مەھمۇت قەشقىرىنىڭ ئاتىسىنىڭ بارساگان (بارسخان)
شەھىرىدىن ئىكەنلىكىنى مەھمۇت قەشقىرىنىڭ ئۆز بايانىدىن بىلە-
مىز. مەھمۇت قەشقىرى مۇشۇ شەھەر ھەققىدە قىلغان بايانىدا "ئۇ
شەھەر مەھمۇتنىڭ ئاتىسى چىققان شەھەردۇر"، دەيدۇ. بۇنىڭدىن
باشقا مەھمۇت قەشقىرىنىڭ ئاتىسى ۋە ئۇنىڭ ياشاش شارائىتى
ھەققىدە ئېنىقراق مەلۇمات بېرىدىغان ھېچقانداق ئاساس يوق.
ئۇنىڭ ئىسمى ھەققىدىكى مەلۇماتىمىز پەقەت مەھمۇت قەشقىرى-
نىڭ بۇرۇن ئۆتكەن بوۋىلىرى ھەققىدىكى بايانى ئارقىلىقلا ئىگە
بولىمىز. مەھمۇت قەشقىرىنىڭ ئاتىسىنىڭ قانداق قىلىپ، قاچان
بارساگان (بارسخان) دىن قەشقەرگە كېلىپ ئولتۇراقلاشقانلىقى
ھەققىدىمۇ ھېچقانداق مەلۇمات يوق.

مەھمۇت قەشقىرىنىڭ ئوقۇش تارىخى ھەققىدىمۇ بەزىبىر
ئىما-ئىشارەتلەردىن باشقا قولىمىزدا ھېچقانداق ئاساس يوق.
مەھمۇت قەشقىرى باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەلۇماتلارنى قاراخانى-
لارنىڭ پايتەختى قەشقەردە ئالغان. بەزىبىر رىۋايەتلەرگە قارى-

غاندا، ئۇ ئالى مەلۇماتنىمۇ قەشقەردە ئالغان. بۇ رىۋايەتلەرنىڭ
ئىشەنچلىك ئىكەنلىكىنى بەزى ھۆججەتلەردىن بىلىشكە بولىدۇ.
بەزى ئەرەب ۋە خەنزۇ سودىگەر ياكى ساياھەتچىلىرىنىڭ باياند-
لىرىغا قارىغاندا، ئۇ دەۋردە قەشقەر ئۆزىنىڭ ئەڭ ئالى دەرى-
جىلىك بىلىم يۇرتلىرى (مەدرىسلىرى) بىلەن شۆھرەت تاپقان
مەدەنىيەت ئوچاقلىرىنىڭ بىرى ئىدى. 10-ئەسىردە ياشاپ
ئۆتكەن خەنزۇ ساياھەتچىسى ۋاڭ يەندەن ئۇيغۇر ئۆلكىسىگە
قىلغان ساياھىتىدە ئۇيغۇر ئۆلكىسىدە، بولۇپمۇ قەشقەردە ناھايىتى
شۆھرەتلىك، باي كۇتۇپخانىلارنى كۆرگەنلىكىنى ئالاھىدە سۆزلەي-
دۇ. بۇنىڭدىن باشقا، ئىران، ئەرەب سودىگەرلىرىمۇ، ساياھەتچىلە-
رىمۇ قەشقەرلىق تالىپلارنىڭ (ئوقۇغۇچىلارنىڭ) باي ۋە چوڭقۇر
مەلۇماتقا ئىگە ئىكەنلىكىنى ھېكايە قىلىدۇ. مەشھۇر ئىران مۇ-
تەپەككۇرى، شائىرى — سەئدى شىرازى ئۆزىنىڭ «گۈلىستان»
ناملىق ئەسىرىنىڭ 152-بېتىدە قەشقەرگە قىلغان سەپىرى ۋاق-
تىدا بىر قەشقەرلىق تالىپ بىلەن كۆرۈشكەنلىكىنى، ئۇنىڭ
زەمەخشەرى دېگەن ئالىمنىڭ «ئەرەپ سەرپ ۋە نەھۋ» دېگەن
ئەسىرىنى ئىلمىي ئاساستا تەكشۈرگىنىنى ئىنتايىن ھەۋەس بىلەن
ھېكايە قىلىدۇ.

كېيىن مەھمۇت قەشقىرى ئۆزىنىڭ ئالىجاناپ غايىسىنى ئە-
مەلگە ئاشۇرۇش ۋە بىلىمىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش مەق-
سىدى بىلەن بۇخارا، سەمەرقەنت، مەرۋە ھەم نىشاپۇر قاتارلىق
شەھەرلەرگە بېرىپ بۇ شەھەرلەردىكى ئاتاقلىق ئالىملاردىن ئۆ-
گىنىدۇ. چۈنكى بۇ شەھەرلەردە مەھمۇت قەشقىرى ياشىغان دەۋر-
دە مەشھۇر بولغان بىرىنچى دەرىجىلىك ئىلىم-پەن ئاكادېمى-
يىلىرى بار ئىدى. بۇ شەھەرلەردىكى (مەرۋە ھەم نىشاپۇردىكى)

ئاكادېمىيىلەرنى 3 - ئۇيغۇر دۆلىتى سەلجۇقىلارنىڭ ۋەزىرلىرىدىن نىزامۇلمۇلۇك - تەشەببۇس قىلىپ تەشكىل قىلغان ئىدى. بۇ شەھەرلەرگە كېلىپ بىلىم ئاشۇرۇش مەھمۇت قەشقىرى ئۈچۈن تولىمۇ ئەھمىيەتلىك بولدى.

شۇ زامان نۇقتىنەزىرى بىلەن ئېيتقاندا، مەھمۇت قەشقىرى ئۇيغۇر فېئوداللىق تۈزۈمى روھىدا تەربىيىلەنگەن ئىدى. چۈنكى مەھمۇت قەشقىرى كۆپ ۋاقىت خەلق ئوقۇشىنى مەركەز قىلغان مەدرىسىلەردە باشلانغۇچ، ئوتتۇرا ۋە ئالىي ئىلىم-پەن بىلىملىرىنى ئۆگىنىشتىن تاشقىرى يەنە فېئوداللىق ھەربىي تەلىم-تەربىيە بىلىملىرىنى ئۆگەنگەنلىكى بىزگە مەلۇمدۇر. ئۇ «دىۋان لۇغەتىت تۈرك» ئەسىرىدە "مەن ناھايىتى ياخشى قورال ئىشلىتىمەن"، "كونا قەبىلىلەر ئىچىدە ئۇستا نەيزىۋازلىرىدىن ئىدىم..." دەيدۇ. بۇ خۇسۇستا ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى تۈركشۇناس نەجىپ ئاسىم ئۆزىنىڭ بىرقەدەر مۇكەممەل يېزىلغان «تۈرك تارىخى» دېگەن شانلىق ئەسىرىدە: "خەلق ئوقۇتۇشى بىلەن بىر قاتاردا بالىلارغا ھەربىي تەلىم-تەربىيە بېرىش، ئۇيغۇر ئۆلكىسى يۇقۇرى قاتلام ۋەكىللىرى ئوتتۇرىسىدا، ئۇلارنىڭ يۇقۇرى ھەربىي فېئودال تەبىقىلىرىگە مەنسۇپ بولۇشلۇق ئالامىتى بىلەن خىزمەت قىلاتتى" دەيدۇ. شۈبھىسىزكى، ئوتتۇرا ئاسىيا قاراخانىلار ھاكىمىيىتى دەۋرىدىمۇ ئەنە شۇنداق قوشۇمچە ھەربىي تەلىم-تەربىيە ئۇسۇللىرى بار ئىدى. بۇ مەسىلە ئۈستىدىكى مۇلاھىزىدە مەھمۇت قەشقىرىنىڭ ئۆزىنىڭ كۆرسىتىشى ۋە ئېتىراپ قىلىشى ھەرقانداق گۇمانغا ئورۇن قويمايدۇ. بىز مۇشۇ ئاساستا شۇنداق دېيىشكە ھەقلىقمىزكى، ياش مەھمۇت قەشقىرىگە شۇ دەۋرنىڭ ئەڭ ئىلغار، ئەڭ باي

بىر ھە-
تەربىيەسىنىڭ بىرلىگەنلىكى ئىسپات تەلەپ قىلمايدىغان
مۇ-
قەددەتتۇر. مەھمۇت قەشقىرى ئۆز دەۋرى ئېتىۋارى بىلەن
شەخس
كامىل تەربىيە كۆرگەن ۋە يۇقۇرى سەۋىيىلىك ئۇلۇغ
كۆرۈنگەن
بولغىنى ئۈچۈن، شۇ دەۋر جەمىيىتىنىڭ كۆزگە
قات-
ئىلىم - پەن ئەھلى قاتارىدىن ھەم ساراي - فېودال يۇقۇرى
ئو-
لاملىرىنىڭ قەشقەردىكى ئالى دائىرىلىرى ئىچىدىن ناھايىتى
قابىلىق بىلەن ئورۇن ئېلىشقا مۇيەسسەر بولغان.
مەھمۇت قەشقىرىنىڭ باشلانغۇچ، ئوتتۇرا ۋە ئالى مەلۇ-
ماتلارنى ئۆز يۇرتى قەشقەردە ئالغانلىغى يۇقۇرىدا دەلىللەپ
ئۆتكەن تارىخىي پاكىتلىرىمىز ئاساستا راستتۇر. لېكىن ئۇنىڭ
باغدات شەھرىگە بېرىپ ياشىغانلىغى كىشىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە
جەلپ قىلىدىغان ئالاھىدە بىر ئەھۋالدۇر. بەزىبىر شەرقشۇ-
ناس ئالىملارنىڭ پىكىرلىرىگە قارىغاندا، مەھمۇت قەشقىرى ئۆز
بىلىمىنى ئاشۇرۇش - تولۇقلاش ئۈچۈن باغدات شەھرىگە بارغان-
مىش. بۇ پىكىرلەر مەھمۇت قەشقىرىنىڭ بىر قاتار ئىشارەتلىرى-
گە قارىغاندا تولىمۇ ئاساسسىز ۋە يالغاندۇر. چۈنكى مەھمۇت
قەشقىرى باغداتقا كەلمەستىن بۇرۇنلا ئۇيغۇر (تۈرك) لارنىڭ
كەڭ زېمىنىدىلا ئەمەس، بەلكى ئەرەپ تىلىنى، پارس تىلىنى
بىرقەدەر مۇكەممەل بىلگەن ئالىملار دائىرىسىدىمۇ ئالاھىدە
كۆزگە كۆرۈنگەن، نوپۇزلۇق ئالىم ئىدى. ئىككىنچىدىن، مەھمۇت
قەشقىرى باغدات شەھرىگە كېلىشتىن بۇرۇنلا باي ئىلمىي تەج-
رىبىگە ئىگە ئالىم ۋە تەكشۈرگۈچى ئىدى. يەنى ئۇ كەلگۈسى-
دىكى ئىلمىي - ئىجادىي پائالىيىتى ئۈچۈن قىزغىن مۇھەببەت بى-
لەن تىل، تارىخ، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە باشقىلار ساھەسىدە
ئىنتايىن قىممەتلىك ماتېرىياللارنى ("... تاغلاردا، دەريا قىر-

غاقلىرىدا ۋە كوللەر ئەتراپلىرىدا توپلاپ يازغان نەرسىلىرىنىڭ كۆپىنچىسىنى مۇسۇلمان ئۇيغۇر خەلقلىرىنىڭ ئىلكىدە بولغان ئۇلكىلەردە يۈرۈپ توپلىدىم، مۇھىم بولمىغان نەرسىلەرنى تاشلىدىم، يەنە بىر قاتار نەرسىلەرنى مۇسۇلمان بولمىغان ئۇيغۇر ئۇلكىلىرىگە بېرىپ ئالدىم") توپلاپ چىققان ئالىم ئىدى. مەھمۇت قەشقىرى يۇرتمۇ-يۇرت يۈرۈپ توپلىغان مول تۇرمۇش ماتېرىيالى ھىساۋىغا ئىككى يىل ۋاقىت ئىچىدىلا مۇنداق زور ھەجىملىك بىر ئىلمىي ئەسەرنى يېزىپ تاماملايدۇ. «دىۋان لۇغەتىت تۈرك» دەك ئالەمشۇمۇل ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان بۇ زور ئىلمىي كىتاپنى يېزىپ تاماملاش ئۈچۈن ئىككى يىللىق ۋاقىت تولىمۇ ئازلىق قىلىدۇ. ۋاھالەنكى، مەھمۇت قەشقىرى باغداتقا كېلىپ پەقەت ئىككى يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپلا «دىۋان لۇغەتىت تۈرك» دەك كاتتا بىر قامۇسنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا تاماملايدۇ. ئۇنىڭ مۇنداق ھەممىنى قايىل قىلىدىغان ئىجادىي ئەمگەك پائالىيىتى ۋە ئەمەلىيىتى، ئۇنىڭ باغداتقا كېلىشتىن بۇرۇنلا ئەتراپلىق يېتىشكەن، ئىنتايىن قابىلىيەتلىك، مول ئىلمىي تەتقىقات تەجرىبىسىگە ئىگە ئىستىداتلىق ئۇلۇغ زات ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. ئۈچىنچىدىن، مەھمۇت قەشقىرى «دىۋان لۇغەتىت تۈرك» ئەسىرىدە ئۆزىنىڭ باشقا بىر ئىلمىي ئەسىرى «كىتاۋى جەۋا ئەرى نەھۋى فى لۇغەتىت تۈرك» («تۈرك تىللىرى گىراماتىكىسىنىڭ گوھەر دانىلىرى كىتاۋى») ھەققىدە سوزلەيدۇ. ئەمما ئالىمنىڭ بۇ ئەسىرى ھازىرغىچىلىك ئىنسانىيەت دۇنياسىغا مەلۇم ئەمەس. مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ئۆز سوزىگە ئاساسلانغىنىمىزدا «دىۋان لۇغەتىت تۈرك» ئۇنىڭ بىرىنچى ئەسىرى بولماستىن، بەلكى سان ئېتىۋارى بىلەن 2-، 3-ياكى 4-ئەسىرى بولۇشى

مۇمكىن. بۇ مەھمۇت قەشقەرىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا چوڭ-
قۇرراق ئۆگىنىشىمىز ئۈچۈن ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك بولغان مۇھىم
مەسىلىدۇر.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇلۇغ پەرزەندى مەھمۇت قەشقەرى
ئەبۇ نەسىر فارابى، ئەبۇ ئەلى ئىبنىسىنادەك ئەرەپ تىلىنى
مۇكەممەل ئىگەللىگەن ۋە ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىدا شۇلار
قاتارىدا كاتتا پەخرى ئورۇنغا ئىگە بولغان مەشھۇر ئالىمدۇر.
ئۇنىڭ ئەرەپ تىلى بىلەن يازغان «دىۋان لۇغەتىت تۈرك» تىن
ئىبارەت بىباھا قىممەتلىك ئەسىرى شۇ دەۋر ھاياتىدا ۋە
تىلشۇناسلىق تارىخىدا ئالاھىدە يېپ-يېڭى بىر سەھىپە ئاچتى.
ئۇنىڭ ئەسىرى ئۆز دەۋرى ئۈچۈن ئىنتايىن زور ئاجايىپ بىر
ۋەقە بولغىنى ھالدا تۈركىلوگىيە پېنى ساھەسىدىمۇ ئاجايىپ بىر
تەڭداشسىز نەمۇنە بولدى. مەھمۇت قەشقەرى تۈركىلوگىيە پېنى-
نىڭ تەڭدىشى يوق ئۇستازى بولۇشى بىلەن تۈركىلوگىيە ئىل-
مىنىڭ مەخسۇس پەن سۈپىتىدە راۋاجلىنىشىغا يىمىرىلمەس ئا-
ساس سالدى. تۈركىلوگىيە تارىخچىلىرى، ئەدەبىياتشۇناسلىرى،
ئارخىلوگلىرى مەھمۇت قەشقەرىگە ئۇلۇغ ئۇستاز سۈپىتىدە چوڭ-
قۇر ھورمەت بىلەن ياندىشتى. ئەپسۇسكى بۇ ئۇلۇغ ئالىمنىڭ
مەشھۇر ئەسىرى جامائەتچىلىك نەزىرىدىن چەتتە قېلىپ قالغان
ۋە جىددى يوسۇندا ئۆگىنىلمەي قالغان ئىدى. بۇ ئەھۋال
«دىۋان لۇغەتىت تۈرك» ئەسىرى ھەققىدە بەزى بىمەنە-تۇتۇرۇق-
سىز پىكىرلەرنىڭ پەيدا بولۇشىغا ۋە ئەسەرنىڭ ئاپتورى شەنىگە
بەزى بوھتانلارنى چاپلاشقا سەۋەپ بولدى. بەزى شەخسلەر
مەھمۇت قەشقەرى تۈركى تىلىنى ئەرەپچىلەشتۈرۈپ بۇزغان دېسە،
بەزىبىر شەخسلەر «دىۋان لۇغەتىت تۈرك» ئەرەپچىدىن تەرجىمە

قىلىنغان دىدى. يەنە بەزىلەر مەھمۇت قەشقىرى تۈركلەشكەن ئەرەپ ياكى غەيرى ئۇيغۇر (تۈرك) دىدى. مەسىلەن، نېمىس تۈركولوگى بىرگىشتىرىسسىر «دىۋان لۇغەتىت تۈرك» ئەسىرى 850-يىلى ۋاپات بولغان ئەبۇ ئىبراھىم ئەلپارابىنىڭ ئەرەپچە «دىۋانۇ ئاداپ» دىگەن ئەسىرىنىڭ تەرجىمىسى دەپ يازدى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇلۇغ ئالىمى ۋە تىلشۇناسى مەھمۇت قەشقىرى ئۈستىدە قىلىنغان مۇنداق بۇرمىلاشلارغا تارىخىي پاكىتلار ئارقىلىق رەددىيە بېرىش ھەر بىر ۋىجدانلىق ئادەمنىڭ تارىخ ئالدىدا ئۆتەشكە تېگىشلىك شەرەپلىك مەجبۇرىيىتى.

مەھمۇت قەشقىرى تۈركى تىللار ساھەسىدە بىرىنچى بولۇپ قائىدە ياراتقان ۋە ئۇنى ئەتراپلىق يوسۇندا چوڭقۇر شەرھىلەپ بەرگەن ئالىمدۇر. ئۇ غايەت پىرىنسىپاللىق، تەقلىتچىلىكتىن يىراق، مەسىلىنى پاكىتلار ئاساسىدا ھەر تەرەپلىمە پۇختا ئىگەللەپ ئىش كورىدىغان ئالاھىدە تەبىئىلىك ئالىم ئىدى. ئۇ ئىلىمگە، خۇسۇسەن تىل ئىلمىگە قاتتىق مۇھەببەت باغلىغان تىلشۇناس بولۇپ، ئۇنىڭ «دىۋان لۇغەتىت تۈرك» ئەسىرىنى يېزىشتىكى قەتئىي پائالىيەتلىرى بۇ نۇقتىنى يېتەرلىك دەرىجىدە ئىسپاتلايدۇ.

مەھمۇت قەشقىرى دىۋان يېزىش ئۈستىدە ئۇزۇن يىللار جىدام ۋە غەيرەت قىلىپ ئىشلىدى. دەسلەپ ئۇ، كوپ يىللار يۇرتمۇ-يۇرت يۈرۈپ ماتىرىياللار توپلىدى، ئۇ قەشقەردىن تارتىپ پۈتۈن ماۋارەئۇننەھىر، خارىزىم، پەرغانە، بۇخارا، موڭغۇل، گەنسۇ داللىرىغىچە بولغان كەڭ ۋە چەكسىز تېرىتورىيەلەرنى كېزىپ چىقتى ۋە بۇ تېرىتورىيىدە ياشىغۇچى ئۇرۇقلار، قەبىلىلەر، خەلقلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ كەسپلىرىنى، تۇرار جايلىرىنى،

نوپۇسلىرىنى ھەمدە ئۇلارنىڭ تىللىرىنى ئىنچىكىلىك بىلەن ئىگەللەپ چىقتى. ھەتتا ئۇ ھەر بىر سۆزنىڭ قايسى قەبىلىگە تېگىشلىك ئىكەنلىكىنى، سۆزلەرنىڭ قەدىمقى ۋە ئەينى ۋاقىتتىكى ۋارىيانتلىرىنى، سۆزلەرنىڭ مەنە ۋە شەكىللىرىنى، سۆزلەر تەلەپپۇزىدا قەبىلىلەر ئارىسىدىكى ماسلىق ۋە پەرقلەرنى ھەر تەرەپلىمە ئېنىقلاپ چىقتى ۋە ئۇنى تەرتىپكە سالدى. ئۇزاق ۋاقىت جىداملىق بىلەن ئېلىپ بارغان ئەمگەكلىرى بەدىلىگە ئۆزىنىڭ «دىۋان لۇغەتىت تۈرك» ناملىق ئەسىرىنى يېزىپ چىقتى. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: ”مەن تۈركلەر (ئۇيغۇرلار)، تۈركمەنلەر، ئوغۇزلار، چىگىللەر، ياغمالار، قىرغىزلارنىڭ شەھەرلىرىنى، قىشلاق ۋە يايلاقلىرىنى كۆپ يىللار ئارىلاپ چىقتىم، لۇغەتلەرنى توپلىدىم. تۈرلۈك سۆز خۇسۇسىيەتلىرىنى ئېنىقلىدىم. مەن بۇ ئىشلارنى تىل بىلمىگەنلىكىم ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى بۇ تىللاردىكى ھەر بىر كىچىك پەرقلەرنى ئېنىقلاش ئۈچۈن قىلدىم، بولمىسا مەن تىلدا ئۇلارنىڭ ئەڭ تولغانلىرىدىن، ئەڭ كاتتا مۇتەخەسسىسلىرىدىن، خوش پەھىملىرىدىن، كونا قەبىلىلىرىدىن جەڭ ئىشلىرىدا ئۇستا نەيزىۋازلىرىدىن ئىدىم“.

مۇشۇلارنىڭ ئۆزىلا مەھمۇت قەشقىرىنىڭ ئىش تەرتىۋىنىڭ قانچىلىك پۇختا ئىكەنلىكىنى، ئۆز ئىشىدا قانچىلىك مۇكەممەل ئىلمىي ئۇسۇل قوللانغانلىقىنى، تىل پاكىتلىرىغا قانچىلىك توغرا يانداشقانلىغىنى، ئىشقا ھەددىدىن ئارتۇق ھېرىسلىكىنى، ئېھتىياتچانلىغىنى، ئۆز دەۋرىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن تىلشۇناسى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان قۇياش نۇرىدەك پاكىتلاردۇر. مەھمۇت قەشقىرىنىڭ ئۇزاق يىللار يۇرتمۇ-يۇرت ئارىلاپ توپلىغان ماتېرىياللىرى ئۇنىڭغا بىرىنچىدىن شۇ دەۋر تىلىنى

ھەر تەرەپلىمە ئىشلەشكە ئىمكانىيەت تۇغدۇرغان بولسا، ئىككىنچىدىن بۇ ئۇسۇل بىلەن توپلىغان ۋە بار بولغان تىل پاكىتلىرى ئاساسىدا پۇختا ئىلمىي خۇلاسىلەر چىقىرىشقا مۇھىم يول ئاچتى. ئۇ ماتېرىياللار مەھمۇت قەشقىرىگە شۇ دەۋر تىلىنىڭ فونېتىكىسىنى، لېكسىكىسىنى، مورفولوگىيىسىنى ۋە باشقىلارنى ناھايىتى ئىنچىكىلىك بىلەن ئىلمىي ئاساستا ئىزاھلاپ بېرىشكە ئاساس بولدى.

مەھمۇت قەشقىرى ئىش ئۇسلۇبى جەھەتتىمۇ ئۆزىگە خاس مېتودقا ئىگە ئالىم ئىدى. «دىۋان لۇغەتىت تۈرك» تە بېرىلگەن ئىزاھلارغا ئاساسەن ئۇ ئۆز ئەسىرىنى ئىشلەشكە كىرىشىشتىن باشلاپ، قانداق ئۇسۇل قوللىنىش ۋە قانداق تاماملاش جەھەتلىرىگىچە ئەستايىدىل مۇلاھىزە يۈرگۈزدى، ئىش ئۇسۇلىنى پۇختا پىلانلاشتۇردى، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ مەھمۇت قەشقىرى ياشىغان دەۋرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ئىنتايىن ئۇلۇغ ۋە مۇرەككەپ ھېساپلانغان بۇ زور ھەجىملىك كىتابنى ئۆز ۋاقتىدا مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا تاماملاشقا مۇيەسسەر بولدى. ئۇ دەۋرلەردە لۇغەتچىلىك ساھەسى تېخى ئۆزلەشتۈرۈلمىگەن بوز يەردەك يېڭى مەسىلە ئىدى. لۇغەت توپلاش، سۆزلەرنى توغرا ۋە ئۆز لايىقىدا ئىزاھلاش، زۆرۈر بولغان ئۆرۈنلارغا تېگىشلىك بولغان مىساللارنى تېپىش، ئېلىپبە تەرتىۋىگە ماسلاشتۇرۇش ۋە يەنە شۇنىڭغا ئوخشاش لۇغەتچىلىككە دائىر كۆپلىگەن ئىشلارنىڭ ھەممىسى يېپ-يېڭى بىر ئىش ئىدى. مانا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئىجادىي ئەمگەك تەلەپ قىلىدىغان كەشپىياتلارنى پەقەت مەھمۇت قەشقەرىلا باشلاپ بەردى ھەمدە ئۆزى ئويلىغاندىنمۇ زور دەرىجىدە ئاشۇرۇپ، سۈپەتلىك ھالدا تاماملاپ، لۇغەتچىلىك ئىشىدا يېپ-

يېڭى كەشپىيات ياراتتى. مەھمۇت قەشقەرىنىڭ بۇنداق زور
ئەھمىيەتلىك ئىلمىي ئىشنى باشلاشتىن بۇرۇن، ئۆز ئالدىغا
پۇختا، مۇكەممەل، ئەتراپلىق پىلان تۈزۈشكە ۋە ئۆز ئالدىغا
قويغان بۇنداق بۈيۈك ۋەزىپىنى قەتئىيەتلىك بىلەن ئىشلىشىگە،
مەھمۇت قەشقەرىدە بار بولغان ئاجايىپ قابىلىيەت ۋە ئەقىل-
پاراسەت زور ياردەم بەردى. ئۇنىڭ ئۆز پىلانى ئاساستا يۇرت-
مۇ-يۇرت يۈرۈپ، خەلق ئېغىزىدىن توپلىغان لۇغەتلىرى ئۇنىڭ-
غا سۆزلەرنى ئۆگۈنۈشلۈق ھالدا ئىزاھلاشقا ۋە ئىلمىي ئۇسۇل بە-
لەن پاكىتلار ئاساسىدا توغرا بىر تەرەپ قىلىشىغا كاتتا ياردەم
بېرىش بىلەن بىللە، ئەسەرگە كۆپلىگەن يېڭى مىساللارنى كىر-
گۈزۈشكە، ئەسەر مۇندەرىجىسىنى تۈرلۈك قائىدىلەر بىلەن بېيى-
تىشقا تولۇق ئىمكانىيەت بەردى ھەمدە بۇ لۇغەتلەر-سۆزلەر
ياردىمى بىلەن شۇ دەۋر تىلىنىڭ پۈتۈن لېكسىكىلىك خۇسۇ-
سىيەتلىرىنى ئېنىقلاشقا مۇيەسسەر بولدى.

«دىۋان لۇغەتىت تۈرك» تىكى تىل پاكىتلىرى يالغۇز
11 - ئەسىرگىلا ئائىت بولماستىن، بەلكى ئۇلار يەنە ئۇزاق قە-
دىمقى دەۋرلەر تىلىدىنمۇ ئاجايىپ بىر نەمۇنىدۇر. چۈنكى مەھمۇت
قەشقەرى تىل پاكىتلىرىغا تارىخىي ئاساستا ياندىشىدۇ. ئۇ تىل
تارىخىنى يارىتىشنى ئۆز ئالدىغا ئاساسىي ۋەزىپە قىلىپ قويىدۇ.
بۇنى ئۇنىڭ ئۆز سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، ئۇ، بۇ ئەسىرنى تىل-
نىڭ قەدىمقى ھالىنى ئۆگەنگۈچىلەرگە پايدىلىق خىزمەت قىلغۇچى
قوللانما، كېيىنكى دەۋردىكى تىل ئۆگەنگۈچى تەتقىقاتچىلارغا بۇ-
نىڭغا قىياس قىلىپ پايدىلىنىشلىرى ۋە كىرەكلىك ئىلمىي خۇلا-
سىلەرنى چىقىرىۋېلىشلىرى ئۈچۈن كۆۋرۈك قىلماقچى ئىدى.
شۇڭلاشقىمۇ ئۇ، ئۆز ئەسىرىدە تىل پاكىتلىرىنىڭ شۇ دەۋرگە

خاس خۇسۇسىيەتلىرىنىمۇ، بۇرۇنقى هالەتلىرىنىمۇ، قەدىمقى دەۋردىن باشلاپ كىتاپ يېزىلغان دەۋرگىچە مەيدانغا كەلگەن ئۆزگىرىشلەرنىمۇ هەيران قالارلىق هالدا تارىخىي يوسۇندا توغرا ئىزاهلاپ بەردى. بۇ جەهەتتىن «دىۋان لۇغەتىت تۈرك» نىڭ تىلى ئىنتايىن قەدىمقى تارىخنى، ئۇرۇقچىلىق دەۋر تىلىنى ئېچىپ بېرىش ئەهمىيىتىگىمۇ ئىگە بولغان مۇهىم مەنبەدۇر. مەهمۇت قەشقىرى يالغۇز تىلشۇناس بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇلۇغ ئەدىبىياتچى، تارىخچى ۋە ئۆز دەۋرىنىڭ ئاتاقلىق پەن ئەربابىدۇر.

11 ـ ئەسىردە بىرقانچە ئىلمىي ئەسەرلەر يېزىلغانلىقى مەلۇم. ۋاهالەنكى بۇ ئەسەرلەرنىڭ مۇتلەق كۆپلىرى بىزگىچە يېتىپ كەلمىدى. خەلىپە قۇتايبا دېگەن جاللات ـ قانخور شۇ دەۋردە مەۋجۇت بولغان نۇرغۇن ئاجايىپ نادىر ئەسەرلەرنى هەر تەرەپلەردىن يىغدۇرۇپ كېلىپ، كۆيدۈرۈپ تاشلىغان. هەتتا بۇ قانخور بۇ قىلمىشلىرىنى ئاز دەپ شۇ دەۋردە يېزىق بىلگەن بارچە ئادەملەرنى قىرىپ تاشلىغانلىقى هەققىدە مەلۇمات بار. ئۇنىدىن كېيىن چىڭگىزخاننىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا يۈرگۈزگەن قىرغىنچىلىقى بىلەن يەنە ئاز بولمىغان ئىلمىي ئەسەرلەر كۆيدۈرۈپ تاشلاندى. ئۇ دەۋردىن بىزنىڭ دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن نادىر ئەسەرلەرنىڭ بىرى «دىۋان لۇغەتىت تۈرك» تۇر. ئەسەرنىڭ يېزىلىپ تۈگىگەن يىلى (1072 — 1074) ئېنىق بولسىمۇ، ئەمما ئەسەر ئۈستىدە ئومۇمەن قانچىلىك ۋاقىت ئىشلىگەنلىكى هەققىدە ئېنىق بىر مەلۇمات يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ قولىيازما ئۈستىدە ئىشلەنچىلىك پىكىر ئېيتالمايمىز. بۇ قولىيازمىنى مەهمۇت قەشقىرىدىن 200 يىل كېيىن سۈرىيىنىڭ دەمەشق شەهرىدە كۆچۈرگۈچى كاتىپ مۇهەممەت بىننى ئابابەكرى دەمەشقى مەلۇماتىغا ئاساـ

لانغىنىمىزدا، مەزكۇر قوليازما، مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ئۆز قولى بىلەن يازغان نۇسخىسىدىن كۆچۈرۈلگەندۇر.

«دىۋان لۇغەتىت تۈرك» نىڭ مۇندەرىجىسىگە ئاساسەن، كىتاپنى ئىككى ئاساسىي بولۇمگە ئايرىشقا بولىدۇ. بىرى مۇقەددىمە، ئىككىنچىسى لۇغەت قىسمى. مۇقەددىمىدە ئاپتور تۈرك تىلىنىڭ ئەھمىيىتى، خۇسۇسىيەتلىرى، ئۆز ئالدىغا قويغان مەقسىدى، ئەسەرنىڭ تۈزۈلۈشى، قوللىنىلغان يېزىق، پېئىللاردىن ياسالغان ئىسىملار، سۆزلەرنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە ئۆزگىرىشى، زىكىر قىلىنمىغان سۈپەتلەر، تۈرك تەبىقىلىرى ۋە قەبىلىلىرى ھەققىدە قىسقىچە ئىزاھات ۋە باشقىلارنى بەرگەن. ئەمدى لۇغەت بولۇمىدە بولسا، ئاپتور شۇ دەۋردە ئىستېمالدا بولغان ھەممە سۆزلەرنى قوللىنىشقا ئىنتىلگەن ۋە ئۇلارنى يېتەرلىك دەرىجىدە ئىلمىي، تارىخىي نۇقتىئىنەزەر بىلەن كەڭ ۋە تولۇق ياراتقان؛ مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ئۆز سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، ئۇ، ئۆزىنىڭ بۇ ئەسىرىدە شۇ دەۋردە ئىستېمالدىن چىققان سۆزلەرنىلا تاشلىۋەتكەن. يەنى "مەن دىۋاندا ئىشنى ئىخچاملاشتۇرۇش مەقسىدى بىلەن، تىلدا ئىشلىتىلىۋاتقان سۆزلەرنىلا بەردىم، ئىستېمالدىن چىققانلىرىنى بولسا قالدۇردۇم." مەھمۇت قەشقەرى دىۋاندا ئارخائىزىم سۆزلەرنىڭمۇ نەمۇنىسىنى كۆرسىتىپ، ئۇلارنىڭ بەك كۆپ ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرۇپ ئۆتىدۇ. بۇ ئەھۋال «دىۋان لۇغەتىت تۈرك» تە ئىزاھلانغان تىل تولىمۇ قەدىمقى ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

«دىۋان لۇغەتىت تۈرك» ئەسىرىنىڭ يەنە بىر مۇھىم ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇنىڭدا مىسال ئورنىدا كەلتۈرۈلگەن ماقالا ۋە ئەدەبىي پارچىلار، قەدىمقى ئەدەبىي ژانىرلارنىڭ نەمۇنىسى سۈپىتىدە فولكلور ۋە ئەدەبىيات تارىخى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم

مەنبەدۇر. دىۋاندىكى ئەدەبىي پارچىلار بىر پۈتۈن ئەسەر ھالدا بىرىلمىگەن بولسىمۇ، ئەمما بۇ ئەدەبىي پارچىلار ھەققىدىكى مەھمۇت قەشقىرىنىڭ كورسەتمىلىرى، ئۇ ئەدەبىي پارچىلارنىڭ قانداقتۇ بىرەر قەسىدە، قوشاق ۋە باشقا داستانلارنىڭ بىر بولۇمى ئىكەنلىكىدىن دالالەت بىرىدۇ. بۇ ئەدەبىي پارچىلارنى: باھار سۈيگۈلىرى، جەڭ سادالىرى، باتۇرلارنىڭ قوشاقلىرى، سۈيگۈ تۈيغۇلىرى، تەلىم - تەربىيە پارچىلىرى، تەبىئەت تەسۋىرى ۋە باشقا ماۋزۇلار ئۈستىدە ئايرىم ئەسەرلەرگە بىرىكتۈرۈش مۇمكىن.

«دىۋان لۇغەتىت تۈرك» تىكى ئەدەبىي پارچىلار ۋە ئۇلار ھەققىدىكى مەھمۇت قەشقىرىنىڭ چۈشەندۈرۈشلىرى، مەھمۇت قەشقىرىنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلەرگە زور ھەۋەس قويغانلىغىنى، ئەدەبىي ئەسەرلەرنى بىرىلىپ ئۈگەنگەنلىگىنى دەلىللەيدۇ. مەھمۇت قەشقىرى دىۋاندا بەزىدە ۋەزىن ھەققىدە، بەزىدە ئەدەبىي ژانىرلار ھەققىدە (مەسلەن، ناخشا - قوشاقلار، ماقالا - تەمسىللەر، ھىكايە - چوچەكلەر، رىۋايەتلەر، ھىكمەتلىك سوزلەر. . .)مەلۇمات بىرىدۇ. بۇ خىل پاكىتلارغا ئاساسەن، ئۇ دەۋرلەردە يەنە باشقىچە بىرقانچە مۇھىم ئەسەرلەرنىڭ يارىتىلغانلىغىنى قىياس قىلىش مۇمكىن. بۇ پىكىرنى دىۋاندىكى ئايرىم پارچىلار تولۇق تەستىقلايدۇ. مەسلەن:

كۈچەندى بىلەگىم، ياغودى تىلەگىم
تىلىندى بىلەگىم، تىگىرىپ ئەنگەر جەرتىلۇر.

(مەزمۇنى: كوپ يىيىش نەتىجىسىدە بىلەكلىرىمگە ئاغرىق كەلدى، تالدى ئەمدى، ئەمدى مەقسەتكە ئاز قالدى، دىلىدا

ھېكمەت بۇلاقلىرى ئېچىلدى. زامان مېنى شۇ دەرىجىگە يېقىنلاشتۇرغاندا ئۇمرۇم تۈگەي دەپ قالدى.)

بۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، ئۇ دەۋردە پۈتۈن ھاياتىنى ئىلمىي-ئىجادىي ئىشلارغا بېغىشلىغان ۋە ئاجايىپ نادىر ئەسەرلەرنى ياراتقان ئاتاقلىق يازغۇچى، شائىرلار بولغان. ۋاھالەنكى، بۇ ئەسەرلەر بىزنىڭ دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلمىدى.

شۇنى ئېيتىش كېرەككى «دىۋان لۇغەتت تۈرك» تە بېرىلگەن ئەدەبىي پارچىلار يالغۇز 11 - ئەسىردىكى ئەدەبىياتتىنلا نەمۇنە بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ زور بىر قىسمى ناھايىتى ئۇزاق بىر ئۆتمۈش بولۇپ قالغان دەۋرنىڭ قىممەتلىك مەھسۇلاتىدۇر. مەسىلەن، ئەسەردىكى يابۇقۇ ۋە بەسمىللار كۆرۈشى ھەققىدىكى پارچىلار تولىمۇ ئۇزاق ئۆتمۈشكە مەنسۇپ پارچىلاردۇر. تارىخىي مەلۇماتلارغا قارىغاندا، يابۇقۇ قەبىلىسىنىڭ باشلىقى ئارسلان تېكىننىڭ ئۇزاق ئۆتمۈش تارىخى جامائەتچىلىككە مەلۇمدۇر. بۇ پارچىلارنى كۆلتېكىن ئابىدەلىرىدىكى يابۇقۇ ۋە بەسمىللارنىڭ كۆرۈشكە قارىتامۇ بېرىش مۇمكىن. دىۋاندا بېرىلگەن تەبىئەت تەسۋىرى ھەققىدىكى پارچىلار، سۆيگۈ ھەققىدىكى رۇبائىلارنىڭ زور بىر قىسمى يەنىمۇ ئۇزاق ئۆتمۈشكە دائىر پارچىلاردۇر. بۇ جەھەتتىن ئېيتقاندا، دىۋاندىكى پارچىلار، ئەدەبىي پائالىيەتنىڭ ناھايىتى ئۇزاق ئۆتمۈش تارىخىنى بەلگىلەش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ئەڭ قىممەتلىك ھۆججەتتۇر. «دىۋان لۇغەتت تۈرك» تە يېزىلغان گېئوگرافىك مەلۇماتلارمۇ ئالاھىدە دىققەتكە سازاۋەردۇر. مەھمۇت قەشقىرى ئۆز ئەسىرىدە شۇنچە كەڭ سوزۇلغان تېررىتورىيەدە شۇ دەۋردە مەۋجۇت بولغان بارلىق شەھەر ۋە يېزىلاردىن، دېڭىز ۋە كۆللەردىن، ئۇلارنىڭ

تارىخىدىن ھەتتا ئۇ يەرلەردە بار بولغان ھايۋانلاردىن، ئۆسۈم-
لۈكلەردىن ۋە باشقا تۈرلۈك - تۈمەن ھادىسە، مەۋجۇداتلاردىن
مول مەلۇمات بېرىدۇ. بۇ جەھەتتىمۇ «دىۋان لۇغەتىت تۈرك»
نىڭ قىممىتى ئىنتايىن ئۇلۇغ ۋە تەڭداشسىزدۇر.

مەھمۇت قەشقىرى 11 - ئەسىردە ياشىدى ۋە ئىجات
قىلدى. بۇ ئۇلۇغ ئالىم ياشىغان دەۋر بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزنى
9 ئەسىرلىك ناھايىتى ئۇزاق تارىخىي جەريان ئايرىپ تۇرىدۇ.
لېكىن ئۇنىڭ ئۆز دەۋرىدە ئۇيغۇر (تۈرك) خەلقى ئۈچۈن
چىدام ۋە غەيرەت بىلەن قىلغان ئالەمشۇمۇل ئەھمىيەتكە ئىگە
ئۇلۇغ ئەمگىكى ئۇنى بىزگە يېقىنلاشتۇرىدۇ. ئادەم بالىسىنىڭ
قان - تەر تۆكۈپ قىلغان ئەمگەكلىرى ۋە ئىلىم - پەن ئەرباپلىرى-
نىڭ، ئالىملارنىڭ ئىلمىي پائالىيەتلىرى كۆككە كۆتىرىلىۋاتقان
بۈگۈنكى 20 - ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇلۇغ
ئالىمى ۋە ئاتاقلىق تىلشۇناسى مەھمۇت قەشقىرىگە شەرەپ بىلەن
يۈكسەك ئورۇن بېرىدۇ. ئۇنىڭ بىباھا ئىلمىي ئېنسىكلوپېدىيىسى
(پۈتۈن بىلىملەر توپلىمى) ئەقىل - پاراسەتلىك، ئەمگەكچان، باتۇر
ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۆز تارىخىنى بىلىشى ۋە ئۆگىنىشى ئۈچۈن
بىباھا گۆھەر بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ.

«دىۋان لۇغەتىت تۈرك» نىڭ قەيەردە يېزىلغانلىقى مەسىلى-
سى ئۈستىدە بىرنەچچە پەرەز داۋام قىلماقتا. بەزىبىر مۇلاھىزىچىلەر
مەھمۇت قەشقىرى ئۆزىنىڭ بۇ قامۇسىنى شۇ دەۋردىكى مۇسۇلمان-
لار دۇنياسىنىڭ ئەڭ يىرىك مەركىزى بولغان باغدات شەھرىدە
يازغان دېيىشمەكتە. بۇ پەرەز باشقا پەرەزلەرگە قارىغاندا ھەقىقەتكە
بىر ئاز يېقىندۇر. 10 - ۋە 11 - ئەسىرلەردە باغدات شەھرىدىن
باشقا يەنە ئىسلام ئەللىرىدە قەشقەر، بۇخارا، سەمەرقەنت، مەرۋە،

نىشاپۇر ۋە باشقا كاتتا مەركىزىي شەھەرلەر بولسىمۇ، لېكىن بۇلارنىڭ ئىچىدە سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىي جەھەتلەردە باغدات ئالاھىدە ئۈستۈنلۈككە ئىگە ئىدى. 9 - ئەسىردىن بۇرۇنقى دەۋرلەردە سىياسىي ۋە ھەربىي كۈچ جەھەتتە قۇدرەتلىك بولۇپ كەلگەن باغدات خەلى-پىلىكى 9 - ئەسىردىن باشلاپ سىياسىي جەھەتتە، بولۇپمۇ ھەربىي كۈچ جەھەتتە قاتتىق ئاجىزلىشىشقا باشلىدى. بۇنداق ئاجىزلىقتىن پايدىلانغان ئىران ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى كەڭ تېررىتورىيىلەردە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان يەرلىك چوڭ فېئوداللار باغدات خەلىپىلىكىگە بوي سۇنماي، ئۆزلىرىنى مۇستەقىل پادىشالىق دەپ ئېلان قىلىپ، ئاز بولمىغان شەھەرلەر ۋە يېزىلارنى ئۆزلىرىنىڭ ئىشغالىيىتىگە ئېلىۋالغان بولسىمۇ، ئەمما يەنىلا باغدات ئۆزىنىڭ زور سىياسىي تەسىرىنى ۋە مەدەنىيەت ئورنىنى ساقلاپ، بەزى ھاللاردا ئەنە شۇ يېڭىدىن قۇرۇلغان مۇستەقىل پادىشالىقلار ئۈچۈن ھەر جەھەتتىن نەمۇنە كۆرسىتىپ كەلمەكتە ئىدى.

مەھمۇت قەشقىرى زامانىسىغا كەلگەندىمۇ، باغدات يەنىلا ئۆزىنىڭ ئاتاقلىق ئالىملىرى، شائىرلىرى، يازغۇچىلىرى، پەيلاسوپ-لىرى، كاتتا سەنئەت ئەرباپلىرى بىلەن مەشھۇر بولۇپ تۇرغان مەركىزىي شەھەر ئىدى. مەھمۇت قەشقىرىنىڭ مانا مۇشۇنداق ھەممە جەھەتتىن ئىمكانىيەتلىك بولغان مەنىۋى مۇھىتقا كېلىپ ئۆز ئەسىرىنى يېزىشى تولىمۇ ئېھتىمالغا يېقىندۇر. مەھمۇت قەشقىرى «دىۋان لۇغەتىت تۈرك»نى قايسى شەھەرلەردە يازغانلىقى ھەققىدە ھېچقانداق مەلۇمات بەرمەيدۇ. مەھمۇت قەشقىرى بۇ ئەسەرنى باغداتتىن باشقا قەشقەر، بۇخارا، سەمەرقەنت، نىشاپۇردەك مەركىزىي شەھەرلەردە يېزىشى ھەم مۇمكىن ئىدى. ئەمما بۇ يەردە نەزەردە تۇتۇۋاتقان مەسىلە — مۇبادا باغداتنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى باشقا

مەركىزىي شەھەرلەردىن سىياسى، مەدەنى، سودا - سېتىق تەرەپلە -
رىدىكى ئۇستۇنلۇكى ئېتىۋارغا ئېلىنغان بولسا، مەھمۇت قەشقىرى
ئۆز ئەسىرىنى ئېھتىمال باغداتتا يازغان بولۇشى مۇمكىن. دىگەن
پەرەز ھەقىقەتكە يېقىن كېلىدۇ. بۇ پەرەزنى ھەقىقەتكە يېقىنلاشتۇرى -
دىغان مۇنداق بىر پەرەزمۇ بار: مەھمۇت قەشقىرى «دىۋان لۇغەتىت
تۇرك» نى ئەرەپ تىلىدا يېزىپ، ئابباس خەلىپىسى مۇقتەدى
بىئەمرۇللانىڭ ئوغلى ئوبۇلقاسىم ئابدۇللاغا بېغىشلاپ تەقدىم قىلى -
شىدۇر. بۇ سەۋەپ ئىنتايىن مۇھىم بولۇش بىلەن «دىۋان لۇغەتىت
تۇرك» نىڭ باغداتتا يېزىلغانلىقىنى ھەقىقەتكە يېقىنلاشتۇرىدىغان
مۇھىم دەلىلدۇر.

مەھمۇت قەشقىرى «دىۋان لۇغەتىت تۇرك» تەك مۇ -
شۇنداق زور ھەجىملىك كىتاپنى نىمە زورۇرىيەت، نىمە مەقسەت
بىلەن يازغانلىغى. ھەققىدە ھەممىنى قايىل قىلىدىغان ئېنىق بىر
مەلۇمات بەرمەيدۇ. گەرچە «دىۋان لۇغەتىت تۇرك» تە مەسى -
لىنىڭ بۇ تەرىپىگە دائىر بەزى ئىما - ئىشارەتلەر بولسىمۇ، ئەمما
ۋ ئىما - ئىشارەتلەر تولىمۇ ئاز ۋە ئۆزئارا قارىمۇ - قارشى بو-
لۇشى نەزەردىن يىراقتا تۇرمايدۇ. ئىلىم، پەن ئەھلىگە مەلۇمكى،
ئۇ دەۋرلەردە ۋە كېيىنكى دەۋرلەردە بولسۇن، ئاپتورلار، يازغۇ -
چىلار، شائىرلار، تارىخچىلار ۋە پەيلاسوپلار ئۆز ئەسەرلىرىنى نىمە
زورۇرىيەت ۋە نىمە مەقسەت بىلەن يازغانلىقىنى تەكىتلەپ ئۆ -
تىشەتتى. ۋاھالەنكى مەھمۇت قەشقىرى بۇ قائىدىگە ئانچە ئەمەل
قىلمىغان. شۇنداق بولسىمۇ ئەسەردە بۇ نۇقتىغا قارىتا ئېيتىلغان
پەقەت بىرلا جۈملە سوز بار. ئۇ "تۇرك (ئۇيغۇر) تىلىنى ئۆ -
گىنىش ئىنتايىن ۋاجىپ نەرسە" دىگەن ئىشارەتنى بېرىدۇ. بۇ
جۈملىنىڭ كەڭ مەنىسىنى چۈشىنىش ئۈچۈن دىۋان يېزىلىشتىن

بۇرۇنقى ۋە ئەسەر يېزىلغان دەۋردىكى تارىخىي شارائىتقا بىر قۇر
كۆز يۈگۈرتسەكلا، بۇ جۈملىنىڭ كۆپ تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە
ئىكەنلىكىنى، بۇ جۈملىنىڭ ھېچبىر تاسادىپىي ھالدا ئوتتۇرىغا قو-
يۇلۇپ قالمىغانلىقىنى مۇقىملاشتۇرغىلى بولىدۇ. «دىۋان لۇغەتىت
تۈرك» نىڭ ئەرەپ تىلى بىلەن يېزىلىشى ۋە ئابباس ئوبۇلقاسىم
ئابدۇللاغا تەقدىم قىلىنىشىدىن ئىبارەت بۇ ئىككى مۇھىم سەۋەپ،
مەھمۇت قەشقىرىنىڭ بۇ جۈملىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ مۇھاكىمە
قىلىنسا، ئۇ ھالدا ئۇ ئۈچ نەرسە ئوتتۇرىسىدا قانداقتۇ مەلۇم
بىر باغلىنىشنىڭ بارلىقى پۈتۈنلەي روشەنلىشىدۇ. ئەسەرنىڭ يې-
زىلىشىدىكى تۈپكى غەرەزنى ئەنە شۇ ئۈچ مۇھىم پاكىتتىن تې-
پىش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن «دىۋان لۇغەتىت تۈرك» ئەسىرى
يېزىلىشتىن بۇرۇنقى يېرىم ئەسىرلىك تارىخىي شارائىتقا قاراپ چىق-
ساق يامان بولماس، ئەلۋەتتە.

ئۇ دەۋردە ئىسلام دۇنياسىنىڭ شەرقىدىكى ئۇيغۇر ئۆلكى-
سىدە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى باشقا ئۆلكىلەردە بىر قاتار چوڭ
سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ھادىسىلەر بولدى. بۇ ھادىسىلەر پۈتۈن
يېقىن شەرق ئۆلكىلىرى ھەتتا شۇ زاماندىكى پۈتۈن مەدەنىي دۇنيا
ئۈچۈن چوڭ تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان نەتىجىلەرنى مەي-
دانغا چىقاردى. 10 - ئەسىردە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شەرقىدىكى ئۇي-
غۇر ئۆلكىسىدە ئۇيغۇرلار سۇلالىسى بولغان قاراخانىلار باشچى-
لىقى ئاستىدا تۈرك (ئۇيغۇر) خەلقلەرنىڭ ئۇيۇشقان چوڭ بىر
دۆلىتى قۇرۇلدى. بۇ دۆلەت بەزى ۋاقىتلاردا شۇ دەۋردە چوڭ
دۆلەت دەپ ئاتالغان سامانىلار ۋە خارەزىم شاھ دۆلەتلىرىگە ئې-
غىر ھالدا تەھدىت سالدى. خارەزىم ۋە سامانىلار دۆلەتلىرىدە
ھەربىي ۋەزىپىلەر ئوتەپ كېلىۋاتقان تۈرك (ئۇيغۇر) زىيالىلىرى

ئىچكى جەھەتتىن قاراخانىلار باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇر دۆلىتىگە ھەسسەداشلىق قىلىپ ۋە ئۇلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، تۈرك بولمىغان (ئىران قېنىدىن بولغان) سامانىلار دۆلىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە 10 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا سامانىلار دۆلىتىگە قاراشلىق بولغان ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ غەزنە ۋىلايىتى رايونىدا ياشايدىغان تۈرك (ئۇيغۇر) قەبىلىسىنى بىرلەشتۈرگۈچى سەبۇك - تەكىن قۇللۇقتىن بىراقلا مەشھۇر سەركەردىگە كۆتىرىلىپ، غەزنە ۋىلايىتىنىڭ ھاكىمى سۈپىتىدە قەدەممۇ - قەدەم ئىلگىرىلەپ، مۇستەقىل پادىشالىق دۆلىتى تۈزۈشكە كىرىشتى ۋە سامانىلارغا قارشى كۈرەش سىياسىتىنى يۈرگۈزدى. سەبۇك - تەكىن ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى مەھمۇت غەزنەۋى ئاتىسىنىڭ غايىسىنى داۋاملاشتۇردى.

ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە ئۇزۇن ئۆتمەي، سەلجۇقلار باشچىلىقىدا بىر قاتار تۈركمەن قەبىلىلىرى ۋە تۈرك (ئۇيغۇر) قەبىلىلىرى بىرلىشىپ ئويلىمىغان يەردىن زور ھەربىي كۈچ بولۇپ ئۇيۇشتى.

10 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا (999 - يىلى) ئۇيغۇر خاقانى نەسىر ئىبنى قاراخانى (مەھمۇت قەشقىرىنىڭ چوڭ بوۋىسى)، ئىران قېنىدىن بولغان سامانىلار دۆلىتىگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنىڭ پايتەختى بولغان بۇخارانى ئىشغال قىلدى ۋە پۈتۈن سامانىلار دۆلىتىنى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇپ، پۈتۈن ماۋەرائۇننەھرگە خاقان بولدى. ئۇزۇن يىللار ھۆكۈم سۈرۈپ كەلگەن سامانىلار دۆلىتىنىڭ ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن يىمىرىلىشى، پۈتۈن يېقىن شەرقتە زور سىياسىي ئەھمىيەتلىك ۋەقە بولدى. بۇ ھادىسە ئىران ۋە ئەرەب مەملىكەتلىرىنى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تىلى ۋە ئەدەبىياتىنى ئۆگىنىشكە مەجبۇر قىلدى. بۇنىڭ

بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيانى ئوز ئىلكىدە تۇتقان قۇدرەتلىك ئۇيغۇر دولىتى ھەمدە خوراسان، شىمالىي ئافغانىستان ۋە ئىراننىڭ شەر- قىي شىمال قىسمىدىكى تۈرك (ئۇيغۇر) خەلقىنى بىرلەشتۈرۈپ، ئۇ- نى ئاساسىي گەۋدە قىلغان مەھمۇت غەزنەۋىلەر دولىتى؛ ئۇنىدىن باشقا يەنە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شىمالىي رايونىدىكى تۈركى خەلق- لىرىنى گەۋدە قىلغان خارىزىم شاھلار دولىتىدىن ئىبارەت بۇ قۇدرەتلىك ئۈچ دولەت ئەرەپ دۇنياسىنى قاتتىق ئويغا سالغان زور ھەربى كۈچ بولۇپ قالدى. بۇنداق زور ئۈچ ھەربى دولەتنىڭ ئالدىدا تۇرغان ئەرەپ ئابباس خەلىپىلىگى نىمە قىلىشنى، قان- داق سىياسەت قوللىنىشنى ۋە قانداق تاكتىكا بىلەن تاقابىل تۇ- رۇشنى بىلمەي، ئېغىر ئەھۋالدا قالدى. ئوزئارا ياندىاش تۇرغان بۇ ئۈچ قۇدرەتلىك ھەربى دولەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ئەرەپ خەلىپىسىنى بۇ دولەتلەر بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە بولۇش- قا ۋە ئاكتىپ چارىلەر بىلەن ئۇلارغا يان بېرىشكە مەجبۇر قىل- دى. ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ ئۈچ دولەتنىڭ تەھدىتى ئالدىدا نىمە قىلىشنى بىلمەي گاڭگىراپ قالغان ئەرەپ خەلىپىسى كۈتۈلمىگەن يېڭى بىر ھادىسىگە يەنى تۈركمەن ۋە تۈرك (ئۇيغۇر) قەبىلى- لىرىنىڭ بىرلىشىشىدىن تەشكىللەنگەن سەلجۇقىلار دولىتىنىڭ زور كولەملىك باسمىچىلىق ھۇجۇمىغا دۇچكەلدى. بۇ ئەھۋال ئەرەپ خەلىپىسىنى تېخمۇ ئاجىز ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويدى. 11- ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۇيغۇر قاراخانىلار دولىتى بىلەن مەھمۇت غەزنەۋىلەر دولىتىنىڭ ئوتتۇرىسىدا جىددى قارىمۇ - قارشىلىق پەي- دا بولدى. بۇ ئىككى دولەت ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇ - قارشىلىقتىن پايدىلانغان ۋە ئوز دولىتىنى كۈچەيتكەن سەلجۇقىلار دولىتى 1040 - يىلى ئۇيغۇر قاراخانىلار دولىتىنىڭ قوللىشى ۋە ياردەم

بېرىشى ئارقىسىدا غەزنىۋىلەر دۆلىتىگە ھۇجۇم قىلىپ، مەشھۇر دەنداكان ئۇرۇشىدا غەزنىۋىلەر دۆلىتىنى تىرى - پىرەك قىلىپ، خۇددى زور كەلكۈندەك ئېقىپ، پۈتۈن شەرق ئۆلكىلىرىنى ئىشغال قىلدى. كوپ ئۆتمەي بۈيۈك سەلجۇقىلار ئىمپېرىيىسىنى قۇرۇپ، ئۆز ئىمپېرىيە دائىرىسىنى ھازىرقى ئىستامبولغىچە كېڭەيتتى. سەلجۇقىلار ئىمپېرىيىسى 1055 - يىلى شۇ دەۋردىكى ئىسلام دۇنياسىنىڭ ۋە ئەرەپ خەلىپىلىكىنىڭ پايتەختى باغداتنىمۇ ئىشغال قىلدى ۋە پۈتۈن ئەرەپنى ئېغىر ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى. ئوتتۇرا ئاسىيالىق تۈرك (ئۇيغۇر) خەلقىنىڭ جەڭگىۋار يۈرۈشلىرى ئارقىسىدا مەغلۇپ بولغان ئەرەپ خەلىپىلىكى تۈركلەرنىڭ بارلىق تەلەپلىرىنى ماقۇل كۆرۈشكە مەجبۇر بولدى ھەم ئۇلارنىڭ ئالدىدا خۇددى قوچاقتا ئايلىنىپ قالدى.

قاراخانىلار دۆلىتى 9 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن 12 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە ھوكۇم سۈردى. بۇ ۋاقىت ئۇيغۇر خەلقى تارىخىدا ئەڭ گۈللەنگەن دەۋر بولۇپ، بۇ دەۋرنى "ئالتۇن دەۋر" دەپمۇ ئاتايدۇ. لېكىن بۇ گۈللىنىش، ئۇيغۇر خەلقى تارىخىدا تۇيۇقسىز پەيدا بولغان تاسادىپى ھادىسە بولماستىن، بەلكى ئىرادىن بۇرۇن باشلانغان ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىنىڭ داۋامى ئىدى. ئۇيغۇر خەلقى تۈركى خەلقلىرىنىڭ ئىچىدە ئەڭ قەدىمي خەلق بولۇپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىلادىدىن ئىككى مىڭ يىل بۇرۇن ئۆزلىرىنىڭ ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەن مۇكەممەل يېزىقلىرى ۋە مۇستەقىل ئېلىپبەسى بار ئىدى.

گەرچە قاراخانىلار دۆلىتى 12 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا يىمىرىلگەن بولسىمۇ، ئەمما قاراخانىلار دەۋرىنىڭ گۈللەنگەن مەدەنىيىتى تاكى 15 - ئەسىرگىچە داۋام قىلدى.

قاراڭغۇ جاھالەت دەپ ئاتالغان فېودالىزم جەمئىيىتىدە ئىزچىل بولغان تەرەققىيپەرۋەر ئىلىم مەۋجۇت ئىدى، بۇ تەرەققىيپەرۋەر ئىلىم مەدەنىيەتنىڭ يۈكسىلىشىگە ھەسسىداشلىق قىلاتتى.

يەنە بىر تەرەپتىن فېودالлار دېھقانچىلىقنىڭ راۋاجلىنىشىدىن، ئىچكى ۋە تاشقى سودىنىڭ راۋاجلىنىشىدىن، سېپىل، قورغان، ئۆي - ئىمارەت ۋە شەھەرلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشىدىن تولۇق مەنپەئەتدار ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن فېودالىزم جەمئىيىتىدە بەزىبىر تەرەققىيات ۋە گۈللىنىش بارلىققا كەلدى.

فېودالىزم نىگىزى ئاساستا گۈللەنگەن قاراخانىلار دەۋرىگە كەلگەندە ئۇيغۇر خەلقى دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك، يىپەكچىلىك، يىپ توقۇمىچىلىق، مەرمەر، زىننەت بۇيۇملىرىنى ئىشلەپچىقىرىش، تۈرلۈك قول ھۈنەرلىرى، سودا - سېتىق، بىناكارچىلىق ۋە باشقىلار جەھەتتە خېلى ئىلگىرىلەپ كەتكەن ئىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسات، مەدەنى ھايات ۋە باشقىلار جەھەتتە قانچىلىك ئىلگىرىلەپ كەتكەنلىكى ھەققىدە 10 - ئەسىردە ياشىغان ۋە ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىغا ئېقىپ كىرگەن بۇددا دىنى ئىقلىمىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن ئۇيغۇر ئۆلكىسىگە ساياھەتكە كەلگەن خەنزۇ ساياھەتچىسى ۋاڭ يەندەن تۇرپاندىكى قاراغوجا ھەققىدە ئەڭ ياخشى مەلۇماتلارنى قالدۇرۇپ كەتكەن ئىدى. ئۇ: "ئۇيغۇرلار پايتەختى قاراغوجا شەھىرى ھەيۋەتلىك سېلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاسمانغا تاقاشقان نۇرغۇن مۇنارلار بار. شەھەردە مەدەنى يوسۇندىكى ئىستىراھەت باغچىلىرى، گۈلخانىلار، شىپاڭلار، سۈنئىي كۆللەردە ئۈزۈپ ئويناپ يۈرگەن خەلق، كول ئەتراپىدا سازنەغمىلەر بولۇپ تۇرغان......" دەپ تەسۋىرلەش بىلەن بىللە

يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ ئالتۇن، كۈمۈش، مىس، تۆمۈردىن تۈرلۈك ئەسۋاپلارنى، ئېسىل تاشلاردىن مارجان ياسايدىغانلىقىنى، گۈللۈك رەخت، قاما-قۇندۇزلاردىن كىيىم-كېچەك ئىشلەيدىغانلىقىنى يازغان ئىدى. ئۇ يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ سازنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى، ھەممىسى دىگۈدەك ساز بىلىدىغانلىقىنى ۋە سازلارنىڭ ئارىسىدا ساتا (پىپى)، كۇنخۇ (25 تارلىق گىتار) لىرى بارلىقىنى يازىدۇ. بۇنىڭدىن شۇ چاغلاردىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ قالۇن، چوڭ-كىچىك زىلىڭ ۋە باشقا بىر قاتار ساز ئەسۋاپلىرى، 12 مۇقامدا ساقلانغان مۇقام ۋە ناخشا تۈرلىرى، ئويۇن، ئۇسۇل، توي-تۆكۈن، مەشرەپلەردىكى سەنئەت ئويۇنلىرىنىڭ بارلىقى ئىسپاتلىنىدۇ.

ئۇيغۇر خەلقى قەدىمدىن تارتىپ رەسسام، نەپىس نەقىشچى، ئۇستا بىناكارچى ۋە ھەيكەلچىلىككە ماھىر خەلقتۇر. بۇنىڭغا «مىڭ ئۆي»، «قالماق ئۆيى»، «ھوجا» ئوخشاش كۆپلىگەن قىممەتلىك گۈللۈك كېمىرلەرنىڭ بولۇشى ياخشى مىسال بولالايدۇ. بۇ خىلدىكى كېمىرلەردىن قاراشەھەر، كۇچار، باي، توقسۇ، قەشقەر ۋە تۇرپان تاغلىرىدا 700 چىسى بار. ئۆيلەرنىڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇشى 13 خىل پورمىدا بولۇپ، ئىنتايىن سىلىق ۋە گۈزەل ئىشلەنگەن.

10 - ئەسىردە ياشىغان يازغۇچى گارىزى ئۆزىنىڭ يازغان ئەسىرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ياشىغان جايلىرىدا مېۋىلەرنىڭ كۆپ ئىكەنلىكىنى، بۇغداي، تېرىقنىڭ كۆپ بولۇشىدىن ئاياقنى ئېلىپ مېڭىشقا بولمايدىغانلىقىنى، باغلاردا مېۋىلەرنىڭ ھەممە خىللىرىنىڭ بارلىقىنى، يىپەكچىلىكنىڭ ناھايىتى تەرەققى قىلغانلىقىنى يازغان ئىدى.

قازاق خەلقىنىڭ مەشھۇر ئالىمى چوقان ۋەلىخانوۋمۇ ئۇيـ

غۇرلارنىڭ ئويۇن - كۈلكىگە ھەۋەس قىلىدىغان، خۇش چاقچاق
خەلق ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ كېلىپ: "ئۇيغۇرلار ئەلنەغمە
جەھەتتىن پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئىچىدە ئالاھىدە
ھورمەتكە ئىگە"، دەپ يازغان ئىدى.

دىمەك قاراخانىلار دەۋرىدە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىشلەپچىقى-
رىشى زور دەرىجىدە يۈكسەلگەنلىكى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ سىياسى،
ئىقتىسادىي ۋە مەدىنى ھاياتىدا ئاجايىپ زور ئۆزگىرىش ۋە
تەرەققىيات بارلىققا كەلدى. ئۇيغۇر خەلقى ئىشلەپ چىقارغان تۇر-
مۇش بۇيۇملىرى غەرپ بىلەن شەرق ئەللىرىگە ئېكسپورت قى-
لىناتتى. غەرپ، ھىندىستان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى باشقا خەلق-
لەرنىڭ ئىشلەپ چىقارغان ئىستىمالىغا كېرەكلىك تۇرمۇش بۇيۇمل-
رىمۇ ئۇيغۇر دولىتىنىڭ يەرلىرىگە كېلىپ تارقىلاتتى، ھەتتا ئۇي-
غۇرلارنىڭ قەدىمقى يۇنانلىقلار بىلەن قىزىقارلىق سودا قىلغان-
لىقى ھەققىدە مەلۇمات بار.

قەشقەر، بالاساغۇنلارنى ئۆزىنىڭ پايتەختى قىلغان قاراخا-
نىلار دولىتى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركى تىلىدا سۆزلىشىدىغان
خەلقنىڭ زور كوپچىلىكىنى ئۆز ئەتراپىغا بىرلەشتۈرىدۇ ۋە ئۆزى-
نىڭ تەسىرىنى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شەرقىگە شۇنىڭدەك يېقىن
شەرق ئەللىرىگىچە كېڭەيتىدۇ. بۇنىڭ نەتىجىسىدە (قاراخانىلار
دەۋرىنىڭ گۈللەنگەن دەۋرىدە) ئۇيغۇر تىلى ھەم دولەت تىلى،
ھەم ئەدەبىي تىل بولۇپ قالىدۇ. بۇ دەۋردە قاراخانىلار دولىتى-
گە قاراشلىق قەشقەر، بالاساغۇن، بارساگان، تۇرپان، غۇلجا......
قاتارلىق شەھەرلەر ئۇيغۇر تىلىدىكى مەدەنىيەت ۋە ئەدەبىياتنىڭ
ئەڭ تەرەققى قىلغان مەركەزلىرى بولۇپ قالغان ئىدى. بۇ مەر-
كەزلەردە ئۇيغۇر زىيالىلىرىنىڭ ئۇيۇشقان كوللىكتىپ مەنىۋى

مۇھىتى بارلىققا كەلگەن ئىدى. ئەنە شۇ مۇھىتتا ئىسلامغىچە ۋە ئىسلامدىن كېيىن يارىتىلغان ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ بارلىق ئۇتۇۋ- لىرىنى ئېخىمۇ راۋاجلاندۇرۇش كەيپىياتى كۈچەيگەن ئىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئومۇملاشقان ۋە تەرەققى قىلغان بۇ ئىلغار سەۋى- يىدىكى مەدەنىيىتى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە كىچىك ئاسىيالاردا تۈركى تىلدا سۆزلەشكۈچى بارلىق خەلقلەرنىڭ مىللى مەدەنىيىتىنى بىر ئىزغا سېلىش ۋە گۈللەندۈرۈشتە، بىرىنچىچە يۈز يىل غايەت زور دەرىجىدە ئاكتىپ رول ئوينىغان ئىدى. مانا مۇشۇنداق گۈللەنگەن مەنىۋى مۇھىتتا ياشىغان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ يەنە بىر ئۇلۇغ ئالىمى يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» ئەسىرىنى يازغاندا، ئۆزى مەنسۇپ بولغان، بۇ مەرىپەتلىك مەنە- ۋى مۇھىتنىڭ ئەڭ ياخشى، ئەڭ ئىلغار ئارزۇ-ئىستەكلىرىنى ئاجايىپ ماھارەت ۋە چىچەنلىك بىلەن ئىپادە قىلدى. ئەسەر ئەينى ۋاقىتتا دولەت ئاپاراتلىرىنى ياخشىلاش، ساغلاملاشتۇرۇش ۋە ئۇنى كۈچەيتىش جەھەتلىرىدە، خەلقنى ئىلىم-مەرىپەت كوز- قارىشى بىلەن تەربىيىلەش ۋە ئۇلارنىڭ ئاڭ-سېزىمىنى يۇقۇرى كۆتىرىشتە بىباھا گوھەر ئىدى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىلەن بىر مۇھىتتا يېتىلگەن مەھ- مۇت قەشقىرى بولسا باشقا بىر يولنى يەنى ئۇيغۇرلارنىڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركى تىلدا سۆزلەشكۈچى باشقا خەلقلەرنىڭ مەدەنى بايلىقلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش يولىنى تاللىدى. ئۇ ئەرەپ تىلىدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرگە تۈرك تىلىدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرنىڭ گۈزەل مىللى مەدەنىيەتلىرىنى تونۇشتۇرۇش ۋەزىپە- سىنى ئۆز ئالدىغا مەقسەت قىلىپ قويدى. مەھمۇت قەشقىرىنىڭ «دىۋان لۇغەتىت تۈرك» نى ئەرەپ تىلىدا يېزىپ، ئۇنى ئاببباس

ئوبۇلقاسىم ئابدۇللاغا بېغىشلىشىمۇ تاسادىپىي ھال ئەمەس، ئەلۋەتتە.

بۇ دەۋردە ئۇيغۇر تىلى ئوتتۇرا ئاسىيا، خوراسان، جەنۇبىي ئەزەربەيجان ۋە باشقا تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر ياشايدىغان ئۆلكىلەردە پارس ئەدەبىي تىلى بىلەن ئەسەر يازغۇچى (شۇ ۋاقىتلاردا پارس تىلى بىلەن ئەسەر يېزىش ماختاشقا سازاۋەر ئىدى) يۇقۇرى قاتلام زىيالىلىرىمۇ ئۇيغۇر تىلىنىڭ قۇدرىتى ئالدىدا ئىلاجسىز ئورۇنغا چۈشۈپ، ئۆز مەۋقەلىرىنى ئۆزگەرتىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى بىلەن ئەسەرلەر يېزىشقا مەجبۇر بولدى. بۇ دەۋردە تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرنىڭ مىللىي ئاڭ سېزىمى زور دەرىجىدە ئۆستى. بۇنىڭ بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغۇچى ئىرانلىقلارنى تۈركلەشتۈرۈش ھەرىكىتى ئالاھىدە كۈچىيىپ كەتتى. مۇنداق تەرەققىيات ھالىتىدىكى زور ئىجتىمائىي ھادىسىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن مەھمۇت قەشقىرى: "خۇدا دۆلەت قۇياشىنى تۈركلەر (ئۇيغۇرلار) بۇرجىدا ياراتتى. پەلەكنىمۇ شۇلارنىڭ مۈلكىگە ماسلاشتۇرۇپ ئايلاندۇردى، ئۇلارنى تۈرك (ئۇيغۇر) دەپ ئاتىدى، ئۇلارنى مۈلۈككە ئىگە قىلدى، ئۇلارنى زامانىمىزنىڭ خاقانلىرى قىلىپ كۆتەردى. زامان ئەھلىنىڭ ئىختىيارىنى شۇلارنىڭ قولىغا تاپشۇردى، خەلققە باش قىلدى، ئۇلارنى توغرا يولغا يۈرۈشكە قادىر قىلدى. بۇلارغا قاراشلىق كىشىلەرنى غالىپ قىلدى. ئۇلارغا قاراشلىق كىشىلەر مۇرات - مەقسەتلىرىگە يېتىپ، بىشەملەرنىڭ زۇلمىدىن قۇتۇلدى. ئۇلارنىڭ (ئۇيغۇرلارنىڭ) ئوقلىرىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ قەتئىي ھەرىكەتلىرىنى مەھكەم تۇتۇش ھەر بىر ئەقىللىق كىشىگە لايىق ۋە مۇناسىپ ئىشتۇر. بۇلارغا يېقىن بولۇش ئۈچۈن

ئەڭ ئاساسىي يول — ئۇلارنىڭ تىللىرىدا سۆزلىشىشتۇر......" دەپ يازىدۇ.

بۇ دەۋردە تۈرك (ئۇيغۇر) تىلىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە كىچىك ئاسىيانى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ تېررىتورىيىدە ھۆكۈمران تىل بولۇپ قېلىشىدەك كۈچلۈك ئەمەلىيەت، ئەرەپ زېمىنىدا ئوتتۇرا ئاسىيالىق تۈرك (ئۇيغۇر) خەلقىنىڭ تارىخىنى، باي تىل-ئەدەبىياتىنى، ئەپسانىلىرىنى ۋە باشقا ئالغا كەتكەن تەرەپلىرىنى ئۆگىنىش زۆرۈرىيىتىنى بارلىققا كەلتۈردى. بۇ ئەھۋال ئىرانلىقلار ۋە ئەرەپلەردە ئۇيغۇرلارغا بولغان قىزىقىشنى شۇنچىلىك قوزغايدىكى، بۇ مۇناسىۋەت بىلەن تۈرك (ئۇيغۇر) تىلىنى ئۆگىنىش ساھەسى بويىچە نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇر گىرامماتىكىسىغا ئائىت كىتابلار، ئۇيغۇرچە-ئەرەپچە لۇغەتلەر، ھەر خىل ئوقۇش كىتابلىرى ۋە سۆزلۈكلەر تۈزۈلگەن ئىدى. شۇنىڭغا ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەككى، ئەرەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ زۆرۈرى ئېھتىياجلىرىنى ھېسابقا ئېلىپ، بۇ كىتابلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئەرەپ تىلىدا يېزىلغان ئىدى، ۋاھالەنكى، بۇ كىتابلارنىڭ نامىلىرى تارىختا مەلۇم بولسىمۇ، ئەمما مۇتلەق كۆپ قىسمى بىزنىڭ دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كېلەلمىگەن.

ئۇ دەۋردە ئەرەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تۈرك (ئۇيغۇر) تارىخىنى، ئۇيغۇر تىلى ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى ئۆگىنىشكە بولغان قىزغىن ھەۋەس ۋە ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرۇشتا ئۇيغۇر تىلىنى بىلىدىغان ئەرەپ ئالىملىرىنىڭ يوقلۇغى سەۋەپلىك بۇنداق زور تارىخىي ئەھمىيەتلىك ئىلمىي ئىشنى بىر تەرەپ قىلىش ۋەزىپىسى تارىخىي يوسۇندا ئەرەپ تىلى ۋە ئۇنىڭ گىرامماتىكىسىنى مۇكەممەل بىلىدىغان ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ۋە ئالىملىرىنىڭ زىممىسىگە

چۈشتى. مۇبادا بىزنىڭ بۇ مۇلاھىزىمىز ماقۇل كورۇلسە، ئۇن-
داقتا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇلۇغ پەرزەندى مەھمۇت قەشقەرى
مۇنداق زور تارىخىي ئەھمىيەتلىك ۋەزىپىنى بىرىنچى بولۇپ
ئۆز ئۈستىگە ئالغان ھەمدە ئۇنى شەرەپ بىلەن مۇۋەپپەقىيەتلىك
ھالدا تاماملىغان ئالىمدۇر.

مەھمۇت قەشقەرىنىڭ «كىتاۋى جەۋائىرى نەھۋى فى
لۇغەتىت تۈرك» («تۈرك تىللىرى گىراماتىكىسىنىڭ گوھەر دانە-
لىرى كىتاۋى») بىلەن «دىۋان لۇغەتىت تۈرك» («تۈركى تىللار
لۇغەت توپلىمى») ئەسەرلىرى تۈرك (ئۇيغۇر) خەلقى ئەرەپلەر
دۇنياسىدا زور سىياسى ۋە ئىجتىمائى تەسىر كورسىتىۋاتقان، ئەرەپ-
لەردە ئۇيغۇر تىلى ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا ئىنتايىن ئېھتىياج
تۇغۇلغان بىر تارىخىي شارائىتتا يېزىلدى. ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈرك
تىل سىستېمىسىدىكى خەلقلەر تىللىرىنىڭ بۇ ئىككى بىباھا
ئېنسىكلوپېدىيىسى ئەرەپلەرنىڭ ئۇيغۇر تىلىغا ۋە ئەدەبىياتىغا
تۇغۇلغان ئېھتىياجلىرىنى زامان ئېھتىۋارى بىلەن تولۇق تەمىن
ئەتكەن ئەڭ داڭلىق قەدىمقى مەدەنى يادىكارلىقتۇر.

«دىۋان لۇغەتىت تۈرك»نىڭ يېزىلغاندىن كېيىنكى تارىخى
تولىمۇ قىزىقارلىقتۇر. بۇ كىتاپنىڭ ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن تارىخىي
تەقدىرىنى باشقا ھەرقانداق تارىخىي كىتاپلار ئۆز بېشىدىن
كەچۈرمىگەن بولۇشى مۇمكىن.

«دىۋان لۇغەتىت تۈرك» مەھمۇت قەشقەرىدىن 200 يىل
كېيىن سۈرىيىنىڭ شام شەھرىگە كېلىپ قالدۇ. دىۋان يېزىلىپ
پۈتكەندىن كېيىن ئابباس خەلىپىسى مۇقتەدى بىئەمرۇللانىڭ
ئوغلى ئوبۇلقاسىم ئابدۇللاغا تەقدىم قىلىنغانلىقى كىتاپنىڭ ئۆز-
دىن ئەل جامائەتكە مەلۇمدۇر. مەيلى ئەھۋالنىڭ قانداق بولۇ-

شىدىن قەتئىي نەزەر، دىۋانىنىڭ مەھمۇت قەشقىرىدىن توپ-
توغرا 200 يىل كېيىن شامدا پەيدا بولغان نۇسخىسى كىتاپنىڭ
مۇقەددىمىگە قارىغاندا مەھمۇت قەشقىرىنىڭ ئۆز قولىيازمىسى-
دىن كۆچۈرۈلگەن ئىككىنچى نۇسخىسى بولۇپ، ھازىرقى دۇنيادا
مۇشۇ كۆچۈرۈلگەن 2-نۇسخىسىدىن باشقا نۇسخىسىمۇ يوق. بۇ
نۇسخىنى قەشقەردىن سۈرىيىگە كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان
ئوبۇلپەتىھ ساۋى ئوغلى ئابابەكرىنىڭ مەھەممەت ئىسىملىك
ئوغلى كۆچۈرگەن ئىدى. مەھەممەت شامدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەنلىكى،
ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركى خەلقلەرنىڭ تىللىرىنى ۋە ئەرەپ-
چىنى دىگەندەك چۈشىنىپ كېتەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، كۆچۈرۈش
جەريانىدا يا ئۇنداق، يا بۇنداق كەمچىلىكلەرگە يول قويغان
بولىسىمۇ، ئەمما ھورمەتلىك كاتىۋىمىز مەھەممەت ئابابەكرى بۇ
كىتاپنى كۆچۈرۈپ قالدۇرۇشتا كاتتا ئەمگەك سىڭدۈرگەن شەخس-
تۇر. كېيىن بۇ كۆچۈرۈلگەن نۇسخا يەنە يوقىلىپ كېتىپ،
700 يىلغىچە ئىنسانىيەت دۇنياسىغا مەلۇم بولمايدۇ. 700 يىل-
دىن كېيىن ياكى مەھمۇت قەشقىرى ۋاپات بولۇپ، 900 يىلدىن
كېيىن بۇ كۆچۈرۈلگەن نۇسخا شامدىن ئىستامبولغا كېلىپ قالىدۇ.
بۇ نۇسخىنىڭ قانداق قىلىپ، قاچان، نىمە سەۋەپ بىلەن شامدىن
ئىستامبولغا كېلىپ قالغانلىقى ھەققىدىمۇ ھىچقانداق مەلۇمات
يوق.

1910-يىللىرىدا بۇرۇنقى تۈركىيىنىڭ مالىيە ۋەزىرلىرى-
دىن نەزىف پاشانىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن ئۇنىڭ قېرىنداشلىرىدىن
بولغان بىر خوتۇن پۇلغا مۇھتاج بولۇپ كونا كىتاپلارنى سات-
تىدىغان بازارغا (بۇرھان دىگەن كونا كىتاپچىغا) بىر قولىيازما
كىتاپنى ساتماقچى بولىدۇ. بۇرھان بۇ كىتاپنى سېتىش ئۈچۈن

تۈركىيە مائارىپ ۋەزىرلىكىگە ئېلىپ بارسا ئۇ ۋەزىرلىك كىتاپ-
نىڭ ئوتتۇز ئالتۇن لىرا نەرقىنى قىممەت كۆرۈپ ئالمايدۇ. كېيىن
بۇرھان بۇ كىتاپنى كونا قولىيازما ھەۋەسكارى بولغان ئەلى
ئەمىرىگە كۆرسىتىدۇ ۋە بۇ كىتاپنى ئېلىشنى ئىلتىماس قىلىدۇ.
بۇ كىشى دىۋاننى كۆرۈشى بىلەنلا سورىغان باھاسىنى بېرىپ
كىتاپنى كۆپ خۇرسەنلىك بىلەن ئېلىپ كېتىدۇ. ئەلى ئەمىرى
بۇ كىتاپنى ئالغانلىغى ئۈچۈن ئىنتايىن خوشال بولىدۇ. ھەممە
تونۇش - بىلىشىگە «دىۋان لۇغەتىت تۈرك» ھەققىدە سۆزلەيدۇ
ۋە كىتاپنى ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىپ ماختايدۇ. ئەمما دىۋاننى
ھېچكىمگە كۆرسەتمەيدۇ. ئوسمانلى تۈرك يازغۇچىلىرىدىن زىياگۆك
ئالىپ بۇ كىتاپنى ئاڭلاپ، ئەلى ئەمىرىگە دىۋاننى بىر كۆرۈپ
بېقىشنى ئىلتىماس قىلسىمۇ كىتاپنى كۆرەلمەيدۇ. ئاخىرىدا دىۋاننى
باستۇرۇش پىكرى كېلىپ چىقىدۇ. ئەلى ئەمىرى بۇ پىكىرلەرگىمۇ
قوشۇلمايدۇ، ھەتتا بۇنداق پىكىرلەرگە قارشىلىق بىلدۈرۈپ، زىيا-
گۆك ئالىپ بىلەن قاتتىق ئۇرۇشۇپ قالىدۇ. بۇ كىتاپنىڭ قىممەت
باھالىق كىتاپ ئىكەنلىگىنى ياخشى چۈشەنگەن ئەلى ئەمىرى
دىۋاننى خۇددى كۆزىنىڭ قارىچۇغىدەك ئاسرايدۇ. بۇ ئىشقا نۇر-
غۇن ماجرالاردىن كېيىن، تۈركىيىنىڭ باش ۋەزىرى تەلئەت پاشا
ئارىلىشىدۇ. ئاخىرىدا ئەلى ئەمىرى بۇ كىتاپنى باستۇرۇشقا ئاران
دېگەندە ماقۇل بولىدۇ. لېكىن ئەلى ئەمىرى كىتاپنى باستۇرۇشتا
ئۆزىنىڭ ئىشەنگەن كىشىسى مۇئەللىم رىفئەتنىڭ نازارەت قىلى-
شىنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ «دىۋان لۇغەتىت تۈرك»
1914 - يىلدىن باشلاپ 3 يىل جەريانىدا بېسىلىپ چىقىپ،
ئەل - جامائەت بىلەن يۈز كۆرۈشىدۇ. دىۋان 1916 - يىلى 3
توملۇق چىرايلىق كۆرۈنۈشتە بېسىلىپ بولىدۇ. كىتاپ دۇنياغا

كەلگەندىن بۇيان (1072 - 1074 - يىللىرىدىن بۇيان) ئۇنىڭ نامى ياكى مەھمۇت قەشقىرىنىڭ ئىسمى ھېچقانداق بىر تەزكىرىگە ياكى ئىلمىي تارىخىي ئەسەرلەرگە ھەتتا ئىسلام دۇنياسىدا ۋە باشقا شەرقشۇناسلار دۇنياسىدا مەشھۇر بولغان شەمسىدىن سامىنىڭ شوھرەت تاپقان «قامۇس ئالائىلام»غىمۇ كىرگۈزۈلمەي قالغان.

ئەڭ ئاۋال بۇ كىتاپ ئۈستىدە ئىلمىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان ئالىم — بىرسلاۋ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سامى تىللىرى پروفېسسورى مەشھۇر شەرقشۇناس بىروكېلمان (Brokelman) دۇر. بۇ ئالىم 1928 - يىلى دىۋاندىكى ئۇيغۇر سوزلىرى ۋە باشقا سوزلەرنى يېڭىۋاشتىن جەدۋەللەپ، بىر تومغا توپلاپ، ئىزاھلىرى بىلەن باستۇرغان ئىدى. شۇ يىل (1928 - يىلى) ئەزەربەيجان دولەت ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ شەرق پاكۇلتېتى پروفېسسورى ئەرەپ تىلشۇناسلىغى مەدرىسى (سۇرىيىلىك ئەرەپ) ئەلجەۋزى «دىۋان لۇغەتىت تۈرك»كە ئەرەپ تىلىدا كىچىككىنە بىر ئىلمىي تەكشۈرۈش رىسالىسى يېزىپ ئۇنى باستۇردۇ. 1933 - يىلى يەنە ئەزەربەيجاندا خالىت سەئىت تەھرىرلىگى ئاستىدا ئىلمىي تىل كومىسسىيىسى تۈزۈلۈپ، دىۋاننىڭ بىر قىسمىنى باستۇردۇ. 1939 - يىلى ھازىرقى تۈركىيىدە بەسسىم ئاتالاي دىگەن بىر كىشى ئەرەپچىدىن ئاناتولى تۈركچىسىگە تەرجىمە قىلدۇ. لېكىن بۇ تەرجىمان دىۋاننى تەرجىمە قىلىش جەريانىدا ئۆزىنىڭ سۇبىكتىپ خاھىشىغا يول قويۇپ، مەھمۇت قەشقىرىنىڭ مۇددىئاسىغا يات بولغان بەزى خاھىشلارنى سادىر قىلىپ قويىدۇ.

1960 - يىلى ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئا. س. پۇشكىن نامىدىكى تىل - ئەدەبىيات ئىنىستىتۇتى ۋە ئابۇرەيھان

بورنى نامدىكى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئاتاقلىق تىلشۇناس سالىخ مۇتەللىبوپ ئەرەپچىدىن ھازىرقى زامان ئۆزبېك تىلىغا تەرجىمە قىلدۇ.

«دىۋان لۇغەتىت تۈرك» 1916 - يىلى تۈركىيىدە 3 توملۇق چىرايلىق كورۇنۇشتە بېسىلىپ چىقىپ، ئەل - جامائەت بىلەن يۈز كورۇشكەندىن كېيىن نېمىسچە، ئىنگلىزچە، فرانسۇزچە، ۋېنگىرچە، ياپونچە، ئۆزبېكچە، ئەزەربەيجانچە تىللارغا تەرجىمە قىلىندى ۋە كىتاپ ھەققىدە بىر تالاي ئىلمىي ماقالىلار يېزىلدى.

بۈگۈنكى يېڭى تارىخىي شارائىتتا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇلۇغ ئالىمى ۋە تىلشۇناسى مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «دىۋان لۇغەتىت تۈرك» كىتاۋى مەھمۇت قەشقىرى ۋاپات بولۇپ 906 يىلدىن كېيىن ئۆز ئانا تىلىغا (ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا) تەرجىمە قىلىنىشقا باشلىدى. شۇنىڭدەك ئۇيغۇر تىلى تەرجىمىسىگە ئاساسەن خەنزۇ تىلىغىمۇ تەرجىمە قىلىنماقتا.

# گۈل ۋە نەۋروز

(داستان)

**لۇتپى**

نەشرگە تەييارلىغۇچى: **ر. جارى**

نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن

«گۈل ۋە نەۋروز» داستانى شائىر لۇتپىنىڭ ئەڭ قىممەتلىك نادىر ئەسىرىدۇر. لۇتپى 15-ئەسىر ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن تۇتقان شائىرلارنىڭ بىرىسى. شائىرنىڭ ئەسلى ئىسمى مەلۇم ئەمەس، لۇتپى ئۇنىڭ تەخەللۇسى. لۇتپىنىڭ هاياتى ۋە ئىجادىيىتى هەققىدە تولۇق مەلۇماتقا ئىگە ئەمەسمىز، بۇ توغرىدا پەقەت ئەلشىر ناۋايىنىڭ «مەجالىسون نەفايىس»، «هالەت سەئىد هەسەن ئەردەشىر»، تارىخچى خاندەمىرنىڭ «مەكارىمۇل ئەخلاق» ناملىق كىتاپلىرىدا بەزىبىر مەلۇ-

ماتلار بېرىلگەندىن تاشقىرى، «سەفىنەتۇش شۇئىرا» ناملىق شا-
ئىرلار تەزكىرىسىدە ھەم شەمسىدىن سامىنىڭ «قاموسۇل ئەئلام»
ناملىق چوڭ ئەسىرىدە ئاز-تولا قىسقا بايانلار بېرىلگەن.
ئەنە شۇ مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، لۇتپى ھىجرىيەنىڭ 768-
يىلى تۇغۇلۇپ، 867-يىلى ۋاپات قىلغان (مىلادى 1365 —
1464-يىللارغا توغرا كېلىدۇ). شائىر ماۋەرائۇننەھردە ياشاپ
ئىجادىي پائالىيەت ئېلىپ بارغان.

شائىر ئەرەبچە-پارسچە تىللارنى ياخشى بىلگەن ۋە
ياشلىقىدىن تارتىپ ئۆز زامانىسىدا مەۋجۇت بولغان بىلىملەرنى
ئىگەللەشكە بەكمۇ تىرىشقان.

لۇتپى ئۆزىنىڭ ئىجادىيىتىنى لىرىك ئەسەرلەر يارىتىشتىن
باشلاپ، ئەدەبىياتنىڭ شۇ چاغدىكى ئاممىباپ شەكلى بولغان
غەزەل ژانىرىنى تاللىۋالغان. شائىر گەرچە سوفىزىم ۋە مەدھىيە-
ۋازلىق ئەۋج ئالغان شارائىتتا ياشىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۆز زامانە-
سىدىكى ساراي شائىرلىرىنىڭ ئادەتلىرىنى ئۆزىگە يۇقتۇرماستىن،
ئەكسىچە دۇنياۋى ئەدەبىياتنىڭ بۈيۈك نامايەندىلىرى ئۆمەر
ھەييام، ھاپىز شىرازىلارنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ، ئەدەبىياتنىڭ ياخشى
ئەنئەنىلىرىنى يۇقىرى بالداقتا كوتەردى، يار، مەي، باھار تېمىلىرى
ئارقىلىق ۋاپادارلىق، ئىنسانپەرۋەرلىك، مەرىپەتپەرۋەرلىك قاراش-
لىرىنى ئىپادىلىدى.

شائىر لۇتپى ئىككى تىلدا — ھەم ئۆز ئانا تىلىدا، ھەم
پارس تىلىدا ئەسەر يازغان. ئۇنىڭ پارس تىلىدا يازغان شېئىر-
لىرى دىۋان ھالىدا بىزنىڭ دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كېلەلمىگەن.
ئۇنىڭ ئۆز ئانا تىلىدىكى شېئىرلىرىنىڭ مۇكەممەل دىۋانى بولۇپ،
بۇ دىۋاننىڭ بىرنەچچە قولیازما نۇسخىسى ھازىرقى ۋاقىتتا

تاشكەنت، لېنىنگراد ۋە لوندون كۇتۇپخانىلىرىدا ساقلىنىۋاتقان بەزى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئىستامبول دارىلپۇنۇنى كۇتۇپخانىسىدا شائىرنىڭ «لۇتپى تۇيۇقلىرى» ناملىق بىر توپلىمى ساقلىنىۋاتقان ئىكەن.

شائىرنىڭ ئۇيغۇرچە دىۋانىنىڭ تۈرلۈك نۇسخىلىرىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ 280 پارچە ئەتراپىدا غەزىلى، ئىككى پارچە قەسىدىسى، 40 قا يېقىن رۇبائىسى، قىتئە ۋە تۇيۇقلىرى بار. «گۇل ۋە نەۋروز» داستانى ئۇنىڭ چوڭ ھەجىمدىكى ئەسىرىدۇر. بۇنىڭدىن تاشقىرى، ئۇ، 1425 - يىلى شۇ زاماننىڭ مەشھۇر تارىخچىسى شەرىپىددىن ئەلى يەزدىنىڭ «زەپەرنامە» ناملىق ئەسىرىنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان.

«گۇل ۋە نەۋروز» داستانى 1411 - يىلى يېزىلغان بولۇپ، قەدىمدىن كېلىۋاتقان كىتاب تۈزۈشنىڭ ئەنئەنىسى بويىچە، خۇداغا ھەمد، پەيغەمبەرگە نەئت، پادىشاغا مەدھىيە ۋە ئەسەرنىڭ يېزىلىش سەۋەبى قاتارلىق ماۋزۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كىرىش قىسمى بىلەن باشلانغان. بۇ ئەسەر ئەنە شۇ كىرىش قىسمى بىلەن قوشۇلۇپ جەمئىي 120 باپ، 2400 مىسرادىن ئىبارەت.

گۇل ۋە نەۋروز تېمىسى ئەنئەنىۋى بىر تېما. ئۆز ۋاقتىدا ئۇلۇغ پارس شائىرى ئۆمەر ھەيياممۇ «نەۋروزنامە» ناملىق ئەسەر يازغان. قەدىمقى چاغدا، شەرقتە ئىران كالىندارى بويىچە يېڭى يىل كۈنى (21 - مارت) باھار كىرگەن ھىساپلىنىپ، خەلق ئىچىدە نەۋروز (باھار) بايرىمى ئۆتكۈزۈش ئادەت تۇسىگە كىرگەن. بۇ بايرام ئېغىز ئەدەبىياتىدىمۇ ئىپادىلىنىشكە باشلىغان. كېيىنرەك بۇ تېما يازما ئەدەبىياتقىمۇ كىرىپ كەلگەن. شائىر لۇتپى «گۇل ۋە نەۋروز» داستانىنى ئەنە شۇ خەلق ئەپساند-

لىرىغا ئاساسلىنىپ ياراتقان.

«گۈل ۋە نەۋروز» داستانىنىڭ ئاساسىي ۋەقەلىكى نەۋشاد مەملىكىتىنىڭ پادىشاسى فەررۇخنىڭ ئوغلى شاھزادە نەۋروز بىلەن فەرخار مەملىكىتىنىڭ پادىشاسى مۇشكىننىڭ قىزى مەلىكە گۈل ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەت سەرگۈزەشتىلىرىدىن ئىبارەت. شاھزادە نەۋروز چۈشىدە مەلىكە گۈلنى كورۇپ ئاشىق بىقارار بولىدۇ. ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپ، گۈلنىڭ ئىشقىدا ھۇشىدىن كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ياقا يۇرتتىن كەلگەن جاھانكەشتە مۇساپىرلار بىلەن يولۇقۇپ، كورگەن چۈشىنى بايان قىلىدۇ. تەبىرچىلەر ئارىسىدا فەرخار مەملىكىتىدىن كەلگەن بۇلبۇلمۇ بار ئىدى. نەۋروز گۈلنىڭ ئەھۋالىنى شۇنىڭدىن بىلىۋالىدۇ ۋە ئۇنى ئوزىگە سىرداش دوست قىلىۋالىدۇ. بۇلبۇل نەۋروزغا قولىدىن كېلىشىچە ياردەم قىلىپ، ئۇنى گۈل ۋەسلىگە ئېرىشتۈرۈشتە چوڭ ۋاستىچى بولىدۇ.

نەۋروز فەرخارغا بارىدىغان چاغدا، ئاتىسى فەررۇخ بەھەمەن دىگەن بىر بەگنى نۇرغۇن پۇل-مال بىلەن قوشۇپ قويغان ئىدى. بەھمەن نەۋروزنى بۇ ئىشقتىن توساشقا ۋە فەرخارغا بارماسلىققا ئۈندەيدۇ. نەۋروز ئۇنىڭ سوزىنى رەت قىلغاندىن كېيىن، بەھمەن ۋاپاسىزلىق قىلىپ، ئوغرىلىقچە پۇل-مالنى ئېلىپ قايتىپ كېتىدۇ.

فەرخار مەملىكىتىدە، گۈلنىڭ ئىنىكئانىسى سەۋسەن دەسلەپتە گۈلنى نەۋروزغا بولغان ئىشقتىن توسماقچى بولسىمۇ، كېيىن گۈل ۋە نەۋروزغا كوپ ياردەم كورسىتىدۇ.

گۈلنىڭ ئاتىسى مۇشكىن ئۇنى چىن خاقانىغا خوتۇنلۇققا بەرمەكچى ئىدى. گۈل نەۋروز بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ قېچىپ كېتىدۇ. شۇ ئارىدا چىن خاقانى ۋاپات قىلىپ، بۇ ئىككى ئاشىق-

مەشۇق كوڭۇلسىز ئاقىۋەتتىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ. ئۇلار يول ئۈستىدە بىر دەريادىن ئۆتمەكچى بولۇپ كېمىگە چۈشكەندە، تۇيۇقسىز دەھشەتلىك بوران چىقىپ، كېمە پارچىلىنىپ كېتىدۇ-دە، نەۋروز بىر تاختايغا، گۈل يەنە بىر تاختايغا يامىشىپ چىقىۋالغانلىقتىن، دولقۇن بىلەن بىر بىرىدىن يىراقلىشىپ، قىرغاققا چىققاندا، نەۋروز يەمەنگە، گۈل ئەدەنگە بېرىپ قالىدۇ. بۇ چاغدا بۇ ئىككى مەملىكەت ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش-ئاداۋەت بار بولغانلىقتىن، بىر بىرىگە قارشى سوقۇشقا تەييارلىنىۋاتاتتى. يەمەن پادىشاسى نەۋروزنىڭ باتۇرلۇقىنى سېزىپ، ئۇنى ئۆزىگە لەشكەر باشلىقى قىلىۋالىدۇ. ئەدەن پادىشاسىمۇ گۈلنىڭ جەڭ مەيدانىدىكى قەھرىمانلىقىنى كۆرگەن ئىدى، شۇڭا گۈلمۇ لەشكەر بېشى سۈپىتىدە جەڭگە قاتنىشىدۇ. نۆۋەت يەككىمۇ-يەككە ئېلىشىشقا كەلگەندە، يەمەن تەرەپتىن نەۋروز، ئەدەن تەرەپتىن گۈل جەڭ مەيدانىغا چىقىدۇ. ئەمما كۆرەش پەيتىدە بۇ ئىككى ئاشىق-مەشۇق بىر بىرىنى تونۇپ قېلىپ، دەرھال بىر بىرىنىڭ قۇچىقىغا ئېتىلىدۇ. بۇنىڭ نەتىجىسىدە، يەمەن بىلەن ئەدەن يارىشىشقا مەجبۇر بولىدۇ. كېيىن ھەجگە بېرىش تۈپەيلى، نەۋروز بىلەن گۈل ئۆز ئاتىلىرىنىمۇ تېپىۋالىدۇ. ئەمدى تۆت مەملىكەت باشلىقلىرى بىر يەرگە جەم بولۇپ، مەسلىھەت ئۆتكۈزىدۇ. يىغىلىشتا پادىشا فەررۇخ نەۋروز بىلەن گۈلنىڭ تەقدىرىنى ئويلاپ، نەۋشاد، فەرخار، يەمەن ۋە ئەدەن مەملىكەتلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ مەركەزلەشكەن بىر دولەت قۇرۇش توغرىسىدا تەكلىپ ئوتتۇرىغا قويىدۇ. تۆت پادىشانىڭ ھەممىسى بۇ تەكلىپنى قوللايدۇ. شۇنداق قىلىپ، تۆت مەملىكەت بىرگە قوشۇلۇپ، بىرلىككە كەلگەن دولەتكە نەۋروزنى پادىشا قىلىدۇ.

شائىر لۇتپى بۇ لىرىك داستانىدا، ئۆز زامانىسىدا پادىشالار ئوتتۇرىسىدا يۈز بېرىۋاتقان قانلىق ئۇرۇشلارغا خاتىمە بېرىش، ئۇلارنى جېدەل-ماجىرا ۋە ئاداۋەتنى توختىتىپ ئىناق ئۆتۈش غايىسىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

بۇ داستاننى نەشرگە تەييارلىغاندا، ئايرىم جاي، ئايرىم بابلىرى قىسقارتىلىپ مەزمۇنى بېرىلدى.

## مۇقەددىمە

مەسىھا يەڭلىغ① ئول خىزرى سۇخەنساز②،
ئانىڭدەك كورگۈزۈر خۇش مەئنى ئاۋاز.
كى نەۋشاد ئىلىدە بار ئەردى بىر شاھ،
كېلوردىن ۋاقىفو، كەچكەندىن ئاگاھ③.
ئاتى فەررۇخ ئۆزى فەرخۇندە ئەختەر④،
ئانىڭ ھوكمىندە ئول ئىقلىمۇ كىشۋەر⑤.
قامۇق ئالەمدە ئەدلو دادى مەشھۇر⑥،

---

① مەسىھا يەڭلىغ — ئەيسا پەيغەمبەردەك (ئۆتكۈر نەپەس).
② خىزرى سۇخەنساز — خىزىردەك سوزمەن (ھىكايىچى).
③ بۇ مىسرانىڭ شەرھى: كېلىچەكتىكى ئىشلارنى بىلىدىغان، ئوتمۇشتىكى ئىشلاردىن خەۋىرى بار.
④ فەرخۇندە ئەختەر — قۇتلۇق يۇلتۇزلۇق (تەلەيلىك).
⑤ كىشۋەر — مەملىكەت.
⑥ بۇ مىسرانىڭ شەرھى: يۇرتنى ئادالەت بىلەن سورايدىغانلىقى بىلەن پۈتۈن دۇنيادا مەشھۇر ئىدى.

چىرىگى بىنەھايەت، مۈلكى مەئمۇر①.
جەھاندىن بىر ئوغۇلغە ئارزۇمەند،
مۈڭى يوق ھىچ نىمەدىن غەيرى فەرزەند②.
تىلەك ئۈستىندە چۈن سىدقى بار ئەردى③،
تىلەگەندەك مۇرادىن تەڭرى بەردى.
سويۈر مەھبۇبى بار ئەردى ھەرەمدە④،
كى دايىم كوڭلى ئەردى ئول سەنەمدە.
سەئادەت بىرلە يۈكلەندى ۋۇجۇدى⑤،
يېتىلگەچ ھەددى ھەملىنىڭ ھۇدۇدى⑥.
ئوشۇل چاقتاكى ئالەم بولدى خۇررەم،
سەبا ئۇردى دەمى ئىيسايۇ ـ مەريەم⑦.
چەمەنلەر بولدى جەننەتدىن نەمۇدار⑧،
ئاچىلدى گۈل، ساچىلدى مۈشكى تاتار⑨.

---

① مەئمۇر — ئاۋات.

② بۇ مىسرانىڭ مەنىسى: بىالا كورۇشتىن باشقا ھىچنىمىدىن مۈڭ ـ قايغۇسى يوق ئىدى.

③ بۇ مىسرانىڭ مەنىسى: چىن كوڭلى بىلەن پەرزەنت تەلەپ قىلدى.

④ ھەرەم — خاس ئۆي.

⑤ يۈكلەندى ۋۇجۇدى — ھامىلدار بولدى.

⑥ بۇ مىسرانىڭ مەنىسى: ئاي ـ كۈنى توشۇپ، تۇغۇتى يېقىنلاشتى.

⑦ ئەيسا بىلەن مەريەمنىڭ ئۈتكۈر نەپىسىدىن چىققاندەك، ھاياتبەخش يۇمشاق شامال چىقاتتى.

⑧ نەمۇدار — كورۇنۇش، كورسىتىپ تۇرۇش، دېرەك بېرىش.

⑨ مۈشكى تاتار — مۈشكىنىڭ خۇش بۇي بىر خىلى.

ياڭى يىلنىڭ باشىدە روزى نەۋروز①،
سەدەفدىن چىقتى بىر دۇررى شەب ئەفروز②.
سويۇنگەندىن ئاتاسى گەنجىن③ ئاچتى،
نەكىم قازغانغانىن④ ئالەمگە ساچتى.
ئۇلۇغ تويلار قىلىب، ئىشرەتلەر ئەتتى،
ياراتقان بىرلە كوب نىيەتلەر ئەتتى.
ئولۇستا مۇستەھەقلارنى⑤ قىلىب شاد،
ھەم ئول دەم بەندىلەرنى قىلدى ئازاد⑥.
چۇنەۋروز بولدى نەۋروز ئىچرە فىروز⑦،
ئاتادى ئوغلىنىڭ ئاتىنى نەۋروز.
سۇت ئەمگەندە، سەئادەت دايە بولدى،
تىلى چىققاچ ھۇنەر ھەمسايە بولدى.
مۇنىڭدەك خۇش كەچۇرۇب ئومرىنى شاد،
چىقىپ كىزەر ئىدى ئول سەرۋ ئازاد⑧.
خۇش ئەردى بىر كىچە ۋەقتى بىغايەت،
كىچىپ سوھبەتدە ھەم تۇرلۇك ھىكايەت.

---

① روزى نەۋروز — باھارنىڭ بىر كۇنى.
② شەب ئەفروز — كىچىنى يورۇتىدىغان (نۇرلۇق).
③ گەنج — خەزنە.
④ قازغانماق — يىغماق، توپلىماق، قولغا كەلتۇرمەك، قازانماق.
⑤ مۇستەھىق — مۇھتاج، نامرات.
⑥ بۇ مىسرانىڭ مەنىسى: مەھبۇس-گۇناكارلارنى قويۇپ بەردى.
⑦ بۇ مىسرانىڭ مەنىسى: بۇ باھار، باھارلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ قۇتلۇغى بولدى.
⑧ سەرۋ ئازاد — كىلىشكەن يىگىت.

گاھ ئوكددىلەر① خوتەن زىبالارىنى،
زامانى رۇمنىڭ رەئنالارىنى.
ئېتسب ھەر بىرى بىر كىشۋەرنى② تەھسىن③،
قىلا بىلمەدىلەر بىر يەرنى تەيىن.
مەلىكزادە④ بولۇپ خوشۋەقتۇ خۇررەم،
لەبى خەندان مۇسەلسەل زۇلفى دەرھەم⑤.
دىماغى ھوسنى ئەۋسافى بىلە تەر⑥،
يىگىتلىك جۇشى بىرلە بادە دەرسەر⑦.
مۇغەننى دەردمەندانە غەزەلخان⑧،
تۇزۇب بۇلبۇل نەۋا بۇ قۇمرى⑨ ئەلھان⑩.
بۇ ھالەتدە خىرامان بولدى ساقى،
مەلىكزادەغە يەتتى دەۋر ئاياقى⑪.

---

① ئوكمەك — ماختىماق.
② كىشۋەر — مەملىكەت.
③ تەھسىن — يارىتىش، ياقتۇرۇش، ماختاش.
④ مەلىكزادە — شاھزادە.
⑤ موسەلسەل زۇلفى دەرھەم — جىڭگىلەك چېچى يېيىلغان.
⑥ مىسرا بويىچە مەنىسى: ھوسنى-پەزىلىتى بىلەن دىمىغى نەملەنگەن.
⑦ مىسرا بويىچە مەنىسى: يىگىتلىك غەيرىتى بىلەن مەس بولغان.
⑧ مىسرا بويىچە مەنىسى: دەرتمەنلەرچە ناخشا ئېيتىدىغان ناخشىچى.
⑨ قۇمرى — پاختەك.
⑩ ئەلھان — كۈي - غەزەل.
⑪ دەۋر ئاياقى — دەۋرنىڭ قەدەھى.

# نەۋروز ئوز-ئوزىگە ئاشىق بولغانى

ئاياق ئالىب ئىچەر-ئىچمەسدە ئول شاھ،
چاغىردە① كوردى ئوز ئەكسىنى ناگاھ.
ئانىڭدەك بولدى ئوز كوركىنە② ھەيران،
كى چاك ئەتتى ياقاسىن سەۋرى كەيۋان③.
ئوز ئوزى بىرلە كوڭلى بولدى مايىل،
ۋەلى ئول دەم ئۇياتدىن بولدى ھايىل④.
ئىجازەت بېرىب ئەلگە ئوزر قولدى⑤،
توشەك سالدىلار، ئۇيقۇ ۋەقتى بولدى.
تىلەدى كوزگۇ-يۇ، كوردى يۇزىنى،
ئوزىدىن باردى-يۇ سويدى ئوزىنى،
سۇرەر ئەردى لەبىن يۇز ناز بىرلە،
قۇچار ئەردى بېلىن مىڭ زار بىرلە.
گەھى ئېلتىب ئاياغىنى يۇزىنە،
گەھى سۇرتۇب ئىلىكىنى كوزىنە.
مۇنىڭدەك-دە چاغىر زور ئەتتى ناگاھ⑥،

---

① چاغىر — مەي، شاراپ.
② ئوز كوركىنە — ئۆزىنىڭ چىرايلىقلىقىغا.
③ كەيۋان — ساتورىن.
④ ھايىل — قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىش.
⑤ ئوزر قولدى — ئۆزرە سورىدى.
⑥ مىسرا بويىچە مەنىسى: ئاشۇ ئەھۋالدا شاراپنىڭ كۈچى ئۆزىنى كورسەتتى.

ئۆيۈدى①، نە كورەر ئۆيقوسىدە شاھ.
بۇتى نېبۇد② مەگەر ھورى پەرىزاد،
لەبى نازىك، بويى چۇن سەرۋى ئازاد.
پەرىشان ساچلارى گۇل ياپراغىندە،
تۈمەن مىڭ شىۋەلەر③ ھەر باقماغىندە.
كوزى، قاشى قىلىب مىڭ فىتنە ئەنگىز④
لەبى پۇرشىۋەيو زۇلفى دىلاۋىز⑤.
قۇمۇلغان ئارەزى⑥ جانلارغە لايىق،
ئاياقدىن باش بويى خانلارغە لايىق.
ئېلىندە⑦ بىر پىيالە بادەئى ناب⑧،
مۇنىڭدەك كەلدى ئول گولبەرگى سىراب.
شەھەنشاھىندە⑨ ئاياق تۇتتىكى، ئىچكىل،
مېنى دەب ئوزگەدىن بىر يولى كەچكىل.
چۇ نەۋروز ئول قەدەھنى نۇش قىلدى⑩،
ئىچى قاينار قازاندەك جۇش قىلدى⑪.

---

① ئۆيۈدى — ئۇخلىدى.
② بۇتى نېبۇد — ئالەمدە يوق بىر سەنەم.
③ شىۋە — ناز قىلىش.
④ فىتنە ئەنگىز — غۇلغۇلا قوزغايدىغان، پىتنە تۇغدۇرىدىغان.
⑤ دىلاۋىز — كوڭۇلنى مەپتۇن قىلىدىغان.
⑥ قۇمۇلغان ئارەزى — نۇرلۇق يۇزى.
⑦ ئېلىندە — قولىدا.
⑧ بادەئى ناب — ساپ مەي.
⑨ شەھەنشاھ — شاھلارنىڭ شاھى، ئالى پادىشا.
⑩ نۇش قىلدى — ئىچتى.
⑪ جۇش قىلدى — قاينىدى.

ئاياغىن ئۆپدى-يو دېدىكى: "ئەي ماھ،
نە يەردىن سەنكى تۇشتۇڭ مۇندا ناگاھ؟
تىلەرسەم مەن سېنى قايدا تىلەيىن①،
سوراغىڭنى سوراپ كىمدىن بىلەيىن؟
ئەگەر جانسەن، نىچۈن تەندىن يىراقسەن،
ۋە گەر خۇد ھورسەن تاپقايمۇ رىزۋان②؟

## گۇل ئۈز بەلگۈسىنى نەۋروزغا تۇشىدە ئەيتقانى

قىيا باقتى تەبەسسۇم بىرلە ئول ھور،
دېدىكىم، ئەي ئۆزى ئۆزىنە مەغرۇر.
مەن ئول سەرفىتنەئى③ ئاخىر زامانمەن،
كى ھوسن ئىقلىمىدە ساھىبقىرانمەن④.
كۆزۈم جادۇسىدىن كەشمىر پۇرشور⑤،
ساچىمدىن چىن ئىچىدە غارەتى شور⑥.
لەبىم نۇقلى شەكەرتەك ئاتەش ئەنگىز⑦،
سالۇر يۈزمىڭ كوڭۇلدە ئاتەشى تېز.

---

① مىسرا بويىچە شەرھى: سېنى تاپماقچى بولسام نەدىن تاپىمەن.
② رىزۋان — جەننەت ئىشىگىدىكى پەرىشتە.
③ سەرفىتنە — پىتنىنىڭ بېشى.
④ ساھىبقىران — بەختلىك.
⑤ پۇرشور — غۇلغۇلىغا تولماق.
⑥ غارەتى شور — ئىشق-مۇھەببەتنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلماق.
⑦ ئاتەش ئەنگىز — ئوت ياقىدىغان.

قەدىمنىڭ سەرۋىدىن تاپماس كىشى بەر①،
مېنى كۆرمەس پىرىتەك ئادەملەر.
ئاتىم گۈلدۈر ۋەلى فەرخاردىنمەن،
نە ئول گۈلكىم دىگەيسەن خاردىنمەن②.
چۇ سوزلەدى بۇ سوزنى گولەندام،
شەھەنشاھنىڭ ئەلىندىن ئالدى ئول جام.

## نەۋروز ئۈيقۈسىدىن ئويغانىپ بىھۇش بولغانى

كىنەتتە③ سەسكەنىب ئويغاندى نەۋروز،
ئۈنىگەتەك ئۇردى بىر ئاھى جىگەر سوز④.
كىم ئورتەي دىدى ئالەمنى ساراسەر⑤،
تىلەدى، كورمەدى گۈلنى بەرابەر.
يەقاسىن چاك ئېتىب، فەرياد قىلدى،
كۈيۈكلۈك نەۋھەلەر⑥ بۇنياد قىلدى⑦.
ئۆزىن يەرگە ئۇرۇپ كوپ يىغلادى زار،
يىغىدىن ئوزگە خۇد نە چارەسى بار؟

---

① بەر — مىۋە.
② خار — تىكەن.
③ كىنەتتە — تۇساتتىن.
④ جىگەر سوز — باغرىنى ئورتەيدىغان، يۈرەكنى قىينايدىغان.
⑤ سەراسەر — باشتىن - ئاياق، پۈتۈنلەي.
⑥ نەۋھە — قاتتىق يىغا، نالە.
⑦ بۇنياد قىلدى — پەيدا قىلدى.

تۈگەندى سەبرو ئارامى قەرارى،
يىغى كوپ بولدى، ھەددىن ئاشتى زارى.
چۈ پەيدا بولدى مىڭ تۈرلۈك ئالامەت،
ئەيتىپ "لاھەۋل" ئۆزىن قىلدى مەلامەت.

## نەۋروز تۈشىنىڭ تەبىرىنى ئەلدىن تىلەگەنى

يانا ئەل تىلىدىن ئەندىشە قىلدى،
زەرورەتدىن تەھەممۇل① پىشە قىلدى.
ۋەلى ئەرتە – كىچە ئولتۇرسا، تۇرسا،
بۇ غەمدىن خالى ئەرمەس بىردەم ئۇرسا.
جاھانگەشتە مۇسافىرلارنى ئۇندەر،
سورار بۇ تۈشىنىڭ ئەھۋالىن سەراسەر.
تىلەب ئىستەب نىشان تاپماس كىشىدىن،
تەقى دەرماندەراق بولدى ئىشىدىن.
ئۆزىن ھەردەم بىر ئىش بىرلە ئاۋۇتۇر،
تەسەللىلەر بىرىب كوڭلىن ساۋۇتۇر.
چۈ ناگاھ ئىشق ئوتى بىر شوئلە ئۇرسا،
ياقىندۇركىم كوڭلىن كوككە ساۋۇرسا.
تەھەممۇلسىز بولۇپ ئاتلاندى ئول دەم،
چىقىب سەيران② بىلە دەفئ ئېتۈر③ ئول غەم.

---

① تەھەممۇل پىشە قىلدى — بەرداشلىقنى كەسپ قىلدى.
② سەيران — سەيىر قىلىش.
③ دەفئ قىلىش — يوقىتىش.

گاھ ئەيتۇر بىنەۋا يانە سۇرۇدى①،
گاھ ئاقىزار سېرىشكى② بىرلە رۇدى③.
گەھى لالە بىلە باشلار ھىكايەت،
گەھى گۈلنى كورۇب سوزلەر شىكايەت.
گەھى سەرۋىنى ئوخشاتار قەددىنە،
سەمەننى④ مىگزەتور⑤ گەھى خەددىنە⑥.
كى بۇ دەردىنە بىر كۈن ئاتلانىب ئول،
يۈرۈر ئەردى، يولۇقتى بىر ئۇلۇغ يول.
كېلۇر بىر كارۋان ئول يول بىلە راست⑦،
يولۇقۇشتى شەھەنشاھ بىرلە بېخاست⑧.
يىغىلىب كارۋانىلار سەراسەر،
قىلىب شەھزادەغە تۇرلۇك دۇئالار.
نىسار ئەفشان قىلىب⑨ دۇررى جەۋاھىر،
تابۇقدا⑩ قىلدىلار ئىخلاس زاھىر.

---

① سۇرۇد — ناخشا ـ غەزەل.
② سېرىشك — كـوز يېشى.
③ رۇد — ئېقىن، دەريا.
④ سەمەن — ئاق سېرىق ئېچىلىدىغان گۈل.
⑤ مىگزەتور — ئوخشىتار.
⑥ خەد — مەگىز، ياڭاق (يۈز).
⑦ راست — تۇدۇل، تۈپ ـ تۈز.
⑧ بېخاست — ئىختىيارسىز.
⑨ نىسار ئەفشان قىلىب — چېچىپ.
⑩ تابۇقدا — خىزمەتتە؛ ھوزۇردا، ئالدىدا.

يۈرۈب نەۋروز ئۈلارنى گەرم سوردى①،
تۈشۈب بىردەم ئۈلار بىرلە ئولتۈردى.
سورارداھەربىرىنىڭ زادو بۈدىن②،
كىنەتتە كوردى بىر ساھىب ۋۈجۈدىن③.
يۈرەكى قوپتى④، كوڭلى بولدى خۈررەم،
ئانى ئىندەب دىدى: ئەي يارى ھەمدەم.
بىغايەت كوڭلۈم ئىچرە ئاشىنا سەن،
دېگىل قايدىن كېلۈرسەن ھالىيا⑤ سەن.
يەر ئۆپتى- يۈ دىدى: ئەي خىسرەۋى دەھر⑥،
كى فەرخار ئاتلو باردۇر بىر ئۈلۈق شەھر.
مەن ئول يەردىن، مېنو ئاندىن كېلۈرمەن،
ئول ئەلدىن ھەرنە سورساڭىز بىلۈرمەن.
ئېرور ئاتىم ئول ئەلدە بۈلبۈلى مەست،
بىلۈرمەن تۈمەن داستان بىلە دەست⑦.
زەبۈر⑧ ئىلھانلىك يەرلەر بىلۈرمەن،
نەدىملىك⑨ ئىچرە تەدبىرلەر بىلۈرمەن.

---

① ئۈلارنى گەرم سوردى — ئۈلار بىلەن قىزغىن تېچلىق سوراشتى.
② زادو- بۈد — تۈغۈلغان يېرى، يۈرت.
③ ساھىب ۋۈجۈد — ۋۈجۈت ئىگىسى، كىشى.
④ يۈرەكى قوپتى — يۈرىگى قوزغالدى، ھاياجانلاندى.
⑤ ھالىيا — ھازىر، شۇ تاپتا.
⑥ دەھر — زامان.
⑦ دەست — ئەھۋال.
⑧ زەبۈر — مەلھەم كىتاۋى.
⑨ نەدىم — سىرداش، يولداش.

بۇ سوز ئەنگىزمەن ئەفسانە پەرداز①،
نەۋادا زوھرە-يۇ زوھراغا دەمساز②.
مەسھاتەك دەمىدىن جان تاپار ئەل،
ئۇنۇمنىڭ دەردىدىن دەرمان تاپار ئەل.
چۇ فەرخار ئاتىنى شاھ گۇش قىلدى③،
ئۆزىندىن باردى-يۇ، بىھۇش بولدى.
تۇتۇپ بوينىنى قۇچۇب ئۆپتى يۈزىدىن،
ئايىرماس بولدى بىر سائەت ئۆزىدىن.
ئالىب كەلدى ئانى ئۆز مەسنەدىنە④،
ئىسىرغاندۇردى⑤ لۇتفى بىھەدىنە⑥.
ئانى چۇن شەھ نەدىمى خاس قىلدى⑦،
ئىنايەت بىرلە خاس ئىخلاس قىلدى⑧.

نەۋروز بۇلبۇل بىلەن دوست بولۇپ قالىدۇ. ئۇلار ئۇزاق سوھبەت قۇرىدۇ. بۇلبۇلدىن ئۆزىنىڭ سۆيگەن يارى گۇل توغرىلىق خەۋەر تاپىدۇ:

---

① ئەفسانە پەرداز — ھېكايىچى.
② دەمساز — ماس، ھەمنەپەس.
③ گۇش قىلدى — ئاڭلىدى.
④ مەسنەد — تەخت.
⑤ ئىسىرغاندۇرماق — تويدۇرماق.
⑥ بىھەدىنە — ناھايىتى.
⑦ نەدىمى خاس قىلدى — يېقىن سىرداش كىشى قىلدى.
⑧ مىسرا بويىچە شەرھى: غەمخورلۇق كۆرسىتىپ ئالايىتەن ئىخلاس قىلدى.

كى فەرخار ئېلىدە بىر خانىمىز بار،
شەھى مۇشكىن دىگەن سۇلتانىمىز بار.
ئېرور جەمشىد ئۇرۇغىندىن نەژادى①،
فەرىدوندىن② ھەم ئارتۇق ئەدلو دادى.
ئەدەمول مىسل③ ئېرور ئىككى جاھاندا،
تەڭى يوقتۇر زەمىنو ھەم زاماندا.
ئوغۇل ـ قىزدىن گۇل ئاتلىق بىر قىزى بار،
كىم ئەسرار خەلقىدىن پىنھان پەرىۋار④.
جامالىندىن ھىكايەت قىلسا بولماس،
كەمالاتىن ھەقىقەت بىلسە بولماس⑤.
ئۇزارى⑥ ئەكسىدىن كۈن خىرە بولۇر،
يۈزى ئوتراسىدا ئاي تىرە بولۇر⑦.
سويۇر ئول گۇل بۇ بۇلبۇلنىڭ نەۋاسى،
كى بار بۇ بىنەۋا بىرلە ھەۋاسى⑧.
چۇ شاھ ئوز نۇشىنە تەدبىر تاپتى،
تىلەگەن ئىشىنە تەدبىر تاپتى.

---

① نەژاد ــ نەسەپ، ئىرق، كېلىپ چىقىش.
② جەمشىد، فەرىدون ــ «شاھنامە» دىكى ئىران پادىشالىرى.
③ ئەدەمول مىسل ــ تەڭدىشى يوق.
④ پەرىۋار ــ پەرى سۈپەت.
⑤ مىسرا بويىچە شەرھى: كامالەتكە تولغانلىغىنى راستىن دىگىلى بولمايدۇ.
⑥ ئۇزار ــ يۈز.
⑦ تىرە ــ قاراڭغۇ، قارا.
⑧ ھەۋا ــ ھەۋەس، خاھىش.

## نەۋروز ئۆز سىرىنى بۇلبۇلغا ئەيتقانى

قىلىپ بۇلبۇلنى ئۆز ھالىندىن ئاگاھ،
ئەيتتى جۇملەئى ئەھۋالىنى شاھ.
كويۇپ بۇلبۇل ئىچى نەۋروز ئۈچۈن زار،
دىدىكىم، ئەي شەھەنشاھى جاھاندار.
ئاياقدىن بىر زامان ئولتۇرمايىن خوش،
تىرىك بارىنچە بىردەم ئۇرمايىن خوش①.
چىداغانچە قىلىپ ئەفسونو نەيرەڭ،
بارىب ئەفسۇن ئىتەيىن مىڭ تۈمەن فەڭ②.
مەگەركىم ئول پەرى تەسخىر③ بولغاي،
زۇلەيخا بىرلە يۇسۇف بىر بولغاي.
چۇ بۇلبۇلدىن ئىشىتتى ۋەئدە نەۋروز،
چىقاردى جانىدىن ئاھى جىگەر سوز.
ئوپۇب بۇلبۇل ئاياقىن، يىغلادى زار،
دىدى: ئەي يارى ھەمدەردو ۋافادار.
بىلىڭ باغلاب ئاياق باسقىن كوزۇمگە،
رەۋان بولغىن، قەدەم قويغىن يۈزۈمگە.
بۇ يول ئەمگەكىدىن④ فىكىر ئەتمەگىن ھىچ،

---

① بۇ مىسرانىڭ شەرھى: ئومۇر بويى بىر نەپەس خوش بولماي.
② فەڭ — پەن، ھىلە - مىكىر.
③ تەسخىر — بوي سۇنۇش.
④ ئەمگەكىدىن — جاپاسىدىن.

مۇرادىڭ تەگرى بەرسە قالماغىن كىچ،
بۇ بادەدىن ئاگا ھەم بىرئاياق تۇت،
بۇسوغاسىن ئوپۇپ، مەندىن قۇلاق تۇت.
مېنىڭ ھالىمنى بىر ياخشى مەھەلدە،
تابوغىندا ئادا قىل بىر غەزەلدە.

## نەۋروز بۇلبۇلنى گۇل ھوزۇرىغە ئىبەرگەنلىكى

يەر ئۈپتى بۇلبۇلى شۇرىدە① دەرھال،
قىلىبان زەرقۇ كوششىتىن پەرو بال②.
كۇنىن بۇلجاب③ ھەم ئول كۇن يولغە تۇشتى،
ئۇزۇپ فەرخار مۇلكىنە ياۋوشتى④.
ئانگىنەك چاغدا يەتتى بۇلبۇلى مەست،
كى گۇل ئىشرەتدە مەشغۇل ئەردى پەيۇەست.
بولۇپ فەرخار جەننەتدىن نەمۇدار،
بىھىشتى ئەدەنتەك شەھر گۇلزار.
ھەۋا ئەيسا دەمىدەك روھپەرۋەر⑤،
يەغاچلار تۇبى⑥ — يۇ، ئاقار سۇ كەۋسەر.

---

① شۇرىدە — ھاياجانلانغان.
② بۇ مىسرانىڭ شەرھى: ھىلە ۋە تىرىشچانلىقتىن قانات ياساپ.
③ بۇلجاب — مولچەرلەپ، ئېنىقلاپ.
④ ياۋوشتى — يېقىنلاشتى.
⑤ بۇ مىسرانىڭ شەرھى: ھاۋاسى ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ نەپەسىدەك ھاياتبەخش ئىدى.
⑥ يەغاچلار — دەرەخلەر؛ تۇبا ياكى تۇبى — جەننەت ئىشىگىدىكى دەرەخ.

چەمەنلەر ئىچرە قۇشلارنىڭ سەفىرى①،
يەغاچلار ئۇچۇ گۇللەرنىڭ سەرىرى.
يەنە دىۋانەلىك② باشلاب خىرەدمەند③،
بولۇب دىۋانەلەرغە مەۋسۇمى بەند④.
بۇ كۇنلەر گۇل قىلىب گۇلشەن ھەۋاسىن،
تىلەدى خاتىرى⑤ بۇلبۇل نەۋاسىن.
تىلەدى تاپمادى ئۇز بۇلبۇلىن گۇل،
پىسەند ئەتمەدى كوڭلى ئۇزگە بۇلبۇل.
بۇ كۇن ئىشرەتنى مەۋقوف⑥ ئەتتى ئول ماھ،
كى ناگاھ يەتدى بۇلبۇل ئول سەھەرا.

## بۇلبۇل گۇل ھوجراسى ئەتراپىدا نەۋروز يادى بىلە ناخشا ئەيتقانلىغى

قىلىب گۇل ھوجراسى گىردىندە⑦ جەۋلان،
نەۋايى باشلادى گىريانو نالان⑧.
رەۋان نەۋروز ئاھەڭىنى تۇزدى،

---

① سەفىر — يېقىملىق ئاۋاز؛ سەرىر — تەخت.
② دىۋانەلىك — ئەقلىدىن ئېزىش.
③ خىرەد مەند — ئەقىللىق ئادەم.
④ بەند — توسىلىش.
⑤ خاتىرى — كوڭلى.
⑥ مەۋقوف — توختىتىپ قويۇش.
⑦ گىردىندە — ئەتراپىدا.
⑧ گىريانو نالان — يىغا - زارە.

ئىشتكەن خەلقنىڭ باغرىنى بۆزدى.
ئانىڭتەك نالەلەر باشلادى پۆردەرد①،
كى سۇبھ ئول نالەدىن ئۆردى دەمى سەرد②.
چۇ گۈل ناز ئۇيقۇسىدىن بولدى بىدار،
كورەر بۈلبۈل قىلادور نالەئى زار.
نە ئاھەڭدۇر نەۋروز بىرلە،
نەۋاسى بارچە دەردو سوز③ بىرلە.

## گۈل بۈلبۈل ئۈنى بىرلە نەۋروز سوپەتلىرىنى ئىشتىپ ئاشىق بولغانى

بۆيۆردى گۈلكى، ساقىلار ئويانسۇن،
قەدەھ گەردان بولۇب④، ئىشرەت ئۇلانسۇن.
گۈل مۇشكىن يەنە ئوت ئوستونىندە،
كوزى ئەلدە، ئوڭى بۈلبۈل ئۈنىندە.
يۈرەكى ئورتەنور، كوزدىن توكەر ياش،
ئاياق ئىچكەن سەيو ھەردەم قويار باش.

گۈلنىڭ سەۋسەن دىگەن ئىنىكئانىسى بار ئىدى. گۈل، بۈلبۈلنىڭ نەۋروز ھەققىدىكى ھىكايىسىنى ئىشتىپ، نەۋروزغا

---

① پۆردەرد ــ دەرتلىك.

② دەمى سەرد ــ سوغاق نەپەس.

③ سوز ــ كويۆك.

④ قەدەھ گەردان بولۇب ــ قەدەھلەر ئايلىنىپ.

غايىبانە كوڭۈل بەرگىنىنى سەزگەن سەۋسەن ئۇنى يولدىن قايـتۇرۇشقا ھەرىكەت قىلدۇ:

ئىنەگەسى بار ئىدى ئاتى سەۋسەن،
تىلى گاھ خەنجەر ئەردى گاھ سوزەن①.
ئانىڭ تۇققان تۇراغان يېرى كەشمىر،
ئۇل ئەلدە كەسب قىلغان مەكرو تەزۋىر②.
خىيەل③ ئىچرە كىچىك شاگىردى ئىبلىس،
ئاياقدىن باش ۋۇجۇدى مەكرو تەلبىس.④
نىچۈك ئۇيقۇسىدىن ئويغاندى ناگاھ،
كورەر گۈل زار - زار يىغلاب ئۇرار ئاھ.
ئۇرۇنۇپ، سەسكەنىب قوپتى يېرىدىن،
يەچىقدىن ئوت ياقىلىب كوزلەرىدىن.
ھەم ئول دەم فىتنەئى ئاخىر زامانىنەك،
مۇنەققىس⑤ قىلدى گۈل ۋەقتىن خازانىنەك.

## گۈل ئۇز سوزىنى سەۋسەنگە ئەيتقانى

نە ئوت تۇشتى ئىچىمگە بىلمەن⑥ ئاخىر،

---

① سوزەن — يىڭنە.
② تەزۋىر — ئالدامچىلىق.
③ خىيەل — ھىلىگەرلەر.
④ بۇ مىسرانىڭ شەرھى: ۋۇجۇدى باشتىن - ئاياق ھىلە - مىكىر بىلەن تولغان.
⑤ مۇنەققىس — كوڭلىنى غەش قىلماق.
⑥ بىلمەن — بىلمەيمەن.

خەلاسىمنى تەسەۋۋۇر قىلمان① ئاخىر،
كويەر جانىم، يۈرەكىم ئورتەنور زار،
نەسەبر ئەتسەم بولور، نە تاقەتىم بار،
نە كوردوم، بىلمەدىم بۇلبۇل ئۈنىندە،
كى تۈشتۈم بۇ ئۈلۈق مىھنەت كۈنىندە.
قويۇب سەۋسەن چىقىب بۇلبۇلنى كوردى،
شىكايەت بىرلە ئەھۋالىنى سوردى.
كى ئەي پۈرگۈئى بىمەغزى② پەرىشان،
يەنە قايدىن كېتوردۇڭ ئوشبو داستان.
بۇ نە ئاۋازە - يو، نەۋروز كىمدور؟
بۇ خۇرشىدى جاهان ئەفروز③ كىمدور؟
بۇ ئاھو نالەدىن نەدور مۇرادىڭ؟
ياشۇرماغىن نە كىمدور ئېتىقادىڭ؟

بۇلبۇل سەۋسەنگە نەۋروزنى تەئرىف قىلدۇ. سەۋسەن كېلىب بۇلبۇلنىڭ سوزلىرىنى گۈلگە ئېيتىدۇ ۋە ئۈنىڭ بىزاۋ- تەلىنىشىنى كورگەچ يەنە مەلامەت باشلايدۇ.

مەلامەت باشلادى گۈلگە (كى)...ئەي ماھ،
ئاتاقلىقىڭ تۈرۈر خاقان كەبى شاھ،
گەر ئاندىن فىكر قىلماسسەن سەن ئاخىر،

① قىلمان — قىلالمايمەن.
② پۈرگۈئى بىمەغزى — گېپىنىڭ مەنىسى يوق ۋالاقتەككۇر.
③ خۇرشىدى جاهان ئەفروز — جاهاننى يورۇتىدىغان قۇياش.

ئاتاڭ بىرلە ئاناڭدىن ئەيمەن ئاخىر.
ئەگەر ئەتىدىشە قىلماسسەن ئۇزۇڭدىن،
يازوقسىز① بىزنى ئۇلتورتورموسەن② سەن.
مەلامەت بىرلە ئارتار ئىشق پۇرشۇر③،
نەچە تىيغان سەيو ④ ئانچە قىلۇر زور.
سويۇك سەۋگەن ئۇلۇمدىن فىكر قىلماس⑤،
ئىتىن قايچا بىلە توغراسا بىلمەس.

## گۇل سەۋسەنگە ئاچىغلانىب ناز قىلغانى

چۇ گۇل مۇنداق قاتىق سوزلەر ئىشىتتى،
تەۋازو بىرلە سەۋسەنغە ئەيتتى:
مېنى دەردىم بىلە قوي، يىغلايىن زار،
جەراھەت بىرلە قىلماس مەرھەم ئازار.
چۇ مەرھەم بەرمەسەڭ، نىش⑥ ئۇرماغىڭ نە؟
نەمەك بار سىنەئى رىش ئۇرماغىڭ نە⑦؟

---

① يازوقسىز — گۇناسىز.
② ئۇلتورتورموسەن — ئۇلتۇرەمسەن.
③ پۇرشۇر — مۇھەببەت تىخىمۇ كۇچىيىدۇ.
④ نەچە تىيغان سەيو — قانچىلىك ئۇزىنى تۇتۇۋالغانسېرى.
⑤ ئۇلۇمدىن فىكر قىلماس — ئۇلۇمنى ئويلاپ قويمايدۇ.
⑥ نىش — نەشتەر، تىغ.
⑦ بۇ مىسرانىڭ شەرھى: جاراھەتلەنگەن يۇرەككە توز قۇيغىنىڭ نىمىسى؟

مېنىڭ ئۈچۈن نە ئېمگەندىڭ①، نە كوردۇڭ،
نە بىتمەي قالغان ئىشىمنى بۈتۈردىڭ.
مېنى قويغىل تۈگەنمەس ئوشبۇ غەمگە،
بارىپ ئايغىل ئاتام بىرلە ئانامغە.
ساڭا نەچە يالىنىپ يالبەرەيىن،
نە كىم كەلسە ئايىغىمنى② كورەيىن.
چۈ سەۋسەن كوردى گۈل ۋەقتى پەرىشان،
ئايغان پەندىگە③ بولدى پۇشايمان.
سورار گۈل ھەر زامان نەۋروزدىن راز④.
قىلۇر ھەرلەھزە بۈلبۈل بىر نەۋا ساز.
نىچۈك نەۋروز گۈلنى تۈشدە كوردى،
نە تۈرلۈك سىرىنى ئەلدىن ياشوردى.
نە قىلغانىن، نە دىگەنىن سەراسەر⑤،
ئەيتتى بارچەسىن گۈلگە بارابەر.
ئېشىتكەن سەيۇ گۈلنىڭ دەردى ئارتار،
سىرىشكى گەرمو⑥، ئاھى - سەردى⑦ ئارتار.
ياقا يىرتىپ قاچانكىم ئۈرسا بىر ئاھ،

---

① ئېمگەندىڭ ــ جاپا چەكتىڭ.
② ئايىغىمنى ــ كورگۈلىگىمنى.
③ ئايغان پەندىگە ــ ئېيتقان نەسىھەتىگە.
④ راز ــ ئىچكى سىر.
⑤ سەراسەر ــ باشتىن - ئاياق، پۈتۈنلەي.
⑥ سىرىشكى گەرم ــ ئىسسىق ياش تامچىلىرى.
⑦ ئاھى سەرد ــ سوغاق ئاھ.

دەرىندۇركىم①، جەھان ئورتەنسە ناگاھ.
كۆنىنچە كەلتۈرۈپ بۇلبۇلنى خىلۋەت،
تۈتار نەۋروز ۋەسپى بىرلە سوھبەت.
نەدىسى، ھەمدەمى نەۋروز ئادى②،
كېچە - كۈندۈز غەمى نەۋروز يادى.
نە كىم سوزلەر سوزى نەۋروز، نەۋروز،
بېلىڭلەسە سوزى③ نەۋروز، نەۋروز.
گۈلى مۇشكىن بۇ دەرد ئىچرە گىرىپتار،
كۆنىنچە سەبر ئېتەر ناكامو، ناچار④.

## نەۋروز بۇلبۇلنى فەرخارغە ئېبەرگەندىن كېيىن گۈل يادى بىلەن بولغانلىغى

ئىچۈك بۇلبۇلنى پەھرۇد⑤ ئەتتى نەۋروز،
بۇگەز ھەددىن ئاشۇردى ئاھى دىلسوز⑥.
ئۈيۈماس بولدى ئىشرەت خۇد نە بولۇر⑦،
جانىندىن تويدى، سوھبەت خۇد نە بولۇر.

---

① دەرىندۇركىم — ئازقالدىكى.
② ئادى — ئىسمى، ئېتى.
③ بېلىڭلەسە سوزى — كويۇك ئوتى قوزغالسا.
④ ناكامو ناچار — مەقسىدىگە ئېرىشەلمەي نائىلاج.
⑤ پەدرۇد — يولغا سېلىش.
⑥ ئاھى دىلسوز — ئوتلۇق يۈرەكتىن چىققان ئاھ.
⑦ بۇ مىسرانىڭ شەرھى: ئۇخلىيالماس بولۇپ قالغان چاغدا ئىشرەت نەدە تۇرسۇن

قۇلاغىمنە سۇرۇدى رۇد① ياقماس،
ئويۇن چىندىن② كىشى يۈزىنە باقماس.
يىمەك ـ ئىچمەك دىن ئاچو ئۆمرىدىن سىر③،
باغىردىن قان ئىچەر، كوڭلىندە غەم يەر.
ئۆزى خىلۋەتدە يالغۇز ئولتورور زار،
ئوڭىندە گۈلو لېكىن كوڭلىدە خار④.
بولوب ئەردى بۇ سوزدىن فەررۇخ ئاگاھ،
ھەمىشە فىكر ئېتەر ئەردىكى ناگاھ.
كېرەكمەگەيكى نەۋروزى پەرىروي،
ئەزىمەت ساز ئېتىب⑤ كەتگەي پەرىجۇي⑥.
ئانىڭ فىكرىندە كەچگەنتەك زامانە،
كىنەتتە ئاتتى ئوقىن بىر نىشانە.

داستاندا بۇنىڭدىن كېيىنكى بىرنەچچە باپتا نەۋروزنىڭ گۈل يادى بىلەن قاتتىق بىزاۋتە بولغانلىغى، ئۇنىڭ بەزەن ئاتلىنىپ يولغا چىقىپ، گۈل مەملىكىتى فەرخارغا كەتمەكچى بولغانلىغى بايان قىلىنىدۇ. شاھ فەررۇخ ئوغلىنىڭ بۇ ئەھۋالىنى كورۇپ، بەگ ـ ئاغچىلار بىلەن مەسلىھەت ئوتكۈزىدۇ. نەۋروزنى فەرخارغە ئەۋەتمەكچى بولىدۇ. نەۋروز ئاتىسى سوغا قىلغان نۇر-

---

① سۇرۇد ـــ ناخشا، رۇد ـــ ساز ـ مۇزىكا.
② ئويۇن ـ چىندىن ـــ ئويۇن ـ چاخـچاقتىن.
③ سىر ـــ توق.
④ خار ـــ تىكەن.
⑤ ئەزىمەت ساز ئېتىب ـــ كېتىشكە بەل باغلاپ.
⑥ پەرىجۇي ـــ پەرى سۇپەت.

غۇن بايلىقلارنى ئېلىپ، بىرمۇنچە ھەمرالىرى بىلەن يولغا چىقىدۇ. فەررۇخ نەۋروز بىلەن بىللە بەخمەن دىگەن بىر بەگ-نىمۇ قوشۇپ ئەۋەتكەن ئىدى. بەخمەن يولدا نەۋروزنى سەپەر-دىن قايتۇرماقچى بولىدۇ. بۇ ۋەقەلەر تۆۋەندىكىچە تەسۋىرلىنىدۇ:

تەفەككۇر قىلدى بىر كۈن بەخمەنى پىر[1]،
كى فىكر ئەتمەك كېرەك بىر ئۆزگە تەدبىر.
مەگەر بولغايمۇ بۇ ئوغلان پۇشايمان،
كويۇب يانغاي بۇ سەۋدايى پەرىشان.
كېلىب نەۋروز بىلە ياندىشتى گۇستاخ[2]،
كوزىن يۇمدى-يۇ ئاغزىن ئاچتى گۇستاخ.
كى بىر مۇنداق سورۇب قايدا بارۇرسىز،
ئۇلۇسنى كۇچ بىلە ئوتقا سالۇرسىز.
غەرىبلىقتە بۇ ئەل كۈن ئىتكۇسىدۇر،
ئىتەك[3] فەرخار ئېلىنە يەتكۇسىدۇر.
يانىڭ بۇ مەنىسىز تەلبە يۈرۈشنى،
كېلىڭ "لاھەۋل" دەب بۇ يول سوزۇشنى.
ئېرور نەۋشاد مۇلكى ھوسن كانى،
ئېرەم يەڭلىغ مەلاھەت بوستانى.
پەرىلەر يۇرتى، بۇتلەر كىشۋەرىدۇر[4]،
لەتافەت شەھرى نازىكلەر يېرىدۇر.

---

① پىر — قېرى، چال.
② گۇستاخ — بىەدەپ.
③ ئىتەك — قانداق قىلىپ.
④ بۇتلەر كىشۋەرىدۇر — سەنەملەر مەملىكىتى.

بەختەن ئۆزىنىڭ بۇ سۆزلىرىدىن نەۋرۇزنىڭ قاتتىق غەزەپلەنگەنلىگىنى سېزىپ، خىيانەت يولىغا چۈشىدۇ. نەۋرۇز ئۆز دوستلىرى بىلەن ئولتۇرۇش ئۆتكۈزۈۋاتقان بىر كېچىدە، ئۇ ئەتراپىغا بىرنەچچە جاھىللارنى توپلاپ، بارچە بايلىقلارنى ئېلىپ ئارقىسىغا قايتىپ كېتىدۇ. نەۋرۇز ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپ، ئۆز بېشىغا چۈشكەن بۇ پالاكەتتىن تەئەججۇپ قىلىدۇ. ئۇلار پەرخارغە يېتىپ بارغاندا گۈل نەۋرۇز يادى بىلەن ئولتۇرغان ئىدى. نەۋرۇز بۇلبۇل بىلەن ئۇچرىشىدۇ. بۇلبۇل نەۋرۇز تىلىدىن غەزەل باشلايدۇ:

كىم، ئەي گۈل، گۈلشەن ئىچرە تازە بولغىن،
جەھان ئىچرە بەلەند ئاۋازە بولغىن.
سېنى سويگەن ھەمىشە شاد بولسۇن،
سېنىڭدەك قايغۇدىن ئازاد بولسۇن.
سېنى ئىستەگەن ئول مىسكىنى غەمخوار،
ۋىسالىڭدىن يەمسۇن بەر① ئاخىرى كار.
نىچارىنە مەن ئول بىچارەدۇرمەن،
كى ھەجرىڭ جەۋرىدىن ئاۋارەدۇرمەن.
يانار ئوت ئىچرە ئۆرتەب خانىلىغىمنى،
قۇلۇڭ بولدۇم، قويۇب سۇلتانلىغىمنى.
ئەگەرچە شاھ ئىدىم، ئەمدى گادامەن،
غەرىبلىق دەردى بىرلە مۇبتەلامەن.

① بەر — مېۋە.

غەرىبو، بىكەسۇ① مىسكىنمەن، ئى جان،
غەرىبو، ئاشىقو غەمكىنمەن، ئى جان.
سىنىڭ ئۇممىدىڭە كەچتىم جەھاندىن،
كىچىب ئاۋارە بولدۇم خانوماندىن②.
غەرىبلەر نالەسىدىن بولغىن ئاگاھ،
كى خىرمەن سوز ئىرور ئاھى سەھەرگاھ③.
ئايا ئەي كۆن مىڭىزلىك④ موشتەرى خال⑤،
كوز ئۇچى بىرلە باققىنكىم نەدۇر ھال.
كىم ئايغاي شەرھى ھالىمنى قانىڭدە،
چۇ بادى سۇبھ يەتمەس ھەزرەتىڭدە⑥.
يۈزۈم كورسەڭ مەگەر بىلگەيسەن، ئى يار،
كى ھەجرىڭدە نىچۇكدۇرمەن گىرىفتار،
سەن ئانداق مەسنەد ئۇستىندە قەدەھ نۇش⑦،
مەن ئوش مۇنداق ئەسرو زارو مەدھۇش⑧.
سەن ئانداق نازو ئىشرەت بىرلە ئەنگىز⑨،

---

① بىكەسۇ — تاشلاندۇق، ئىگىسىز.
② خانومان — ئۆي - جاي، مال - مۈلۈك.
③ بۇ مىسرانىڭ مەنىسى: ئاھ چىكىدىغان سەھەر پەيتى كويۈك-
نىڭ خامىنى بولىدۇ.
④ كۆن مىڭىزلىك — كۆنگە ئوخشاش.
⑤ موشتەرى خال — پەرىشان ھال.
⑥ بۇ مىسرانىڭ شەرھى: ئالدىڭغا سەھەر شامىلى يېتىپ كەل-
مەيدۇ.
⑦ مىسرانىڭ شەرھى: سەن تەخت ئۇستىدە قەدەھ ئىچىسەن.
⑧ بۇ مىسرانىڭ شەرھى: مەن بولسام ھۇشىدىن ئايرىلغان بىچارە ئەسىر.
⑨ ئەنگىز — مەشغۇل بولۇش.

مەن ئۇش مۇنداق سىرنىشكىم بىرلە خۇنرىز①.
سەن ئانداق تەختو بەخت پادىشاھى،
مەنو فەريادو ئاھو سۇبھى گاھى.
ئىرور ھەجرىڭ ئوتىندە تاقەتىم تاق،
بولۇبدۇرمەن بۇكۇن رەسۋايى ئافاق②.
يۇزۇڭ كورمەي، غەمىڭدىن چىقتى جانىم،
فەلەكدىن ئاشتى فەريادو فىغانىم.
تەرەھھوم ۋەقتىدۇر ئى يار، ئى يار،
غەرىبقا رەھم قىل زىنھار، زىنھار.

## بۇلبۇل سۇرۇدىدىن گۇل نەۋروز كەلگەنىنى سىزىب سەۋسەن مەنە ئەتگەنى

چۇ گۇل بۇ شەرھىنى بۇلبۇلدىن ئىشىتتى،
تەھەممولسىز بولۇب③ فەرياد ئەتتى.
كى بۇ ھەر كۇندەكى ئەشئار ئەمەستۇر،
ئانىڭ تەۋرى④ بىلە گۇفتار⑤ ئەمەستۇر.
بۇ سوزدە ئاشنالىقنىڭ ئىدى⑥ بار،

---

① خۇنرىز — قان توكۇش، قان توككۇچى.
② ئافاق — ئالەم، پۇتۇن دۇنيا.
③ تەھەممولسىز بولۇب — تاقەت قىلالماي.
④ تەۋر — قىلىق، يوسۇن، ئۇسۇل.
⑤ گۇفتار — سوز.
⑥ ئىد — ھىد.

ئاگا ئىرشاد قىلغان مۇرشىدى بار①.
ئەيتتى سەۋسەن: — گۇل، قوي بۇ سوزنى،
بۇ موھمەل② سوزگە مەشغۇل ئەتمە ئوزنى.
ھەم ئول بۇلبۇل ھەم، ئول كۇندەكى يەردۇرە
بۇ كۇنگىسى توناۋ كۇنگىسى بىردۇر.
ئىنانماسالڭ بۇيۇركىم زوھرە دەرھال،
سەۋال ئەتسۇن ئاگا كىم نەدۇر ئەھۋال.
ئىشارەت بىرلە زوھرە باشلادى چەڭ③،
تۇزۇب بۇلبۇل نەۋاسى بىرلە ئاھەڭ.

## زوھرە گۇل تىلىدىن سۇرۇد ئەيتقانى

كىم ئەي كوب شۇەلىك مۇرغى سۇخەنساز④،
موكەررەر نەچە قىلغايسەن سەن ئاۋاز.
مۇخالىف سوز بىلە ئەي قەۋلى ناراست⑤،
مېنى سالدىڭ بۇ سەۋدا ئىچرە بىخاست.
قىلۇر نەۋروز ئوز ئەۋجىندە پەرۋاز،
ئانىڭ يادىندە سەن مۇنداق نەۋا ساز.

---

① بۇ مىسرانىڭ شەرھى: ئاگا يول كورسەتمىدىغان يول كورسەتـكۇچىسى بار.
② موھمەل — چۇشىنىكسىز، تۇتروقسىز.
③ باشلادى چەڭ — چاڭ چېلىشقا باشلىدى.
④ مۇرغى سۇخەنساز — سوزمەن قۇش.
⑤ قەۋلى ناراست — گېپى يالغان.

يىتەر، بۇ ئىشۋەلەرنى① ئاز قىلغىن،
ھەم بۇلتۇرقى نەقشىڭ ساز قىلغىن.
گۈلى پەردە نىشىنى② زار ئەتمە،
بۇزرۇكو كوچەك③ ئىچرە خار ئەتمە.
ئەگەرچە رەھم گىردىگدە ياۋماس④،
مىنى مۇنداق كورۇب، كوڭلۇڭ ساۋماس.
ياش ئەرمەسمەنكى سوز بىرلە ئاۋۇتساڭ،
مىنى ھەردەم بىر ئىشغە، سوزگە تۇتساڭ.
چۇلۇگەن⑤ سۇنى كورمەيىن ئىنانماس،
نەچە سۇدىسەلەر سۇساغى قانماس.
گۈلى بىخار ئىدىم فەرخار ئىچىندە،
جاھاندا خار بولدۇم خار ئىچىندە.
مەمالىكلەرگە⑥ رازىم⑦ بولدى مەشھۇر،
ھاياتىمنىڭ چىراغى قالدى بىنۇر.
ئەگەرچە موختەلىف⑧ ئەھۋال ئىرورسەن،
بىھەمدوللا مۇبارەك فال ئىرورسەن.
تۇشۇگدە كوردومو ئول بەخت بىدار،

---

① ئىشۋە — ناز قىلىش.
② پەردە نىشىن — پەردە ئىچىدە ئولتۇردىغان.
③ بۇزرۇك — ئۇلۇغ؛ كوچەك — ئۇششاق - چۇششەك.
④ مىسرانىڭ شەرھى: گەرچە رەھىم قىشىڭغا يولىمايدۇ.
⑤ چۇلۇگەن — ئۇسسىغان.
⑥ مەمالىك — مەملىكەتلەر.
⑦ راز — سىر.
⑧ موختەلىف — تۈرلۈك، ھەر خىل.

کی تۈش كورگەنتەك ئەيدىڭ سوزنی تەکرار.
ئىسنۆرمو كىشى ئوتقا يىراقتىن،
مېنى سۆيگەن نىتەر نەۋشاد تەختىن.
نەچە يالغان ئىسە تىنماي ئەيتقىن،
بۆ خۆش ئىلھانىنى تارتىنماي ئەيتقىن.

## نەۋروز گۆل سوزلەرىن زوھرەدىن ئاڭلاب بەھۆش بولغانى

بۆ ئەفسانە ئىشىتتى ئەرسە نەۋروز،
يالىنتەك① ئۆردى بىر ئاھى جىگەر سوز.
دىدى: يارەب بۆنە زەخمەت تۆنىدۆر،
نە تۆن دەرمەن بۆ تۆن زەخمەت كۆنىدۆر.
ئىنانىمان② تالئىىدىن بۆ نەزەرنى،
كى بەرمەدى مۆنەجىم بۆ خەبەرنى.
يەنە بۆلبۆلغە بىر دەرخاست③ قىلدى،
كىم ئول سوزنىڭ جەۋابىنى راست قىلدى.

## بۆلبۆل نەۋروز تىلىندىن جەۋاب ئەيتقانى

ئالا ئەي ھوسن ئىچىندە ماھ فەرخار،
لەتافەت ئوردىسىندە شاھ فەرخار.

---

① يالىنتەك — يالقۆندەك.
② ئىنانىمان — ئىشەنمەيمەن.
③ دەرخاست — ئىلتىماس.

ئىشىكىڭ تۇزى① جانلار تۇتىياسى،
بوساغاڭ گەردى② خانلار خۇن باھاسى.
غەمىڭ چۇن قىلدى كوڭلۇم ئىچرە بۇنياد،
ھەم ئول دەم ئۇنتقا ياقتىم تەختى نەۋشاد.
سىنىڭ ئىشقىڭ بارىندە بەخت كىمدۇر،
بوساغاڭ سايەسىندە تەخت كىمدۇر.
ئاياغىڭ توپراقى ...... تاجىم نە؟ يەتمەس!
ئۇرامىڭ گەشتى③ مىئراجىم نە④؟ يەتمەس!
غەمىڭ شەرھى بىلە مەھبوب ئېروورجان،
ۋە گەر بولماسا نامەتلوب⑤ ئېروورجان.
خەيالىڭنى كورۇب بۇ بولدى ھالىم،
ۋىسالىڭغا قاچان بولسۇن مەجالىم⑥.
ئۇمىدىم يوق ئىدى كورسەم يۇزۇڭنى،
سوراب تاپسام ئىدىم ئەلدىن سوزۇڭنى.
ۋىسال ئۇچۇن ئەمەس ئەردى بۇ كەلمەك،
ھەۋەس قىلدىم تەلەب ئۇستىدە ئولمەك.
ئىنانە بىلمەدىم بەختىمدىن، ئى ماھ،
مېنى مۇنداق نىچۇك يەتكۇردى ناگاھ.

---

① ئىشىكىڭ تۇزى ــ ئىشىگىڭنىڭ توپەسى.
② گەرد ــ چاڭ ـ توزان، توپا.
③ ئۇرامىڭ گەشتى ــ كوچاڭنى سەير قىلىش.
④ مىئراجىم نە؟ ــ مىئراجىم بولماي نىمە؟ مىئراج دىنىي رىۋا ـ يەتتە مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ ئاسمانغا چىقىشى.
⑤ نامەتلوب ــ كېرەكى يوق.
⑥ مەجال ــ كۇچ ـ قۇۋۋەت؛ ئىمكان.

دىيە بىلمەنكى① نە دەۋلەتكە يەتتىم،
تۇشۇمۇدۇركى بۇ ئىشرەتكە يەتتىم.
نە تىل بىرلە مۇنىڭ شۇكرىن قىلايىن،
ئوغاندىن② مۇندىن ئوزگە نە تىلەيىن.
ئەگەر بىردەم ساڭا نەززارە قىلسام،
ئۇگۇنجۇم③ قالماغاي، ئولسەم ـ تىرىلسەم.
تىلەكىم دونيادىن بۇ ئۇقتۇر ئاخىر،
مۇرادىم مۇندىن ئوزگە يوقتۇر ئاخىر.

گۇل نەۋروزنىڭ كەلگەنلىگىنى سېزىدۇ ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىش نىيىتىدە سەۋسەندىن ئىجازەت سورايدۇ. سەۋسەن يەنە تۈرلۈك باھانىلەر بىلەن گۇلنى قايتۇرماقچى بولىدۇ. گۇل زېرىككەنلىگىنى باھانە قىلىپ، گۇلشەنگە كىرىش ئۇچۇن رۇخسەت سورايدۇ. سەۋسەن ئۇنىڭغا پەقەت ئوگزىگە چىقىپ، شۇ يەردىن تاماشا قىلىشنى مەسلىھەت بېرىدۇ. گۇلنىڭ ئوگزىدە تۇرۇپ نەۋروزنى كورۇپ قالغانلىغى مۇنداق تەسۋىرلىنىدۇ:

بۇ سوز بىرلە گۇلى خۇدرۇيى خۇدراي④،
بۇيۇردى سالدىلار تام⑤ ئۇستىدە جاي.

① دىيە بىلمەنكى — دىيەلمەيمەنكى.
② ئوغاندىن — ئۇنىڭدىن.
③ ئۇگۇنجۇم — ئوكۇنۇشۇم، پۇشايمىنىم.
④ خۇدرۇي — ئوز بېشىمچى؛ خۇدراي — ئوز رايى بىلەن ئىش قىلىدىغان.
⑤ تام — ئوگزە.

نەچچە مەھرەملىرى بىرلە خىرامان،
يۈقارى چىقتى ئۇل خۇرشىدى تابان①.
كورەركىم بۇلبۇلى شۇرىدەئىي مەست،
سۇرۇد ئەيتىپ، بولۇب توپراق بىلە پەست
يىراقلاردىن تۇرۇب نەۋروزى نەۋشاد،
قىلۇر ھەر نەقشىنىڭ تەھرىرىن ئىرشاد②.
بۇ ھال ئۇزرە كوزىكىم گۈلگە تۈشتى،
يۈرەكى سوستايىب، قانى قۇرۇشتى.
تۈشىندەكى③ ئۇكىندە كورگەچ ئۇل شاھ،
ئانىڭدەك نالە بىرلە ئۇردى بىر ئاھ.
كى ئالەم ئورتەنەيازدى دەمىندىن،
فەلەك ماتەم تونىن كىيدى غەمىندىن.
ھەم ئۇل يەردە يىقىلدى زار مەدھۇش،
يەنە ئاندىن بەتەر ماھى قەسەبپۇش④.
بويىي توپراق ئىچىندە بولغاشىب زار،
نە ئاغزىندە، نە كوكسىندە دەمى بار⑤.
كورىب قىزلار بۇ ئىشدىن بولدىلار مات،
گۈلابو رايىھە⑥ كەلتۈردىلار بات.

---

① خۇرشىدى تابان — نۇرلۇق قۇياش.
② بۇ مىسرانىڭ مەنىسى: رەسىم سىزىشنى ئۆگىنىۋېتىپتۇ؛ مەجازى مەنىسى نىمە قىلىش كېرەكلىكىنى ئۆگىنىۋېتىپتۇ.
③ تۈشىندەكى — چۈشىدە كورگەنلىرى.
④ قەسەبپۇش — كىمخاپ كىيىم كىيگەن.
⑤ دەم — نەپەس.
⑥ گۈلاب — گۈل شەربىتى، رايىھە — خۇشبۇي.

بىرى نەۋھە① قىلىپ باشقا ساچىپ خاك②،
بىرى فەرياد ئېتىپ كوكسىن قىلىپ چاك.
بىرى قانلار يۇتۇپ، يىرتىپ يۇزىنى،
بىرى يەرگە ئۇرۇپ ھەردەم ئوزىنى.
ساۋۇق سۇلار سىپىپ گۇلنىڭ يۇزىنە،
كى ناگاھ سەسكەنىپ كەلدى ئوزىنە.
يۇزىندىن گەردو توپراغىن كىتەرىپ،
رەۋان ئويگە كىتۇردىلەر كوتەرىپ.

## بۇلبۇل نەۋروزنى كوتەرىپ ئەۋگە③ ئېلىتگەنى

ۋەلى نەۋروز ئانىڭتەك ئەردى بەدھال④،
كوز ئاچمادى تاڭ ئاتقۇنچە قالىپ لال.
باشىنىڭ ئۇستىدە بىچارە بۇلبۇل،
قىلىپ نالىش بىلە فەريادو غۇلغۇل.
گۇلابو سۇ ساچىپ ھەردەم ياشىندىن،
كى يىغلاپ چىۋرۇلۇر⑤ ئەردى باشىندىن.
دەمى چۇن شەمئى رەۋشەنتەك بولۇپ زار،
گەھى پەرۋانەتەك ئورتەپ ئوزىن خار.

---

① نەۋھە — ھوڭرەپ يىغلاش.
② خاك — توپا.
③ ئەۋ — ئوي، (ماكان).
④ بەدھال — ھالسىزلىنىش.
⑤ چىۋرۇلمەك — چوگىلىمەك.

تاڭ ئاتقۇنچە مۇنگتەك باش تۇتتى،
بەسى① غەم يىدى - يو، خۇنابە يۇتتى.
كوز ئاچدى سۇبھى دەم كەلدى ئۆزىنە،
يۇقارتىن گۇل كورەنمەدى كوزىنە.
يەنە بىر ئاھ ئېتىب مەدھۇش بولدى،
دەمى سۇندى، نەفەس ھەم بوش بولدى.
بۇ گەز بۇلبۇل بىلنى باغلادى روست،
كوتەردى بويىنە نەۋروزنى چۇست②.
چۇ تۇش ۋەقتىندە كۇننىڭ پەرتەۋىندە،
ئالىب يەتتى شەھەنشاھنى ئەۋىنە.
نوكەر سەۋدۇر③ ئانى ئانداق كورۇب زار،
قىيامەتنىڭ تاڭىن قىلدىلار ئىزھار.
يەنە ئاچدى كوزىن نەۋروزى بىكەس،
ئاشوردى نالەسىن ئەز چەرخى ئەتلەس④.
قوپۇب ئۆلتۈردى چۇن بۇلبۇلنى كوردى،
كىچەكى كەچكەن ئىش شەرھىنى سوردى.
ھىكايەت قىلۇر ئەردى بۇلبۇلى زار،
قانىن⑤ يىغلار ئىدى نەۋروز ئەفگار⑥.
گۇلى بىچارە ھەم سەۋدا ئىچىندە،

---

① بەسى — كوپ، تولىمۇ.
② چۇست — چاققان، تېز.
③ نوكەر سەۋدۇر — نەۋكەرلەر سۇيەر ئىدى.
④ ئەز چەرخى ئەتلەس — ئاسمان چېدىردىدىن.
⑤ قانىن — قان - قان.
⑥ ئەفگار — جاراھەتلەنگەن، ئازاپلانغان.

مەلامەتدىن قالىپ غەۋغا ئىچىندە.
نەچچە كىم دىسەلەر غەۋغاسى ئارتار،
يۈرەكىي زەئىپ ئىتىب① سەۋداسى ئارتار.
قۇلاغىنە كىشىنىڭ سوزى ياقماس،
كوزى ھەيران بولۇب ھىچ كىمگە باقماس.
بىرەر ئاھ ئۇرسا تولغانىب ئىچىندىن،
چىقار ئوت بىرلە تولغانىب ئىچىندىن.
بىرەر يىغلاب ئۇلۇغ تىنسا كوچەنىب،
دىماغىندىن كېلۇر قان بىرلە ئېنىب②.

## سەۋسەن گۈل قاتىندە يىغى-زارى قىلىب گۈلگە تەسەللى بەرگەنى

كىلىب سەۋسەن يۈزىن يىرتىب پەرىشان،
يۈرەكى پارە-پارە باغرى بىريان③.
ئاياغىن ئوپتى-يۇ، كوب قىلدى زارى،
ساچىب قان ياشى چۈن ئەبرى باھارى④.
"كىم، ئەي گۈل، نەچچە ياندۇردۇڭ مېنى سەن،
قارا قان بىرلە قاندۇردۇڭ مېنى سەن.
ئوزۇڭنى كۈچ بىلە ئولتۈرمەگىڭ نە؟
باشىمىزغە بەلا كەلتۈرمەگىڭ نە؟

① زەئىپ ئىتىب — ئاجىزلىنىشىپ.
② ئېنىب — پەسكە چۈشۈپ؛ ئىنمەك — چۈشمەك.
③ بىريان — كاۋاپ بولۇش.
④ ئەبرى باھار — باھار يامغۇرى.

تىلەر بولساڭ كوڭۇل مەقسۇدىنى گۇل،
تەھەممۇل قىل① تەھەممۇل قىل، تەھەممۇل.
ۋۇجۇدىم كىشۋەرىندە جان سىنىڭدۇر،
نە خىدمەتكىم② دىسەڭ فەرمان سىنىڭدۇر.
كويۇكىڭنى كورۇب بىر يولى كويدۇم،
ھاياتىمنى سىنىڭ يولىڭغە قويدۇم.
سىنىڭ ئۇچۇن نەكىم كورسەم كورەيىن،
ئەگەر دىسەڭ ئوزۇمنى ئولتۇرەيىن.
كورە بىلمەن③ سىنىڭ دەردىڭنى، ئەي ماھ،
چىن ئەيتۇرمەن مۇنى "ۋەللاھو - بىللا!"④.

## گۇل خۇش ۋەقت بولۇب سەۋسەننى نەۋروزغا ئىبەرگەنى

ئېشتىب گۇل بۇ سوزلەرنى نەھۇفتە⑤،
ھەم ئولدەم غۇنچەسى بولدى شۇگۇفتە⑥.
چىرايىن ئاچتى - يو، قىلدى تەبەسسۇم،
كۇلۇمسەب باشلادى بىر - بىر تەكەللۇم⑦.

---

① تەھەممۇل — سەۋرى قىلىش.
② خىدمەت — خىزمەت.
③ كورە بىلمەن — كورەلمەيتىمەن.
④ "ۋەللاھو بىللا — خۇدا ھەققى.
⑤ نەھۇفتە — يوشۇرۇن.
⑥ شۇگۇفتە — ئېچىلماق، گۇللىمەك.
⑦ تەكەللۇم — سوز.

ئۆزلەر قىلدى سەۋسەندىن فەراۋان،
كىم، "ئەي دايە، مېنىڭ دەردىمگە دەرمان،
جەراھەتلىك كۆڭۈلنىڭ مەرھەمىسەن،
بۇ ھەسرەت ئىچرە جانىم ھەمدەمىسەن.
بارىب كورگىل غەرىبى بىنەۋانى،
تەكەللۇف بىرلە مەندىن سورغىل ئانى.
ئەيىتقىل: ئەي ۋەفالىق مېھرىبانىم،
يۈرەكىم قوۋۋەتى، جانۇ ـ جەھانىم.
مېنىڭ ئۈچۈن مۇنىڭدەك زار بولغان،
غەرىبو بىكەسو غەمخار بولغان.
كورۈب مىڭ نىش خۇن ئالود① ھەردەم،
كىشىدىن كورمەگەن بىر لەھزە مەرھەم.
نىچۈك سەن بۇ ئۇزۇن يول ئەمگەكىندىن②،
بۇ ئەمىسىز③ ئىشقى بىھاسىل④ ئىبلىندىن.
بۇ مېھنەتلە (غەرىب) ھالىڭ نىچۈكدۇر؟
ئەۋ، ئەلدىن باشقا ئەھۋالىڭ نىچۈكدۇر؟
ئەلا⑤، ئەي نازەنىنى، ناز پەرۋەرد⑥،
بۇ كۈندىن سوڭرا، يارەب، كورمەگىن دەرد،

① نىش خۇن ئالود — قانلىق نەشتەر.
② يول ئەمگەكىندىن — يول جاپاسىدىن.
③ ئەمىسىز — داۋاسىز.
④ ئىشقى بىھاسىل — نەتىجە بەرمەيدىغان ئىشق.
⑤ ئەلا — "ئەي" ئورنىدا ئىشلىتىلىدىغان خىتاپ سوز.
⑥ نازپەرۋەرد — ئەكە، شوخ.

ئەگەرچە رەنجۇ مېھنەتدىن يۇدەدىڭ①،
ياراتقان② ئاقىبەت بەرگەي مۇرادىڭ.
نە مېھنەت بار ئانىڭكىم، راھەتى يوق،
نە نەكبەتكىم③ سوڭىندا دەۋلەتى يوق.
ئالار كىم قىلدىلار مەقسەد ھاسىل،
بېرىپ جان بولدىلار جانانغە ۋاسىل④.
نە فىكرىڭ بار چۇ بىلدىڭ مەن سېنىڭمەن،
نە غەم يەرمەن چۇ بىلدىم سەن مېنىڭسەن.
قەبۇل ئەتسەڭ تابۇقچىمەن⑤ كەمىنە⑥،
تەرەھھۇم قىل تابۇقچىلار كەمىنە"⑦.
مۇنىڭدەك كوپ ئۇمىدلىك ۋەئدە بەردى،
بۇ سوزلەر بىرلە سەۋسەننى ئىبەردى.

سەۋسەن نەۋروزنىڭ قېشىغا بېرىپ گۇلنىڭ سالىمىنى يەتكۈزدۇ. نەۋروزدىكى ئالىجاناپ سۇپەتلەر سەۋسەننى تامامەن مەپتۇن قىلغان ئىدى. ئۇ ئالدىراشلىق بىلەن گۇلنىڭ يېنىغا قايتىپ كېلىدۇ ۋە نەۋروز توغرىلىق سوزلەپ بېرىدۇ:

---

① يۇدەدىڭ ــ جۇددىڭ، ھالسىزلاندىڭ.
② ياراتقان ــ ياراتقان خۇدا
③ نەكبەت ــ بەختسىزلىك.
④ ۋاسىل ــ ئۇلاشماق، ئېرىشمەك.
⑤ تابۇقچى ــ خىزمەتكار.
⑥ كەمىنە ــ كەمتەر.
⑦ كەمىنە ــ يېتىشسىزلىكگە.

ئەيتتى سەۋسەن: ئېي ھورى پەرىزاد،
ئەگەر سەن گۆلسەن، ئۆلدۆز سەرۋى ئازاد①.
ئەگەر سەن گۆلسەن، ئۆل ئايدىن ئەردۆر②،
ۋەگەر سەن ھورسەن، ئۆل خۆد پەرىدۆر③.
تۆكۆز④ تاپتىم كەمال ئىچرە جەمالىن،
مۆكەممەل بارچە ئىشلەردە كەمالىن.
سەلاتىنزادەدۆر⑤ خانلىققە لايىق،
يەتى ئىقلىمدە سۆلتانلىققە لايىق.
كەرەم ئىچرە ئېرۆر ھاتەم گەداسى،
بېرۆر بىردەمدە مىڭ جونە⑥ باھاسى.
ئەگەر مىڭ جان يولىندە قويسام ئازدۆر،
ئانىڭ ئۆچۆن جەھاندىن تويسام ئازدۆر.
بار ئىشدە ئەيلەدۆر كىم⑦، مەن تىلەرمەن،
تىيە بىلمەن⑧، نەچەكىم ياخشىلارمەن.
نەچە ئۆكسەم⑨ ئەيتمەن مىڭدە بىرىن،
ئۆزۆڭگە باق تىلەر بولساڭ نىشانىن.

---

① سەرۋى ئازاد — سەرۋىدەك قەددى ـ قامەتى كېلىشكەن.
② ئايدىن ئەردۆر — ئايدىنمۆ ئۆستۆن.
③ خۆد پەرىدۆر — پەرىنىڭ ئۆزىدۆر.
④ تۆكۆز — تولۆق.
⑤ سەلاتىن — پادىشالار؛ سەلاتىنزادە — شاھزادە.
⑥ جونە — ھاتەمگە ئوخشاش ئەڭ سېخى كىشى.
⑦ ئەيلەدۆركى (ئۆيلەدۆركىم) — شۇنداقكى.
⑧ تىيە بىلمەن — ئۆزەمنى يىغالمايمەن، ئۆزەمنى تارتالمايمەن.
⑨ ئۆكمەك — ماختىماق.

نەچە دىسەم سىفەت قىلغاندىن ئارتۇق،
سەن ئاندىن ياخشىسەن، ئول سەندىن ئارتۇق.
ئىلاھا تەگرى قىلغاي بىر لەتىفە①،
كى تاپقاي بۇ شەرەفنى ئول شەرىفە".
گۇل ئانداق قالدى بۇ ئەۋسافىدىن② لال،
كى بىردەم ئۆزگە بولدى ھالىدىن ھال.
ئانىڭدەك قىلدى شەھەنشاھنى تەھسىن،
كى قىزلار قىلدىلەر مېھرىنى تەيىن③.
يۈزىن كورمەي كوڭۇل ئولدۇردىلار پاك،
بەرى گۇلدەك ياقاسىن قىلدىلار چاك.
ئانىڭدەك ئەتتىلەر بارچەسى تەدبىر،
كى بىر-بىرگە قاۋۇشقاي شەھد باشىر④.
زەمانى تالەئى فىروز بىرلە⑤،
قاۋۇشقاي گۇل مەگەر نەۋروز بىرلە.
ئالار بۇ فىكر ئىچىندە گاھو-بىگاھ⑥،
كى كەيۋان بىر ئويۇن كورگۇزدى ناگاھ.

---

① لەتىفە — بۇ يەردە ياخشىلىق مەنىسىدە.
② ئەۋساف — "ۋەسف" سوزىنىڭ كوپلىگى. سۈپەتلەش، تەرىپلەش مەنىسىدە.
③ مىسرانىڭ مەزمۇنى: قىزلار ئىشق-مۇھەببەت پەيدا قىلدى.
④ قاۋۇشقاي شەھدباشىر — ھەسەل سۇتكە ئارىلاشقاي.
⑤ بۇ مىسرانىڭ مەزمۇنى: بىر زامان تەلىيى ئوڭ ن كېلىپ.
⑥ گاھو-بىگاھ — توختىماستىن، ھەر دائىم.

## گۈلنى كۆچۈرمەك ئۈچۈن خاقانى (چىن) ئەلچىلىرى كەلگەنى

زامانە قەست بىرلە باغلادى بەل،
تەرەب شەمشىن① ئۆچۈردى فىتنەلىك ئەل.
مەگەر خاقان ئېشىتىپ گۈلنىڭ خىيالىن،
تىلەدى سەي ئېشىتىپ تاپسا ۋىسالىن.
نەچچە يىلدىن بېرى يىققان خەزىنە،
نە كىم فەغفۇردىن② قالغان دەفىنە.
ئىپار بىرلە يىبەك③ ئانبار - ئانبار④،
نە كىم تۈرلۈك گوھەر خەرۋار - خەرۋار⑤.
مۇرەسسە قىلغان ئەتلەس ئۇلۇغ ئەۋلەر⑥،
پەرى ئەڭلىك⑦، سىلىق بويلۇق بېداۋلار،
نە يالغۇز چىنۇ ماچىن تاڭسۇقىدىن⑧،
كى بارچە دۇنيانىڭ تاڭسۇقلىغىدىن.

---

① تەرەب شەمشىن — خۇشاللىق شامىنى (چىرىغىنى).
② فەغفۇر — چىن خاقانى.
③ يىبەك — يىپەك.
④ ئانبار — ئامبار.
⑤ خەرۋار - خەرۋار — قانچىلىغان ئېشەك - خېچىرغا يۈك بولغۇدەك.
⑥ بۇ مىسرانىڭ مەزمۇنى: كاتتا ئۆيلەر قىممەت باھا تاشلار بىلەن بېزەلگەن.
⑦ پەرى ئەڭلىك — پەرى يۈزلۈك.
⑧ تاڭسۇقىدىن — ئاجايىپ - غارايىپ نەرسىلىرىدىن.

يىغىپ يۈكلەپ تۈرۈپ ئىبەردى بارىن،
ئىپىپ① بىر نەچچە ساھىب ئىختىيارىن.
ئىشتىكەچ بۇ خەۋەرنى شاھ مۇشكىن،
قىلىپ ئۇترۇ يىبەرۇر ئەلنى تەيىن.
ئۇلۇغ تويلار ياراغىن قىلدى دەرھال،
ياساتىپ سىپ ـ سىرىغ توكتۇردى كوپ مال.

چىن خاقانىنىڭ ئەلچىلىرى گۈلگە ساۋچى بولۇپ كەلگەنلىكلىرىنى بىلدۇردى. شاھ مۇشكىن ئۇلارنى ھورمەت بىلەن قوبۇل قىلدۇ ۋە چىن خاقانىنىڭ ئىلتىماسىغا رازىلىق بىلدۇردى. ئۇ ھەرەم ئويگە كىرىپ، ۋەقەنى سەۋسەنگە ئىپىتىدۇ. ھىكايە مۇنداق داۋام قىلىدۇ:

بولۇپ سەۋسەن بۇ سوزدىن لالۇ خامۇش،
كىلىپ گۈل ھەزرەتىندە زارو مەدھۇش②.
دەمى چىقماي مەلامەتدىن پەرىشان،
ئايا بىلمەي③ ھاياتىندىن پۇشايمان.
كوزى تۇشمەسكى باقسا گۈل يۈزىنە،
دەرىندۇركى④ پىچاق ئۇرسا ئوزىنە.
چۇ ئول ھالەت بىلە كوردى ئانى گۈل،

---

① ئىپىپ — ئەگەشتۇرۇپ.
② مىسرانىڭ مەزمۇنى: گۈلنىڭ ئالدىغا كىلىپ، زار يىغلاپ ھۇشىدىن كەتتى.
③ ئايا بىلمەي — نىمە دىيىشنى بىلمەي.
④ دەرىندۇركى — يىقىندۇركى، ئاز قالدىكى.

يىرىندىن قوپتى بىسەبرو تەھەممۇل.
ئانىڭدەك چىرقىراپ سەسكەندى ناگاھ،
كىم ئۇل تەگرەدەگى① ئەل بولدى ئاگاھ.
تۇتۇپ ئۇل دەم تىشى تىرناغى بىرلە،
تىتە يازدى تونى ئۇبراغى② بىرلە.
ئەيىتتى سەۋسەن: "ئەي جانو جاھانىم،
سىنىڭ ئۇچۇن فىدا بولسۇن بۇ جانىم.
تىلىم كەسكىن، چىقارغىن كوزلەرىمنى،
ئىشىتمەگىن پەرىشان سوزلەرىمنى.
نە ئىتەيىن، نەدىيىن، نە سورارسەن،
بۇ سىر يالغۇز يۈزۈمنى نە كورەرسەن.
نە ئاغزىمغە سىغار بۇ سوز، نە تىلگە،
كى بەھەد ئوت تۇشۇبتۇر جانو دىلگە.
سىنى خاقانكى، تەختى توڭتەرۈلسۇن③،
تىلەيدۇر كىم، تىرىكلىگى تورىلسۇن④!"

## گۈل خاقان ئەلچىلىرىنىڭ سوزىن ئىشىتىب، پەرىشان بولغانى

ئىشىتكەچ گۈل ياقاسىن چاك قىلدى،

① تەگرەدەگى — چۆرىسىدىكى.
② ئۇبراغ — يىرتىق.
③ توڭتەرۈلسۇن — كومتۈرۈلسۇن.
④ تورىلسۇن — بەربات بولسۇن.

ئېشتكەن ئاغزىنى پۇرخاك قىلدى①.
باشىن يەرگە ئۇرۇپ ئانچە چالىندى،
كى بويىندىن سوۋەكلىرى كورۇندى.
زەمانى سوستايىب مەسرولا رتەك②،
دەمى يىغلار گەدايى دەر بەدەرتەك③.
يۈزى گۈل بەرگىدەك سۇلدى غەم ئىچرە،
يىل ئاغرىغانچە بولدى بىردەم ئىچرە④.

چىن ئەلچىلىرىنىڭ كەلگەنلىگىدىن بۇلبۇلمۇ خەۋەر تاپقان ئىدى. ئۇ ئالدىراش سەۋسەننىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇ يەردە گۈل بىلەن ئۇچرىشىپ قالدۇ. گۈل قاتتىق پەرىشانلىق ئىچىدە بۇلبۇلدىن نەۋروزنىڭ ئەھۋالىنى سوراشقا باشلايدۇ:

ئاڭا سوردى⑤: نىچۈكدۇر ئول غەرىبىم،
مۇھىبدىن ياد ئېتەرمۇ ئول ھەبىبىم⑥.
سىز بىمۇدۇر بۇ دەرمانسىز بەلانى،

① پۇرخاك قىلدى ــ توپىغا تولدۇردى.
② مەسرو ــ ئۇتقاقلىق كېسىلى بار كىشى.
③ بۇ مىسرانىڭ مەزمۇنى: بىردەم ئىشىكمۇ - ئىشىك يۈرىدىغان گادايدەك يىغلايتتى.
④ بۇ مىسرانىڭ مەزمۇنى: بىردەمنىڭ ئىچىدە بىر يىل ئاغرىغاندەك بولدى.
⑤ ئاڭا سوردى ــ ئۇنىڭدىن سورىدى.
⑥ مىسرانىڭ مەزمۇنى: ئۇ دوستۇم، ياخشى كۆرگۈچىسىنى ياد ئېتەرمۇ.

ساغىنۇرمۇ بۇ مىسكىن مۇبتەلانى؟
نەلەكىنىڭ جەۋرىدىن ھالى نىچۇكدۇر؟
بۇ ماتەم ئىچرە ئەھۋالى نىچۇكدۇر؟
رەفىقى بارمۇدۇر مېھنەتدىن ئۆزگە،
كورەرمۇ ھىچ نىمە زەخمەتدىن ئۆزگە؟
كوب، ئەي بۇلبۇل، ھىكايەت ۋەقتى ئەرمەس،
مەھەل يوقتۇر شىكايەت ۋەقتى ئەرمەس.
زامان نازىك تۇرۇر، فۇرسەت غەنىمەت،
بۇ بىر سائەت ئېرۇر مۇھلەت غەنىمەت".

## نەۋروز خاقانى چىن ئەلچىلەرىنىڭ كەلگەنىنى ئېشىتىپ، نالىش قىلغانى

بۇ يەتمەستىن بۇرۇن نەۋروزى مىسكىن،
ئېرىكىب① ھوجرەسىندىن چىقتى غەمكىن.
كورەر كىم سوزلەشوۋ بىر نەچە بەد بەخت:
كى گۇل باغلادى فەرخار ئېلىدىن رەخت②.
فەراۋان رەخت ئېيىبتۇر③ خىسراۋى چىن،
ئىبەرسۇن قىزنى دەب ئول شاھى مۇشكىن.
بۇ ھالەتنى ئېشىتتى ئەرسە نەۋروز،
چىقاردى جانىدىن ئاھى جىگەر سوز.

① ئېرىكىب — زېرىكىپ.
② رەخت باغلاماق — كېتىشكە تەييارلانماق؛ نەرسە - كېرەكلەرنى چەگمەك.
③ رەخت ئېيىبتۇر — كىيىم - كېچەك، مال ئەۋەتىپتۇ.

يانىب ئۆيگە تون ئۆبراغىن قىلىب چاك،
ئۆزىن يەرگە ئۇرۇب، باشقا ساچىب خاك.
قىلىب كوكسىن ئانىڭدەك پارە - پارە،
كى ئوخشاتىب ئىدى بەرگى چىنارە.
زامانى قىلدى ئۆز دەردىن ھىكايەت،
دەمى ئۆز بەختىدىن قىلدى شىكايەت.
گەھى قىلدى فەلەك جەۋرىنى تەقرىر①،
گەھى ئەتتى باھانە دەستى تەقدىر.
بۇ دەرد ئۈستىندە دەرماندىن تونكۇلدى②،
جاھاندىن تويدى - يو جاندىن تونكۇلدى.
ئولۇمنى خۇش قىلىب ھىجران ئىلىندىن،
سۇۋۇردى خەنجەرى بۇررا بىلىندىن③.
دەردىن ئەردىكى باغرىن چاك قىلسا،
يۇرەكىنى چىقارىب باك قىلسا.

بۇلبۇل نەۋروزغا تېزرەك گۇل قېشىغا بېرىش كېرەكلىگىنى ئېيتىدۇ. نەۋروز گۇل بىلەن سەۋسەن ئويىدە ئۇچرىشىدۇ.

كىرىب سەۋسەن قاشىندە شاھى نەۋشاد،
يەر ئۆپتى بەندەتەك ئول سەرۋى ئازاد.

---

① تەقرىر — بايان قىلىش.
② دەرماندىن تونكۇلدى — دەرماندىن كەتتى.
③ مىسرانىڭ مەزمۇنى: بېلىدىن ئۆتكۇر خەنجەرىنى سۇغۇرۇۋالدى.

گىنەتتە پەردەدىن يۈز كورگۈزۈب① گۈل،
ئىسۈردى② كورگەچ ئول نەۋروزنى بىمۈل③.
ئول ئاندىن نالەلەر بىرلە خىرامان،
بۇ ھەم مۈندىن فىراق ئوتىندە بىريان.
ياۋۇقلاشىب④ قۇچىشتى ئىككى دىلدار،
تاپىشىب بىر زامان ۋەسل ئىچرە دىدار.
فەلەك ياربىب نىچۈكدىن بولدى غافىل،
كى تۇشتى ئىككى يار ئانداق مۇقابىل.
بولۇپ بىر لەھزە ھەم زانويىو ھەمدۇش⑤،
رەفىقى ھەمنىشىن، ھەمدەم، ھەماغۇش⑥.
ئەرادا غەمزەلەر غەممازلىقدا⑦،
كەرەشمە شىۋە دەست ئەندازلىقدا⑧.
دەمى نەۋروز ئەلى گۈلگە ھەمايىل⑨،

---

① يۈز كورگۈزۈپ — يۈزىنى كورسىتىپ.
② ئىسۈردى — ھۇشسىزلاندى.
③ بىمۈل — كەيپسىز.
④ ياۋۇقلاشىب — يېقىنلىشىپ.
⑤ زانويىو ھەمدۇش — تىزى تىزىغا، يەلكىسى يەلكىسىگە يېپىشىپ.
⑥ مىسرانىڭ مەزمۇنى: دوستلارچە يېقىن ئولتۇرۇپ، ھەمنەپەس بولۇپ، قۇچاقلىشىپ.
⑦ مىسرانىڭ مەزمۇنى: ئىككى ئارىدا غەمزىلەر بىر بىرىنىڭ سىرىنى ئىچىپ.
⑧ مىسرانىڭ مەزمۇنى: نازوكەرەشمىلەر ھوكۈمرانلىق قىلىپ.
⑨ مىسرانىڭ مەزمۇنى: بىردەم نەۋروز قولىنى گۈلنىڭ يەلكىسىدىن ئىسلدۇرۇپ قۇچاقلىسا.

زەمانى گۈل تاغى نەۋروزغە مايىل.
مۇساھىب① ئىككى دىلدارى مۇۋافىق،
نە ئەغيار ئاندە ھازىر، نە مۇنافىق②.
مۇنىڭدەك بىر زامان ھەمرازلىقدا③،
كەچۈردىلەر دەمى دەمسازلىقدا④.
كوتەرمەي كوز بىرى بىرنىڭ يۈزىندىن،
قۇرۇماس ياش ئىككىسىنىڭ كوزىندىن.
ئارادا بۇلبۇلو سەۋسەن جىگەر خۇن،
ئاقىزىب كوزلەرىندىن رۇدى جەيھۇن⑤.

شۇ ئارىدا سەۋسەن نەۋروزدىن: "بۇندىن كېيىن شەھەنشاھ نىمە قىلماقچى ئىكەن" دەپ سورايدۇ. نەۋروز ساداقەت بىلەن توۋەندىكىچە جاۋاپ ئېيتىدۇ:

...سەباتەك بۇ چەمەن فەرراشىدۇرمەن⑥،
نە يەرگە بارسا گۈل يولداشىدۇرمەن.
قىلىب يەكرويە دۇنيادىن ئىشىمنى⑦،

---

① مۇساھىب — سوھبەتداش.
② مىسرانىڭ مەزمۇنى: بۇ يەردە نە رەقىپ، نە مۇناپىق يوق ئىدى.
③ ھەمرازلىق — سىرداشلىق.
④ دەمسازلىق — ماسلىشىش.
⑤ رۇدى جەيھۇن — ئامو دەريانىڭ ئېقىنى.
⑥ فەرراش — ئۆي خىزمەتكارى.
⑦ مىسرانىڭ مەزمۇنى: دۇنيادىن ئىشىمنى بىر يولى تۈگىتىپ،

قويۇبدۇرمەيز، ئاياغىنە باشىمنى.
مىنى مەنئ ئەتمەڭىز، كىرمەك قانىمغە،
گەر ئۆلسەم يولىدا مىننەت جانىمغە.
ئۇنۇتساڭىز مىنى بولماسمۇ ئاخىر،
غەرىبغە رەھىمڭىز كەلمەسمۇ ئاخىر.
تىلەسۇن، گەر تىلەمەسۇن مىنى گۇل،
ئۆلدۇ (مەن) بولىنچە تۇپراغىم كۇل.
مەن ئول مەنكىم ئاياغىنىڭ ئىزىمەن،
ئەگەر ئۆلسەم بوساغاسى تۇزىمەن...
ئىلىك① مەندىن يۇۋۇك ئەي مىھرىبانلار،
جانىمدىن نە تىلەرسىز، ئەي فەلانلار.

## گۇل نەۋروزنىڭ چىن ئىتىقادىنى ئاڭلاپ ھىكايەت قىلغانى

ئىشىتىپ گۇل بۇ سوزنى شاد بولدى،
بەكۇللى② قايغۇدىن ئازاد بولدى.
تۇتۇب نەۋروز يۇزىن ئۆپتىكىم: ئەي شاھ،
مىنىڭ سىررىمدىن ئەمدى بولغىن ئاگاھ.
ئەگەر سەن قىلماس ئەرسەڭ مەندىن ئۆزگە،
مىنىڭ بارى كىمىم بار سەندىن ئۆزگە.
يۇز ئۆيۇرساڭ تاغى مەن يۇز چۇۋۇرمەن③،

① ئىلىك — قول.
② بەكۇللى — پۈتۈنلەي.
③ يۇز چۇۋۇرمەن — يۇز ئۆرىمەيمەن.

غەمگىدىن باشقا بىللاھكىم① دەم ئۇرمان②.
گەر ئەر بولساڭ مېنى بۇ غەمدە قويما،
قەدەم تارتىپ مېنى ماتەمدە قويما.
چۇ سەيد ئەتتىڭ③ كېيىكنى بىلگىل، ئەي دوست،
بۇغۇلۇپ ئۆلمەسۈن بىسمىل قىل④، ئەي دوست.
ئەگەر ئۆرتەسەلەر دۇنيىنى يەكسەر⑤،
مېنىڭ يانىمدە بولساڭ سەن نە غەم بار؟
سېنىڭ بىرلە تاموغ⑥ خۇلدبەرىندۇر⑦،
بىھىشتىم سەنسىزىن تەھتوش شەرىندۇر⑧.
ئۇشۇل تەگرى ھەقكىم جان ياراتتى،
ھەم ئۇل ۋەسلو ھەم ئۇل ھىجران ياراتتى.
رىزا بەردىم نە كىم بولسا ياراغىڭ⑨،
باشىمدۇر ئاندا كىم بولسا ئاياغىڭ.
بېرىپ ئۆز ئىختىيارىمنى قولۇڭغە،
باشىمنى مەن قويۇبدۇرمەن يولۇڭغە».

---

① بىللاھكىم — خۇداغا قەسەم بولسۇنكىم.
② دەم ئۇرمان — دەم ئۇرمايمەن؛ سۆز ئاچمايمەن.
③ سەيد ئەتتىڭ — شىكار قىلدىڭ، ئوۋلىدىڭ.
④ بىسمىل قىل — قۇربانلىق قىل.
⑤ يەكسەر — پۈتۈنلەي، بىردىنلا.
⑥ تاموغ — دوزاخ.
⑦ خۇلدبەرىن — ئەڭ يۇقۇرى جەننەت.
⑧ تەھتوش شەرىن — دوزاخنىڭ ئاستى.
⑨ مىسرانىڭ مەزمۇنى: ئۆزەڭگە يارىغان بىر كىشىڭ بولسا، مەن
رازى.

بۇ سوز ئۇستىندە كوب ئانت ئىچتى ئول ماھ،
كوڭۇل تىندۇردى — يو قوپتى شەھەنشاھ.
تاپىب بىر - بىرىنىڭ كوڭلىن مۇۋاپىق،
تەسەللى تاپتىلار ئول ئىككى ئاشىق.

## شاھ مۇشكىن خاقانى چىن ئەلچىلىرىگە ئىجازەت بېرىپ، گۇلنى كوچۇرگەنى

چۇ بادى سۇبھە بۇنياد ئەتتى پەرۋاز①،
قارا قۇزغۇن ھەزىمەت قىلدى ئاغاز②.
فەلەكدىن مېھرى ئەنۋار③ بولدى تالىئ④،
قاراڭغۇلۇقنى كوزدىن قىلدى راجىئ⑤.
ئەزىمەت قىلدى مۇشكىن ئوز يېرىنە،
ئىجازەت بەردى چىن ئەلچىلىرىنە.
بۇيۇردى يىلقىچى يىلقى كىيۇردى⑥،
تەكەللۇفلار بىلە گۇلنى كوچۇردى.
گۇلى ھوجرانىشىن باغلادى مەھمىل⑦،
ئۇزاتىب ياندى مۇشكىن نەچە مەنزىل.

---

① مىسرانىڭ مەزمۇنى: سەھەر شامىلى ئۇچۇشقا باشلىدى.
② ھەزىمەت قىلدى ئاغاز — قېچىشقا باشلىدى.
③ مېھرى ئەنۋار — قۇياش نۇرى؛ نۇرلۇق قۇياش.
④ تالىئ — چىقىش.
⑤ راجىئ — ياندۇرۇش.
⑥ كىيۇردى — كەلتۇردى.
⑦ مىسرانىڭ مەزمۇنى: گۇل ئولتۇردىغان كىچىك كىنە شىيپاڭنى توگىنىڭ ئۇستىگە ئورناتتى.

## گۈل كوچىگەندىن سولۇ نەۋروز كوچىنى ئېرىشگەنى[1]

قىلىب نەۋروز ھەم ئەزمى موسەممەم[2]،
رەۋان چىن مۇلكىنە يۇز قويدى ئۇل ھەم.
جەھاندىن مۇتلەق ئازاد ئەردى كوڭلى،
كوچ ئېرىشمەك بىلە شاد ئەردى كوڭلى.
نە يەرگە كىم قونۇب گۈل كوچا ئاندىن[3]،
يۇۋار ئەردى سىرىشكى بىرلە قاندىن[4].
نە يولدىن كىم گوزەر قىلسا بىراقى[5]،
تىرەر ئەردى ئىزى تۇزىن قەراقى.[6]
كىچە - كۇندۇز خىيالى بىرلە ھەمراھ،
ئىشى كوچى بۇ ئەردى گاھو - بىگاھ[7].

## نەۋروز بىلەن گۈل كىچە قاچقانى

چۇيەتتىلەر ياۋۇق[8] چىن سەرھەدىنە[9]،

---

① كوچىنى ئېرىشگەنى — كارۋاننى ئەگىشىپ ماڭغانلىغى.
② ئەزمى موسەممەم — سەپەرگە بەل باغلاش.
③ مىسرانىڭ مەزمۇنى: گۈل قەيەرگە چۈشۈپ، ئۇ يەردىن كوچمىسۇن.
④ مىسرانىڭ مەزمۇنى: قان يېشى بىلەن يۇزىنى يۇياتتى.
⑤ گوزەر قىلسا بىراقى — مىنىدىغان ئېتى ئوتسە.
⑥ مىسرانىڭ مەزمۇنى: ماڭغان ئىزىنىڭ توپىسىغا كوزىنى سۇرتەتتى.
⑦ گاھو - بىگاھ — ئۇزلۇكسىز، ھەمىشە.
⑧ ياۋۇق — يېقىن.
⑨ سەرھەد — چېگرا.

شەھەنشاھ كەلدى گۇلنىڭ مەسنەدىنە①.
جەھان ئەردى ئانىڭتەك تىرە - ۋو تار②،
كى نە يۇلدۇز، نە ئاي ئەردى پەدىدار③.
بۇلۇت كوكرەب، ياشىن ياشاب، ئېسىب يەل④،
بۇرەتىب قار ياغىب، يامغىر ئېتىب سەل.
تۇشۇب ھەر بىر كىشى باشلىق باشىنە⑤،
قارىنداش باقماس ئەردى قەرداشىنە.
ياراغ ئولدۇركى ئاتلانىساق بۇ شەبگىر⑥،
قىلىب باشدىن ئاياغ تونلارنى تەغيىر⑦.
قاچىب فەرخار ئىقلىمىندىن ئاشساق،
بارىب نەۋشاد مۇلكىنى تىلەشساق.
رىزا بەردى گۇلى مۇشكىن بۇ سوزگە،
بۇرۇنقى ئەھدىنى قىلمادى ئوزگە.
ئۇياتو نامونىكىن⑧ كوزگە ئىلماي،
ئاتاسى تاجو تەختىن جەۋچە⑨ بىلمەي.

---

① مەسنەد — تەخت.
② تىرە - ۋو تار — قاراڭغۇ ۋە تار.
③ پەدىدار — كورۇنۇپ تۇرۇش.
④ مىسرانىڭ مەزمۇنى: بۇلۇت قۇتراپ، چاقماق چېقىپ، بوران چىقىپ تۇراتتى.
⑤ مىسرانىڭ مەزمۇنى: ھەر كىشى ئوز بېشى بىلەن بولۇپ.
⑥ شەبگىر — كېچىلىك يۇرۇش.
⑦ تەغيىر — ئوزگەرتىش.
⑧ نامونىكىن — نام - شوھرىتىنى.
⑨ جەۋچە — تېرىقچە.

كوتەرىب كوڭلىنى بارچە جەھاندىن،
يۈۋۈب مۇتلەق ئىلىكلەرىنى جاندىن.

نەۋروز بىلەن گۈل بىرلىكتە قېچىپ، ئۇزاق يول يۇرۇپ، بەكمۇ ھېرىپ كېتىدۇ ۋە بىر يانبېغىردا دەم ئېلىشماقچى بولىدۇ. لېكىن ئۇخلاپ قېلىپ، چىن چېگراچىلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالىدۇ. ئۇندىن كېيىن ۋەقە مۇنداق تەسۋىرلىنىدۇ:

بار ئەردى ئاندا بىر زەنگىئى خۇنخار①،
زوھەلدىن نەھسراق، مىررىخ كىردار②.
ئورىنىدە ئىچىب قان قانماغۇچى،
يانار ئوتدىن يۈز ئورۇب يانماغۇچى.
ئاتى يەلدا يۈزى يەلدا تۈنتەك③،
كوزى دوزاخ، يۈزى مەھشەركۈنتەك④.
ئانى قويمىش بۇ سەرھەدلەردە خاقان:
"كى سورماسمەن ئەگەر قىلساڭ تۈمەن قان".
ئوزىتەك بىر نەچە زەنگى بىلە ئول،
قاراۋۇللاب يۇرۇب ساقلار ئىدى يول.

---

① زەنگىئى خۇنخار — قانخور ھەبەش.
② زوھەل — كونا چۈشەنچىدە نەس يۇلتۇز، نەس باسقان ئادەمنى زوھەل يۇلتۇزلۇق دەپ ئاتايدۇ. مىررىخ (مارس) — خۇراپىي ئېتىقاتتا قان توكۇش يۇلتۇزى. قانخور ئادەمنى مىررىخ يۇلتۇزلۇق دەپ ئاتىشىدۇ.
③ يەلدا تۈنتەك — قىش كېچىسىدەك، (قاپ - قارا مەنىسىدە).
④ مەھشەر كۈنى — قىيامەت كۈنى.

كورۇب ناگاھ گۇلو نەۋروز ئىزىنى،
ياسانىب ئىزدەدى يازى① يۈزىنى.
كوز ئاچتى ئەرسە ئول ئىككى دىلارام،
كورۇب ئوزلەرىنى بىدانە دەر دام②.
ياتىب ياتقانلىرىنى كورگەچ ئول دەم،
ياتۇر يەردە تۇتۇب باغلادى مەھكەم.
يۇقارى باقسالار يەلدايى خۇنخار،
تۇرۇب بۇ ھەمچۇ تەيرى ئادەمى خار③.
سەلام ئەتتى رەۋان نەۋروزى نەۋشاد،
تەۋازو بىرلە قىلدى ئافەرىن ياد.
تۇتۇب يەلدا ئوزىن خاقانى چىنتەك،
نە خاقانكىم شاھى رويى زەمىنتەك④.
بۇلار ئۇترۇ يۈكۈنۈب خەستەيۇ زار⑤،
يازۇقلۇقلار كەبى ئىككى گىرىفتار⑥.
سەلابەت بىرلە ئول بىرەھم كافىر،
ئالارنىڭ شەرھى ھالىن⑦ سوردى بىر-بىر.

---

① يازى — چول-باياۋان.
② مىسرانىڭ مەزمۇنى: شۇ ئاندىلا ئوزلىرىنى تۇزاقتا كورۇشتى.
③ مىسرانىڭ مەزمۇنى: ئادەمخور يىرتقۇچ قۇشقا ئوخشاش تۇرۇپتۇ.
④ شاھى رويى زەمىنتەك — يەر يۈزىنىڭ پادىشاسىدەك.
⑤ مىسرانىڭ مەزمۇنى: بۇلار ئاجىز-بىچارىلەردەك يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇشتى.
⑥ مىسرانىڭ مەزمۇنى: بالاغا يولۇققان ئىككى كىشى گۇناكارلارغا ئوخشاش تۇرۇشتى.
⑦ شەرھى ھال — تەرجىمىھال.

يەلدا نەۋروز بىلەن گۈلنىڭ يالۋۇرۇشلىرىغا قارىماي، ئۇلارنىڭ قول-بويىنىنى باغلاپ خاقان ئالدىغا ئەۋەتىدۇ. خاقان گۈلنى توت كوز بىلەن كۈتەتتى. خاقان نەۋروز بىلەن گۈل-گۈلنى ياخشى قارشى ئالىدۇ ۋە ئادەت بويىچە ئۇلارنى بۇتخانىغا ئەۋەتىدۇ. نەۋروز بىلەن گۈل بۇتخانىدىن قېچىپ كېتىدۇ. شۇ ئارىدا خاقان ۋاپات قىلىدۇ. ئاشىقلار خوشال بولۇشۇپ، ئۇز يولىنى داۋام ئەتتۈرىدۇ. بىر چاغدا دىۋىلەرنىڭ مەنزىلىگە بېرىپ قالىدۇ. لېكىن ئۇ يەردىنمۇ قېچىپ، ناجى دېگەن بىر شەيخ-نىڭ ئويىگە كىرىشىدۇ. شۇندىن كېيىن ھىكايە مۇنداق داۋام قىلىدۇ:

يەنە شەھزادەلەر توقتاماي ئاندا،
قاچىب كەتتىلەر ئاندىن بىر زاماندا.
نەسەھەتگۈي زاھىدلار يېرىنە،
يەگانە شەيخى ناجى لەنگەرىنە.
ئىشىكدىن ئۇترۇ① چىقتى بىر ئازازىل②،
مۇھەققەق لايىقى تەيرى ئەبابىل③.
ئېلىكلەرىن تۇتۇب ئەۋگە كىيۈردى،
بارىب مېھمان ئۇچۇن سۇفرە④ كېتۈردى.
نەسۇفرە ئارپا ئوتمەكى⑤ بىلە سۇ،

① ئۇترۇ — ئۇدۇل، ئۇتتۇر.
② ئازازىل — شەيتان.
③ مىسرانىڭ مەزمۇنى: شۇبھىسىز قۇشقاچ-قالىغاچقا ئوخشاش بىرنەرسە.
④ سۇفرە — داستىخان، مەزەر.
⑤ ئارپا ئوتمەكى — ئارپا نېنى.

دىگەيسەنكىم ئېرور ئاغرىققە دارۇ.
ئاران قويدى ئېسە تاتماغە ① فۇرسەت،
تاتار ـ تاتماسدىن يىغدى سۇفرەنى بەت.
سوراب ئاڭلاب ئالار ھالىنى بىر ـ بىر،
بۇرۇن زاھىد قاتىندە قىلدى تەقرىر.
غەرىبلەر چۇن يىدىلەر ماھەزەرنى②،
چۇ شەيخ ئاڭلاب ئىدى بارچە خەبەرنى.
قىياس ئۈستىندە باشلادى كەرامەت،
قىياسى يوق ئەتتى زوھدۇ تائەت③.
ئۈزاتىب قەلب سوزلەرىنى④ بىر قۇر،
يەشىب گۇلدىن قەبا⑤ نەۋروزدىن قۇر⑥،
چۇ كوردى خىلۋەتىندە شەمئو شاھىد،
تەمە بازارىنى تىز ئەتتى زاھىد⑦.
گۇلو نەۋروز ئالار. فىئلىنى ئاڭلاب،
فۇسۇنو⑧ سىھرو تەزۋىرىنى⑨ تاڭلاب.

---

① تاتماغە — تېتىپ كورۇشكە، يەپ بېقىشقا.

② ماھەزەر — مەزەر، راسلىغان يىمەكلىك.

③ مىسرانىڭ مەزمۇنى: تەقۋادارلىق، تائەت ـ ئىبادەتتىن بىر تالاي سوز ئاچتى.

④ قەلب سوزلەرىنى — يالغان سوزلەرنى.

⑤ قەبا — چاپان.

⑥ قۇر — (ئالتۇن) كەمەر.

⑦ مىسرانىڭ مەزمۇنى: زاھىت پۇل ـ نەرسە يۇلۇۋېلىشنىڭ كويىغا چۈشتى.

⑧ فۇسۇن — جادۇگەرلىك.

⑨ تەزۋىر — ھىلە ـ مىكىر.

دىدىلەر: قاچتى بىر لاھەۋلدىن دېۋ،
بەنى ئادەم① بىلەن لاھەۋلدىن دېۋ.
يۈرۈتتى دېۋ ئۇزە ھوكمىن سولەيمان،
مۈنگدەكلەرنى قىلمادى مۇسۇلمان.
بۇ يول ئازغۇرغۇچى كورگۈزسە تەلبىس②،
ئەجەب يوقتۇركى يولدىن ئازسا ئىبلىس.
قىلىب پەرھىز ئالارنىڭ سوھبەتىندىن،
پەرىلەر كەتتىلەر شەيتان قاتىندىن③.

## گۈل بىلەن نەۋروز كىمەگە كىرگەنلەرى

كىمەگە كىردىلەر ئىككى دىلارام،
بولۇب دەريا نىشىن ناچار، ناكام④.
چۇ نەۋروزو گۈلى مۇشكىنى فەرخار،
تېگىزگە كىردىلەر چۇ دۇررى شەھۋار⑤.
بىرەرتە مەۋج ئۇرۇب دەريائى پۇرشور⑥،
قىلۇر ئەرتە جەھەننەم قەئرىنە زور.

① بەنى ئادەم — ئادەم بالىسى.
② تەلبىس — ئالدامچىلىق.
③ قاتىندىن — قېشىدىن.
④ مىسرانىڭ مەزمۇنى: مەقسىدىگە ئېرىشەلمىگەن بۇ بىچارىلەر ئىلاجسىزلىقتىن دەريادا سەپەر قىلىشقا مەجبۇر بولدى.
⑤ شەھۋار — شاھلارغا خاس، شاھلارچە.
⑥ پۇرشور — شورلۇق، تۇزلۇق.

بىرەرتە① كىمەلەرنى چايقابان يەل،
يۇۋار ئەردى زوھەل ئوز يۇزىندىن ئەل.

## نەۋروز بىلە گۇل ئەھۋالى تىڭىز ئىچىندە

مۇنىڭدەكدە ئول ئىككى يارى ھەمدەم،
كۇنىنچە روبەرۇ با ھەسرەتو غەم.
قانى قاينار تىڭىزدىن فىكر قىلماي،
ئەزىز جان خەۋفىنى بىر جەۋچە بىلمەي.
بىلە بولسا ئىككى يارى ۋافادار،
سۇ ئالسا دۇنيىنى نە قايغۇسى بار.
نە مەنزىلكى بولسا ئىشىق ھەمراھ،
ھەقىقەت مىسىر تەختىڭگە ئىرور چاھ.
نە بولدىكىم مۇھەببەتدۇر قۇلاۋۇز②،
نە مىھنەت كورۇنۇر، نە غەم قويار يۇز.
ئەگەر تاپسا فەرىدۇن دەۋلەتىنى،
ئۇنۇتماس ئول بەلانىڭ لەززەتىنى.
بۇ دەۋلەتدىن ھەسەد ئېتىب زامانە،
يەنە ئەنگىز③ قىلدى مىڭ بەھانە.
فەلەك جەۋرى دۇ ئەسپە قىلدى تەئجىل④،
كوز ئاچقىنچە سىنى ھەم قىلدى تەبدىل⑤.

---

① بىرەرتە — بەزىدە.
② قۇلاۋۇز — يول باشلىغۇچى.
③ ئەنگىز — تۇغدۇرۇش، قوزغىتىش.
④ تەئجىل — ئالدىراش، ئالدىرىتىش.
⑤ تەبدىل — ئوزگەرتىش.

## تېڭىز مەۋج ئۇرۇپ، گۇلۇ نەۋرۇز تاختا پارەدە قالغانى

مۇخالىف يەل قوپۇپ①، چايقالدى دەريا،
قىيامەتدىن قاتتىغ كۈن بولدى پەيدا.
بۇلۇت كوكرەپ، ياشىن ئانداق چاقىلدى،
كى دەريا نەفتتەك② ئوتقا ياقىلدى.
دېگەيسەن چالدى ئىسرافىل سۇرىن③،
ۋە ياخود ئاچتىلار توفان تەنۇرىن.
بار ئەردى ئول تېڭىزدە بىر ئۇلۇغ تاغ،
كورەرگە قاف تاغىندىن ئۇلۇغراغ.
كېمەلەرنى ئېگىرىپ دۇر پۇرتاپ④،
ئۇرۇندۇردى قىيا باغرىندە گىرداب.
قەداقلار ساچرادى يەرلىك يېرىندىن،
ئۈزۈلدى تاختالار بىرى-بىرىدىن.

## نەۋرۇز بىلە گۇل بىر-بىرىدىن باشقا تۈشكەنى

بۇ گەز ھەر بىرى تۈشتى بىر كەنارە،
تۇتۇپ ھەر بىرسى بىر تاختا پارە.

① مۇخالىف يەل قوپۇپ — تەتۈر شامال چىقىپ.
② نەفت — نېفىت، يەر يېغى.
③ ئىسرافىل سۇرى، — دىنىي ئېتىقادقا بويىچە ئىسرافىل 4 چوڭ پەرىشتىنىڭ بىرسى، ئىسرافىل سۇر (كاناي) چالغاندا، دۇنيا ئاخىرلىشىپ، ئولۇكلەر تىرىلىدۇ.
④ پۇرتاپ — قايناپ؛ سۇنىڭ ئايلىنىپ ئېقىشى.

ئايىردى بىر بىرىندىن ئۇل ئىكى يار،
ئانىڭتەكلىك بىلە ئۇل مەۋجى خۇنخار.
فەلەكنى مۇندىن ئۇزگە نە ئىشى بار،
كى بىرنۇش① ئورنىدا يۈزمىڭ نىشى② بار.
فەلەكنىڭ ئىختىيارى ئانداق ئەردى،
كى ھەر بىرنى بىر سارى يىبەردى.
قاياندىن تەگرى تەقدىرى بىلە گۈل،
بارۇر ئەردى قىلىب سەيرو تەۋەككۇل.
نەگۈل نەۋروز ئەھۋالىندىن ئاگاھ،
نە نەۋروز ئەردى گۈل ھالىندىن ئاگاھ.
مەدەد قىلدى ئىنايەت بادبانى③،
يىراق تاشلادى ئۇل ئىگرىمدىن④ ئانى.
سۇرۇب تاختانى ئۇل مەۋجى بايانى،
قىراقىقا سالدى سۇنئى سەنانى⑤.

## گۈل تېگىزدىن چىققانى

بۇ كۆنلەر غەۋس⑥ ۋەقتى يەتمىش ئەردى،
ئەدەن سۇلتانى سەيتىن ئەتمىش ئەردى.

---

① نۇش — ھوزۇر، ھالاۋەت.
② نىش — نەشتەر.
③ بادبان — يەلكەن.
④ ئىگرىم — گىرداپ، قايىنام.
⑤ سۇنئى سەنا — خۇدانىڭ تەقدىرى.
⑥ غەۋس — سۇنىڭ تېگىگە چۈشۈش: سەيت — خەۋەر.

ئېتىپ جەۋھەر دىگەن خوجە سەرايىن①،
ئاڭا سالدى نەكىم تەدبىرو رايىن.
ئۇغان تەقدىرىدىن بىغەۋ سۇ غەۋۋاس②،
تېڭىزدە تاپتىلار بىر گەۋھەرى خاس.
تاپىپ ئاينەك يۈزى كۈن تابىدىن تاب③،
تۆتۈپ كوزلەرى ياش ئۈرنىندە خۇناب.
پەراكەندە بولۇپ گىسۈيى مۇشكىن ④،
نىھالى ئەرغۇۋانەك سەرۋى سىمىن ⑤.
كورۇپ جەۋھەر بۇ قىممەتلىك گوھەرنى،
كوزىندىن سالدى بارچە ئىنجۇلەرنى.

گۈل جەۋھەرنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاپ بېرىپ، ئۆزىنى چىن شاھزادىسى دەپ تونۇشتۇرىدۇ. جەۋھەرنىڭ ئىشلىرى تۈگەپ، ئەدەنگە كېتىدىغان ۋاقتىقىچە گۈل بىردەم نەۋروزنىڭ خىيا- لى بىلەن قاتتىق پەرىشان بولسا، بىر دەم ئىشرەتتە يۈرىدۇ. ئەدەنگە بارىدىغان يول بەكمۇ ۋەھىملىك بولۇپ، يولدا ئەج- دىھا ۋە يولۋاسلارنىڭ ھۇجۇم قىلىش خەۋپى بار ئىدى. گۈل يولدا يولۋاسلار بىلەن ئۇچرىشىدۇ. گۈلنىڭ مەرتلىگى ۋە قەھ- رىمانلىقى تۆۋەندىكىچە تەسۋىرلىنىدۇ:

---

① خوجە سەراي — ھەرەم خىزمەتكارى.
② بىغەۋ سۇ غەۋۋاس — غەۋۋاس سۇنىڭ ئاستىغا چۈشمەستىنلا.
③ كۈن تابىدىن تاب — كۈندىنمۇ پارلاق.
④ گىسۈيى مۇشكىن — خۇش بۇي چاچلىرى.
⑤ سىمىن — كۈمۈش.

تىلەدى تىگرەگە قازدۇرسا خەنداق،
گۈلى مۇشكىن ئالارنى كورگەچ ئانداق.
ئەيتتى: تەبرەمەي مەھكەم تۇرۇڭىز،
ياراتقان تەڭرى سۇنئىنى كورۇڭىز.
كى ناگاھ بىر بولۇك ئارسلان قازادىن①،
بولۇتتەك كوكرەشىب چىقتى ئارادىن.
گۈل ئولدەم قامچىلاب ئىلگەرى چىقتى،
ئىكى - ئۇچىن بىرەر ئوق بىرلە يىقتى.
كورۇب ئارسلانلار ئول يىقار شەست②،
بارى بولدى قارا تۇپراق بىلە پەست.
يىراقدىن كورسەلەر ئاتلىق كىشىنى،
سالۇر جان ھەۋلىدىن③ ئەركەك تىشىنى.
كورۇب جەۋھەر ئانىڭ شەستۇ كەمالىن،
تىلەر ئەردىكى قۇربان ئەتسە جانىن.
ئەدەندە يوق ئىدى بۇ شىركۇش④ شەست⑤،
نە بۇ مەردانىلىغ، بۇ شەستۇ بۇ دەست.
ئەجەپ كەلدى ئەدەن مۇلكىنە بۇ ئىش،
بەرى بارماقلارىنە باستىلار تىش.
جەۋھەر ئەدەنگە يېقىنلاشقاچ خانىنىڭ قېشىغا ئالدىرايدۇ.
ئۇ خانغا گۈل توغرىسىدىكى ھەممە خەۋەرنى يەتكۈزىدۇ:

① قازادىن — تۇساتتىن، تاسادىپى.
② شەست — چاققان، تېز.
③ ھەۋل — قۇدرەت، كۈچ.
④ شىركۇش — باتۇر، قەھرىمان.
⑤ شەست — بۇ يەردە كۈچ مەنىسىدە.

بۇ چىن شەھزادەئى فەغفۇر نەسلى،
كى زاھىردۇر قىلىقلىرىندىن ئەسلى.
نەدىنكىم ئۇكسەم ئارتۇقدۇر جەمالى،
ھەر ئىشكىم دىسەڭىز بارىدۇر كەمالى.
شاھ ئۇل ئەۋسافلاردىن قالدى ھەيران،
سۇيۇب كورمەي ئۇل خۇد ئەز دىلوجان.
يىبەرىب خاسەلەرنى① پىشۋارىن②،
مۇھەييا قىلدى خانلار ئەيشى - بارىن.
بەغايەت ۋەسفىنى تەرغىبى ئارتىب،
سەلاتىن رەسمىچە قىلدۇردى تەرتىب.
ئۇزى ئۇيىندە قىلدى ئۇزگە تەيىن،
كى كەلسە ئاندا تۇشگەي خىسراۋى چىن.
قەرىب ئەردى ئۇزى، ئۇغلى، قىزى يوق،
قارادا بويىيو، قاردا ئىزى يوق.
چۇ تاپتى ناگىھان گۇلتەك ئۇغۇلنى،
ئۇز ئۇغلىدىن ئەزىزراق سويدى گۇلنى.

ئەدەن خانى گۇلنىڭ ئالدىغا چىقىدۇ ۋە ئۇنى ئۇز پەرزەنتىدەك قوبۇل قىلىدۇ. گۇل نەۋروزنىڭ ئىشقىدا ئازاپ چېكىشكە باشلايدۇ. بەزىدە ئۇزىگە ئۇزى تەسەللى بېرىدۇ. كېيىنكى باپتا نەۋروز توغرىسىدىكى ۋەقە تەسۋىرلىنىدۇ.

---

① خاسەلەرنى — مەخسۇس كىشىلەرنى.
② پىشۋارىن — ئالدىغا چىقىشقا.

## نەۋروزنىڭ ھالى دەريادا

شۇ ئۇل تۇفان ئانىڭنەك قوپتى ناگاھ،
يىراق تۇشتى ياۋۇق خۇرشىدىدىن ماھ①
گەھى قەئر ئىچرە بالىق بىرلە ھەمساز،
گەھى مەۋج ئۈستىدە كۈن بىرلە ئەنباز②.
مىزاجى زەئىف ئۇلۇب③ ناخۇش ھاۋادىن،
چىقىب ئۇل رەھم يوق تىلسىز بەلادىن.
ۋۇجۇدىن شەست ئېتىب④ دەريا ھەۋاسى،
يۇرەكىن قان ئېتىب ھىجران بەلاسى.
چىقىب سۇدىن قىراق يۇرۇردە ئۇل شاھ،
يىراقدىن بىر ئالاچۇق⑤ كوردى ناگاھ.
ئالاچۇقنىڭ ئىگەسى ئەردى بىر پىر⑥،
كى دەريادىن چىقارۇر ئەردى تەۋفىر⑦.
ئىشى بالىقچىلىق ئەردى ھەمىشە،

---

① مىسرانىڭ مەزمۇنى: ئاي ئوز قېشىدىكى كۈندىن يىراقلىشىپ كەتتى.

② ئەنباز — شېرىك، ئۈلپەت.

③ مىزاجى زەئىف ئولۇب — مىجەزى ئاجىزلىشىپ.

④ شەست ئېتىب — سۇسلاشتۇرۇپ.

⑤ ئالاچۇق — ئۆي، كەپە.

⑥ پىر — قېرى، چال.

⑦ تەۋفىر — پايدا.

تىرىك بارىنچە بىلمەس ئۇزگە پىشە①.
يېتىپ كەلگەچ قوناق كوردى ئۆيىندە،
كومۇلۇپ كۆن يۈزى نۇرى بويىندە
ئىلىكدىن ئىچىقىنىپ② بالىقنى سالدى،
تاڭىرغاب③ بارماغىن تىشلەدى قالدى.
قاۋۇردى بىر بالىقنى ئوتغە ئول پىر،
كى ئىدىندىن④ شەھەنشاھ تاپتى تەغيىر.
دىماغى خۇشلانىپ كەلدى ئۆزىنە،
كورۇندى بىر قەرى كىشى كوزىنە.
شۇكۇرلەر قىلدى تەڭرىگە فەراۋان،
كى ئىنئام ئەتتى لۇتفىندىن ياڭى جان.

## بالىقچى نەۋروز بىلە كورۇشگەنى

سالام ئەتتى قوپۇپ پىرى سەبۇكرۇھ⑤،
ئانىڭدەككىم نەجات ئەسھابىنە نوھ⑥.
جەۋابىن بەرگەچ ئوق شەھزادە نەۋروز،
رەۋان باشلادى تەقرىرى دىلئەفروز⑦.

---

① مىسرانىڭ مەزمۇنى: ئۇمۇر بويى باشقا كەسپنى بىلمەيتتى (قىلمايتتى).
② ئىچقىنىپ — ھەيران بولۇپ.
③ تاڭىرغاب — تىڭىرقاپ.
④ ئىد — ئەت، گوش، بۇ يەردە بېلىق گوشى.
⑤ سەبۇكرۇھ — چاققان، تېتىك.
⑥ مىسرانىڭ مەزمۇنى: نوھ پەيغەمبەر ئۆز كىشىلىرىنى نىجات تاپقۇزغاندەك.
⑦ مىسرانىڭ مەزمۇنى: كوڭۇل خوشلۇغىنى ئېيتىشقا باشلىدى.

تەكەللومدىن ئېتىب تۇرلۇك شەكەررىز①،
گوڭۈل دىلدار ھىكايەت قىلدى ئەنگىز.
ياش ئوغلانتەك مۇتىئ② ئەتتى قەرىنى،
ئىگەللەدى ئويىن بەرقىن③ بارىنى،
ياتۇر يېرى توشەگى يەر ئىدى پەس.
كۈنىنچە بالىغ ئېتى يەر ئىدى بەس.
قەرى ھەم بىۋوجۇد ئەردى-يو موھتاج،
تويا ئاش كورمەگەن ئاچو يالاڭناچ.
تونىندە④ بىر خاراب ئەسكى چاپانى،
بويىندە چىقماغان بىر قىلچە جانى،
كورۇب نەۋروز ئانىڭ ۋەزئىنى ناخۇش⑤،
كېلىب رەھمى، بولۇب ۋەقتى موشەۋۋۇش⑥.

## نەۋروز بالىقچىغە تەدبىر ئوگرەتگەنى

مۇڭۇرغاب⑦ لۇتف بىرلە دىدى: ئەي پىر،
ساڭا ئوگرەتەيىن بىر ياخشى تەدبىر.

① شەكەررىز — شەكەر توكۇش.
② مۇتىئ — ئىتائەت قىلدۇرۇش، بوي سۇندۇرۇش.
③ ئوي بەرقىن — ئوي ۋاقىسىنى.
④ تونىندە — ئەگنىدە، ئۇچىسىدا.
⑤ ۋەزئ — روھىي ھالەت؛ ناخۇش — كەيپسىز.
⑥ موشەۋۋۇش — موشەۋۋەش — تەشۋىشلىك.
⑦ مۇڭۇرغاب — مۇڭلىنىپ، مۇڭلۇق ئاۋاز بىلەن.

باربب شەھر ئىچرە بىر مەھرەمنى كوزلە،
ئاڭا بىر - بىر مېنىڭ ھالىمنى سوزلە.
مەگەر بۇ ئىش بىلە بىر ئىش ئاچىلغاي،
ئۇمىدىم باركى تەڭرى لۇتف قىلغاي.
قەرى بىر ئوزگە ئىش فىكر ئەتتى دەرھال،
باربب سالدى ئۇلۇغراغ يەرگە چاڭگال.

بېلىقچى قېرى يەمەن سۇلتانىنىڭ ۋەزىرى قېشىغا بېرىپ،
نەۋروزنى قۇل ئورنىدا ساتىدۇ.

ئىچۇككىم ۋەسف قىلدى ئول پەرىنى،
ۋەزىر ساچراب ياۋۇتكەدى① يېرىنى.
ھەم ئول دەم قىلدى بالىقچىنى خۇشنۇد②،
باربب يوسۇفنى كەلتۇر دىدى ئول زۇد③.
چۇ كەلتۇردىلەر ئول سەرۋى رەۋانىنى،
جەھاننىڭ جانىدەك جانو جەھاننى.
يۇزۇندە بېلگولۇك فەررى فەرىدۇن④،
جەمالىندىن قامولۇر سۇنئى بېخۇن.
ۋەزىر ئالىندە كەلگەچ شاھزادە،

---

① ياۋۇتكەدى — يوتكىدى.

② خۇشنۇد — خوشال.

③ زۇد — تېز، چاپسان.

④ فەررى فەرىدۇن — فەرىدۇنچە ئۇلۇغۋارلىق.

تەۋازۇ قىلدى چۈن سەرۋ بىيادە①.
ۋەزىر ئۇل قەدنى كورگەچ لال بولدى،
ئاياقدىن تۈشتى - يۇ بەدھال② بولدى.
چىقارىب مەسنەد ئۇزرە پادىشاۋار،
ئۇزى خىدمەتتە تۇردى بەندەتەك زار.
ھەمول دەم كەلتۈرۈب شاھانە خىلئەت③،
مورەتتەب④ قىلدى بارچە زىبۇ زىننەت.
ۋەلى فىكر ئەتتى ئۇل دانايى ھۇشيار،
كى سۇلتان لايىقدۇر ئۇشبو دىلدار.
كىرەككىم جان بىلە بولسا مۇساھىب،
ماڭا بۇ گەنجى گەۋھەرنى مۇناسىب.

ۋەزىر نەۋروز توغرىسىدىكى خەۋەرنى خانغا يەتكۈزىدۇ. يەمەن خانى نەۋروز بىلەن كورۈشىدۇ:

شەھى ئالەم ھەم ئۇل دەم قىلدى فەرمان،
كى كەلدى ئۇل شەھى سەرۋى خىرامان.
يەر ئۇپتى شاھ قاتىندە بەندەلەرتەك،
ئەدەبدىن يەر باقىپ شەرمەندەلەرتەك.
يەمەن سۇلتانى چۈن كوردى جەمالىن،

① بىيادە — ئىگىز، بەلەن.
② بەدھال — ھالسىزلىنىش، يامان ئەھۋالغا قېلىش.
③ خىلئەت — تون، كىيىم.
④ مورەتتەب — تەرتىپكە سېلىش.

بەسارەت① بىرلە بىلدى بارچە ھالىن.
يۈزىندە كوردى فەررى كەيقۇبادى②،
دىدىكىم: چىن ئىبرۇر خانلار زادى.
تەۋازۇ بىرلە ساچرادى يېرىندىن،
يۇقارى ئالدى بارچە بەگلەرىندىن.

## يەمەن پادىشاسى نەۋروزنىڭ ھالىن سورغانى

چۇ ھەددىندە ئەدەب نۇرىنى كوردى،
ئەدەب بىرلە بۇرۇن ھالىنى سوردى.
كوتەردى شاھزادە پەردە ئەزراز③،
سەراسەر سەرگۈزەشتىن قىلدى ئاغاز.
ئەيىتتى بارچە كوڭلىندەگى رازى،
كەچۈرگەن قىسسەنىڭ دۇرۇ دەرازى.
ئۇشۇل مەجلىسدەگى ئەل كۈن بەيەكبار④،
كوتەردىلەر بۇ سوزدىن نالەئى زار.
يەمەن سۇلتانى ئانداق بولدى مەدھۇش،
كى قايناغان قازانتەك باشلادى جۇش.
سىرايەت⑤ قىلدى بارچە ئەلگە بۇ غەم،
تېشىلمەگەن باغىر قالمادى ئول دەم.

---

① بەسارەت — ئۇتكۈرلۈك، ئالدىن كورەرلىك.
② كەيقۇباد — «شاھنامە»دىكى ئىران شاھلىرىدىن بىرسى.
③ مىسرانىڭ مەزمۇنى: شاھزادە ئىچكى سىرىنىڭ يەردىسىنى كوتەردى.
④ بەيەكبار — بىردىنلا، تۇيۇقسىز.
⑤ سىرايەت — تەسىر قىلماق.

خان نەۋروزغا نەسىھەت قىلدى، يەمەندە ئۇنىڭغا چوڭ
ئىمتىيازلار بېرىشكە ۋەدە بەردى. نەۋروزنىڭ كەمتەرلىك بىلەن
بەرگەن زەددىيىسىگە قارىماي، خان ئۇنىڭغا ئۇلۇغ مەرتىۋە
ئىنئام قىلدى.

يەمەن سۇلتانى ھەم تەزىم بىرلە،
سۇيۇرغادى① تۇمەن تەكلىم بىرلە.
ئايىردى نەۋكەر ئىش تۇغۇ نەغارە②،
ۋىلايەت گەنجو مالى بىشۇمارە③.
ساقىرلات④ ئەۋ سەراپەردە بىلە تەخت،
ئاڭا لايىق بۇزۇرگانە ئارىغ رەخت⑤.
ھوكىم قىلدى جەمئى بەگلەرىنە،
نەكىم ئەركانى دەۋلەتنىڭ بارىنە.
كى قىلغايلار ئاڭا ئەئزازو ئىكرام،
سوزىندىن چىقماسۇنلار خاسدىن ئام.
ئۇۋۇلجادى⑥ دۇئالار قىلدى نەۋروز،
ئارا يەردە چۇ شەمئى ئالەم ئەفروز.

---

① سۇيۇرغادى — بۇيۇردى.
② تۇغۇ نەغارە — تۇغ بىلەن ناغرا - دۇمباق.
③ گەنجو مالى بىشۇمارە — سان - ساناقسىز غەزنە - مال.
④ ساقىرلات — بىزەلگەن.
⑤ بۇزۇرگانە ئارىغ رەخت — ئۇلۇغلارغا لايىق ئېسىل كىيىم - كېچەك.
⑥ ئۇۋۇلجادى — تەزىم بىلەن قۇللۇق بىلدۇردى.

چۇ بىر ئايچە يەمەندە چىرغادى① شاد،
كوڭۈل باغلاپ ئۇل ئەلگە سالدى بۇنياد.
ئۇۋ ئۇۋلاپ، قۇش سالىب چىرغاب② ھەمىشە،
كېچە - كۈندۈز تەنەئئۇم قىلدى پېشە③.

## يەمەن پادىشاھى نەۋرۇزغە چىرىك باشلاتىپ ئەدەنغە ئۇترۇ يىبەرگەنى

ئەدەن خانى يەمەن سۇلتانى بىرلە،
بەغايەت دۇشمەن ئەردى جانى بىرلە.
چۇ كەلدى گۇل ئەدەن مۇلكىنە ناگاھ،
ئانىڭ كەلگەنىدىن كۈچلەندى ئۇل شاھ.
يەمەن سەرھەددىنە چاپقۇن يىبەردى،
ئۇماقسىب④ ئەلگە كوب تەشۋىش بەردى.
چىرىكلەمەك بولۇب⑤ جۇسسە⑥ كورۇب ئۇل،
يۇردى تۇتتۇرىب ھەر ساردىن يول.
يەمەن سۇلتانى تاڭ قالدى بۇ ئىشدىن،

---

① چىرغادى — يايرىدى.
② چىرغاب — ئۇۋ بىلەن شۇغۇللىنىپ.
③ تەنەئئۇم قىلدى پېشسە — ئەيش - ئىشرەت بىلەن ھايات كەچۈردى.
④ ئۇماقسىب — پەسكەشلىك قىلىپ.
⑤ چىرىكلەمەك بولۇب — لەشكەرلىرىنى ئۇيۇشتۇرماق بولۇپ.
⑥ جۇسسە — بىر گەۋدە؛ چوڭ ھەربى قوشۇلما.

بەغايەت قورقتى ئول ئەنگىز يۈرۈشدىن.
بۇشۇرغانىب تۈمەن مىڭ سوز بىرلە،
كېڭەشتى ئولتۇرۇب نەۋروز بىرلە.
ياراغ ئول كوردى نەۋروزى جەھانگىر①،
كى خان قىلغاي چېرىك يىغماغە تەدبىر.
ھەمول سائەت ئەۋ ئوغلى بىرلە نەۋروز،
كېيۈرگە ئۈردى چىقتى شاھ فىروز②.
ئوزىنى ياخشى چىرچىملاب③ يۈرىب تېز،
كەمىنلەر باغلادى بىر ئەزمى خۇنرىز④.

يەمەندە بەھرام ئىسىملىك مەشھۇر بىر لەشكەر بېشى بار ئىدى. ئۇ نەۋروزغا ھەسەت قىلىشقا باشلايدۇ. شۇڭا نەۋروز دەستلەپ قوشۇنىنى بەھرامغا تاپشۇرىدۇ. لېكىن بەھرام گۈلنى ۋە ئۇنىڭ لەشكىرىنى كورۇپ ئۆزىنى يوقىتىپ قويىدۇ. بۇ ھالنى سەزگەن نەۋروز لەشكەرگە قوماندانلىق قىلىشنى ئۆز قولىغا ئالىدۇ.

بۇ گەز نەۋروز غەيرەتىدىن ئۇرۇب جۇش،
ئاچىغلانغان بىلە بولدى زىرىھپۇش⑤.

---

① مىسرانىڭ مەزمۇنى: داڭقى جاھانغا پۇركەتكەن نەۋروز ئۇرۇشقا تەييارلىق كوردى.

② فىروز — بەختلىك؛ غالىپ.

③ چىرچىملاپ — قوراللاندۇرۇپ.

④ مىسرانىڭ مەزمۇنى: قىرغىن قىلماقچى بولۇپ، پىستىرما قۇردى.

⑤ زىرىھپۇش — تومۇر كىيىم (ساۋۇت-دۇبۇلغا) كىيىدى.

چىرىك ئالىن توسۇبان تۇتتى يولنى،
سىراۋۇل تۇرغۇزۇپ توقتاتتى غۇلنى①.
جىلاۋ قويدى - يو ئەۋجدىن ئەۋجكە باردى،
ئاياقدىن باش تۇرۇب تۇپراق قوپاردى.
مۇژىلار تۇرغۇزۇب بىركىتتى قەمىل②،
قارا تاغدەك ياساب تۇردى مۇقابىل.

## بەھرام ئوتانىب③ مەيدانغە كىرىب مۇبارىز④ تىلەگەنى

كىبدىن⑤ باقتى ئىسە بەھرام خۇنرىز،
خىجىل قالدى - يو قىلدى ئوزگە ئەنگىز.
يۇرۇب مەيدان ئىچىندە قىلدى جەۋلان،
غەنىملەر تىلەدى - يو مەردو مەيدان.
ئەدەنلىقدىن كىشى تەبرەنەدى ھىچ،
نەچەكىم تۇردى مەيدان ئۇستىدە كىچ.
گۇلى فەرخار ئاچىغلاندى بولۇب توند⑥،

---

① مىسرانىڭ مەزمۇنى: نەرە تارتىپ، غولنى توختاتتى.
② قەمىل — ئىستىھكام.
③ ئوتانىپ — ئۇيۇلۇپ.
④ مۇبارىز — كۇرەشچى، پالۋان.
⑤ كىبدىن — كىيىن.
⑥ توند — تېز، ئالدىراش.

كى نچۇن بولدى مۇنداق تنغگز كوند① ؟
بر ئەر يوقمۇ بارب بەرسە جەۋابن،
ئورۇندۇسا ئۇرۇب ئومرى تەنابن.
ئەدەن بەگلەرى تترەرلەر سەراسەر②،
كم ئەرمەسمز ئانلڭ برله بەرابەر.
بۇدۇر ئول نامدار بەهرام خۇنخار،
كى يوقتۇر يەر يۈزدە مۇنچە سەردار.
توپنگەندە③ ملڭ ئاتلىق ئۇترۇ تۇرماس،
ئاچىغلانسا تۇمەندىن يۈز چىۋۇرماس.
ئەيتتى گۇل: قويۇڭ بۇ هەرزە④ سوزنى،
زەبۇن⑤ ئەتمەك نېدۇر ياغىا ئوزنى.
مۇنى تۇتتۇمكى خۇد بر ئەژدەهادۇر،
بزنڭتەك ئادەمى، ئەرمەس بەلادۇر.
نەدۇر ئەي بىهەمىيەتلەر⑥ بۇ هەيرەت؟!
ئەر ئوغلىغە كېرەكتۇر بولسا غەيرەت!

## گۇل ئاچىغلانىب بەهرامغە ئۇترۇ يېتىنگەنى

ئاچىغدىن ئۇردى گۇل قامچى ئاتنە،

① كوند — گال، ئوتمەس.
② سەراسەر — باشتىن - ئاياق، پۈتۈنلەي.
③ توپىنگەندە — توپقا كىرگەندە، جەڭگە كىرگەندە.
④ هەرزە — بىمەنى، بىهۇدە.
⑤ زەبۇن — ئاجىز، بىچارە.
⑥ بىهەمىيەت — غەيرەتسىز، بوشاڭ.

تەۋەككۈل قىلدى تەگرى ھەزرەتىنە،
تەرىد① ئەتكەچ قۇيۇنتەك ھەملە قىلدى②،
بۇلۇتتەك كوكرەدى، ئوتتەك چاقىلدى.
ئىزەنگۈ قامچىلاپ دەفئ قىلدى③ بەھرام،
ئەيتتىكىم: سەن ئەي سەردارى ئەيىام.
ئەدەنلىقلەرغە ئوخشاماس يۈرۈشۈڭ،
ئېرۇر تۈركانە ئاتغە ئولتۇرۇشۇڭ.
ئوزۈڭگە رەھىم قىل، قانىڭنى توكمە،
تەنىڭدىن كۈچ بىلە جانىڭنى سوكمە.
ئاتىڭدىن تۈش، ئاتىم تۈيناغىنى④ ئوپ،
ئوزۈڭنى بىل، فۇزۇللۇق⑤ قىلماغىن كوپ.
ئەيتتى گۈلكىم: ئەي جاھىل تەك ئولتۇر،
ئىلىكدە ئەردەمىڭ بار ئەرسە كەلتۇر⑥.
بۇ مەيداندا ھۈنەر كورگۈز ئەر ئەرسەڭ،
ئوزەلۇر سوز ئەگەر موھمەل⑦ دەر ئەرسەڭ.

---

① تەرىد — ھۇجۇم.
② ھەملە قىلدى — ئالغا ئېتىلدى.
③ دەفئ قىلدى — ئوزىنى ساقلاپ قالدى.
④ تۈيناغ — تۇياق.
⑤ فۇزۇللۇق قىلما — ھەددىڭدىن ئاشما، يۈزسىزلىك قىلما.
⑥ مىسرانىڭ مەزمۇنى: قولۇڭدا ئەرلىك جاسارىتىڭ بولسا، ئىشقا سال.
⑦ موھمەل — بىمەنە گەپ.

# بەھرام گۆلگە قىلىچ يەتكۈرگەنى

بۇ گەز بەھرام ئاچچىغىدىن چەكتى بىر تىغ،
ياپىپ قالقانىنى كىردى ماھ دەرمىغ①.
ئانىڭدەك چاپتى قالقانىنى ھەمايىل②،
كى گۆل ئات ئارقاسىدىن بولدى مايىل.
سەراسەر بولدى قالقان ئىككى پارە،
دوۋۇلغادىن تاغى بولدى گۆزارە③.
ئوتۇشۇردە④ گۆلى فەرخار ھەم نىز،
ھەمايىلدىن چىقاردى تىغى خۇنرىز.
ئانىڭدەك چالدى غەيرەتدىن بىلىنە،
كى مىررىخ ئافەردىن قىلدى ئىلىنە.
بولۇندى ئورتادىن⑤ بەھرام خۇنخار،
ئاتى ساغرىسىدىن تۆشدى نىگۈنسار⑥.
چۇ بولدى تۇغماغانتەك⑦ بىر زاماندا،

---

① مىسرانىڭ مەزمۇنى: گۆل قالقانىنى دالدا قىلىپ، گويا ئاي بۇلۇتنىڭ ئىچىگە كىرگەندەك بولدى.

② ھەمايىل — قالقانىڭ تۇتقۇچ بېغى.

③ مىسرانىڭ مەزمۇنى: دوۋۇلغىدىنمۇ ئوتۇپ كەتتى.

④ ئوتۇشۇردە — نوۋەتتى كەلگەندە.

⑤ بولۇندى ئورتادىن — قاق بېلىدىن ئىككى پارچە بولدى.

⑥ تۆشدى نىگۈنسار — موللاق ئېتىپ چۈشتى.

⑦ تۇغماغانتەك — ئانىدىن تۇغۇلمىغاندەك.

غىرىۋۇ① زىلزىلە تۇشدى جەھاندا.
ئۇماق بىرلە② گۇلى فەرخار چۇن باد،
مۇبارىز يىبەرىك تەب قىلدى فەرياد.

## نەۋروز بىلە گۇل مەيداندارلىق قىلىب تانىشقانى

يەمەنلىقلەر ئول ئىشدىن قالدىلار لال،
ئاتىن قامچىلادى نەۋروز دەرھال.
تەردد ئەتكەچ بىلە كۇرگۇزدى جەۋلان،
تىبىندى ھوي ئىتىب چۇن شىرى غەرران③.
تانىدى گۇل دىلارامىن ئۇنىندىن،
ئۇزىنى تاشلادى ئات ئۇستىنىندىن.
بۇ ھالەتنى كورۇپ نەۋروزى نەۋشاد،
ئاتىندىن ساچراپ ئانداق قىلدى فەرياد.
كى قالدى بارچە ئەل ھەيرەت ئىچىندە،
كى نە بولدى بۇ بىر سائەت ئىچىندە.
چاپىشتىلار كېلىب توشلۇق توشىندىن،
ئولۇس فارىغ بولۇب سانچىش④ ئىشىندىن.
كورەرلەر تۇپراق ئۇزرە زارو ئەبگار⑤.

---

① غىرىۋ — قىقاس - چۇقان.
② ئۇماق بىرلە — ئۇز كىشلىرى بىلەن.
③ شىرى غەرران — ھوكىرەپ تۇرغان شىر.
④ سانچىش — نەيزە سانچىش، ئۇرۇش.
⑤ ئەبگار — ھەممىدىن ئايرىلغان.

ياتۇرلار بىخەبەر ئىككى ۋافادار،
گۇلاپ ئەفشان چۇ بولدى يۇزلەرىنە،
پەرىلەر كەلدى ناگاھ كوزلەرىنە.
گەھى نەۋروز گۇل ئىدى① بىلە سۇست،
دەمى گۇل بولدى نەۋروز (ئالىدا) سۇست.
قۇچاغلاشقاچ ئول ئىككى سەرۋى ئازاد،
مۇبارەكلىك بىلە ئاتلاندىلار شاد.
ئۇرۇش، سانچىش كوتەرىلدى ئارادىن،
خۇسۇمەت② كەتتى ئىككى پادىشادىن.
بۇ خۇشلۇقدىن بىرىكتى ئىككى ئىقلىم،
ئارادىن قوپتى خەۋفو قالمادى بىم③.

## يەمەن پادىشاھى ئەدەن پادىشاھى بىلەن ياراشقانى

يەمەن خانى رەفىئ فەررۇخى ئەختەر،
ئەدەن خانى بەدىئ خۇبى مەنزەر.
كورۇشتىلەر سەفا بىرلە④ ھەم ئول دەم،
ياراشىب تويلادىلار شادو خۇررەم.
تىكىلدى ئىككى ياندىن بارگاھلار،
مۇۋافىق بولدى ئىككى پادىشاھلار.

---

① ئىد — ھىد.

② خۇسۇمەت — دۇشمەنلىك، ئاداۋەت.

③ بىم — قورقۇش.

④ سەفا — تىپچلىق، خاتىرجەملىك.

كېچىپ ھىجران كېچەسى، ئۆچتى زۇۋالەت،
يارۇدى سۇبھ ۋەسلو كەتتى غۇربەت.
سائادەت يۇزلەنىپ، نەكبەت① تۇگەندى،
يېتىلدى دەۋلەتو مىھنەت تۇگەندى.
جەفاسىندىن فەلەك بولدى پۇشايمان،
فەرەھ② كەلدى - يو غەم بولدى پەرىشان.
بۇ خۇش كۇنلەركى تەڭرى بەردى مەقسۇد،
تىلەگەنتەك تىلەكلەر بولدى مەۋجۇد.
شەرەف بۇرچىندە ئەردى كۇن ھەمەلدە،
قاۋارغان③ بارچە كوك ياشلار ئەمەلدە.
جەھان خۇررەم بولۇب خۇددى بارىنتەك،
سۇزۇلۇب چەشمەلەر مايى مايىنتەك.
ھەۋا ئىسا دەمتەك روھ پەرۋەر،
قىلىب ئالەمنى جەننەتتەك مۇئەتتەر.
چەمەندە بۇلبۇلو قۇمرى غەزەلخان،
تۇزۇب دۇرراج④ كەكلىك تۇرلۇك ئەلھان.
يېتىپ ھەج مەۋسۇمى ناگاھ بۇ كۇنلەر،
يۇز ئۇرىب كەئبەغە ئالەم سەراسەر.

ئەدەن بىلەن يەمەن خانلىرى نەۋروز بىلەن گۇلگە قاتـ-
تىق ئىخلاس قويۇشقان ئىدى. شۇ كۇنلەردە ھەج مەۋسۇمى يې-

① نەكبەت — بالا - قازا، بەختسىزلىك.
② فەرەھ — خوشلۇق.
③ قاۋارغان — قورىغان.
④ دۇرراج — بىر تۇرلۇك قۇش.

تىپ كەلگەنلىكتىن، ھەممەيلەن ھەجگە كېتىدۇ. گۈل بىلەن نەۋ-
روزنىڭ ئاتالىرى ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ نام-دېرەكسىز يوقىلىپ
كېتىشلىرىدىن چوڭقۇر قايغۇغا چۈشىدۇ. قىسسە مۇنداق داۋام قىلىدۇ:

خەبەر كەلدى ئېسە مۈشكىنى فەرخار،
بىلىب كەيفىيەتىنى ئاخىرى كار.
قاراۋۇللار قويۇپ قاچان يولىنە،
يىبەردى ئەلچىلەر نەۋشاد ئېلىنە.
ئىشىتتى ئەرسە فەررۇخ بۇ خەبەرنى،
بويىنىدىن تاشلادى تاجو كەمەرنى.
ساچىن بىر - بىر تىتىپ، تونىن قىلىب چاك،
باشىنە ساچدى بۇ ئەندىشەدىن خاك.
جاھاندا بۇترەتىب① سەيياھلارنى،
تېڭىزلەرگە ئېيىپ مەللاھلارنى②،
سوراتىپ يەر يۈزىندە قاف تاقاف،
مەشەققەت بىرلە ئىزدەپ دۇنيىسىنى ساف.
نەبۇ تاپتى خەبەرنى شاھ مۈشكىن،
تۈگەندى ئاقىبەت ئول ئىككى مىسكىن.
كېسىب جاندىن ئۈمىد ئىككى شەھەنشاھ،
بۇ يىل كەلدىلەر ئەردى ھەجغە ناگاھ.
يەنە نەۋروزنىڭ نەۋكەرلەرى ھەم،
كۈنچە يەب گۈلو نەۋروز ئۈچۈن غەم.

① بۇترەتىب — تارقىتىپ.
② مەللاھ — كېمىچى، دېڭىزچى.

كېزىپ سەيياھلار تەك ئەلدىن - ئەلگە،
تاڭىپ ھىممەت قۇرىن مەردانە بەلگە.
كېزىپ پەيۋەستە بەھروبەر① ئىچىندە،
يۈرۈپ مەجمۇئى كوھو دەر② ئىچىندە.
كېلۇرلار ئەردى مۇنداق ھەجگە ھەر يىل،
قىلىپ ھەج تارقاشۇرلار ئەردى بىدىل.
قازادىن بۇ يىل ئول بىچارەلەر ھەم،
مەگەر ھەج ئەزمىنە كەلدىلەر ئول دەم.
گۈلو نەۋروز شادو خۇررەمو خوش،
يېتىشتىلەر ھەرەمغە بىغەمو - غەش.

## گۈل ۋە نەۋروز تەۋافدا ئاتالارىنى تانىغانى

تەۋاف ئىچرە ئول ئىككى سەرۋ ئازاد،
سۈيۈنگەندىن ئۈرۈپ تەكبىرو فەرياد.
كورەرلەر كىم مەلەك سىرەت ئىكى پىر،
ئايۇرلار ئاھو نالىش بىرلە تەكبىر.
بىرى ئەيتۇركى: ئەي ھەيىيۇ تەۋانا③،
ئېرۇرسەن بارچە ئەھۋالىمغە دانا.
خازاندىن ئاسراغىل ئول تازە گۈلنى،
كەرەم بىرلە ئاڭا يەتكۇر بۇ قۇلنى.

---

① بەھروبەر — دېڭىز ۋە قۇرۇقلۇق.

② كوھو دەر — تاغ ۋە ئوتكەل.

③ ھەيىيۇ تەۋانا — خۇدانىڭ سۈپىتى.

بىرى ئەيتۇر كىم: ئەي دانە دەئى راز،
ساڭا روشەندۇرۇر ئەنجامۇ ئاغاز.
چۈسەن سالدىڭ مېنى نەۋروزدىن دۇر①،
ئانى ماڭا، مېنى ئاڭا قاۋۇشتۇر.
كورۇب نەۋروز گۇل بۇ دەردى دىلنى،
يۇرۇتتىلەر ئۇغان② شۇكرىنە تىلنى.
ئاتالارىن تاپىب ئول ئىكى غەمخار،
سۈيۈنگەندىن بەسى يىغلادىلار زار.

## تورت پادىشا، گۇل ۋە نەۋروز بەھس قىلغانى

قويۇب ھەر قافىلە③ ئوز مۇلكىنە يۈز،
دۇئەسپە④ ئىلگەرو تۇشتى قۇلاۋۇز.
بەدىئ ئەيتۇر: گۇلى رەنا مېنىڭدۇر،
ئەدەن يوقكىم⑤، ئەزىز جانىم ئانىڭدۇر.
رەفىئ ئەيتۇركىم: مەن نەۋروزنىڭمەن،
بۇ زىبا ماھ مېھر⑥ ئەفروزنىڭمەن.
ماڭا ئانسىز تەن ئىچرە جان كېرەكمەس،
بۇ تاجۇ تەختۇ ئول ئايۋان كېرەكمەس.

---

① دۇر — يىراق.
② ئۇغان — تەڭرى.
③ قافىلە — كارۋان، سەپەرگە چىققان يولۇچىلار.
④ دۇئەسپە — جۈپ ئات، قوش ئات.
⑤ ئەدەن يوقكىم — ئەدەن تۇگۇل، ئەدەنلا ئەمەس.
⑥ مېھر — قۇياش، مېھر ئەفروز — نۇرلۇق قۇياش.

ئەيتتى شاھ مۇشكىن: ئەي سەلاتىن①،
كېچىلىك بۇ ھاسىلى يوق ماجرادىن.
نە مەن گۈلسىز، نە گۈل نەۋروزسىز خۇش،
كى يوقتۇر جام جان ئەفروزسىز خۇش②.

## پادىشا فەررۇخ سەلاھ ئەندىشە③ قىلىپ سوزلەگەنى

دىدى فەررۇخكى: بىر تەدبىر ئېيتەلى،
تەئەسسوف④ تونىنى تەغيىر ئېيتەلى.
ئېيشتۇر بولساگىزلار بىر سوزۇم بار،
ئېيشتىب بولساگىز سوزگە خەرىدار.
تىگالى⑤ ئىشتىپاق ئۇستىدە ئەلنى،
قىلالى ئورتادە تەيىن بىر ئەلنى.
ھەمان خۇشدۇركى جان ئورتادا بولسا،
نەكىم ئەزا ئىچىندە بارسا ـ كەلسە،
ئېرۇر نەۋشاد ياز فەسلى بەسى⑥ خۇش،
ھەۋاسى خۇررەمو ئەۋلاغى دىلكەش.
يەنە ياي⑦ مەۋسومدە مۇلكى فەرخار،

---

① سەلاتىن — پادىشالار.
② مىسرانىڭ مەزمۇنى: جانىنىڭ جامى يورۇمىسا خوشلۇق بولمايدۇ.
③ سەلاھ ئەندىشە قىلىپ — ياخشىلىقىنى ئويلاپ.
④ تەئەسسوف — ئەپسۇسلىنىش.
⑤ تىگالى — تىنجىتايلى، تىندۇرايلى.
⑥ بەسى — تولىمۇ، بەكمۇ.
⑦ ياي — ياز.

ئېرۇر قىلجۇملە① جەننەتدىن نەمۇدار،
يەمەن مۇلكى قاچانكىم بولسا يابىز②،
بولۇر ئەئرافتەك③ دونيادا تەڭسىز.
يېتىلۇر بەس لەتىف ئەنۋائى نىئمەت④،
كېلىب قىلسا بولۇر تۇرلۇك مەئىشەت.
ئەدەن خۇد قىش كۇنى ئىشرەت يېرىدۇر،
ئېرەم ياڭلىغ پەرىلەر كىشۋەرىدۇر.
قىش ئورتاسىندە سەھراسى چەمەنتەك،
جەھاندا بولماغاي خۇشلۇق ئەدەنتەك.
مۇخالىفلىق ئەگەر قوپسا ئارادىن⑤،
قۇتۇلۇرسىز تۇگەنمەس ماجرادىن.

## تورت پادىشا بىر بىرىدىن ۋىدائ قىلىب ئايرىلىشقانى

كىڭەشلەر بارچە بۇ سوزگە تونكۇلدى⑥،
ئولۇس بىھۇدە زەھمەتدىن قۇتۇلدى.
سەفەر قىلدى يەمەنلىقلەر يەمەنغە،
يۇزىن قويدى ئەدەنلىقلەر ئەدەنغە.

---

① قىلجۇملە — گەپنىڭ قىسقىسى.
② يابىز — كۇز.
③ ئەئراف — جەننەت بىلەن دوزاق ئارىلىغىدىكى جاي.
④ ئەنۋائى نىئمەت — خىلمۇ-خىل نىمەت.
⑤ مىسرانىڭ مەزمۇنى: ئارىمىزدىن زىددىيەت كوتىرىلىپ كەتسە.
⑥ تونكۇلدى — يەكۇنلەندى.

گۈلو مۇشكىن بىلە فەررۇخو نەۋروز،
مەدىنە ھىتتەسىنە قويدىلار يۈز.

## گۈل ۋە نەۋروز نەۋشاد مۇلكىنە بارغانى

قىلىب ھەججو زىيارەت رەسمىنى تۈز،
قۇچۇپ نەۋشاد ئېلىنە قويدىلار يۈز.
تۇرۇپ تويلاپ ئول ئەلدە بىر - ئىكى ئاي،
كېتىۈردىلەر تەرەب① شەرتىنى بەرجاي.
نەچە ۋەيرانەلەر ئىچرە قىلىپ سەير،
جەمئى مۇستەھەقلارغە② قىلىپ خەير.
سەئادەت بىرلە ياي فەسلى يېتىلدى،
پەرىلەرغە ئەزىمەت③ ۋەقتى بولدى.
گۈلو نەۋروز مۇشكىن شاھ بىرلە،
كوچۇپ يۈزلەندىلەر دىلخاھ④ بىرلە⑤،
نەكىم نەۋشاددىن تامۇلكى فەرخار،
قىلىپ ئەردىلەر ئارايىش چۇ بازار.
بولۇبان يول كىتە⑥ بۇلبۇل غەزەلخان،
تۈزۈپ زوھرە ئانىڭ سەۋتىن ئەلھان.

---

① تەرەب — شات - خورامىق.
② مۇستەھىق — نامرات، كەمبەغەل.
③ ئەزىمەت — سەپەر قىلىش، يولغا چىقىش.
④ ⑤ دىلخاھ بىرلە — كوڭۈل خاھىشى بىلەن.
⑥ يول كىتە — يول بويى، يولدا كېتىۋېتىپ.

قامۇق مېھنەت قويۇپ① خۇشلۇق بولۇپ يۈز،
فەلەك يارى قىلىپ ئىشلەر بولۇپ تۈز....
جەھاندا كىمنىكىم كورسەڭ تەرەپساز،
ئولۇس خۇش ۋەقتو ئالەم ئەيش پەرداز.
يەتى ئىقلىمدە سانچىشو ئۇرۇش يوق،
كۈنىنچە چىرغالاڭدىن② ئوزگە ئىش يوق.
قىلىپ نەۋروز گۈل ئالىندە جەۋلان،
كېزىپ بۇ تورت ئىقلىم ئىچرە يەكسان.
قەدەھگەردان قىلىپان ساقىئى ئومر،
كەچۈردىلەر مۇنىڭدەك باقىئى ئومر.
فەلەك دەۋرى زەمانە ئىقتىزاسى،
بۇ ئەيشو بۇ تاماشالار ئاراسى.
قەدەر③ قىلدى قازانىڭ خەنجەرىن تىز،
ھامان ئادەت بىلە باشلادى خۇنرىز.
ئارادىن كوچ كوتۇردى④ تورت سۇلتان،
سەراسەر رۇبئى مەسكۇن⑤ بولدى يەكسان

## نەۋروزنىڭ پادىشالىغىنىڭ سىفاتى

بارىنىڭ ئورنىغە نەۋروز بولدى،

---

① قامۇق مېھنەت قويۇپ — ھەممە جەۋرى - جاپا كوتىرىلىپ.
② چىرغالاڭ — راھەت، پاراھەت.
③ قەدەر — تەقدىر.
④ كوچ كوتۇردى — كوچتى، سەپەر قىلدى.
⑤ رۇبئى مەسكۇن — يەر يۈزىنىڭ ئادەمزات ياشايدىغان قىسمى.

مۇرادو بەختىنە فىروز بولدى.

.............................................

.............................................

جەھاندا قويدى ياخشى رەسمو ئايىن①،
تۈزەتتى دۇنيىنى سەرتا بەپايىن②.
گەھى خاقانى چىن بەردى خىراجىن،
گەھى خاقان خوتەن تاپشۇردى باجىن.

.............................................

.............................................

فەرەگو رۇم ئېتىب كەيگەن تونىن راست،
تۈشۈرىب رەي ئۆزىن مالىنى بىخاست.
چۇ ئەردى بۇ سەئادەتغە سازاۋەر،
تىلەب تاپتى مۇرادىن ئاخىرى كار.

شائىر كىتاپنىڭ ئاخىرقى بابىدا ئۆز ئىجادىيىتى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

ئۇشۇل كۆنكىم سەۋاد ئەتتىم بۇ تەقرىر،
خىيالىم نەقش باغلادى تەھرىر.
كوڭۈل گەنجىدە ئانچە بار ئىدى گەنج③،
كى قىلغاي ئەردى يىللەر سەرف بىرەنج④.
نە مەئنىغە مۇقەررەر سوزگە فىكرى،
نە مەئنىدىن، نە سوزدىن ئۆزگە فىكرى.

① رەسمو ئايىن — قائىدە - يوسۇن.
② سەرتا بەپايىن — باشتىن - ئاياق.
③ گەنج — غەزنە.
④ بىرەنج — مۇشەققەتسىز، جاپا چەكمەستىن.

بولۇب مەغرۇر ئۇز گەنجىنە سىنە،
نە مۇھتاج ئۇزگەلەر گەنجىنە سىنە......

كىتاپنىڭ خاتىمىسىدە داستاننىڭ يېزىلغان يىلى كورسىتىلىپ، ئۇندىن كېيىن يازغان كىشى ئۇچۇنمۇ، ئوقۇغان كىشى ئۇچۇنمۇ بۇ ئەسەرنىڭ مۇبارەك بولۇشىنى تىلەيدۇ:

...... تەۋەققۇئ① ئولدۇر ئەسھابى ھونەردىن②،
كى چۇن فەيز ئالسالار بۇ مۇختەمەردىن.
ساغىنغايلار مۇھىببى بىنەۋانى③،
دۇئا بىرلە سويۇندۇرگەيلەر ئانى.
يەنە دەرخاستىم④ بار ياخشىلاردىن،
مۇغۇل سوپىنى بىلگەن ياخشىلاردىن.
گەر ئەلفازىمنى تەغيىر ئەتمەگەيلەر④،
تەسەررۇف بىرلە بىر - بىر ئەتمەگەيلەر⑤.
تارىخ سەككىز يۇز ئون توت ئەردى ھىجرەت⑥،
كى نەقش ئەتتىم بۇ مەنزورى مۇھەببەت.
ئوقۇغانغە، بىتىگەنگە ئىلاھى،
مۇبارەك قىل بۇ گەنجى پادىشاھى.

① تەۋەققۇئ — ئىلتىماس، ئۇمىت.
② ئەسھابى ھونەر — ھۇنەر ئىگىلىرى، سەنئەتكارلار.
③ مىسرانىڭ مەزمۇنى: بۇ كىتاپنى ياخشى كورگۇچىلەر مەن بىچارىنى ئەسكە ئالسۇن.
④ دەرخاست — ئوتۇنۇش، ئىلتىماس، تەلەپ.
④ مىسرانىڭ مەزمۇنى: دىگەن سوزلىرىمنى ئوزگەرتىۋەتمىسۇن.
⑤ بۇ مىسرانىڭ مەزمۇنى: بىر - بىرلەپ ئوزىنىڭ قىلىۋالمىسۇن.
⑥ داستان ھىجرىيىنىڭ 814 - يىلى يېزىلغان بولۇپ، مىلادىنىڭ 1411 - يىلىغا توغرا كېلىدۇ.




نەشرگە تەييارلىغۇچى: **تېيىپجان ئېلىيوپ**

نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن:

قەلەندەر تەخەللۇسلۇق شائىرنىڭ تەرجىمىھالى توغرىلىق تېخى ئېنىق مەلۇماتقا ئىگە بولالمىدىم. ئۇنىڭ قولۇمدىكى باش تەرىپى يوق 192 بەتلىك (149 غەزەل ۋە يىگىرمىدەك مۇخەممەسنى ئۆز ئىچىگە ئالغان) قولىيازما دىۋانىنىڭ ئاخىرقى بىر بېتىگە يېزىلغان "تارىخنىڭ بىر مىڭ ئىككى يۈز يىگىرمە بىر پەلەك يىلى ئەيد قۇربان" دېگەن خەتكە قاراپ، ئاشۇ چىسلانى (يەنى مىلادى ھىساۋىدا 1807 - يىل 19 - فېۋرالنى) دىۋان كۆچۈرۈلگەن ۋاقىت دەپ پەرەز قىلغاندا، شائىرنى 18 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 19 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۆتكەن دەپ مۆلچەرلەش مۇمكىن.

دىۋاندىكى بىر قىسىم غەزەل ۋە مۇخەممەسلەردىن شائىرنىڭ ئۆز ئۆمرىنى كۆپرەك خوتەندە ئۆتكۈزگەنلىكىنى، شېئىرلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۇنىڭ خوتەندىكى بىر گۈزەل رەئناغا

بولغان كۈچلۈك ئىشق-مۇھەببەتنى ئىزھار قىلىش سەۋىيى
بىلەن يېزىلغان مۇھەببەت لىرىكىلىرى ئىكەنلىكىنى كورۇۋالغىلى
بولىدۇ. بىرقانچە شېئىرىدا ئۇنىڭ يۇرتى "قۇندۇز" دېگەن جاي
ئىكەنلىكى ئىپادىلەنگەن. بىراق ئۇنىڭ قايسى قۇندۇز ئىكەنلىكى-
نى تېخى ئېنىقلاشقا مۇمكىن بولمىدى. شۇنداقتىمۇ بۇ ئۇيغۇرچە
شېئىرلار قەلەندەرنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا مەنسۇپ لىرىك شائىر
ئىكەنلىكىنى كورسىتىپ تۇرۇپتۇ.

قەلەندەر شېئىرلىرى، گەرچە ئوز دەۋرىدىكى ھوكۇمران
ئىدىيىۋى ئېقىم بولغان دىنىي-خۇراپىي ئەقىدىلەردىن خالى بولا-
مىسىمۇ، لېكىن مۇھەببەت ھەققىدە نۇرغۇنلىغان ئالىجاناپ، نازۇك
ئىدىيىۋى ھىسسىياتقا ۋە تەسىرلىك لىرىك كۈيگە ئىگە قىممەتلىك
بەدىي مىراستۇر.

قەلەندەر دىۋانىنىڭ مېنىڭ قولۇمدىكى قولىيازما نۇسخىسى
گەرچە شۇنچە قىممەتلىك ماتېرىيال بولسىمۇ، لېكىن بەزى جاي-
لىرى توغرا كوچۇرۇلمىگەن، ئىملالىرى بىرقەدەر مۇقىمسىز، ئۇ-
نىڭ ئۇستىگە بەزى بەتلىرى يوقالغان، بەزى سوزلەر ئوچۇپ
كەتكەن. بۇ بىر خىل نۇسخا بويىچىلا ئۇنىڭ ئىشەنچلىك، تەل-
توكۇس توغرا تېكىستىنى تۇرغۇزۇش مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا بۇ
جەھەتتە يەنە كوپرەك ئىزلىنىشكە، تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

شائىر قەلەندەر ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيىتى ئۇستىدە كەڭ كى-
تاپخانلار بىلەن بىرلىكتە ئىزلىنىش مەقسىدىنى كوزدە تۇتۇپ،
ئۇنىڭ بىر قىسىم شېئىرلىرىنى يېقىندا نەشىردىن چىقىش ئالدىدا
تۇرغان «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر» دېگەن كى-
تاپقا كىرگۈزۇش بىلەن بىللە، يەنە بۇ غەزەللىرىنى «بۇلاق»
مەجمۇئەسىدە ئېلان قىلىش ئۇچۇن تەييارلىدىم. بۇنىڭ ئۇيغۇر

كىلاسسىك شېئىرىيەتنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىش، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ ياخشى ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىش ئىشىمىزغا مەلۇم پايدىسى بولار دەپ ئۈمىت قىلىمەن.

تا ساڭا بەردىم كوڭۈل، ئەي، مەسلى يوق ئالەم ئارا،
يۈرەكىمنى ئەيلەدىڭ زالىم، يارا ئۈزرە يارا.

بىلمەدىم نادانلىغىڭ، دانادۇر دەپ بەردىم كوڭۈل،
يوق ئىكەن ئەقلىڭ سېنىڭ، ئەي يۈزى ئاق، كوڭلى قارا.

تا بۇ دەمدە دەھو ئارا ئازادەئى دەۋران ئىدىم،
تۈشتى باشىمغە سېنىڭ نادانلىغىڭدىن ماجرا.

بىر دەمى خۇشلۇق يۈزىنى بۇ جەھاندا كورمەدىم،
سەن پەرى پەيكەر بىلەن تا ئەيلەدىم بەيئى - شەرا.

بولسا گەر ئۆلۈك سىرىلۇرسەن ئانىڭ ئۈستىدە سەن،
كەلسە مەجنۇنۇڭ قۇلاغىغە كىرەر ئەۋاز دەرا.

ئەي قەلەندەر، بىۋاپادۇر بۇ جەھان، تامشالماغىل،
قالغۇسىدۇر نىچە قىلساڭ باغىبۇ ئەيۋان - سەرا.

بولدى جانىمغە مېنىڭ ئول ئاپەتى دەۋران بەلا،
كىم زۇلەيخاغە بولۇپدۇر يۇسۇپى كەنئان بەلا.

زۇلپ ئىلە ساچى مېنىڭ كوڭلۇمگە بولدى پايبەند،
خىزرغە بولدى ئېچۇككۇم ئۆمرى بىپايان بەلا.

شۇم رەقىبىنى قىلىپدۇرمەن ئەجايىپ زىرى دەست،
بولدى ئول رۇھىنتەڭغە رۇستەمى دەستان بەلا.

باردۇرۇر دۇنيا ئىچىندە كىمسەنىڭ بىر ئاپەتى،
ئىشق ئەھلى جانىغە بولدى پۇرقەتى ھىجران بەلا.

بىلمەس ئېردى، ئەي قەلەندەر، ھىچكىشى ھالىم مېنىڭ،
شوھرەتىمگە بولدى ئاخىر دىدەئى گىريان بەلا.

× ×

ئەي پەرىزادى زەمانىم، جان بىلەن قۇل مەن ساڭا،
گۇلشەنى ھوسنىڭدىكى بىر دەستە سۇمبۇل مەن ساڭا.

ئەي گۇلى گۇلزارى جەننەت، دىلبەرى ساھىپجەمال،
گۇل يۈزۈڭنىڭ ئوتىدا بىر خەستە بۇلبۇل مەن ساڭا.

باردۇرۇر ۋەسلىڭ سېنىڭ بىلقىس يۇسۇپدىن پۈزۈن،
مەي ئىچەر بولساڭ نىگارا ساغەرى مۇل مەن ساڭا.

ياشانىپ مەن ئىشىگىڭنى جانو دىل بىرلە مودام،
ساقلاساڭ قۇل مەن ساڭا، گەرخەجلەسەڭ پۇل مەن ساڭا.

قىل قەلەندەرغە نىگارا لۇتپىدىن بىر ئىلتىپات،
مۇددەتى بولۇپدۇرۇر ئەي دىلرەبا قۇل مەن ساڭا.

× ×

نە قىلىپدۇرمەن دىگىل، ئەي شوخ سىيمەئبەر، ساڭا،
قولۇڭغا باردۇر مېنىڭ قەتلىم ئۈچۈن خەنجەر ساڭا.

تەڭرى قىلدى بارچەدىن ھاجەتسىز ئەي ھورى زەمان،
لەبلەرىڭدۇر لەئلو تىشىڭدۇر ئىلە گەۋھەر ساڭا.

بولغۇدەكسەن دەھر ئارادە پادىشاھى بەھرۇ-بەر،
دەۋلەتۇ بەختۇ سائادەت بولسە گەر ياۋەر ساڭا.

بەرمەپ ئېركەن ھەقتائالا ساڭا ھەرگىز ئېئتىقاد،
مىلك دىدىم، ئەرزىمنى بىرى بولمادى باۋەر ساڭا.

كورمادى ھەرگىز جەھاندا راھەتۇ ئىشرەت يۈزنى،
كىمكى بەردى كوڭلىنى ئەي. مەھۋەشى دىلبەر ساڭا.

كورسە ئېردى گەر يۈزۈڭنى، بولۇر ئېردى بارى قۇل،
رۇستەمۇ، بەرزۇ، سەنۇبەر ھەمدە ئىسكەندەر ساڭا.

سەن بىرەر سورغىل قەلەندەر ھالىن ئەي شىرىن زەبان،
دىدى ۋەسپىڭدىن نىگارا بىر نەچە دەپتەر ساڭا.

× ×

ھەرقاچان كورسەم يۈزۈڭنى ئول پەراغەتدۇر ماڭا،
بىل، پەراغەت دىمەكىم، ئەيش ئىلە راھەتدۇر ماڭا.

مۇسھەپى روخسارەسىنى تاكى كوردۇم ئاشكار،
كېچە ئۈ كۈندۈز ئىشىم ئانى تىلاۋەتدۇر ماڭا.

بىردەمى بولسام ئەگەر غاپىل مەن ئۇل گۇلچەھرەدىن،
تاڭ ئەمەسدۇركىم، بۇ غەپلەتدىن شەقاۋەتدۇر ماڭا.

يىغلادىم دەردۇ غەمىدىن ھەر كېچە تاڭ ئاتقۇچە،
كوزلەرىمنىڭ ھەربىرى بىر بەھرى ئاپەتدۇر ماڭا.

ئوچراسا ناگاھ ماڭا ھىجران بىلەن پۇرقەت تۈنى،
ئانى سەن دىمە كېچە، بىلكىم، قىيامەتدۇر ماڭا.

قىلسا گەر بەختىم مەدەر، سويەم ئانىڭ باسقان ئىزىن،
ئەي قەلەندەر، دەرمەن ئانىكىم، شەراپەتدۇر ماڭا.

× ×

نە گۇناھىم بار ئىدى، قىلدىڭ پەلەك ياردىن جۇدا،
دىمەگىل سەن ياردىن، بىل، گەۋھەرى جاندىن جۇدا.

چاغلادىم دەردۇ غەمى ئىشقىڭنىڭكىم، پايانى يوق،
قىلماغىل يارەب ئانىڭ دەردىنى دەرماندىن جۇدا.

قىلماغايسەن ھىچكىشىنى ماڭا ئوخشە ناتەۋان،
لەئل ھەم گەۋھەرنى قىلما بەھر ئىلە كاندىن جۇدا.

جانىم ئالساڭ رازىمەن، ھىچكىمگە يوقتۇر مىننەتىم،
قىلماغىل لېكىن مېنى ئول ماھىشاباندىن جۇدا.

ئاجىزۇ بىچارەئە مىسكىن قەلەندەردۇر غەرىب،
رەھىم ئېتىپ قىلغىل ئانى سەن داغى ھىجراندىن جۇدا.

× ×

ئەيلەگىل يارەب ماڭا ئول شوخ سىيمەنبەر نەسىپ،
تۇتمىغى بىچارەغە قىل شەھد ئىلە شەككەر نەسىپ.

گەرچە شاھلارغا بىرۇرسەن تاجۇ تەختۇ ئىززۇ جاھ،
ماڭا قىلغايسەن ئىلاھا ئول پەرى پەيكەر نەسىپ.

نالە ئۇ ئەپغان قىلۇرمەن بۇلبۇل ئوخشە زار-زار،
گەر مۇيەسسەر قىلماساڭ ئول گۈلرۇخى دىلبەر نەسىپ.

گەرچە گۈل بۇلبۇلنى قىلدى يۈرەكىنى داغ-داغ،
تاپتى داغى يۈرەكىگە لالەئى ئەھمەر نەسىپ.

دەۋلەتى ئولدۇر، قەلەندەر ئاياغىغە قويسا باش،
ئول بىلۇر باشىغە بولدى تاج ئىلە ئەپسەر نەسىپ.

× ×

ئەزم سەن قىلدىڭ، ۋەتەن ئىچىندە بولدۇم مەن غەرىب،
سەن ئىدىڭ جانى ئەزىزىم، ئولسەم ئەر يوقتۇر ئەجەب.

ئەي مۇسۇلمانلار، كورۇڭلار، تالئىمنىڭ شۇملىغىن،
ئەلنى ئولتۇرسە رەقىبى، مىنى ئولتۇردى ھەبىب.

تاكى كورسەتتى يۈزىنى ئول پەرىزادى زەمان،
جانىمە ئوت سالدىيۇ قويدى بەلالارنى تەرىب.

زالىمى بىرەھمى باردۇر، ئەي قەلەندەر بىھساپ،
تا سىنى ئۆلتۈرمەسە قالماس ئانىڭ كۆڭلى تىنىپ.

× ×

قىلماغىل، يارەب، كىشىگە دەردى ھىجراننى نەسىپ،
دەردى ھىجران بولسا بولسۇن، داغى ھەيراننى نەسىپ.

يەتتە ئىقلىم خانى دىسەم گەر ئۆزۈمنى، ئورنى بار،
قىلسا گەر تەڭرىم ماڭا ئول جان جانانىنى نەسىپ.

بۇلبۇلۇڭا بەرگەسەن سەن گۈلشەنى گۈلزارنى،
توتىئى بىما نىمانىغە شەككەر شاننى نەسىپ.

باردۇرۇر ئاتىڭ رەھىمو ھاپىزى پەۋەردىگار،
بارچە ئەلنىڭ دەردىگە سەن ئەيلە دەرماننى نەسىپ.

بەر قەلەندەرغە ئىلاھا قۇندۇزى جەننەت نىشان،
يۇسۇپى كەنئانىغە قىلغىل شەھرى دەۋراننى نەسىپ.

× ×

پۇرقەتى ھەجرىڭدۇدۇر جانىمغە ئەي دىلدار، خوب،
ھەر نەچە قىلساڭ جەپاۋۇ جەۋر ئىلە ئازار، خوب.

مەجنۇن ئىزدەر لەيلىنى، پەرھاد شىرىننى تىلەر
بۇلبۇلى بىغا نىمانىغە گۈشەئى گۈلزار خوب.

باردۇ يۈزۈڭدىن خىجىل شەمسو قەمەر ئەي سىيمەنبەر،
قىلسا ئاز ھوزۇر پەرى سەندىن پەردۆەش ئار خوب.

نە بەلا ئۆبدانىدۇرۇر دىۋانە كوڭلۈم بەندىغە،
باغلاماققە باردۇرۇر ئول تۇررەئى تەردار خوب.

لەبلەرىڭنىڭ ئالدە گويا مەسھادۇر ئولۈك،
قەتل ئېتەرگە بادۇرۇر ئول نەرگىسى خۇنخۋار خوب.

بۇلبۇلى كوڭلۈڭنى سەيدىغە، قەلەندەر، دەھو ئارا،
خار زۇلپى ئارەزى ئول شوخ گۇلرۇخسار خوب.

× ×

جان جەپا ئەيلەر ماڭا ئول دىلرەبا ئايرىلدى دەب،
قان توكەر ئىككى كوزۇم ئول مەھلىقا ئايرىلدى دەب.

تاكى باردىڭ سەيرى گۇلشەن يۇرەكىم، باغرىم كەباب،
يىغلاشۇر، بىگانەلەردەك ئاشنا ئايرىلدى دەب.

بۇ تەنى خاكىم كويەر ھەجرىڭ ئوتىدا زار-زار،
نە ئۇچۇن ئول مەئدەنى شەرمو ھەيا ئايرىلدى دەب.

قورساقىمنىڭ ئاغرىغى باردۇر مېنىڭ ئەي دوستلار،
نىگە مەندىن ئول نىگارى بىۋەپا ئايرىلدى دەب.

چىققۇدەك بولۇبدۇرۇر جانىم، قەلەندەر، دەردىدىن،
مەن نە قىلدىم ئاڭاكىم، ئول پۇر جەپا ئايرىلدى، دەب.

× ×

لەبلەرىڭدۇر شەھدۇ شەككەر يا دۇرۇر كانى نەبات،
ياكى جانىڭ شىرەسىدىن رەز چىقارىپدۇر قانات.

جان ئانى دەرلەر ھەمىشە بولسە جانانى بىلە،
سەنسىزىن مىڭ يىل ھەيات بولسام ئېرۇر ئەينى مەمات.

گەر مۇسۇلمانزادە بولساڭ، ئوزۇڭ ئىنساپ ئەيلەگىل،
مەن سۇساپ كەتسەم ئولۇپ ھازىر تۇرۇپ ئابىھەيات.

چورۇلۇرمەن باشىدىن ئول شوخىنىڭ پەرۋانەدەك،
سەگ رەقىبىنىڭ قانىدىن ئاقىزسە دەريايى فىرات.

ئەي قەلەندەر، گەر تاپىشسام ئول پەرى پەيكەر بىلە،
شۇم رەقىپغە نەھس، ماڭا باردۇر ئەيدى بەرات.

× ×

نە بولۇر بەرسەڭ مېنىڭ كوڭلۇمگە ئەي مەھۋەش، خۇرۇج،
تاكي قىلسام شەۋق ئىلە ئول ئالەمى ئولۇۋى ئۇرۇج.

تا ياراتتى بۇ جەھاننى خالىقى پەرۋەردىگار،
چىقمادى ھوسن ئەھلىدىن سەندەك يەنە ساھىپ خورۇج.

تەۋسەنى دەۋلەت ئوزە مىنسەڭ سەن ئەي خورشىدى فەر،
قىلغۇدەكسەن سەير بەزمىدە بۇ ئون ئىككى بۇرۇج.

دەر قۇياش ئىرمەس، توشۇپدۇر بۇ پەلەكنىڭ ئۈستىدىن،
تەۋسىئىلىك ئۈستىدە ھەر كىم كورسە زىننەتلىك سۇرۇج.

بۇدۇرۇر مىسكىن قەلەندەرنىڭ دۇئاسى شۇبھۇ شام،
دەۋلەتى ئىقبال بەرسۇن ساڭا دادى ھەم دورۇج.

× ×

مەقسەدىنى ئەرز قىلدىم، قىلدى ئول كۈلچەھرە رەد،
نەھس ئول كۈن ئىدى ياكىم قىلمادى بەختىم مەدەد.

شۇم رەقىبنى شاد ئېتىپ، غەمكىن ئېتەرمەن زارىنى،
باردۇرۇر دەردۇ غەمىم ئۇشبۇ سەبەپدىن بىئەدەد.

ئەي پەرىزادى زەمانىم، مەھۋەشى شىرىن زەبان،
بىر قۇلۇم دېسەڭ قىلۇرمەن ئولگۇچە پەخرى پىسەند.

نە ھەدى باردۇر پەرىلەر ساڭا دەئۋا ئەيلەسە،
ئارەزىڭنىڭ ئالدىدا باردۇر قۇياشقە نەچە ھەد.

ئۇل پەرى پەيكەرنى نىدىن قىلمايىن مەن ئارزۇ،
يۇسۇپۇ بىلىقىس كورەر بولسا يۇزىن، ئەيلەر ھەسەد.

× ×

مۇنچە كويدۇرمەك نەدۇر، خورشىدى تابانىم، نەسۇد،
يۇرەكىم قان ئەيلەدىڭ، لەئلى بەدەخشانىم، نەسۇد.

قان ياشىمنى ئەيلەدىڭ جەيھون مىنىڭ، قەددىمنى خەم،
قامەتىم خەم قىلماغىڭ سەرۋى خىرامانىم نەسۇد.

پۇرقەتى ھەجرىڭ بىلە قىلدىڭ يۇرەكىم چاك-چاك،
مۇنچە زۇلمۇڭدىن سىنىڭ ئەي ماھتابانىم، نەسۇد.

كوڭلۇڭە يوقتۇر سىنىڭ بىر زەررەئى مىھرۇ ۋەپا،
سەن بىلە قىلماق مىنىڭ بۇ ئەھدىپەيمانىم نەسۇد.

بىلدىم ئەمدى يوقتۇرۇر مەيلىڭ ماڭا ئەي پۇر جەپا،
بىھودە كويمەك ساڭا بۇداغى ھىجرانىم نەسۇد.

ئەيلەگىل رەھمى مىنىڭ ھالىمغە ئەي سۇلتانى ھۇسن،
پۇرقەتىڭدە كويسە جانىم، ساڭا جانانىم نەسۇد.

قانچە قىلدىم تائەتۇ تەقۋا، قەلەندەر، ھەيپ-ھەيپ،
خالۇ زۇلپى ئەيلەدى تاراج ئىمانىم، نەسۇد.

× ×

يوقتۇرۇر دۇنيا ئىچىندە بىر سىنىڭدەك ھوشمەند،
ھەم مىنىڭدەك يوقتۇرۇر كىم دىلپىگارى دەردمەند.

شىرىنو لەيلى سىنىڭدەك يوق ئىكەن ئەي دىلرەبا،
بولمىغاي پەرھادۇ مەجنۇن ماڭا ئوخشە مۇشەمەند.

مۇمكىن ئىرمەستۇر قۇتۇلماق سەندىن ئەي ھورى زەمان،
ئەژدەھالار بوينىغە سالمىشدۇرۇر زۇلپۇڭ كەمەند.

شۇكر ئىتىپ دەرمەنكى بۇ دەۋلەت ئاتا بولدى ماڭا،
يەتسە سەندىن ھەر زەمانى جانىمە يۈز مىڭ گەزەند.

تەگمەسۇن ھوسنۇڭگە كوز دەب، ئەي قەلەندەر، ھەر زەمان،
ھەمدىنى كوڭلۇم ئىچىندە جانىم ئەيلەرمەن پىسەند.

× ×

قەبائى لالە گۇن بىرلەن تۇشۇمگە كىردى ئول دىلبەر،
تەكەللۇم ئەيلەدى ماڭا ساچىپ ئالەم ئارا شەككەر.

دىدى ئەي ئاشىقى سادىق ساڭا لۇتپى كەرەم ئەيلەي،
ئەگەر نەھسىڭ مەدەد قىلسا، خۇدايىم بولسا گەر ياۋەر.

ئاياغىغە قويۇپ باشىم، دېدىم ئەي مەھۋەشى ئالەم،
مۇرادە ـ مەقسەدىڭ بەرسۇن خۇدايىم، ئەي پەرى پەيكەر.

تەبەسسۇم ئەيلەدى باقىپ، دېدى ئول نادىرى دەۋران،
ۋىسالىدىن نەسىپ ئەتكەي ساڭا بىر خالىقى ئەكبەر.

قولۇم ئاچىپ دۇئا قىلدىم، دېدىم: ھورى پەرىزادىم،
خۇداۋەندىم سېنى قىلسۇن بۇ ئالەم ئىبلىگە سەرۋەر.

دېدى ئول گۇلرۇخى زىبا: ساڭا ئول قادىرى دانا،
كوزۇڭنى تا تىرىك بولساڭ يۈزۈمدىن ئەيلەسۇن ئەنۋەر.

دېدىم ئەي دىلبەرى خۇبان، قۇياشتىن ئارەزىڭ تابان،
سېنىڭدەك سۈرمىگەن دەۋران نە جەمشىدۇ نە ئىسكەندەر.

× ×

سېنىڭدەك يوقتۇرۇر ئالەمدە ھەرگىز زالىمو جابىر،
مەگەر زولم ئەتكەلى خەلق ئەتتى جانا خالىقى قاھىر.

كويەرمەن ئوت ئىچىندە نەرگىسى مەستىڭنى تا كوردۇم،
ۋە يا جادۇدۇرۇر كوزۇڭ سېنىڭ يا باردۇرۇر ساھىر.

ساڭا قۇل بولماقىم بولدى نەچچە يىل، ئەي پەرى پەيكەر،
ماڭا مېھرىڭ سېنىڭ بىر زەررە ھەرگىز بولمادى زاھىر.

بۇ قاشۇ يۈزۈ كوزۈڭ سەنئەتى سۈنئى ئىلاھىدۇر،
سىنىڭدەك كورمەگەن ھىچكىم جەھاندا دىلبەرى نادىر.

دەر ئىردىم ھەر كۈنى بىر دەپتەرى ھوسنۈڭ سىپاتىدا،
تىلىم گەر بولماسا ئىردى ۋەسپىگە ئەي دىلرەبا، قاسىر.

غەرىبۇ ئاجىزۇ بىچارە ئۇ مەھرۇمدۇرۇر يارەب،
قەلەندەرنى ئىلاھا قىلغاسەن ئىشق ئوتىغا سابىر.

× ×

تا خوتەننىڭ شەھرىدىن قىلدىڭ سەپەر ئەي گۈلئۈزار،
نالەئو ـ ئەپغان قىلۇرمەن بۇلبۇل ئوخشە زار ـ زار.

نە گۇناھىم بار ئىدى سەندىن جۇدا قىلدى پەلەك،
نە ئىلاج ئەيلەي مېنىڭ قولۇمدا يوقتۇر ئىختىيار.

مۇمكىن ئىرمەستۇركى سەندىن بىر زەمان قالسام تىرىك،
پۇرقەتۇ ھەجرىڭدە باردۇر ئىچمە يۈزمىڭ شەرار.

ئىلتىپات ئەيلەپ بىرەر سورغىل قەلەندەر ھالىنى،
تا يۈزۈڭنى كورمىسە بىردەم ئاڭا يوقتۇر قەرار.

× ×

قولۇڭنى ناگىھان كوردۇم، دىدىمكىم: پادىشاھىمدۇر،
قاشىڭ مېھرابىغە باقتىم، دىدىم: بۇ قىبلەگاھىمدۇر.

جەھاننىڭ تەختۇ تاجىغە كۆڭۈل تارتمايدۇرۇر ھەرگىز،
سېنىڭ ئىشكىڭنى ياشانسام مېنىڭ ئول ئىززە جاھىمدۇر.

كېلىپتۇر ئاچچىغىڭ بىھەد غەزەپتىن بىئەدىپ دەپسەن،
قۇلۇڭدۇرمەن، دېگەن بولسام، كېچۇر، قاتتىق گۇناھىمدۇر.

نەچە ھەجرىڭدە كويدۇرسەڭ شىكايەت قىلماقىم بىھەد،
نىچۈككىم ئەي پەرى پەيكەر بۇ تەقدىرى ئىلاھىمدۇر.

سېنىڭدەك يوق قۇلۇم دېسەڭ تانىپ ئال مەھۋەشى شوخۇم،
سېرىغ يۈز بىرلە كوز ياشىم ئىكى مەقبۇل گۇۋاھىمدۇر.

شەھۇ شەھزادە رەشك ئىلتور مېنىڭ بۇ دەۋلەتىم كورسە،
كەرەم ئەيلەپ قەلەندەرنى ئەگەر دېسەڭ گادايىمدۇر.

× ×

ئول پەرىزادى زەمانىمنىڭ لەبىنىڭ قەندى بار،
ھەر زەمان ئول قەندىنىڭ يوز نەۋئى شەككەر خەندى بار.

تاپمادىم دەردۇ غەمىدىن بىردەمى ۋارەستەلىق،
گويىيا دەردۇ غەمىنىڭ جانىمە پەيۋەندى بار.

باردۇرۇر كوڭلى ئانىڭ دەردۇ ئەلەمنىڭ مەسكەنى،
كىمنىكىم ناقابىلۇ بەزمى ھۇنەر پەرزەندى بار.

دىگەل ئانى بۇ جەھان ئىچىندە جەمشىدى زەمان،
ئانىڭدىن ئۇشبۇ زەماندا خاتىرى خورسەندى بار.

مۇمكىن ئېرمەستۇركى كەلسەڭ ئەي قەلەندەر يار دەپ،
ئول پەرى پەيكەرنى يۈزىنىڭ زارو ھاجەتمەندى بار.

× ×

تەننىنى ئورتەگەن ئول دىلبەرنىنىڭ ئىشتىياقىدۇر،
بەلاۋۇ دەردۇ مېھنەت كۆيىگە سالغان پىراقىدۇر.

بولۇپدۇر رىشتەئى زۇلپى ئانىڭ تەسەببىھلەر باغى،
بارى ئېل سەجدەگاھى قاشىنىڭ مېھرابى تاقىدۇر.

ئۈمىدىم يوقتۇرۇر بىر زەررە ھىچكىم ئىلتىپاتىدىن،
ماڭا لۇتپۇ كەرەم قىلغان تەمەننا گۈلچىھرە ساقىدۇر.

كورۇپ رەھمى ماڭا ئول زالىمى بەدخوي كەلمەيدۇر،
ئانىڭ ھىجرانىدا ئىككى كوزۇم ئىككى بۇلاقىدۇر.

سىنىڭدەك كورمەگەن دەۋران جەھان ئىچرە سۇلايمان ھەم،
كى شەھلەر مەي ئىچەر جامى سەگىڭ ئەسكى ياللاقىدۇر.

نىچۇك جان بەرمەسۇن ۋەسلىڭ تىلەپ دەردۇ پىراقىدىن،
قەلەندەرغە ۋىسالى دەۋلەتۇ ھەم ئۆمرى باقىدۇر.

× ×

مۇنچە بولماق دەردۇ غەم ئېلىندە كىمنىڭ چاغى بار،
يۈرەگۈ باغرىم بىلە ھەر بىرنى يۈزمىڭ داغى بار.

كورسەم ئول سەييادنى جانىم بېلىقدەك تەلپۈنۈر،
نە ئۈچۈنكىم قولىدا كىرپىگىدىن قارماغى بار.

لايىقى ئولدۇركى قىلغاي شادلىق بىرلەن ۋەرەد،
كىمىنكىم مەندەك جەھان ئىچرە بىرەر ئامراغى بار؟

باقماغىل ئول گۈلگە دەپ زاھىد مېنى مەنئ ئېتمەكىم،
تەلمىنۈر يۈزىگە ئانىڭ تا كوزۈمنىڭ ياغى بار.

ئەي قەلەندەر، شۇم رەقىبدىن مۇنچە سەن ئىگرانماغىل،
گۈل بىلە بوستان باغىنىڭ بۈلبۈلى ھەم زاغى بار.

× ×

مەقسەدىڭىز نىدۇرۇر كوڭلۈمنى ۋەيران قىلدىڭىز،
شادۇ خورەم ئېردىم، ئەي گۈل، دىدە گىريان قىلدىڭىز.

قىلدىڭىز جەۋرۇ جەپا جانىمغە' بىھەددۇ ھىساپ،
كوزلەرىمنىڭ ياشىنى لەئلى بەدەخشان قىلدىڭىز.

بىلمەدىم جادۇمۇسىز، يا ساھىرى ساھىپمۇسىز،
بارچە ئالەمنىڭ ئېلىنى بەندە پەرمان قىلدىڭىز.

نە ئىلاج ئەيلەي مەنى، خورشىدى تابانى جەھان،
ھەيرەتى بولغان كوڭۇلنى يانە ھەيران قىلدىڭىز.

جەننەتۇ پىردەۋسنى قىلماسدۇر ھەرگىز ئارزۇ،
تا قەلەندەرنى سىز ئەي گۈلچېھرە مېھمان قىلدىڭىز.

× ×

ئەي پەرى پەيكەر مېنىڭ كوڭلۇمنى شەيدا قىلدىڭىز،
دىمەيىن شەيداكى، بۇ ئالەمدە رەسۋا قىلدىڭىز.

بۇدۇرۇر ئىنساپ ئىلە سىزگە مۇسۇلمانلىق ئىشى،
شۇم رەقىبىمغە مېنىڭ زىددىمغە سودا قىلدىڭىز.

مېھنەتۇ، جەۋرۇ-جاپاۋۇ زۇلم بولدى ئىشلەرى،
بۇ نە مەزھەپ ئېردىكىم جانىمغە پەيدا قىلدىڭىز.

تا تۇغۇلدۇڭىز ئانادىن ئەي پەرىزادى زەمان،
بارچە ئالەمنى ئەجەپ پۇرشور غەۋغا قىلدىڭىز.

سىزگە ئەي خورشىدى تابان تا قەلەندەر بولدى قۇل،
تەخت ھوسىن ئۈزرە چىقىپ شەھلىقنى دەۋا قىلدىڭىز.

× ×

بىر قىيا باقمادى ماڭا نەرگىسى مەستى خابىڭىز،
بولدى كوڭۇل قۇشىغە دام تۇررەئى پىچۇ تابىڭىز.

نە بولۇر ئەي پەرىۋەشىم تويغۇچە ئارەزىڭ كورەي،
مۇنچە غەزەپ بىلە نىدۇر قەتلىم ئۇچۇن شىتابىڭىز؟

چەرخى پەلەك..... بولدى، قۇياش نە تەۋسەنىڭىز،
ياڭى ئاي ئەيلەدى مەقدەم ئۇزىن زەۋق ئىلە رىكابىڭىز.

چىن كىيىگى ئىبارىنى خالۇ لەبىڭ بېرىپدۇرۇر،
ئالەم ئارا تولۇپدۇرۇر ناچەئى مۇشكى تابىڭىز.

بىر لەبىڭىزدۇر قاتىلىم، بىرسى ئېسايى زەمان،
تىرگۈزۈدۇر خىيالىڭىز، ئولتۇرەدۇر ئىتابىڭىز.

كولبەمە كەلسەڭىز بۇگۈن جان، دىلىم پىدا قىلاي،
قانىم ئىتەي شەرابىڭىز، باغرىم ئىتەي كەبابىڭىز.

قايدا باراي مەن ئەي سەنەم، يوقتۇر يەنە بارۇر يېرىم،
ئىشق ئىلىنىڭ بولۇبدۇرۇر سەجدەگەھى بۇ بابىڭىز.

قىلسە مەدەد بۇ بەختىبەد، ئۇچراساڭىز بەناگەھى،
كويدۇرەدۇر بۇ نازىڭىز، ئولتۇرەدۇر ھىجابىڭىز.

مەجلىس مەشرەبىڭنى كۆرسە كىم ئۆلگۈچە ئارزۇ قىلۇر،
جان قۇشنى سەيد ئېتەر قانۇن بىلە رەبابىڭىز.

تەرلەسە گەر قۇياشڭىز كۆرسە قەلەندەر ئېيتادۇر:
گۈل ئوزە شەبنەممىدۇر، يۈز ئۈزە ئول گۈلابىڭىز؟

× ×

سېنىڭدەك يوقتۇرۇر ئالەمدە شوخى پۇر جەپا ھەرگىز،
مېنىڭدەك يوق سېنىڭ ئىشقىڭدا بىر ئەھلى ۋەپا ھەرگىز.

بۇ ئالەمنىڭ ئېلى تاپتى بارى بەرگو نەۋا سەندىن،
مېنىڭدەك يوقتۇرۇر ئالەم ئىچىندە بىنەۋا ھەرگىز.

جەھاننى سەير ئېتىپ كۆردۈم بارىنى باشدىن-ئاياغ بىر بىر،
سېنىڭدەك يوقتۇرۇر بىر نازىنىن پارىسا ھەرگىز.

ئۇشۇل كۈندىن ساڭا بەردىم كۆڭۈلنى ئەي پەرى پەيكەر،
مۇنىڭدەك يوقتۇرۇر بىلدىمكى دەردى بىدەۋا ھەرگىز.

قەلەندەر بىلسە ئېردى بولماس ئېردى ئەي پەرى چېھرە،
سېنىڭدەك كۆڭلى بىر نائاشىناغا ئاشنا ھەرگىز.

× ×

بۇ تىرىكلىكتىن ماڭا يۈزۈڭنى كۆرمەكدۇر غەرەز،
شەككەردىن لەئلى لەبىڭنى تۇشدا كۆرمەكدۇر غەرەز.

يوقتۇرۇر دۇنيادە ئۇزگە ماڭا مەقسۇدى مۇراد،
خىزمەتىڭگە قۇل بولۇپ ئۇلگۇنچە يۈرمەكدۇر غەرەز.

بىلدىم ئەي گۇلچىھرە كىم ۋەسلىڭغە يەتمەكدۇر مەھال،
يۇرقەتۇ ھەجرىڭ بىلە دەردىمنى سۇرمەكدۇر غەرەز.

كېچە - كۈندۈز سىنىڭ كويۇڭنى چورۇلمەكدىن سەبەپ،
شۇم رەقىبىنىڭ بويىننى تىغ ئىلە ئۇرماقدۇر غەرەز.

قىلدى دۇنيا ئىشرەتىن، ئەمدى قەلەندەر مەقسەدى،
دارى ئىشقىڭدا سىنىڭ مەنسۇر بولماقدۇر غەرەز.

× ×

ئول پەرى پەيكەر مىنىڭ كوڭلۇمنى شادان ئەيلەمەس،
يۇرقەتىدىن ئولدۇمۇ دەردىمگە دەرمان ئەيلەمەس.

ئولگۇدەك بولدۇم غەمىدىن ئىلتىپاتىن كورمەدىم،
غۇنچەئو لەئلى لەبىنى ماڭا خەندان ئەيلەمەس.

ئەيلەمىشدۇر جەۋرى زۇلمىن ماڭا ئانچە ئاشكار،
بۇ جەھانى ئەلگە ھەرگىز ھىچ مۇسۇلمان ئەيلەمەس.

لەززەتى تاپماسدۇرۇر ھەر نىچە يۇرسە شوبھى - شام،
ھەر كىشى يۈزىگە تا كوزىنگە ھەيران ئەيلەمەس.

ۋەسلى باغىدىن دىماغىغە ئانىڭ بويى تامار،
كىم ئارىخ تا يۈزىنى، كوزىنى تا قان ئەيلەمەس.

نە ئىلاج ئەيلەي مۇسۇلمانلار ئوشۇل گۇلچىھرەنى،
ماڭا كوڭلى بىلە ھەرگىز ئەھدىپەيمان ئەيلەمەس.

تاپماس ھەرگىز ئەي قەلەندەر دەۋلەتى دىدارىنى،
ھەر كىشى تا يارىغە جانىنى قۇربان ئەيلەمەس.

تا كىشى تەرك ئەتمەسە دۇنيايى دونىنىڭ شۇغلىنى،
ۋەسلى باغىنىڭ قەلەندەر سەيرىدىن ئاسان ئەيلەمەس.

× ×

ھىچكىشى مەندەك سىنىڭ ئىشقىڭدا سەرگەردان ئەمەس،
باشكىنەڭدىن ئورگۇلەي، بىللان، سوزۇم يالغان ئەمەس.

دىمەگىل تەرك ئەيلە ئىشقىن ئەي زۇلەيخايى زەمان،
مەن نىچۈك تەك ئەيلەيىن ئول يۇسۇپى كەنئان ئەمەس.

ئۈز كوڭۇل دىمە مىنى، ئەي ناسىمى بىھۇدە كوي،
بارمۇدۇر، مۇمكىن كوڭۇل ئۈزمەك مەھى تابان ئەمەس.

مىھنەتو دەردۇ ئەلەم كورگەنى جەھاندا ئىشق ئارا،
بولسا بولغاي، ماڭا ئوخشە بىسەرۇ سامان ئەمەس.

سورغالى رەنجىمنى كەلمە ئەي مەسھايى زەمان،
دىمە ئول شىرىن زەبانىم دەردىمە دەرمان ئەمەس.

قىلسا گەر جەۋرۇ جەپا، ساڭا قەلەندەر، سەبىر قىل،
ھوسىن ئېلىنىڭ تەركىن ئېتمەك ئەي كوڭۇل ئاسان ئەمەس.

× ×

تاكى نارەنجى ئېگىننى كىيدىڭ ئەي ئالى ئاساس،
تۇشتى ئايۇ كۈن بىلە ھورۇ پەرىلەرغە ھەراس.

مەن قىبرى قۇلدىن ئەگەر سەن ئار قىلساڭ تاڭ ئەمەس،
باردۇ ياش قۇللار ساڭا ئالەمدە بىھەددۇ قىياس.

تاكى نارەنجى كىيىپ تەۋسەن ئۇزە ئالدىڭ قەرار،
نى ھەدى باردۇر قۇياشنىڭ ساڭا بولغاي ئىقتىباس.

تاكى چىقتىڭ سەيرى گۇلشەن ئەي پەرىزادى زەمان،
يەر ئۇزە تۇشتى قۇياش دەپ ئېلگە بولدى ئىھساس.

تا كىيىپ چىقتى، قەلەندەر، دىلبەرىڭ يۇز ناز ئىلە،
دىدى قۇياشقە ياراشتى تۇرپە نارەنجى لىباس.

× ×

ئارەزى خورشىدى تابانىڭنى كورسەم ئېردى كاش،
مەقدەمىڭغە باش قويۇپ شۇل لەھزە ئولسەم ئېردى كاش.

بىر يولى يۈزمىڭ كورۈپ خوتەندە مىڭ يول ئۆتكۈچە،
قۇندۇزى جەننەت نىشانىنى شاد كورسەم ئىيردى كاش.

ھەجرى پۇرقەتنىڭ ئوتىدا كېچە - كۈندۈز كويگۈچە،
دەۋلەتى ۋەسلىڭ نېشات ئەيشىنى سۈرسەم ئىيردى كاش.

بەرگۈچە كوڭۈل سېنىڭدەك زالىمى خۇنخارغە،
كاپىرى خەنجەر قولىدا قەتل بولسام ئىيردى كاش.

ئۆتتى ئومرۇم، ئەي قەلەندەر، مېھنەتۇ ھەسرەت بىلە،
تۈش كورۈپ لەئلى لەبىڭ بىرگىنە شورسام ئىيردى كاش.

× ×

چىقسا ئويدىن نازىنىنىم گەر ئىيرۇر بىزگە قۇياش،
نە ئۈچۈنكىم يوق قۇياشقە ئاتا ئوخشە كوزۇ - قاش.

دەۋزەخى ھەجرىڭدە مەندەك ھېچ كاپىر كويمەسۈن،
مۇنچە كويدۇرمەك مېنى نىدۇر سەبەب ئەي باغرى تاش؟

ئىشىكىڭدە شۇم رەقىبلەر ھەر يانىمدىن تارتىشۇر،
بىر ئولۇكنىڭ ئۈستىدە كوپ قارغا قىلغاندەك تالاش.

تاغ ئىلە تاش يىغلاشۇر قىيرى قۇلۇڭنىڭ ھالىغە،
ناز ئىستىغناسىدىن بىر باقمادى ئول شوخ ياش.

كەر ئانا بولسا زۇلەيخا، يۇسۇپ ئولسا ئاتاسى،
مۇمكىن ئېرمەستۇر تۇغۇلغاي ئاڭا ئوخشە ئېگر قاش.

پەردەئى جانىم ئىچىندە ئاسرار ئىدىم مېھرىنى،
بىمەھەل ئەيغانلەرىم قىلدى مېنىڭ سىررىمنى پاش.

تاكى بولدۇم ئەي پەرى پەيكەر گىرىپتارىڭ سېنىڭ،
بىر كوزۇمدىن ئاقتى قانۇ بىر كوزۇمدىن ئاقتى ياش.

ۋەسىپ ئېتەي دىسەم يۇزۇڭنى ئەقلۇ ئىدراك ئورتەنۇر،
دۇررى گەۋھەر ساچىلۇر ھەر بىر سوزۇڭدىن جاش-جاش.

نا گەھان كورسە قەلەندەر گەر يىراقتىن يۇزىنى،
كىم تۇشەر شىددەت بىلە ئەئزالارىغە ......... تاش.

× ×

چىقماغىل گۈلگۈن ئويۇڭدىن كىچەدە ئەي شوخ ياش،
ئېل ئارا غەۋغا تۇشەر كېچە تۇغۇپدۇر دەپ قۇياش.

ناز ئىلە چىقساڭ ئويۇڭدىن بۇ قەدەر رۇخسار ئىلە،
سەجدە ئەيلەر قاشلارىڭغە بۇت بىلە ھەم بۇتتەراش.

تا جەمالى با كەمالىڭنى تاماشا ئەيلەدى،
كېچەۋۇ كۈندۇز كوڭۇلگە زەھرى غەم بولدى مەئاش.

ۋادەرىخا بىلمەدىم ئەۋۋەل بۇ خۇيۇڭنى سېنىڭ،
مەقبۇلۇڭ ئېرمەس ئىكەن ھەر كىم ساڭا، بولسۇن يەۋاش.

گەرچە كوردۇم يەر يۇزىنى سەير ئېتىپ باشدىن - ئاياق،
كورمەدىم سەندەك جەھاندا تىلى يۇمشاق، باغرى تاش.

گەر قەلەندەر سارى ئاتساڭ قاشۇ كىرپىكلەر ئوقۇڭ،
جانۇ كوڭلۇم ئوقۇڭ ئۇچۇن ئەيلەمىش ئىكەۋ تالاش.

× ×

ئەيلەگىل يارەب مېنى سەن داغى ھىجراندىن خەلاس،
داغى ھىجران دىمەيىنكىم دەردى ھىرماندىن خەلاس.

كېچەۋۇ كۇندۇز دۇئايىم بۇدۇرۇر: قىلغىل مېنى،
كۇلپەتى ئەندۇھ بىلە ھەم دەردى دەۋراندىن خەلاس.

تائەتى تاقۋا ئىبادەتنى نەسىبىم ئەيلەگىل،
قىلماغىل يارەب مېنى ئولگۇنچە پەرماندىن خەلاس.

مەقسەدىم بۇدۇر مېنىڭ دۇنيادا ئەي رەببى جەلىل،
پىتنەۋۇ ۋەسۋاسى بىرلەن ئەيلە شەيتاندىن خەلاس.

تاقەتىم يوقتۇر قەلەندەر كىم ئىشتىسەم ھەجر ئاتىن،
ئاندىن ئاجراتقۇنچە يارەب ئەيلەگىل جاندىن خەلاس.

× ×

مەشرەقى كويىدىن ئاتتى ماھتابانىم تولۇئ،
يا بەدەخشان تاغىدىن ئول لەئلى رەخشانىم تولۇئ.

قەدىمۇدۇر، توبىمۇدۇر يا سەرۋى يا كاكۇلىمۇدۇر،
تاكى جەننەت باغىدىن سەرۋى خىرامانىم تولۇئ.

يا پەرى يا هوردۇر يا بىلقىس ئالى نەسەپ،
يا ئويىدىن قىلدى ئول خورشىدى دەۋرانىم تولۇئ.

يا قەمەر يا شەمس يا ئايىنەئى ئىسكەندەرى،
يا كوزۇمگە قىلدى ئول شوخ جان جانانىم تولۇئ.

توتىدەك ئەپغان قىلۇرمەن ئەي قەلەندەر زار - زار،
قىلدى دىلبەرلەر ئارا ئول شەككەرىستانىم تولۇئ.

× ×

تاكى چىقتى ئول گۇلى گۇلزارى ئالەم سەيرى باغ،
گۇل ئانىڭ يۈزىن كورەر دەپ يۈرەكىمدۇر داغ - داغ.

جان لەبىمگە يەتتى، زالىم، رەھىم ئېتىپ بىر سورمادىڭ،
ھەرنە بولسام، مەن بولاي تۇتسۇن خۇدايىم سىنى ساغ.

نە ئۇچۇن جان بەرمەيىن دەردىڭدە مەن پەرھاددەك،
يوقتۇرۇر سەندەك شىرىن ئالەمدە، گەر قىلسام سوراغ.

تا ساڭا بەردىم كوڭۈل ئەي مەھۋەشى خورشىدى پەر،
دەردى مېھنەتدىن نىگارا تاپمادىم بىردەم پەراغ.

كوڭۈل ئۈزمەك ئەي قەلەندەر، ئۇل پەرىدىن سەئب ئىرۇر،
ئۇلگۈچە كەتمەس كوڭۈلدىن ئىشقىدىن تۇرغان قەداغ.

× ×

سورمادىڭ ھالىمنى سەن ئەي شوخى بىپەرۋا، دەرىخ،
ئىشق ئىلى ئىچرە مېنى قىلدىڭ ئەجەپ رەسۋا، دەرىخ.

قان يۇتۇپ دىققەت بىلەن ۋەسپىڭنى ئىنشا ئەيلەدىم،
بىلمەدىڭ قەدرىمنى سەن ئەي ماھ، روھ ئەفزا، دەرىخ.

تاكى كوردۇم ئەنبەر ئەپشان زۇلپى مۇشكىننىڭ سېنىڭ،
تۇشتى باشىمغە مېنىڭ ئەي شوخ مىڭ سەۋدا، دەرىخ،

تاكى كوردۇم ئاي يۈزۈڭنى، بىر زەمانى تىنمادىم،
پۇرقەتۇ ھەجرىڭ ئىچىنى ئەيلەدى مەئۋا، دەرىخ.

مۇددەتى بولدى قەلەندەر ھەسرەتىڭدىن قان يۇتار،
قىلمادىڭ لۇتپى كەرەم ئەي دىلبەرى رەئنا، دەرىخ.

× ×

ھۇسن ئىلى ئىچرە سېنىڭدەك يوقتۇرۇر ھەرگىز شەرىف،
بارچە مەھۋەشلەر سېنىڭ ئالدىڭدا باردۇرلەر كەشىف.

سەير ئېتىپ كوردۇم جەھاننىڭ بىر بىرىن باشتىن - ئاياق،
كورمەدىم سەندەك يەنە بىر دىلبەرى رەئنا ھەرىف.

ئەي پەرىزادى زەمانىم، ھالىمە رەھىم ئەيلەگىل،
ھەجرى پۈرقەتتىن تەنىم بولۇبدۇرۇر ھەيدىن زەئىف.

يەر يۈزىنى سەير ئېتىپ كورگەن جەھان سەييالار،
بىر سىنىڭدەك كورمەدىلەر گۈلرۇخى زىبا زەرىف.

پاكلىق بابىدا يوقتۇر بىر سىنىڭدەك دەھىر ئارا،
كىم يۈزۈڭنى كوردى دەر: مەريەمدىن ئىرىشدۇر ئەفىف.

باردۇرۇر مەھۋەش، قەلەندەر، دەھىر ئارادە بىھساپ،
يوقتۇرۇر لېكىن بىرى سەندەك لەتاپەتلىك لەتىف.

× ×

ھەق بىرىپدۇر ھەزرەتىڭغە دەۋلەتى سۇلتانى ھۇسن،
گاھى - گاھى قىبرى قۇل ھالىنى سورماق ياخشىراق.

گەر مۇيەسسەر بولسا شول دۇنيادا يۈزۈڭ كورگەلى،
ھور جەننەتتىن كوكۈل ئەلبەتتە ئۈزگەن ياخشىراق.

كېچە - كۈندۈز ئۆزگە مەھۋەشلەر بىلە ئەيش ئەتكۈچە،
تۈش كورۈپ لەئلى لەبىڭ بىرگىنە سويمەك ياخشىراق.

سەن سۇلايمانى زەمانىدىن ماڭا يەتسە مەرتەبە،
بەندە بولۇپ ئىشىكىڭدە دەۋر سۈرمەك ياخشىراق.

ئوچراسە ئەغيار، قىلغىل ئاڭا سەن قەھرۇ غەزەپ،
گەر يولۇقسە ئۆز قۇلۇڭ لوتىپ ئەيلەمەكلىك ياخشىراق.

كىم مۇھەببەت ئەھلى بولسە ئەيلەگەيسەن مەھرەمىڭ،
كىمكى بولسە غەيرەئى مەھۋەش، ئۈزۈلمەك ياخشىراق.

مەقسەدىمدۇر كىچە - كۈندۈز، ئەي سەنەم، پەرۋانەدەك،
گەر مۇيەسسەر بولسە باشىڭدىن چۆرۈلمەك ياخشىراق

بۇلھەۋەسكە سەبرو - تاقەت يوقتۇر ئەي ھورى زەمان،
قانچە بولسا جەۋرۇ - زۇلمۇڭ، ماڭا قىلماق ياخشىراق.

ئەھلى ھىكمەت دىدىلەركىم: رەشىك ئۆلۈمدىن يامان،
يەتسە قولۇم شۇم رەقىب قانىنى ئىچمەك ياخشىراق.

سەنسىزدىن ئەي گۈلئۈزارىم، سەير جەننەت قىلغۇچە،
باغى ھوسنۇڭدىن نىگارا بىر گۈل ئۈزمەك ياخشىراق.

× ×

ساڭا تا بولدۇم ئەي گۈلچىھرەئى شىرىن سۇخەن، ئاشىق،
مېنىڭدەك يوقتۇرۇر شوھرەتدە ھەرگىز كوھكەن ئاشىق.

غەمىم، دەردىم پىراقىڭدا زۇلەيخادىن كەم ئېرمەستۇر،
نىچۈن بولدۇم ساڭا ئەي يۇسۇپى گۈل پىرەمەن، ئاشىق؟

مېنى بىچارەنى گەر ئىلماساڭ كوزۇڭگە، تاڭ يوقتۇر،
ساڭا يۇسۇپكە ئوخشە باردۇرۇلەر موز دەرەن ئاشىق.

لەبىڭ بىرلە تىشىڭگە، ئەي دىلبەرى شوخى پەرىزادىم،
ئېرۇر ياقۇتۇ لەئلۇ گەۋھەرۇ دۇررى ئەدەن ئاشىق.

قەدىڭگە سەرۋ ئىلە توبى، ساچىڭگە سۇنبۇلى خوبى،
يۈزۈڭگە ئايۇ كۈن، گۇل بىلە شەمئى ئەنجومەن ئاشىق.

پىراقىڭدىن ئەگەر ئۆلسەم ساڭا نى غەمدۇر ئەي مەھۋەش،
ساڭا باردۇر قەلەندەردەك نىچە يۈزمىڭ تۈمەن ئاشىق.

× ×

تا سىنىڭدەك نازىنىنغە ئاشنا قىلدى پەلەك،
دەردۇ غەمدىن بەندى - بەندىمنى جۇدا قىلدى پەلەك.

ھەر نىچە قىلسام جەھاندا ئەيشى - ئىشرەت ئۆمرۈمە،
ھەر بىرى ئورنىدا مىڭ جەۋرۇ - جەپا قىلدى پەلەك.

كۆرمەدىم جەۋرۇ - جەپادىن ئۆزگە ھەرگىز دەھر ئارا،
لۇتپ ئېتەردىن ماڭا گوياكىم ئىبا قىلدى پەلەك.

ئەھلى فەزلۇ دانىش ئەھلىگە دەردۇ - ئەلەم،
دون ئىلىن ئالەم ئارا كامنى رەۋا قىلدى پەلەك.

زاھىدۇ شەيخى رىياپىغە قىلىپ لۇتپى كەرەم،
ئىشق ئېلىنىڭ ھەر بىرىنى بىنەۋا قىلدى پەلەك.

× ×

ئەي پەرىزادى زەمانىم بولسۇن ھەق يارىڭ سىنىڭ،
ئوتكەرۇر شەمسۇ قەمەردىن نۇرى ئەنۋارىڭ سىنىڭ.

كورسه ئېردى بۇ قەدەر رۇخسار ئىله قاشۇ كوزۇڭ،
بولۇر ئېردى يۇسۇپى مسرى خەرىدارىڭ سىنىڭ.

توكور ئېركەنمىز دەپ ئاڭا يىغلاشۇرلەر زار-زار،
تاۋۇسۇ، كەبكى دەردى كورسه بۇ رەپتارىڭ سىنىڭ.

هەر كىشى كورسه يۈزۈڭ بىئىختىيار ئەيلەر پىغان،
ئۆزۈڭ ئىنساپ ئېتكى، نېتكەي ئاشىقى زارىڭ سىنىڭ.

ئەيلەمىش زەۋقو تەئەججۇپ، بەلكى هەيرەتته قالۇر،
كورسەلەر هورۇ پەرى بۇ بەئىلو ئەتۋارىڭ سىنىڭ.

تاڭ ئەمەستۇر گەر تىرىلسه سوزلەسەڭ بولغان مەمات،
ئورگەتۇر ئېيساغه مەسىلىكنى گۇپتارىڭ سىنىڭ.

مەن نېچۇن جان بەرمەيىن ئالدىڭدا ئەي هورى زەمان،
ئۆزگەلەرنىڭ لوتپىدىن ئوبدانلۇر ئازارىڭ سىنىڭ.

ئاتلانىپ چىقساڭ خەلايىققه بولۇر يەۋ ىىنوشۇر،
جان نېچۇك بەرمەس قەلەندەر كورسه دىدارىڭ سىنىڭ.

× ×

مېنىڭ هەجرىڭگه ئەي گۇلچىهره ۋەسلىڭنى دەۋا قىلساڭ،
نه بولغاي هاجىتىمنى ئەي پەرى پەيكەر رەۋا قىلساڭ.

ئۈمىدىم بار ئىندىكى، سەرۋىدەك ئەيلەرمۇ دەپ خۇررەم،
نىكنىم، زۇلپۇڭ بىلە ئەي دىلرەبا قەددىمنى با قىلساڭ.

تىلەكىم بۇدۇرۇر تەگرىدىن، ئەي خورشىدى تابانىم،
كوڭۇلنى مېھنەتۇ دەردۇ غەمىنگە ئاشىنا قىلساڭ.

بولۇرمەن پادىشاھى بەھرۇ - بەر، ئەي خۇسرەۋى خۇبان،
رەقىبى شۇم يۈزىنى ھەسرەتىڭدىن گەر قارا قىلساڭ.

يانارىم يوقتۇرۇر مۇمكىن سېنىڭ ئىشقىڭدىن ئەي دىلبەر،
ئەگەر كىم سوڭەكىمنى بەندى - بەندىدىن جۇدا قىلساڭ.

ئۆتۈپتۇر قۇللۇغۇڭ، ئەي پەرۋەش، ياشىم ئاتمىشىدىن،
ئولەر چاغىم بولۇپدۇر، نە بولۇر جانا رىزا قىلساڭ.

قەلەندەردۇر قۇلۇڭ قىرىپدۇرۇر، ئەي ھور - پەرىزادىم،
نە بولغاي زۇلىم ئېتەردىن ئەي پەرى پەيكەر، ئىبا قىلساڭ.

× ×

پۇرقەتىڭدىن يوقتۇرۇر بىرلەھزە ئارامىم مېنىڭ،
بولمادى ھاسىل جەھاندا زەررەچە كامىم مېنىڭ.

ئول پەرىزادى زەمانۇ دىلبەرى ھورى نىژار،
رام دىسەم ھەر نەچچە ئول بولمامىش رامىم مېنىڭ.

ئول سەتەمگەر زالىمۇ بىرەھمىنىڭ ھىجرانىدا،
ئۆتتى بىردەك ھەسرەت ئىلە سۇبھى ھەم شامىم مېنىڭ.

تاكى بەردىم ئول پەرى پەيكەرگە كۆڭۈل دەھر ئارا،
تولغۇسى خۇنى جىگەردىن ھەر كېچە خامىم مېنىڭ.

يوق ئىدى مۇمكىن قەلەندەر بۇ خوتەندە تۇرماغىم،
زۇلپ ئىلە ساچى بولۇپدۇر ھەلقەئى دامىم مېنىڭ.

× ×

تا سەپەر قىلماقتا ئەزم ئەي ماھتابان ئەيلەدىڭ،
ئېلچىلىككە ئېلچىنى گوياكى زىندان ئەيلەدىڭ.

گەرچە قىلدىڭ جانغە ئەۋۋەلدە يۈز جەۋرۇ - جەپا،
شۇكرى لىللاھ ئاقىبەت دەردىمگە دەرمان ئەيلەدىڭ.

مۇرنىڭ ئۆيىگە تۇشكەندەك سۇلايمانى زەمان،
لۇتپىدىن كۆلبەمگە تا ئۇزۇڭنى مېھمان ئەيلەدىڭ.

رەشكىدىن جانىمنى كۆيدۇردىڭ سەن ئەي سۇلتانى ھۇسن،
شۇم رەقىبىم بىرلە سەن تا ئەھدىپەيمان ئەيلەدىڭ.

بەسكى، قىلدىڭ زىددىمە ئەغيارىمە كوپ ئىلتىپات،
كوزلەرىمنىڭ ياشىنى لەئلى بەدەخشان ئەيلەدىڭ.

مەقسەدىڭ ئىدۇر سىنىڭ ئەي مەھۋەشى ساھىپجامال،
يۈرەكىمنى قان ھەم سىنەمنى بەريان ئەيلەدىڭ.

تەرك ئېتىپ دۇنيانى، كەيدى جەندە، باشىغە كۇلاھ،
تا قەلەندەرنىڭ رەقىبىن سەن نىگەھبان ئەيلەدىڭ.

× ×

نە بولۇر ئەي گۈلكى سەن بۇلبۇلنى خۇررەم ئەيلەسەڭ،
خىلۋەتى خاسىڭغا جانا مېنى مەھرەم ئەيلەسەڭ.

بارچە غەمدىن ئەيلەمىشدۇر ھەقتەئالا شادمان،
دەردى غەمدىن گەر مېنى بىر لەھزە بىغەم ئەيلەسەڭ.

مەن دۇئا ئەيلەيكى بولساڭ دەھر ئارادە كامران،
جەۋرۇ - زۇلمۇڭنى ئەگەر كىم زەررەئى كەم ئەيلەسەڭ.

يوقتۇرۇر ھەرگىز تەئەججۇپ بۇ ئىشىڭدىن دەھر ئارا،
گەر گەدانى لۇتپ ئىلە ئىسكەندەر روم ئەيلەسەڭ.

تاڭ ئەمەسدۇركى، دىسە: بولدۇم سۇلايمانى زەمان،
گەر قەلەندەرنى دەمى ئوزۇڭگە ھەمدەم ئەيلەسەڭ.

× ×

ئىشرەت ئىلە جانىمە ئەي دوستلار جەۋر ئەيلەمەڭ،
بولماسا مەشرەبدە ئول گۈلرۇخ، مېنى سىز ئىستەمەڭ.

قىلسام ئاتىڭىز پۇرقەتىندە گەر ياقامنى چاك - چاك،
مېنى بىر دىۋانە دەپ ئەي تېلبەلەر سىز قوغلىماڭ.

بولسا ھەجرىدا ئەگەر رەسۋالىغىم ھەددىن يۈزۈن،
ياشلار ئوخشا مەنئى ئېتىپ ھەم يالبارىپ سىز ئالداماڭ.

دەردى غەمنىڭ لايىدىن قىلدى ۋۇجۇدۇمنى مېنىڭ،
مەجنۇنۇ پەرھادقە ئوخشە، دوستلارىسىز، چاغلىماڭ.

يىبەرىڭ پاتراق بارۇر يېرىمگە ئولسەم، دوستلار،
يىغلاشىپ ھەسرەت بىلە بىر لەھزە ئويدە ساقلىماڭ.

باغلاڭىز رەختى سەپەر ھازىر ئولۇپ، تەييار ئولۇڭ،
بىۋەپادۇر بۇ جەھان ھەرگىز كوڭۈلنى باغلىماڭ.

قويۇڭىز ئوز ئورنۇمە مەجەئلىق بىرلە يانىڭ،
بىر غەرىبى بار ئىدى، نە بولدى دەپ سىز يوقلىماڭ.

ئىشتىنىڭ ئوبدان قەلەندەردىن نەسىھەت دوستلار،
ماتەمىم قاتتىغ تۇتۇپ ئەيغان بىلە كوپ يىغلىماڭ.

× ×

يارەب ئول گۈلچېھرە كوڭلىگە مېنىڭ مېھرىمنى سال،
سالماساڭ كوڭلىگە مېھرىم، پات مېنىڭ جانىمنى ئال،

نەچچە مۇددەتلەر جاھان ئىچىندە گەردۇن سەير ئىدىم،
بولدى كوڭلۇمگە مېنىڭ بۇ زۇلپى دامۇ، دانە خال.

يوقتۇرۇر ھوسىن ئېلىگە ئالەم ئىچىندە بۇ سۈپەت،
لەبلەرىڭدۇر لەئلى، باردۇر تىشلارىڭ گەۋھەر مىسال.

كىشۋەرى ھوسىن ئېلىنى ئەي دىلرەبا پەتھ ئەيلەدىڭ،
تاپمىسۇن بۇ دەۋلەتى ھوسنۇڭ سېنىڭ ھەرگىز زەۋال.

تەرك ئېتىپتىمەن بۇ جەھاننىڭ شوغلىنى باشتىن - ئاياق،
تا ئانىڭ ئىشقىدا تەنىم ئەي قەلەندەر ئىشتىغال.

× ×

ئەي پەرىزادى زەمانىم، خاتىرىمنى شاد قىل،
بۇ بۇزۇق كوڭلۇمنى سەن لۇتپۇڭ بىلەن ئاباد قىل.

دىلبەرىم مەكتەپتەيۇ مەن يول ئارادا مۇنتەزىر،
ئەي مۇئەللىم، بىر زەمان ئول سەرۋىنى ئازاد قىل.

گەر مۇسۇلمانزادە بولساڭ ئەي مەھى نامېھرىبان،
شۇم رەقىبى بەددىيانەت جانىغە بىداد قىل.

پادشاھى ھوسىن بولدۇڭ ئەي بۇتى شىرىن زەبان،
ئەمدى سەن لۇتپۇ كەرەم بىرلەن مېنى پەرھاد قىل.

ئەيلەدىڭ جەۋرۇ جەپا بىھەد قەلەندەر جانىغە،
ئەمدى سەن رەسمى مۇھەببەتنى ماڭا ئىرشاد قىل.

× ×

يوقتۇرۇر كوزۇڭگە مەندەك دەھر ئارا خارو زەلىل،
قانچە قىلسام خىزمىتىڭنى كورۇنۇر ساڭا قەلىل.

نە بولۇر گەر گۇلشەنى ۋەسلىڭ سارى بىر باشلاساڭ،
ھەجر ئوتۇڭچە بارمۇدۇر دىگىل ماڭا ئوتى خەلىل؟

ئىشتىڭلار ئەي مۇسۇلمانلار، نەسىھەتىم بۇدۇر:
قىلماڭىز ئىشقى مۇھەببەت سارى ھىچكىمنى دەلىل.

بارچە ئهل قاقار ساڭا ئىشقى مۇھەببەت تەبلىنى،
پۇرقەتۇ ھەجرىڭدا مەندەك يوقتۇرۇر ھىچكىم ئەلىل.

مۇنچە كويدۇرمەك قەلەندەرنى نىدۇر ئەي بىۋەپا،
سەن ئەگەر رەھىم ئەتمەسەڭ، رەھىم ئەيلەگەي رەببى جەلىل.

× ×

ھورۇ پەرىغە يوقتۇر بۇ ھوسنۇ بۇ شەمايىل،
كىمدۇر ساڭا تەڭ ئولغاي نە سەرۋەرى قەبايىل.

خالىق سىنى نىگارا ئۆز نۇرىدىن ياراتتى،
ئايۇ قۇياشقە نەھەر بولغاي ساڭا مۇقابىل.

ئەقلۇ پەراسەتۇ ھوش، دانىشدا يوق مىسالىڭ،
دەرلەر بۇ ئالەم ئەھلى بىر مەجمەئى فەزائىل.

ئەي گەۋھەرى يىگانە، دەي نادىرى زەمانە،
سەندەك جەھاندا يوق دەپ، ھوسن ئەھلى باردۇر قايىل.

گەرچە قۇلۇڭدىن، ئەي گۇل، ئار ئەيلەسەڭ تاڭ ئىرمەس،
كويۇڭدا ئەي پەرىزاد شەھلەر بارسى سايىل.

بىلمەس قەلەندەر ھەرگىز نىدۇر گۇناھى، ئەي شوخ،
بولمايدۇ كوڭلۇڭ ئەي جان بىر زەررە ئاڭا مايىل.

× ×

ئاي يۈزۈڭنى تۈشدە كورسەم، مەھۋەشىم،
شەككەرىن لەئلىڭنى شورسام، مەھۋەشىم.

قۇللارىڭدەك ئىشىكىڭدە سۇبھۇ شام،
تا تىرىكمەن، دەۋر سۈرسەم مەھۋەشىم.

مەقسەدىمدۇر خەنجەرى خۇنرىز ئىلە،
شۇم رەقىب باشىنى ئۈزسەم، مەھۋەشىم.

مەقسەدىم بۇدۇركى، كويۇڭنى سىنىك
كىرپىكىم بىرلە سۇپۇرسەم، مەھۋەشىم.

دەۋلەتۇ پەخرۇ سەئادەتدۇر ماگا،
خىزمەتىڭدە قانچە يۇرسەم، مەھۋەشىم

× ×

ۋەسپىڭ ئەيلەرمەن دەمى ئاغزىمدا تا باردۇر تىلىم،
باغلادىم تا ئۇلگۇچە بۇ ئىشكە ئەي دىلبەر بېلىم.

تولدى ئىچىمگە تۇتۇن، باشىمدادۇر يۇزمىڭ شەرار،
كىمكى بۇ ھالىمنى كوردى، دىدى بۇ ئېرمىش چىلىم.

جان بېرۇر سوز بىرلە ئاغزىڭ سائىدەك باردۇر قۇياش،
رەشك ئېتەر بۇ ئىككىسىدىن ئەيسىيۇ موسا كەلىم.

كەتمەگەي مېھرىڭ مېنىڭ باشىمدىن ئەي ھورى زەمان،
قىلسە بۇ گەردۇنى دۇن سوڭەكلىرىمنى گەر رەمىم.

باردۇرۇر مېھرى گىيا، بىلمەم، ساگا ئەي دىلرەبا،
كىم سېنى كورسەم سويۇنۇر تەندە بولسا ھەر قىلىم.

مېھنەتۇ دەردۇ ئەلەم بولدى نەسىھەت سۇبھۇ شام،
كىمكى بولسا ئەي قەلەندەر دانىشو تەبئى سەلىم.

× ×

ئەي مۇسۇلمانلار، مېنىڭ ھالىمغە رەھىم ئەيلە بۇگۇن،
ھەجرى پۇرقەتتىن بولۇبدۇر ھالىتىم ھەددىن پۇزۇن.

دىمەگىز باردۇر بۇتۇن كوڭلۇم مېنىڭ، ئەھبابلار،
تەگسە مۇنچە غەم تاشى ئول شىشە قالۇرمۇ بۇتۇن.

كەتمەگەي كوڭلۇمدىن ھەرگىز مېھرى رۇخسارى ئانىڭ،
ئەيلەسۇن تۇپراق تەنىمنى چەرخ ھەم قىلسۇن قۇيۇن.

مۇنچە ئوچ بولماق پەلەك ئىشق ئەھلىگە، بىلمەم، نىدۇر،
قىسقا قىلدى سۇبھى ۋەسلىن، شامى ھىجرانىن ئۇزۇن.

ئەيلەدىڭ مەجنۇن قەلەندەرنى قىرلىق چاغىدا،
مەقسەدىڭ نىدۇر پەلەك ياشلارغا سەن قىلدىڭ ئويۇن.

× ×

كېلۇر بولسە ماڭا گەر مېھنەتۇ دەردى مۇيىد ئاندىن،
تاڭ ئېرمەستۇر تىرىلسە كەلسە ئولۇككە نەۋد ئاندىن.

ئوتەر باسقان ئىزىدىن جان گۇلى جەننەت ئارا كىرسە،
مەھال ئېرمىش كېلۇر دەپ كۇلبەمە تۇتسام ئومىد ئاندىن.

خۇدايىمنىڭ ئەزىزراق ھىچ ئانگدەك بەندەسى يوقتۇر،
شەققى بولسا قۇلى تاڭ يوق ئەگەر بولسا سەئىد ئاندىن.

جەپاۋۇ جەۋرى تاشىدىن قاچۇرماسمەن باشىم ھەرگىز،
نە ھوكىم قىلسە، جان بىرلەن ئىرۇرمەن مۇستەئىد، ئاندىن.

نە ئېركىن مەقسەدى، بىلمەم، قەلەندەر، ئول پەرىۋەشنىڭ،
قۇلىغە كەلمەدى نامە بولۇپ ۋەقتى مەدىد ئاندىن.

× ×

قالمادى دەردۇ غەمگدىن تەندە جانىم، قايداسەن؟
جان لەبىمغە يەتتى، ئەي زالىم نىگارىم، قايداسەن؟

ئالغالى كەلدى جانىمنى ھەجرىڭ، ئەي سۇلتانى ھوسىن؟
بارچە خوبلار سەرۋەرى، ئەي نامدارىم، قايداسەن؟

سەنسىزىن بىلمەم ئۆزۈم بەلكىم ئۆلۈك مەن يا تىرىك،
بائىسى ئۆمرى ئەزىزۇ ئىپتىخارىم، قايداسەن؟

نە كوزۇمدە باردۇر ئۇيقۇ، بەلكى يوق جىسمىمدە جان،
ھەسرەتۇ غەمدىن ئۆلەرمەن، غەمگۇسارىم، قايداسەن؟

نالەئو ئەپغان بىلە يىغلار قەلەندەر زار-زار،
دىمەدىڭ لۇتپى-كەرەمدىن: "دىلپىگارىم، قايداسەن؟"

× ×

چىقمادى ھوسن ئەھلى ئىچرە ساڭا ئوخشە پادىشاھ،
بارچە خوبلار يۇلدۇزۇ سەن سەن ئارادە مېھرۇ ماھ.

يوقتۇرۇر ھورۇ پەرى ئىچىندە سەندەك مەھۋەشى،
كوزگۇگە باقساڭ بولۇرسەن ھوسنۇڭە ئوزۇڭ گۇۋاھ.

بىر سىنىڭدەك كورمەدى ھىچكىم ئەزەلدىن دىلرەبا،
تا تىكلىدى بۇ جاھان ئوزرە بۇ توققۇز بارگاھ.

كىمكى كوردى ئاي يۈزۈڭنى مۇمكىن ئىرمەس ئاجراغاي،
بىلمەدىم، جانا ساڭا بار ئۇ مەگەر مېھرىگىياھ.

ئورتەدى دەردۇ غەمىڭ بىھەد قەلەندەر جانىنى،
سورغىل ئانى ئەدل ئىلە يوقتۇر سىنىڭدەك دادخاھ.

× ×

ھەجرىڭە ئەيغان قىلۇرمەن تاپىغانىم بارىچە،
قۇللارىڭغا قۇل بولۇرمەن تەندە جانىم بارىچە.

دەردۇ غەمىنىڭ ئوتىدا كويگۇمدۇرۇر پەرھاددەك،
بىتوندۇر مەنزىلىم، شىرىن زەبانىم، بارىچە.

يارەب ئۇل گۇلچېھرەگە بىر رەھىم-شەپقەت بىرگەسەن،
ماڭا قىلدى زۇلمنى ئۇل كامىرانىم بارىچە.

تاپماغۇمدۇر دەھىر ئارا بىر لەھزەئى سەبدۇ قەرار،
نازۇ ئىستىغنا قىلۇر، شوخى زەمانىم، بارىچە.

مېھنەتۇ جەۋرۇ جەپا جانىمغە بىھەد ئەيلەدى،
قىلدى قەھرىنى ماڭا، نا مېھرىبانىم، بارىچە.

تالىئىم ياندى قەلەندەر ياكى بەختىم شۇملۇغى،
جەۋرىنى قىلدى ماڭا ساھىپقىرانىم بارىچە.

× ×

ھەر ئېگىن كەيسە نىگارىم تەنگە، مەۋزۇن بولغۇسى،
ئۇل بەدەنىنىڭ پەرتەۋىدىن تۇرپە گۇلگۇن بولغۇسى.

كىرسەم ئەر جەننەت ئاراغا، ئۇل پەرىۋەشى بولمىسا،
كوزۇمە خولە بەرىن گوياكى ھامۇن بولغۇسى.

لەيلىيۇ شىرىنىنىڭ ئۇل گۇلچېھرەدىندۇر بەلگۇسى،
كىمكى كوردى ئارەزىن پەرھادۇ مەجنۇن بولغۇسى.

ئەي مۇسۇلمانلار، كورۇڭلار ئۇل پەرىنىڭ دەردىدىن،
ھەجرىدىن گەر يىغلاسام بىردەمدە جەيھۇن بولغۇسى.

ئەي قەلەندەر، گەر سەھەر ۋەقتىدە قوپۇپ يىغلاساڭ،
كوز ياشىڭ ھەر قەترەسى بىر دۇررى مەكنۇن بولغۇسى.

× ×

قۇياش كوردى يۈزۈڭ، خىجالەت بىلە يەر ئاستىدا ياتتى،
خۇداۋەندىم كەمەلۇ قۇدرەتىنى سەندە كورسەتتى.

گۇناھىم نە ئىدىكىم قۇندۇزى جەننەت نىشانىمدىن،
پەلەك سالىغۇ تاشىدەك چورۇلۇپ خوتەن سارى ئاتتى.

نەچە يىل ئوقۇدۇڭ گويا مۇئەللىم، ئەي پەرى پەيكەر،
خەپا قىلماقنى ساڭا ئول مىكىر ئىلمىنى ئورگەتتى.

جەھانغا تاكى چىقتىڭ ھوسنىڭ تەختىگە سۇلتاندەك،
پەرىۋەشلەر بارى خىجالەت بىلەن باشىنى قوي ئەتتى.

كوڭۇلكىم تۇشتى دامىڭغە، قۇتۇلماقلىق ئىرۇر مۇشكۇل،
جەھانىڭ پىتنەسىنى ئىككى جادۇ كوزۇڭ ئويغاتتى.

گۇناھىم نە ئىدى بىلمەمكى چەرخى دونى كەجرەپتار،
قەلەندەرنى سېنىڭ دەردى غەمى ھىجرانىڭا ساتتى.

× ×

كورمەدىم سەندەك جەھاندا مەھۋەشى دىلدارنى،
دىلبەرى شىرىن زەبانۇ شوخ گۇلرۇخسارنى.

بىر سىنىڭدەك يوقتۇرۇر دۇنيادە ئىززەت تەختىدە،
ھەم مىنىڭدەك كىم كۆرۈپتۇر ساھىبى ئازارنى.

مەن ياماندىن قاچتىكىم ئول، خالىقى پەرۋەردىگار،
گۈلگە قىلدى ھەمنىشىنى گۈلشەن ئىچىندە خارنى.

ئەي پەرىزادى زەمانىم بىبەھا قەدرىڭ سىنىڭ،
تاجىسەر قىلسام ياراشۇر ساڭا ئوخشە يارنى.

تا قاچانچە سەن قىلۇرسەن نازۇ ئىستىغنا ماڭا،
بىرگىنە سوزلەت قۇلۇغىڭە لەئلى شەككەر بارنى.

ئاشىق ئىرسەڭ ئەي قەلەندەر كېچە-كۈندۈز دەرد ئىلە،
بۇلبۇل ئوخشە قىل ئوشۇل گۈل ۋەسپىغە گۈپتارنى.

× ×

نە ھەددى بار پەرىنىڭ ساڭا تەڭ، ئەي سىيمبەر، بولغاي،
لەبى گەر لەئلو ياقۇتۇ، تىشى دۇررى گوھەر بولغاي.

ئۇلۇمدىن يوقتۇرۇر زارىم، ۋەلى قورقۇنچىم ئاندىندۇر:
سەپەر قىلسام بۇ دۇنيادىن مۇھەببەت دەر-بەدەر بولغاي.

پەرىلەرنىڭ ساڭا قۇل بولماقىدىن ئۆزگە يوق چارە،
ئەگەرچە قەدلەرى سەرۋى، يۈزى شەمسو قەمەر بولغاي.

ئۇلەر ھەجرى پىراقىڭدىن پەرىزادىم، مەنى ئاخىر،
نە بولغاي بۇ غەرىبى ئاجىزىڭغە بىر نەزەر بولغاي.

سىنىڭ ئىشقىڭ ئۇتىدەك بولمىغايمەن بىقەرار ھەرگىز،
ئەگەر دەۋزەخ ئۇتىدەك ئىچمە يۈز مىڭ شەرەر بولغاي.

بۇ ئۇمرۇڭگە، قەلەندەر، ئىئتىبادى قىلماغىل ھەرگىز،
كېچە ھەرنىچەكىم بولسۇن ئۇزۇن، ئاخىر سەھەر بولغاي.

## قوشۇمچە: لۇغەت

| | |
|---|---|
| ئارەز | يۈز، بەت، چىراي. |
| ئەنۋەر | ئەڭ نۇرلۇق، ئەڭ نۇرانە. |
| ئەكبەر | ئەڭ ئۇلۇغ، ئەڭ چوڭ. |
| ئەتۋار | پېئىل - ھەركەتلەر، يوسۇنلار. |
| ئەر | ئەگەر (ئەگەرنىڭ قىسقارتىلمىسى). |
| ئەر ـ ئەر | چىنار. |
| ئەزم | بىرەر ئىشقا كىرىشىش، سەپەرگە چىقىش، كېتىش. |
| ئەھمەر | قىزىل، قىزىلراق. |
| ئەنجۇمەن | مەجلىس، يىغىن، سورۇن. |
| ئەغيار | ياتلار، غەيرىلەر، بىگانىلار. |
| ئەلىل | كېسەل. |
| ئەپسەر | تاج، ئالى مەرتىۋە. |
| ئەفزا | بەرگۈچى، بەخش ئەتكۈچى مەنىسىدە. |

ئەفىف　پاك، پاكىزە.

ئەدەد　سان، ھساپ.

ئىئتىماد　ئىشىنىش، تايىنىش.

ئىتاپ　غەزەپ، تاپا ـ تەنە.

ئىبا　تارتىنىش، كونىمەسلىك، ئۇيىلىش.

ئىھساس　ھىس قىلىش.

ئىرشاد　توغرا يول كورسىتىش، يوللانما بېرىش.

ئىززۇجا　ئىززەتلىك مەرتىۋە، ئالى مەنسەپ.

ئىستىغنا　ئېھتىياجسىزلىق، تارتىنىش، ناز، تۈزۈت.

ئىشتىغال　شۇغۇللىنىش، مەشغۇلات.

ئىقتىباس　ئارىيەت ئېلىش، كوچۈرۈۋېلىش، ئوخشىتىش.

ئورۇج　يۈكسىلىش، كوككە چىقىش.

ئولۋى　يۈكسەك، يۇقىرى.

باب　باپ، ئىشىك.

بادە　مەي، شاراپ.

بارات　بارات ئېيى، شاتلىق مەزگىلى، ئازاتلىق خېتى.

بائىس　سەۋەپ، سەۋەپچى.

باۋەر　ئىشەنچ، قوبۇل قىلماق.

بەر　قۇرۇقلۇق.

بەھر　چوڭ دەريا، دېڭىز.

بەرگ　ياپراق، مىۋە، بەرگۇ نەۋا ـ پايدا، بەھرە.

بەيئى شەرا　ئېلىش ـ بېرىش، مۇناسىۋەت.

بەريان

| | |
|---|---|
| بىداد | جەۋرى، زۇلۇم. |
| بىسەرۇ سامان ھېچكىمى يوق، ھېچنىمىسى يوق. | |
| بۇرۇج | بۇرج، قەدىمقى ئاسترونومىيىدە يىللىق ھەركەت دائىرىسىدىكى ئون ئىككى نۇقتىنىڭ ھەر بىرى. |
| تابان | يورۇق، پارلاق. |
| تەۋسەن | شوخ ئات، ئويناق ئات. |
| تەردار | ئوغرى. |
| تەۋسئ | كەڭ، كەڭلىك. |
| تىفل | كىچىك بالا. |
| توبى | جەننەتتىكى گۈزەل دەرەخ. |
| تۇررە | كاكول، ئورۇلمە چاچ، چاچنىڭ بۇدرەلىگى. |
| تۇرپە | يېڭى، قىزىق، ئاجايىپ. |
| جابىر | جەۋرى سالغۇچى، زالىم. |
| جانپىزا | جانغا راھەت بەرگۈچى. |
| جەلىل | ئۇلۇغ. |
| جەيھون | دەريا، ئامو دەرياسىنىڭ قەدىمقى نامى. |
| خار | تىكەن. |
| خالىق | ياراتقۇچى. |
| خەلىل | دوست، ئىبراھىم پەيغەمبەر. |
| خىرامان | چىرايلىق مېڭىش، نازلىق يۇرۇش. |
| خورشىد | قۇياش. |
| خۇرۇج | چىقىش، قارشى باش كوتىرىش، ھۇجۇم. |

خوب        ياخشى، چىرايلىق، گۈزەل، ماقۇل.
خولد بەرىن جەننەت.

دال        "د" ھەرپىنىڭ نامى، ئېگىلگەن دىگەن مەنىسىمۇ بار.
دام        تۇزاق، قىلتاق.
دانىش     بىلىش، مەلۇمات، دانىشمەن-بىلىم ئەھلى.
داد        ئىنساپ، ئادالەت، شىكايەت.
دادخاھ    ئادالەت تەلەپ قىلغۇچى، ئادالەتپەرۋەر.
دۇرۇج     قىممەتلىك تاشلار سىلىنغان ئىسىل قۇتا.
دۇررى مەكنون يوشۇرۇلغاندۇر، ساقلانغان گوھەر.
دەرا       قوڭغۇراق.
دەھر       زامان، دۇنيا.
دىيدە      كوز
دىلپىگار  كوڭلى زەخىملەنگەن.
دون        پەس، رەزىل.

رەھىم     كونىرىغان، چىرىگەن.
رەز        تەك، ئۇزۇم.
رەخشان    يالتىراق، پارلاق.

زاھىد      سوپى، تەركى دۇنيا.
زەرىف      نازۇك، زىرەك.
زىرى دەست ئاستىدا قالماق، مەغلۇپ، مەھكۇم بولماق.
زوھد        سوپىلىق، تەركى دۇنيالىق.

سابىر    سەۋرچان، چىدامىلىق.
ساغەر    قەدەھ.
ساھىر    سېھىرگەر، جادىگەر، ئاجايىپ سەنئەتكار.
سەئىد    سائادەتلىك، بەختىيار.
سەيد    ئوۋ، ئوۋ قىلىش.
سەيياد    ئوۋچى.
سەرۋ    تۈز ئۆسىدىغان گۈزەل دەرەخ.
سەلىم    سالامەت، ساغلام.
سەگ    ئىت.
سىيمبەر    كۈمۈش تەن، ئاق بەدەن.
سۇرۇج    چىراق، نۇر.

شەرار، شەرەر    ئۇچقۇن، يالقۇن.
شەرىف    شەرەپلىك، ئەزىز.
شەھد    ھەسەل.
شەمايىل    شەكىل، كورۇنۇش، سۇرەن.
شەقى    بەختسىز، يارىماس، يامان.
شەقاۋەت    بەختسىزلىك، يامانلىق.
شىكرە    شىكايەت.

قاسىر    كەمچىل، ئاجىز، قىسقا.
قاھىر    غەزەپلىك، غالىپ.
قەبائىل    قەبىلىلەر.
قەبا    ئۇزۇن سىرتقى كىيىم.
قەلىل    ئاز، كەم.

| | |
|---|---|
| كەم | مەقسەت، ئۈستەك، بەھرە. |
| كامران | مەقسەدىگە يەتكەن، بەختىيار، ھوكۇمران. |
| كەبكى | كەكلىك، كەبكى دەرى — تاغ كەكلىگى. |
| كەجرەفتار | تەتۈر ماڭغۇچى، مەككار، پەلەك. |
| كەشف | تاشپاقا. |
| كوھكەن | تاغ قازغۇچى، پەرھات. |
| كەمەند | ئاغامچا، سىرتماق. |
| كەلىم | سۆزلىگۈچى، ھەمسۆھبەت، مۇسا پەيغەمبەر، |
| كىشۋەر | مەملىكەت، يۇرت، ۋىلايەت. |
| گەزەند | ئاپەت، زەرەر، مۇسىبەت. |
| گىريە | تۆگۆن. |
| گىريان | يىغلىغۇچى، ياش، يىغلىغان ھالدا. |
| گۈلپام | گۈل رەڭلىك. |
| گۈلرۇخ | گۈل يۈزلۈك. |
| گوشە | بۇرجەك، خىلۋەت، خالى جاي، ياقا. |
| گۇپتار | سۆز، سۆزلەش، سۆھبەت. |
| گۈلگۈن | گۈل رەڭلىك. |
| لەتىف | گۈزەل، مۇلايىم، يېقىملىق. |
| ماھ | ئاي. |
| مەئۋا | ئورۇن، تۇرار جاي، پانا جاي. |
| مەسكەن | ماكان، ئورۇن. |
| مەقبۇل | ماقۇل كۆرۈلگەن، لايىق. |

پايبەند
پىرەھەن
پەزائىل پەزىلەتلەر.

فەر پارلاقلىق، ھەشەمەت، بېزەك.
فۇزۇن ئارتۇق، ئوشۇق، زىيادە.
پۇر كوپ، تولا.

مەدىد سوزۇلغان، ئۇزاق.
مەقدەم بىرەر جايدىن قايتىش، قەدەم قويۇش.
قەدەم قويۇلغان جاي ۋە پەيت.
مەجمەئ توپلىنىدىغان جاي، يىغىن، توپ.
مەۋزۇن ئولچەنگەن، پىچىپ قويغاندەك، سومباتلىق.
مىھر قۇياش، ئاپتاپ، ئىشق، سۆيگۈ، رەھىم.
مۇستەئىد ئىستىداتلىق.
مۇستەمەند غەمكىن، باغلانغان، بىچارە.
مۇپىد پايدىلىق.

نەۋىد خۇش خەۋەر.
نەھىس نەس، پىشكەللىك، يۇلتۇز (مارس).
نىگەھبان كۆزەتكۈچى، قاراۋۇل، پايلاقچى.
ۋارەستە قۇتۇلغان، ئازات.
ۋەرەئ مەنئى قىلىنغان ئىشلاردىن ئۆزىنى تارتىش،
پەرھىزكارلىق، تەقۋا.

ھامون بىپايان دالا، سەھرا.

ھەراس قورقۇش.

ھەرىف مۇقابىل، تەڭداش، شېرىك، ئۇلپەت.

ھىجاب پەردە، ئۇيىلىش.

ھەبىب دوست، سۆيۈملۈك.

ھەمد ماختاش.

ھىرمان مەھرۇملۇق، ئۈمىتسىزلىك.

يەۋمىننوشۇر قايتا تىرىلىش كۈنى.



# دىۋانى مەھزۇن

نەشرگە تەييارلىغۇچى: **ئابدۇرەشىت ئىسلام**

نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن:

ئۇيغۇر شائىرى مەھزۇن XVIII ئەسىرنىڭ يۇقۇرقى يېرىمىدا خوتەننىڭ ئېلچى ناھىيىسىدە دۇنياغا كەلگەن، شائىر مەھزۇن ئوسمۇرلۇك، ياشلىق دەۋرلىرىنى ئىلىم تەھسىل قىلىشقا بېغىشلاپ مەھەللە مەكتەپلىرىدە ۋە يۇقۇرى سەۋىيىلىك بىلىم يۇرتى مەدرىسىلەردە ئوقۇغان، ئۇ — ئىلىم تەھسىلىنى پۇتتۇرگەندىن كېيىن ئالتە شەھەر (جەنۇبىي شىنجاڭ رايونى)نى ساياھەت قىلىپ جەمىيەتنى ئۇگەنگەن. ئۇ، شۇ دەۋرگە نىسبەتەن ئىلغار پىكىرلىك ۋەتەنپەرۋەر شائىردۇر.

مەھزۇننىڭ ئەسلى ئىسمى ۋە تەپسىلى تەرجىمىھالى — ھايات پائالىيەتلىرى ھەققىدە ھازىرچە ئېنىق ماتىرىيال يوق. چۇنكى ئۇنىڭ ھازىر قولىمىزدا مەۋجۇت قوليازما ئەسىرى «دىۋانى مەھزۇن»نىڭ باش ۋە ئاخىرى زايا بولۇپ كەتكەنلىكتىن ئۇنىڭ تەپسىلى تەرجىمىھالىنى بىلەلمىدۇق.

پەقەت شائىرنىڭ شېئىر مىسرالىرىدا ئۇنىڭ خوتەنلىك ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ ساياھەتتە يۈرگەن چاغلىرىدا ئۆز يۇرتى خوتەننى سېغىنىپ:

مېنى مەھزۇن نېتاي بۇ غۇربەت ئىچرە،
خوتەن مۈلكى مېنىڭ ئېردى دىيارىم.

دەيدۇ، يەنە شائىر مەھزۇن ياشىغان دەۋردىكى خوتەن جەمئىيىتىدىكى مەمۇرى ئەمەلدارلارنىڭ خەلققە زۇلۇم قىلىشانلىقىنى ئەيىپلەپ:

شاقاۋۇل① يوق ئىدى بۇرنا② خوتەندە،
ئەجايىپ دىلجەم ئەردۇك ئۆز ۋەتەندە،
كى بولدى ئابدۇغاپپارى شاقاۋۇل،
ۋەتەندە تىنغالى قويمايدۇرۇر ئول.

دەيدۇ. شائىرنىڭ ياشىغان دەۋرىگە ئائىت ئەسەرنىڭ مەۋجۇت بەتلىرىدە ئېنىق مەلۇمات بولمىسىمۇ، شائىر مەھزۇن بۇ شېئىرىدا XVII ئەسىردە خوتەندە ھايات كەچۈرگەن مەشھۇر كىشىلەردىن «خوجە ئىسھاق③»قا دۇئاۋۇ مەدھىيە بايان قىلىپ:

---

① شاقاۋۇل (شاغاۋۇل) ۋالى.
② بۇرنا — بۇرۇنقى زاماندا.
③ بۇ يەردە بايان قىلغان خوجە ئىسھاق يەركەندىكى خوجە ئىسھاقتىن باشقا بىر كىشى.

دۇرۇدى بى ناھايەت مۇستاپاغە،
يەنە ئەۋلادى، ئەسھابى ساپاغە.
خۇسۇسەن خۋاجەئى ئىسھاق ۋەلى غە①،
مەيى ۋەھدەتنى ئىچكەن پۇردىلى②.

دەيدۇ. شائىر بۇ شېئىردا بايان قىلغان خوجە ئىسھاقنىڭ XVII ئەسىردە خوتەندە ھايات كەچۈرگەنلىكى باشقا تارىخىي ھۆججەتلەردە مەلۇمات بار.

يۇقۇرقى مىسرالاردىن شائىر مەھزۇننىڭ ئانا ۋەتىنى خوتەن ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرسەك ئۇنىڭ XVIII ئەسىرنىڭ يۇقۇرقى يېرىمىدا دۇنياغا كەلگەنلىكىنى پەرەز قىلالايمىز.

شائىر مەھزۇننىڭ ئەسىرى «دىۋانى مەھزۇن»نىڭ ئىلمىي، ئەدەبىي، بەدىي جەھەتلىرىگە كەلسەك ئاشۇ دەۋردە يېزىلغان بەزى ئەسەرلەرگە نىسبەتەن ئۇسلۇبى ئاممىباپ، تىلى راۋان — يېنىك، لىرىك تەرىزدە يېزىلغان، تىل - ئەدەبىيات تەتقىقات خىزمىتىمىزدە پايدىلىنىشقا ئەرزىيدىغان قىممىتى بار.

يەنە بۇ ئەسەردە ئۇيغۇر تىلىنىڭ يېقىنقى زامان تىلىنىڭ خوتەن رايونىغا خاس ئالاھىدە شۇۋىلىرىمۇ خېلى كوپ.

شائىر مەھزۇننىڭ قىسقىچە تەرجىمھالىنى تونۇشتۇرۇش بىلەن ئۇنىڭ ئەسىرى «دىۋانى مەھزۇن»دىن پارچىلارنى بەردۇق.

---

① ۋەلى — ئەۋلىيا.
② پۇردىل — يۈرەكلىك - جاسارەتلىك.

## غەزەل I

# كېسلگەن باشىم ئۈزرە يۈز يارا

ئىشق تىغىدىن كېسلگەن باشىم ئۈزرە يۈز يارا،
ئۇل يارادا خەيلى غەم① ئەيلار چىبىندەك ماجەرا،
ھىجىر② سەممى③ بىرلە ۋەسىل④ ئۈقمىدى دىن بولدۇم ھالاك،
گاھى⑤ گىريان⑥، گاھى خەندان⑦ تەلبە يەڭلىغ ئىشق ئارا.
ئي رەھىم⑧ ئۇل قۇياشىمدىن جۇدا گەر قىلماساڭ،
ئەيلادىڭ ئي چەرخ⑨ نىچۇن⑩ روزگارىم⑪نى قارا،
ھىجىر زۇلمى بىرلە بۇزدى كەتتى ئەقلۇ، ھۇش، سەبىر،
چەكمە بۇ مىھنەتنى بى ۋەجھە ئي كوڭۇل سەن ھەم يارا،

---

① خەيلى غەم — قايغۇ - ھەسرەت گۇرۇھى.
② ھىجىر — ئايرىلىش - جۇدالىق.
③ سەممى — زەھەرى.
④ ۋەسىل — ئارزۇ - ئارمان، سۈيگۈنىڭ ھۇزۇرى، جامالىغە ئېرىشىش.
⑤ گاھى — بەزىدە - بەزى چاغدا.
⑥ گىريان — يىغلىغۇچى.
⑦ خەندان — كۈلگۈچى.
⑧ ئي رەھىم — ئەي رەھىم قىلغۇچى، كويۈنگۈچى.
⑨ چەرخ — پەلەك، تەقدىر، زامان.
⑩ نىچۇن — نىمە ئۈچۈن.
⑪ روزگارىم — تۇرمۇش - ھاياتىم.

ئى سابا① بارساڭ ئاڭا دۇشمەندەك ئەيلاپ ئېھتىيات،
رازى پىنھانىم②نى ئەيتۇر چاغدا ھەريانغا قارا،
ئۆزگا بولماس رىزق③ ئەزەل تەقسىمدىن ئەيلەب سەبەب،
ساكىن ئول④ ئەنباردەك، يا ئاسيا⑤ دەك ئالدىرا.
مەھزۇنا⑥ ھەرگىز جاھان بەزمىگا مەغرۇر ئولماكىم،
ئوتكارۇر ھەر كۇن سىنىڭدەك يوزنى بۇ مىھنەت سەرا⑦.

## غەزەل II

### ئي سابا كەلتۇرمادىڭ بىر نامە يارىمدىن ماڭا

ئـي سابا كەلتۇرمادىڭ بىر نامە يارىمدىن ماڭا،
يەنى قاشى، قەددى، يۈزى خوش نىگارىمدىن⑧ ماڭا.
شاد ئىرەرمەن جارۇ كوڭلۇم بىرلە بەرسەڭ مۇژدە⑨ ئى،
رازدارىم⑩، مېھرىبانىم، غەمگۇسارىم⑪دىن ماڭا،

---

① سابا — سەھەر ۋاقتىدا تاڭ ئالدىدا چىققان شامال.
② رازى پىنھانىم — يوشۇرۇن سوزلىرىم، ئۇمىت، ئارمانىم.
③ رىزق — ھەر بىر كىشىنىڭ ھاياتىدىكى ئوزۇق ـ نەسىۋەسى.
④ ساكىن ئول — جىم ـ شۇك تۇر.
⑤ ئاسيا — تۇگمەن.
⑥ مەھزۇنا — ئەي مەھزۇن (شائىر ئوزىگە خىتاپ قىلىدۇ)
⑦ سەرا — ساراي.
⑧ نىگارىم — سۇيگىنىم.
⑨ مۇژدە — خۇش خەۋەر.
⑩ رازدارىم — سىردىشىم، مۇڭدىشىم.
⑪ غەمگۇسارىم — غەمخورۇم، كويۇنگۇچىم.

كويى① تۈپراغىن كوزۈمگا سۈرمەدەك يەتكۈرماساڭ،
ئىرە② دۇر ئالەم قارارغان روزگارىمدىن ماڭا،
بۇ غېرىبلىق شەھرىدە ئۆلگان كوڭۈل تاپماس ھايات،
ناگىھان ئىسسە③ نەسىمى④ ئوز دىيارىمدىن⑤ ماڭا،
جاننى ئانىسىز⑥ نەيلايىن، جان نەيلاسۇن مەن خەستە⑦نى،
ھەر نەپەستە يۈز مالالەت⑧ جانى زارىم⑨ دىن ماڭا،
تەلبەلىكتىن كەتتى كوڭلۈم ھىجىر دەردىدىن قاچىپ،
ھېچ خەبەر كەلمەيدۇر ئول دىۋانەۋارىم⑩ دىن ماڭا،
ئاشىق ئولغان چاغدا ئۈرتاب ئانى بەرباد⑪ ئەيلادىم،
قىلمائى ناسىھ⑫، تەكەللۇم⑬ يوقۇ - بارىمدىن ماڭا.
مەي قۇياش بىرلە يارۇت رەھىم ئېتىپ ئى ساقىيا⑭،

---

① كويى — يولى، كوچىسى.
② ئىرە — قاراڭغۇ.
③ ناگىھان ئىسسە — تۇيۇقسىز، تاسادىپى خەۋەر يۈرۈگى كەلسە.
④ نەسىمى — خوش ئەسلىك پۈرۈغى.
⑤ دىيارىم — يۇرتۇم، ۋەتىنىم.
⑥ ئانىسىز — ئۇنىڭسىز (ۋەتىنىمسىز جاننى نىمە قىلاي؟)
⑦ خەستە — بىچارە، يارىلىق، ئاغرىق.
⑧ مالالەت — كوڭۇلسىزلىك، قايغۇ.
⑨ جانى زارىم — زارلانغان جېنىم.
⑩ دىۋانەۋارىم — ساراڭلارچە بىپەرۋا مەشۇقۇم.
⑪ بەرباد — توزۇتۇۋېتىش، يوق قىلىۋېتىش.
⑫ ناسىھ — نەسىھەت قىلغۇچى.
⑬ تەكەللۇم — سوز، سوزلەش.
⑭ ئى ساقىيا — ئەي مەي - شەرۋەت قۇيغۇچى.

قىر كۈن① بولدى جاھان رەنجى خومارىمدىن ماڭا،
بولما مەھزۇن ئىشق ئارا دەردۇ بالاغە سەبرى قىل،
بۇ بالاغە ئۇچرىماق يوق ئىختىيارىمدىن ماڭا.

## III غەزەل

### ئۈز (گۈزەل - چىرايلىق)

ھېچ نىمەرسە يوقتۇرۇر ئالەم ئارا جاناندىن ئۈز،
جاننى ھەم ئۈزدەرلار ئەمما جان ئىماستۇر ئاندىن ئۈز.
خەتتى - خالى② بەندەسى بولغان جەھەتتىن تاڭ ئىماس،
گۈلشەن③ ئىچرە رەڭگى بويى بولماسا رەيھاندىن ئۈز،
ئاغزىنى ئىستاب ئەدەم④ يولىدا كوڭلۈم بولدى خاك⑤،
دەھىر باغدا ئاچىلغان غۇنچە ئى خەندان⑥دىن ئۈز،
جىلۋە قىلغان چاغدا ئول گۈل قامىتىن⑦ بىر كورمادىڭ،
باغ ئارا ئەمدىكى دىدىلىڭ يوق غۇنچە ئى لەبزاردىن ئۈز،
نەقد⑧ تاپماي بەرگىلى قەللاش⑨ لىقتىن مەي تىلاپ،

---

① قىر كۈن — قاراڭغۇ، تۇمانلىق كۈن.
② خەتتى - خالى — مەھبۇب، گۈزەل يۈزىدىكى مەڭ.
③ گۈلشەن — گۈللۈك باغ - بوستان.
④ ئەدەم — يوقلۇق، يوقلىش.
⑤ دەھىر — زامان، جاھان.
⑥ غۇنچە ئى خەندان — ئېچىلىپ، كۈلۈپ تۇرغان غۇنچە.
⑦ قامىتىن — بوي - تۇرقى (پىگورى)
⑧ نەقد — پۇل.
⑨ قەللاش — يوقسۇل، كەمبەغەل.

دەير① ئارا گادالىق پادىشا بولغاندىن ئۈز.
سەلتەنەت② تەختى ھەمە ئۇششاق③لارغە دەھر ئارا،
كىشۋەرى ④ ئىشق ئىچرە ئەرمەس ⑤ گوشەئى⑥ زىندان-
دىن ئۈز،

ھىجرىدىن ۋەسلى⑦غە مەھزۇن تاپقالى ھەر كىچە يول،
ئىتلارى باسقان ئىزى پەرۋىن ⑧ بىلە چولپان⑨دىن ئۈز.

## غەزەل IV

### نەچارە ئي كوڭۇل ھەر كۈن يىتار دەردۇ بالا بىزگا

نە چارە ئي كوڭۇل ھەر كۈن يىتار دەردۇ بالا بىزگا،
جاپادىن ئۆزگە ھىچ ئىش يازمادى كىلكى قازا⑩ بىزگا،

---

① دەير — بۇتخانا ـ مەيخانا.
② سەلتەنەت — پادشالىق ـ ھوكۇمرانلىق.
③ ئۇششاق — ئاشىقلار.
④ كىشۋەر — مەملىكەت، دولەت.
⑤ ئەرمەس — ئەمەس.
⑥ گوشەئى زىندان — زىنداننىڭ بۇلۇڭى.
⑦ ھىجرىدىن ۋەسلى — ئايرىلىشتىن بىرلىششكە، يار جامالىغە ئېرىششكە.
⑧ پەرۋىن — ھۆكەر يۇلتۇزى.
⑨ چولپان — تاڭ ئالدىدا شەرق تەرەپتىن چىقىدىغان بىر نۇرلۇق يۇلتۇز.
⑩ كىلكى قازا — تەقدىر، قازانىڭ قەلىمى.

نەسىپ ئەتمىش پەلەك خۇنابە①ئى ھەسرەتنى غەم بىرلە،
كۇزارمۇ بادەئى ئىشرەتنى② ئۇل ھەرگىز راۋا بىزگا.
ئاتاي پەيمانى③دىن ئاۋارە بولدۇك دەرسەن ئي ناسىھ④،
پانا دەيرىدە قىلغان بى ناۋالىخ⑤دۇر ناۋا بىزگا.

تەمەننا⑥دۇر خارابات ئەھلى⑦ ئىچرە خاكسار ئولماق⑧،
كىراكباس دەھر ئەھلىنىڭ⑨ بەزمىدە ئىززۇ-ئەلا⑩ بىزگا،
سىينى بىزدەك قىلىپ، بىزنى سىنىڭدەك قىلسا ھەم تاڭ يوق⑪،
خاتا ئەرمىش مالامەت قىلما-ئى زاھىد⑫ تولا بىزگا،

بەس ئەردى ئاھ ئۇل دارۇلباقا⑬ نىڭ راھىتى بىردەم
نەقىسمەت ئەردى بۇدارۇلپانا⑭دا يۈز جاپا بىزگا.

---

① خۇنابە — قان ئارىلاش زەرداپ سۇ.
② بادەئى ئىشرەت — خوشاللىق شارابى.
③ پەيمان — ئولچەم (ئۇنىڭ پەيمانى توشتى ...)
④ ناسىھ — نەسىھەت قىلغۇچى.
⑤ بى ناۋالىخ — بىچارىلىق، مەھرۇملۇق.
⑥ تەمەننا — ئۈمىت، ئارزۇ، تىلەك.
⑦ خارابات ئەھلى — مەيخانىلاردا ھايات كەچۈرگۈچىلەر.
⑧ خاكسار ئولماق — توپىغا بۇلغانماق، تەركى دۇنيا بولماق.
⑨ دەھر ئەھلى — زامانە ئەھلى.
⑩ ئىززۇ-ئەلا — ئىززەت، يۇقۇرى مەرتىۋە.
⑪ تاڭ يوق — ئەجەپلىنىشكە بولمايدۇ.
⑫ زاھىد — تەركى دۇنيا، سوپى، ئىشان.
⑬ دارۇلباقا — مەڭگۈ ئالەم (ئاخىرەت ئالەمى).
⑭ دارۇلپانا — يوقالغۇچى ئالەم (بۇ ئالەم).

نە ئەيش① ئولغاي ئوتۇپ گۈل پەسلى ئى مەھزۇن بۇ باغ ئىچرە،
بولۇپدۇر ھەر نەپەس يۈز خارى مىھنەت② مۇپتالا③ بىزگا.

## ۷ غەزەل

## يارىم يۈزى كورۈندى

يارىم يۈزى كورۈندى گۈلدەك، كوزۈمدا ئاندا،
قالدىم ھىمىشە ھەيران بۇلبۇل كىبى پىغاندا.
بىر كوردۇمۇ - يۇتۇردۇم ئىستاب جاھاننى كەزدىم،
كوردۇڭمۇ ئي رەپىقلار④ ئۇل گۈلئۇزار⑤ قايدا؟
ئۇل گۈلخانامە يازدىم ھىجرىدا قان ياشىمدىن،
ھالىم كورۈپ كۈلارمۇ قىرتاس⑥ زەئىپىراندا⑦.
تاپسام ھايات ئەجەپ يوق، زۇلپى، قەدى، قاشىدىن،
يوق ئوزگا نەقىش ھەرگىز ئاندىن تەن ئىچرە جاندا.
گۈل غۇنچەسى مەسەللىك⑧ قالغان تىكەن ئىچىدا،
بولغايمۇ ئوت ياشۇرماق خاشاك ئىلە ساماندا⑨.

---

① ئەيش — خوشاللىق، راھەت.
② خارى مىھنەت — زۇلۇم، جەۋر - جاپانىڭ تىكىنى.
③ مۇپتالا — گىرىپتارلىق، تۇتقۇنلۇق، بالاغا يولۇقۇش.
④ رەپىق — ھەمرا، يولداش.
⑤ گۈلئۇزار — مەڭزى، يۈزى گۈلگە ئوخشاش.
⑥ قىرتاس — قەغەز.
⑦ زەئىپىران — زەپەر.
⑧ مەسەللىك — ئوخشاش.
⑨ خاشاك — قۇرۇپ كەتكەن ئوت خەس.

جانۇ - كوڭۇل بولۇپ كۇل پاش ئۇلدى ئىشق ئوتى ۋاي،
غەم خەيلى①دىن كوڭۇلگە يۈز نىش② ھەر زاماندا.
نەجد③ ئىچىدە كېيىكلار بولماس ئىدى مۇساھىب④،
بولسا مېنىڭ جۇنۇنۇم مەجنۇنى ناتاۋاندا⑤.
كەچ! بۇ جاھاندىن ئي جان، جانان بىلە ھەر زامان،
يۇم غەيرىدىن كوزۇڭنى⑥ يارىڭ ئىدۇر قويىاندا.
مەھزۇن يۇگۇرما ھەريان، يار ئىستىبان بولۇپ زار،
ئەيش ئەت⑦ مەي مۇدام ئىچ⑧ يوقتۇر ۋاپا جاھاندا.

## غەزەل VI

## گۈل ياقا چاك ئەيلادى

گۈل ياقا چاك ئەيلادى⑨ رۇخسارى ئالىڭ⑩نى كورۇپ،

① غەم خەيلى — قايغۇ گۇرۇھى.
② نىش — نەشتەر.
③ نەجد — ئەرەپ مەملىكىتى (ھازىرقى سەئۇدى ئەرەبىستانى) نىڭ ھىجاز (مەككە رايونى) بىلەن ئىراق ئوتتۇرىسىدىكى بىر ئېگىزلىك يەر ئىسمى.
④ مۇساھىب — سوھبەتداش، مۇڭداش.
⑤ ناتاۋان — بىچارە، كۈچسىز، ئامالسىز.
⑥ يۇم غەيرىدىن كوزۇڭنى — باشقا كىشىلەردىن كوزۇڭنى يۇم.
⑦ ئەيش ئەت — خوشاللىق قىل.
⑧ مەي مۇدام ئىچ — ھەمىشە مەي ئىچ.
⑨ گۈل ياقا چاك ئەيلادى — گۈل ئېچىلدى.
⑩ رۇخسارى ئالىڭ — ئالتۇن رەڭلىك گۈزەل يۈزۈڭ - جامالىڭ.

سەرۋى ئەر - ئەر① تىترادى نازۇك ناھالىڭ②نى كۆرۈپ.
ياكى ئاي قان يىغلادى ئەرمەس شەپەق③ چەرخ ئۈزرە كىم،
قامەتىڭ خەم④ ئەيلابان مۇشكىن ھىلالىڭنى⑤ كۆرۈپ.
سەير ئېتىپ كۆڭلۈم قۇشى باغلاندى زۇلپۇڭ تارىغە⑥
دانە يەڭلىغ كىم لىبىڭ ئۈستىدە خالىڭنى⑦ كۆرۈپ.
خىزرى سۈيى⑧ بىرلە ئەيسا⑨ ياشۇنۇپ بولدى خىجىل،
لەئلىڭ⑩ ئىچرە ناگىھان⑪ شىرىن زۇلالىڭنى⑫ كۆرۈپ.
ھەر نەپەس جان تۇرماسۇن تەندە سېنى گەر كۆرماسام،
خىزرى ئۆمرىدۇر⑬ ماڭا ئۇل سەنەم جامالىڭنى كۆرۈپ.

---

① سەرۋى ئەر - ئەر — تۈز ئۆسىدىغان سۆۋادان تېرەك.

② نازۇك ناھالىڭ — نازۇك بويلىرىڭ.

③ شەپەق — قۇياش ئولتۇرۇپ كېتىش ئالدىدا ئاسمان گىر-
داۋى (ئۇپۇق) دا كۆرۈنىدىغان قىزىللىق.

④ قامەتىڭ خەم ئەيلادى — بويىڭنى ئەگدى.

⑤ مۇشكىن ھىلالىڭ — ئىپارغا ئوخشاش قارا، يېڭى ئايغا ئوخ-
شاش ئەگمە قاشىڭ.

⑥ زۇلپۇڭ تارىغە — چېچىڭنىڭ تاللىرىغا.

⑦ خالىڭنى — يۈزۈڭدىكى مەڭنى.

⑧ خىزرى سۈيى — ئىچكەن كىشى مەڭگۈ ھايات سۈرىدىغان
"ئابى ھايات".

⑨ ئەيسا — ئەيسا پەيغەمبەر.

⑩ لەئلىڭ — ياقۇتتەك قىزىل لەۋلىرىڭ.

⑪ ناگىھان — تۇيۇقسىز.

⑫ شىرىن زۇلالىڭ — تاتلىق سۆيۈك، (لېۋىڭ).

⑬ خىزرى ئۆمرى — ئابى ھايات ئىچكەنلىكى ئۈچۈن خىزىرى
پەيغەمبەر قىيامەت كۈنىگىچە ئۆمۈر كۆرىدۇ دېگەن سۆزلەر بار.

جەننەتۇل پىردەۋس① ئارا سەن بولماساڭ ئي مەھ جەبىن②
تاڭ ئىماستۇر كەچسام ئاندىن چۇن③ ۋىسالىڭنى كورۇپ.
ئي كوڭۇل كويىدا④ بولدۇك نەچچە يىلدىن ناتاۋان،
رەھمەسى كەلمەسمۇ بىرئاز دەردى ھالىڭنى كورۇپ.
ئەھلى دۇنيانىڭ ئىپاك تونىنى قىلما ئارزۇ،
ئي پەقىر⑤ شۇكۇر ئىيت چۇۋۇلغان ئەسكى شالىڭ⑥نى كورۇپ.
مەھزۇنا مەي ئىستاساڭ سىندۇر كوڭۇلنى بۇ گاداي،
دەيىر پىرى⑦ مەي بىرۇر سىنغان ساپالىڭنى⑧ كورۇپ.

## غەزەل VII

### تۇلگۇن قەدەھنى تۇتقالى بىر گۇلئۇزار خوپ

ھەر كۇن سەھەردە ئىچكالى مەيى نەۋ باھار⑨ خوب،

---

① جەننەتۇل پىردەۋس — دىنىي رىۋايەتلەردىكى جەننەتنىڭ بىرى.

② مەھ جەبىن — پىشانىسى ئايغا ئوخشاش.

③ چۇن — ۋاقتىدا.

④ كويىدا — يولىدا، كوچىسىدا.

⑤ ئي پەقىر — ئەي يوقسۇل.

⑥ ئەسكى شال — يۇگىدىن توقۇلغان قوپال، ئەسكى چاپان.

⑦ دەيىر پىرى — بۇتخانىنىڭ شىيخى.

⑧ سىنغان ساپال — سۇنۇق ساپال تاۋاق.

⑨ مەيى نەۋ باھار — باھارگۇل مەۋسۇمىدىكى شاراپ.

گۈلگۈن قەددىنى تۇتقالى بىر گۈلئۇزار① خوپ.
باغ ئىچرە بەزمى ئەيشۇ - تەرەب② قىلغالى دەمى،
بوستان ئارا ئاقار سۇ بىلە لالەزار③ خوپ.
يۈز - يۈز نەھۇپتە راز④ ئاڭا غەيرىددىن⑤ ناھان⑥،
ھەر زەخمە بىرلە ئايتقالى بىر پەرىستار⑦ خوپ.
بىر گۈل توبىدا قول تۇتۇشۇپ، مەست، مۇڭداشىپ،
يىغلاشقالى كىچىككىنە بىر غەمگۇسار⑧ خوپ.
ھەر كىمسە ۋەسل باغىنى گەر ئارزۇ قىلۇر،
ئىچمەك كىراك سەھەردە مەيى خۇشگۇۋار⑨ خوپ.
ناسىھ ماڭا ئىسلاھ⑩نى دىيە قىل ئىختىيار،
ئىشق ئەھلى مەزھەبى⑪دە ئىماس ئىختىيار خوپ.
مەھزۇن خوتەنگە ئالتە شەھەر⑫ چاھار بانىدىن،
كەچكىل مۇقامى ئەسلى⑬غە يان ئۆز دىيار خوپ.

---

① گۈلئۈزار — قىزىل گۈلدەك چىرايلىق يۈزلۈك.
② ئەيشۇ - تەرەب — خۇشاللىق.
③ لالەزار — لەيلى گۈللۈك چىمەنزار.
④ نەھۇپتەراز — يوشۇرۇن كۆڭۈل سۆزلىرى.
⑤ غەيرىددىن — يات ئادەمدىن.
⑥ ناھان — يوشۇرۇن.
⑦ پەرىستار — ھال سورىغۇچى، مۇڭداشقۇچى.
⑧ غەمگۇسار — غەمخور، كويۇنگۇچى.
⑨ مەيى خۇشگۇۋار — تەسىرلىك، خۇشاللاندۇرغۇچى شاراپ.
⑩ ئىسلاھ — سالاھىيەتكە كەلتۈرۈش، ئۆزگەرتىش.
⑪ مەزھەب — ئېتىقات، مەسلەك.
⑫ ئالتە شەھەر — جەنۇبىي شىنجاڭ رايونى.
⑬ مۇقامى ئەسلى — ئەسلى ئورنى، ئەسلى يۇرت - ماكانى.

# غەزەل VIII

## كۆز تۇتارمەن يار قەبرەمغە بىر ئوق ئاتقايمۇ دەپ

كۆز تۇتارمەن يار قەبرەمغە بىر ئوق ئاتقايمۇ دەپ،
سۇ سېپىپ پەيكانى①دىن ئۇيقۇمدىن ئويغاتقايمۇ دەپ.
يىغلادىم ئۇ شوخ ھالىمغە تەكەللۇم② قىلماغاچ،
كۆزلەردە ئويناغان ياشىمغە سۆز قاتقايمۇ دەپ.
ھەجرى خەيلى خەستە جانى③ قىلىپ بىر كۈن ئەسىر،
يار ئۇمىدىم ئىشق بازارى ئارا ساتقايمۇ دەپ.
ئاھكىم يۈز مەرتەبە قىلدىم ساباغە ئىلتىجا④،
كويى تۇپراقىغا جىسمىم خاكىنى⑤ قاتقايمۇ دەپ.
تۇپراغىم باشىغە سالغان گۈلخەنىم⑥غە ئاغناتىپ،
مۇنتەزىر مەن⑦ ياد ئېتىپ كۈي ئىتلارى ياتقايمۇ دەپ.
بىر ۋەسىيەتتۇر ساڭا ئى دوستلار ئۆليارنىڭ

---

① پەيكان — ئوق - يانىڭ پولات باشىغى،
② تەكەللۇم — سۆز، سۆزلەش.
③ خەستەجان — ئاغرىق، جاراھەتلىك جان.
④ ئىلتىجا — ئىلتىماس قىلىش، يالۋۇرۇش.
⑤ خاكىنى — تۇپرىغىنى.
⑥ تۇپراغىم باشىغە سالغان گۈلخەنىم — مەن ئۆلگەندىن كېيىن قەۋرەم ئۈستىگە ياندۇرۇلغان ئوت.
⑦ مۇنتەزىردىمەن — قاراپ تۇرىمەن، كۆز تۇتىمەن.

كۈيەنى ئايلاندۇرۇپ نەئىشىم①نى توختاتقايمۇ دەپ،
مەھزۇنا بۇ دەردلىخ نەزمىڭنى كوپ پاش ئەتماگىل،
ئوقۇماي پىنھان② قىل، ئەمدى ئېلىنى يىغلاتقايمۇ دەپ.

## IX غەزەل

## كوزۇم ئاقاردى يىغلادىم يولۇڭغا قاراب

كوزۇم ئاقاردى نېچە يىغلادىم يولۇڭغە قاراب،
ياغىن③ تولا ياغىبان تاك ئىماس ئاقارسا ساھاب④.
كوڭۇل يارۇغلىقى سەندىن خۇدا ئۇچۇن ئى مەھ⑤،
كىم ئانى تىرە⑥ قىلىپ ياپما ئارىزىڭ⑦غە نىقاپ⑧.
سەن ئاندا غەيرى بىلەن مەي ئىچارسەن ئى بەدمىھىر⑨،
نېتاي بۇ غەم بىلە مەن مۇندا يۇتمايىن خوناب⑩.

---

① نەئىشىم — نابۇتوم، جىنازام،
② پىنھان قىل — يوشۇرغىل.
③ ياغىن — يامغۇر - يېغىن.
④ ساھاب — بۇلۇت.
⑤ مەھ — ئاي (ئاي يۈزلۈك)،
⑥ تىرە — قارا، قاراڭغۇ.
⑦ ئارىزىڭ — يۈزۈڭ، جامالىڭ.
⑧ نىقاپ — چۈمبەل (پەردە):
⑨ بەدمىھىر — مېھرى يوق، كوڭلى قاتتىق.
⑩ خوناب — قانلىق زەرداپ.

پىراقىڭ ئەيلادى جان يوقۇ - بارىنى تاراج①،
كى ھىجىر خەيلى كوڭۇل مۇلكىن ئەتتى ئانچە خەراب،
ماڭا بىھىشتى ۋىسالىڭ ئىماستۇرۇر مۇمكىن،
قاچانكى چىكايىن ھىجىر دەۋزاخىدا ئازاپ،
بۇ ھىجىر دەردى ماڭا سەندىن ئەردى ئى قاتىل②،
ئىلاج يوقلىغىدىن ئەيلادىم پەلەككە خىتاپ.
ئۇنىڭ كويىدا قولۇڭنى دەپىن ئەيلاگىل زىنھار③،
كويۇپ پىراق ئوتىدا مەھزۇن ئولدى ئى ئەھباپ④.

## غەزەل X

## يولدا بىر مەھۋەشنى كوردۇم

يولدا بىر مەھۋەشنى كوردۇم ئۇزگاچە رەپتارى⑤ بار،
باشىدا گۇلگۇن جەلاسى⑥ ئۇشىندا⑦ زۇننارى⑧ بار،
قەتلى ئام⑨ ئەيلاگا چىقمىش يانىغە باغلاپ قىلىچ،

① تاراج — تالان - تاراج قىلىش.
② قاتىل — ئادەم ئولتۇرگۇچى.
③ زىنھار — ئەلۋەتتە، چوقۇم.
④ ئەھباپ — دوستلار.
⑤ رەپتارى — مېڭىشى.
⑥ گۇلگۇن جەلاسى — گۇللۇك دوپپىسى.
⑦ ئۇشىندا — مۇرىسىدە.
⑧ زۇننار — بويىنغا ئېسىۋالغان زىننەت بۇيۇمى.
⑨ قەتلى ئام — ئومۇمى قىرغىن قىلىش.

ئەڭنىگا كەيگان غەزەبدىن چەكمىنى گۈلنارى① بار.
دەمبەدەم ئۆرتەپ ۋۇجۇدۇم خىرمىنىن② كۈل قىلغالى،
ھەي - ھەي ئول قاتىلنىڭ ئىككى ئاتەشىن رۇخسارى③ بار.
شوخلۇقتىن ئويناشىپ جان ئالسا ھەردەم كوزلارى،
غەم ئىماستۇر جان بىرووردا لەئلى شەككەر يارى④ بار.
بوسە ئىستاب كوزلارىم سوردسام ئاياغىن سۇنمادى،
دىدى ئول بى رەھىم كاپىر ئىشۋە⑤ بىرلە، نازى بار!
ئي مۇسۇلمانلار ھەزەر ئەيلەپ قاچىڭلار ھەر تەرەپ،
دىنىنى غارەت⑥ قىلغالى كوپراك بۇگۇن ئازارى بار.
ئولسە مەندەك ئاجىزۇ - مەھزۇن گادا پەرۋاسى يوق،
بىر قولىدا جام مەي، بىر ئىلگىدا دەستارى⑦ بار.

## غەزەل XI

### نەدەپ ئۆزۈڭگا مېنى ئەۋۋەل ئاشنا قىلاسەن؟

نەدەپ ئۆزۈڭگا مېنى ئەۋۋەل ئاشنا قىلاسەن؟
كى سوڭرا ھىجرى غېمى بىرلە مۇپتالا قىلاسەن.

---

① چەكمىنى گۈلنارى — ئانارگۈل رەڭلىك تاشقى كىيىمى.
② خىرمىنىن — خامىنى.
③ ئاتەشىن رۇخسارى — ئوتلۇق (قىزىل) يۈزى - جامالى.
④ لەئلى شەككەر يارى — شەكەردەك تاتلىق، ياقۇتتەك قىزىل لەۋلىرى.
⑤ ئىشۋە — مەشۇقنىڭ ئاشىقنى ئۆزىگە تارتىش ئۈچۈن قىلغان ناز، ھەركەتلىرى.
⑥ غارەت — تالان - تاراج قىلىش.
⑦ دەستارى — رومىلى.

بۇ ھىجر غەم بىلە جان كوڭۇلگا رەھىم ئەتماي،
پىراق ئوتىغە سالىپ كويدۇرۇپ ئادا قىلاسەن.
ئەسىر، زارۇ مۇساپىر قىلىپ غىرىپلىقدا،
ۋىسالىدىن مىنى مەھرۇم ئېتىپ جۇدا قىلاسەن.
ھېمىشەم باشىم ئىدى دەرگېھىڭدا① ئىت يەڭلىغ،
باشىمغا سەڭگى بەلا② ياغدۇرۇپ جاپا قىلاسەن.
ياپىپ يۈزۈڭگا قارا زۇلپ③نى نىقاپ ئەيلاپ،
كوزۇمگا ئانچە④ جاھان مۇلكىنى قارا قىلاسەن.
بۇ جەۋر بىرلە سىتەم ـ زۇلىم ئىماستۇرۇر ھەرگىز؟
قىلاي دىسەڭ ماڭا يۈز مۇنچە كوپ يەنە قىلاسەن.
ۋىسال ئەگەر تىلاساڭ ھىجرىدىن مالال⑤ ئولماي،
ئوزۇڭگا پەقرى ئىلەئى مەھزۇنا پانا⑥ قىلاسەن.

## غەزەل XII

### گۇل ئىسى ئۆپۈنەت دۇر يارسىز دىماغىمغە

گۇل ئىسى⑦ ئوپۇنەت⑧ دۇر يارسىز دىماغىمغە،

---

① دەرگېھىڭدا — ئورداڭدا، بوسۇغاڭدا.
② سەڭگى بەلا — بالايى ـ ئاپەت تېشى.
③ قارا زۇلپ — قارا ساچ.
④ ئانچە — شۇنچە.
⑤ مالال — كوڭۇلسىزلىك، قايغۇ ـ ھەسرەت.
⑥ پانا — ئۇمىت ـ ئارزۇ، (غايە) گە ئېرىشىش ئۈچۈن ئوز شەخسى ۋۇجۇدىنى يوق قىلىش.
⑦ گۇل ئىسى — گۇلنىڭ پۇرىقى.
⑧ ئوپۇنەت — سېسىق پۇراق.

ئەيلاسام نەزەر خارى سانجىلۇر قاراغىم[1]غە،
گۇلشەن ئىچرە گۇلگۇن مەي[2] تۇتماسا ماڭا ساقى
ئاندا نەغمەئى بۇلبۇل[3] ئەرزىماس قۇلاغىمغە.
دەردىدىن چىقار جانىم، ھىجۇر ئارا يىقىلدىم كىم،
ئەنكە بۇت[4]نىڭ تارى[5] چىرماشىپ ئاياغىمغە.
رەھىم ئېتىپ بۇ ھالىمغە زۇئىپىم[6] ئاڭلاپ ئۇ قاتىل،
جانىم ئالغالى كەلدى، كەلمادى سوراغىمغە.
ئي تەبىب ئىلاج[7] ئەتمە، دەردىمە دەۋا ئەيلەب،
زەھەر تۇئىمنى[8] بەرمىش شەربىتىڭ تەماغىمغە.
پەقرى مەئنىسىن بىلماي ئەيب ئىتارلار ئىل كورگاچ،
ئەسكى شال[9]نى ئەگنىمدا ھەر تەرەپ ياماغىمغە،
خانە مانىم ئورتانسە ۋە نە خۇشتۇر ئي مەھزۇن،
ئىشق بەرقى[10]دىن ناگەھ ـ ئوت توشۇپ ئوتاغىمغە[11].

---

① قاراغىم ــــ كوزۇمنىڭ قارىچۇغى.
② گۇلگۇن مەي ــــ قىزىل گۇل رەڭلىك شاراپ.
③ نەغمەئى بۇلبۇل ــــ بۇلبۇلنىڭ سايرىشى.
④ ئەنكە بۇت ــــ ئومۇچۇك.
⑤ تارى ــــ تورى.
⑥ زۇئىپىم ــــ ئاجىزلىغىم، كۇچسىزلىگىم.
⑦ ئىلاج ــــ داۋالاش چارە ـ تەدبىرلىرى.
⑧ زەھەر تۇئىمى ــــ زەھەرنىڭ تەمى.
⑨ ئەسكى شال ــــ يۇڭدىن توقۇلغان ئاددى ـ قوپال چەكمەن، كونا چاپان.
⑩ ئىشق بەرقى ــــ ئىشق ـ مۇھەببەتنىڭ ئوتلۇق چاقماقلىرى.
⑪ ئوتاغ ــــ ئوي، كەپە.

# غەزەل XIII

## يوق دەھردە مەن كېبى يوقالغان

يوق دەھر①دە مەن كېبى يوقالغان،
مېھنەت زەدە② لىكگا ئوزنى سالغان.
مەجنۇنلۇغ③ ئىلە بولۇپ قەلەندەر،
رىند④ ئەھلىغە دەير ئارا قوشالغان.
ئىشق ئىچرە ۋىسال⑤ بولمايىن ھىچ،
ھىجران چەھى⑥غە توشۇپ قابالغان⑦،
باشىمغە ياغىپ پىراق تاشى،
تاش باشقا تېگىپ ھەمە ئوشالغان⑧.
قەددىم خەم ئولۇب⑨ چىكالمادىم ئاھ،
غەم خەنجىرى باغرىمە قادالغان.
ھىجر ئوقلارىدىن تىنىم ئاق ئويدەك،
كوڭلۇم قۇشىغا قەپەس ياسالغان.

---

① دەھر — زامان، دەۋر.
② مېھنەت زەدە — جاپا - جەۋرگە يولۇققان.
③ مەجنۇنلۇغ — ساراڭلىق.
④ رىند — نومۇسسىز سەرگەردان، شاراپخور.
⑤ ۋىسال — يار جامالىغە، ئارزۇغا ئېرىشىش.
⑥ چەھى — (چاھى) قۇدۇغى، زىندانى.
⑦ قابالغان — قامالغان.
⑧ ئوشالغان — سۇنغان.
⑨ قەددىم خەم ئولۇب — بوي قامىتىم ئېگىلىپ.

مېهنەت يولى ئاچىلىپ فەلەكتىن،
راھەت ئىشىگى ماڭا تاقالغان.
ئىشقىڭدا نەتاك① ساقايماي ئولسام،
بۇ دەردغە كىم داۋا تاپالغان؟
مەھزۇن ئەۋۋەل قوبۇل ئېتىپ ئىشق،
ئوز لەبزى بىلە بەلاغە قالغان.

## غەزەل VI V

### ئالدى كوڭلۈمنى مېنىڭ بىر بۇتى چوكان سىكالەك

ئالدى كوڭلۈمنى مېنىڭ بىر بۇتى② چوكان سىكالەك،
غارىتى دىنىم ئۈچۈن قىلدى پېرىشان سىكالەك.
شەمئەئى بادى سابا③ بىرلەمەگە پۇتراتتى④،
بولدى سەۋداسى⑤بىلە ئەقىل هاراسان⑥سىكالەك.
كورساتىپ بوي ئىلە رەڭ، ئانچە ئۇياتلىق قىلىبان،
مۇشىك⑦زۇلپى ئارا ئەيلادى پىنهان سىكالەك.

---

① نەتاك — ئەجەپ ئەمەس.
② بىر بۇتى — گويا كى ئۇنىڭغا باش ئۇرغۇدەك گۈزەل.
③ سابا — تاك ئالدىدا چىققان سەهەر شامىلى خوش پۇرىغىنى
كەلتۈردى.
④ پۇتراتتى — سىلكىپ پۇراتتى.
⑤ سەۋداسى — ئىشق مۇهەببىتى.
⑥ هاراسان — قورقتى، خەۋپلەندى.
⑦ مۇشىك — ئىپار.

روزگارىم①نى قارا ئەيلادى ئۆلتۈردى مەگەر،
باشىنى سالدى قويى② بولدى پىنھان سىكالەك.
چىقماقىم ھىجىر چەھى③نىڭ تەھى④دىن مۈشكۈل ئىدى،
شۈكرىكىم يەتتى قولۇم ئەيلادى ئاسان سىكالەك.
بۇ جاھان باغى ئارا شاھىد⑤ ئىرۇركىم بۇيى گۈل،
قامەتى سەرۋ، ئاڭا سۇمبۇل پىچان⑥ سىكالەك
مەھزۇنا دەھر⑦ ئەرۇسى⑧ ساچىغا باغلانما،
نابى⑨ ئىلە بىريان ئىرۇر، ساچباغى⑩ بىريان سىكالەك.

(داۋامى بار)

---

① روزگارىم — تۇرمۇش، ھاياتىم.
② قويى — توۋەن قىلدى،
③ چەھى — (چاھى)، زىندانى.
④ تەھى — تېگى.
⑤ شاھىد — مەشۇق - مەھبۇپ.
⑥ ئۇنىڭ بويى سۇۋادان تېرەككە ئوخشاش، قارا رەڭلىك سۇمبۇل (چېچى) ئۇنىڭغا چىرماشقان.
⑦ دەھر — زامان، دەۋر.
⑧ ئەرۇس — كېلىن (قىز).
⑨ نابى — كېلىننىڭ چېچىنىڭ يالتىراپ تۇرغان شولىسى.
⑩ ساچباغى — ئاياللارنىڭ چېچىغا باغلىغان زىننەتلىك بۇيۇملىرى.

# نۇزۇگۇم

## موللا بىلال بىننى موللا يۇسۇپ

**نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەھەممەت تۇرسۇن باھاۋىدىن**

نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن:

قىممەتلىك ئەسەرلىرى بىلەن ئەدەبىيات غەزىنىمىزنى بېيىتقان موللا بىلال بىننى موللا يۇسۇپ XIX ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مەشھۇر نامايەندىلىرىدىن بىرى بولۇپ ھىساپلىنىدۇ.

موللا بىلال 1823- يىلى غۇلجا شەھرىدە كەمبەغەل كاسىپ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلدى. ئۇ ئاتىسى موللا يۇسۇپنىڭ بىۋاستە تەربىيىسى ئاستىدا باشلانغۇچ ساۋاتقا ئېرىشتى. كېيىن بىلال ئاتىسىدىن يېتىم قالدى. ئۇ، ئېغىر تۇرمۇش مۇھىتى ۋە يېتىملىك ئازاۋى ئىچىدە يەنىلا ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرۇپ تولۇق ئىلمىي ساۋاتقا ئىگە بولدى.

بىلال "ئىلكىدە زەر، ئەڭلىدە تون بولمىغان" ھالدا "پەقىر ۋە ھەقىر"لىكتە ھايات كەچۈردى. شۇنىڭغا قارىماي ئۇ ئەرەپ، پارىس تىللىرىنى مۇكەممەل ئۆگىنىپ، شەرق ئەدەبىياتى بىلەن چوڭقۇر تونۇشتى. باي كىلاسسىك مىراسلىرىمىزنى، خەلق

فولكلورىنى ئىجتىھات بىلەن ئۆگەندى. ئىجتىمائى ھاياتىنى تەپەككۇر كوزى بىلەن ھەر تەرەپلىمە كۆزىتىپ، "بەختىيار"لارنى، خارزۇ - زارلارنى كوردى؛ كۈلكە - سازلارنى، "مەھسۇن" ئاۋازلارنى ئىڭشىدى. نەتىجىدە — ئېزىلگەن خەلقنىڭ ئارزۇ - ئۈمىدىنى ياقلاپ 1867 - يىلدىكى ئىجتىمائى - تەڭسىزلىككە قارشى كوتىرىلگەن ئىلى دىخانلار قوزغىلىڭىغا ئىشتىراك قىلدى. بۇ ھال، بىلالنىڭ يالقۇنلۇق رىيالىست بولۇپ يېتىلىشىگە ئالاھىدە تەسىر كورسەتتى.

شائىرنىڭ ئۆمرى جاھالەتلىك زامانىنىڭ تومۇر ئىسكەنجىسىدە — غۇربەتچىلىكتە ئۆتتى. ئەلەم بىلەن نەرە تارتىپ جەڭگە كىرگەن، قەلەم بىلەن شېئرىيەت مۇنبىرىدە زۇلۇم ئۈستىدىن شىكايەت قىلغان بۈيۈك شائىر ۋاپاتىدىن ئالتە يىل بۇرۇن ئىككى كوزىدىن ئايرىلىپ، 1899 - يىلى ياركەنتتە دۇنيادىن ئۆتتى.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ پۈتمەس بۇلىقىدىن سۇ ئىچكەن بىلال ئەدەبىي پائالىيىتىنى كىچىك چېغىدىنلا باشلىغان ئىدى. ئۇنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا يېقىن بولغان «نازىم» نامىدىكى نۇرغۇنلىغان شېئرلىرى بىر ئەسىردىن بۇيان خەلق ناخشىلىرىغا ئايلىنىپ، ھازىرغىچە ئېيتىلىپ كەلمەكتە.

تالانتلىق شائىر موللا بىلالنىڭ «غەزەلىيات» (1851 - يىل) ناملىق شېئرلار توپلىمى، «كىتاب غازات دەرمۇلك چىن» (1875 - يىل) ناملىق تارىخىي داستانى، «چاڭموزا يۈسۈپخان» (1881 - يىل) ناملىق ساتىراسى ۋە «نۇزۇگۇم» (1882 - يىل) ناملىق قىسسىسى ئۇنىڭ ئىجادىي مېھنىتىنىڭ - بۈيۈك سەمەرىلىرىدۇر.

شائىر بۇ قىممەتلىك ئەسەرلىرىدە، ئالىجاناپ ئىنسانىي پەزىلەتلەرنى، چىن مۇھەببەتنى، ساداقەت - سەمىمىيەتنى ۋە ھايات گۈزەللىكلىرىنى قىزغىن كۈيلىدى. ئالدامچىلىق، مۇناپىقلىق، ساختى-

پەزىلەك، زالىملىقنى ساتىرا قامچىسى بىلەن رەھىمسىز قامچىلىدى. شۇنداقلا مەۋجۇت ئىجتىمائىي تۈزۈم كەلتۈرۈپ چىقارغان تەڭسىزلىك ۋە زوراۋانلىقنى چوڭقۇر پاش قىلدى. ئەركىنلىك ۋە ئازاتلىق كۆرەشلىرىنىڭ قەھرىمانلىرىغا قىزغىن مەدھىيە ئوقۇدى.

شۇنى ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، شائىر بىلال شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ گۈزەل تىرادىتسىيىلىرىنى جارى قىلدۇرۇپ، XIX ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى تېما، مەزمۇن، ژانىر جەھەتتىن بەلگىلىك دەرىجىدە بېيىتتى. يەنى، ئەنئەنىۋى رومانتىزمدىن رىياللىققا — خەلق قوزغىلاڭلىرىغا كۆچتى. قوزغىلاڭچىلارنى ئىجابىي قەھرىمان سۈپىتىدە گەۋدىلەندۈرۈپ، خەلقنى ئازاتلىق ۋە ئەركىنلىك ئۈچۈن كۆرەشكە چاقىردى. بۇ ھال ئۇنىڭ «كىتاب غازات دەرمۇلك چىن» ۋە «نۇزۇگۇم» ناملىق ئەسەرلىرىدە روشەن كۆرۈندۇ.

بۇ جەھەتتىن قارىغاندا «نۇزۇگۇم» ناملىق قىسسە بىلال ئىجادىيىتىدىكى خاراكتېرلىق ئەسەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ قىسسىدە، خەلقنىڭ ئازاتلىقى ۋە ئەركىنلىكى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ بارلىقىنى بېغىشلىغان XIX ئەسىردىكى — جاسارەتلىك، ئەركسۆيەر، ۋەتەنپەرۋەر، باتۇر ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ تىپىك ئوبرازىنى ياراتتى.

ئالى ئىنسانى پەزىلەتلەرنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن قىسسىنىڭ باش قەھرىمانى نۇزۇگۇم خەلقنىڭ ئەركىنلىكى ۋە ئازاتلىقى ئۈچۈن كۆرەش قىلىشنى ھەقىقىي بەخت-سائادەت يولى سۈپىتىدە تاللىۋالىدۇ. شۇڭا ئۇ، خەلق قوزغىلاڭلىرىغا ئىشتىراك قىلىدۇ. قوزغىلاڭ باستۇرۇلۇپ، سۈرگۈن قىلىنغاندىن كېيىنمۇ ئەركىنلىك دۈشمەنلىرىگە قارشى ھەر خىل يوللار بىلەن يىگانە ھالدا كۆرەشنى داۋاملاشتۇرىدۇ. بۇ يولدا دۇچ كەلگەن

ھساپسىز جاپا - مۇشەققەتلەرنى چىدام ۋە جاسارەت بىلەن يېڭىدۇ. زۇلۇم ۋە تەڭسىزلىككە قارشى يالقۇنلۇق قوشاقلىرى بىلەن نەرە تارتىپ جاھالەت قوينىدا گۈلخان بولۇپ يانىدۇ. زۇلۇم ھامىلىرىنىڭ بېشىنى خەنجەر بىلەن ئۈزۈپ تاشلاپ، دۈشمەنلەرنى زىلزىلىگە سالىدۇ. قانخور جاللاتلارنىڭ قىلىچى بويىنغا چۈشۈۋاتقان چاغدىمۇ ئۆزىنىڭ ئېپپەت - نومۇسى، غۇرۇر - ئىپتىخارىنى ساقلايدۇ. ئۇ ئەجداتلىرىنىڭ زۇلۇم ئالدىدا تىز پۈكمەيدىغان بۈيۈك ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، شەرەپ بىلەن باتۇرلارچە قۇربان بولىدۇ.

شائىر بىلال ئۆز قىسسىسىنىڭ قەھرىمانى — تاڭنىڭ كۆيچىسى، ئازاتلىق جەڭچىسى نۇزۇگۇمنىڭ شانلىق پائالىيەتلىرىگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، ئۇنىڭغا قىزغىن مەدھىيە ئوقۇيدۇ، ۋاپاتىغا چوڭقۇر تەزىيە بىلدۈرىدۇ. ئەسەرنىڭ خاتىمىسى سۈپىتىدە مەخسۇس بېغىشلىما يېزىپ، "خوتۇن - قىزلارنىڭ شۇنداق پائالىيىتىدىن جەننەتمۇ كامال تاپىدۇ" غانلىغىنى ئالاھىدە قەيت قىلىپ ئۆتىدۇ ۋە نۇزۇگۇمنىڭ "شېھىت ئالىي مۇقامى"غا يېتىشىنى تىلەيدۇ. بۇ ئەسەر ئۇيغۇر تارىخى ۋە ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

بىز تالانتلىق شائىرىمىز موللا بىلال بىننى موللايۈسۈپ «نازىم»نىڭ «نۇزۇگۇم» ناملىق بۇ قىسسىسىنى XIX ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ يالدامىسى سۈپىتىدە كىتاپخانلارنىڭ ھوزۇرىغا تەقدىم قىلىمىز.

مانجۇلار جاھانگىر غوجامنى قەشقەردە تۇتقاندىن كېيىن، ئەرلەرنى ئۆلتۈرۈپ، خوتۇنلارنى ئىلى شەھرىگە گۇناكار قىلىپ ئەۋەتكەندە، نۇزۇگۇم توغرىسىدا چىقارغان ناخشىلار.

داۋانخان خان بولۇپ ئالتە يىل بولغاندا، جاھانگىر غوجام قەشقەرگە كېلىپ سوقۇشۇپ، قەشقەرنى ئۆزىگە تابىئ قىلىپ، ئالتە ئاي سورىغان ئىكەن. ئاندىن كېيىن غۇلجا شەھىرىدىن چىندىگونىكى دىگەن جاڭجۇڭ نۇرغۇن لەشكەر ئېلىپ قەشقەرگە كەلگەن. بىيخۇزا يان دارىن دىگەن جاڭجۇڭلار بىر بولۇپ، جاھانگىر غوجام بىلەن سوقۇشۇپ، جاھانگىر غوجامنى تۇتۇپ داۋانخاننىڭ يېنىغا ئېلىپ كېتىپ، قەشقەردىكى ئەرلەرنى ئۆلتۈرۈپ، خوتۇنلىرىنى غۇلجا شەھرىگە ئېلىپ كېلىپ، ھەر بىر خوتۇننى بىر قالماققا خوتۇن قىلسۇن دەپ تۇتۇپ بەرگەن ئىكەن. ئەمما نۇزۇگۇم دىگەن خوتۇننى ئاكىسى بىلەن بىر قالماققا بەرگەن ئىكەن. نۇزۇگۇم شۇ كۈنى بېشىغا چۈشكەن دەرتلەرنى يادىغا كەلتۈرۈپ بۇ ناخشىنى ئېيتىدۇ.

نۇزۇگۇمنىڭ ئاۋال ئېيتقان ناخشىسى:

توگىلەر ئاغزى قاماقتا،
بىر ئاكام بار قالماقتا.
كاپىر قالماقنىڭ قەستى،
مەن نۇزۇكنى ئالماقتا.

توگىلەر جايى تاغ باشى،
بۇلجارىمىز يار باشى.
شۇ بۇلجارغا يەتكەندە
توختىمايدۇ كوز ياشى.

يالاڭ ئاياق سۇ كەچتىم،
تاغنىڭ سۇيىنى ئىچتىم.

چىدالماي قالماق زۇلمىغا،
ئەزىز جېنىمدىن كەچتىم.

تاغدىن چۈشكەن توت ئاتلىق،
توتەيلىسى بوز ئاتلىق.
توتەيلەننىڭ ئىچىدە
مېنىڭ دادام سۇمباتلىق.

دۇردۇن كىيگەن ئاياققا
تومۇر كىشەن بوش كەلدى.
جېنىم دادام قېشىدىن
بۇ يىللاردا كىم كەلدى؟

ئەلقىسسە، بۇ نۇزۇگۇم ئۆزى موللا ئىكەن. ئۆزى بۇغداي ئۆڭلۈك، قارا كوز، قارا قاش، نازۇك بەدەن بولغان ئۈچۈن قەشقەر خەلقى نۇزۇگۇم دەپ ئات قويغان ئىدى. ئەمما كۈنلەردە بىر كۈن نۇزۇگۇم تاغدىكى بۇلجار قىلىشقان يارنىڭ بېشىغا بارغاندا، ئاكىسى ئابدۇللا غوجا ھەم يار بېشىغا بېرىپ، ھەر ئىككىسى يىغلىشىپ - يىغلىشىپ ھال - ئەھۋالنى ئېيتىشىپ، مەسلىھەت قىلىپ ئاكىسى ئابدۇللا غوجا ئېيتىپدۇركىن: "ئەي، سىڭلىم نۇزۇگۇم، سەن مۇندا تۇرمىغىن، بىر تەرەپكە قېچىپ كەتكىن. ئەگەر قاچمىساڭ، سېنى قالماقلار ئالۇرلەر، تۇققان پەرزەنتلىرىڭ بارچەسى قالماق بولۇر، ئۆزەڭ ھەم قارا كاپىرلاردەك بولۇرسەن"، — دېيدى. نۇزۇگۇم يىغلاپ دېدىكىم: "ئەي، جېنىم ئاكام، مېنىڭ ھەم قاچىدىغان خىيالىم بار ئىدى. ئەمما سەندىن جۇدا بولۇپ، مەن

ئاجىز قانداق قىلۇرمەن دەپ ئىدىم. ئەمدى سىنى خۇدايىمغا تاپ-
شۇردۇم“، — دەپ غۇلجا تەرەپكە قاراپ قېچىپ يۈرۈۋەردى.

قالماقلارنىڭ ئارىسىدا توي-مەرىكە بولۇپ، ھاراق ئى-
چىپ، مەس بولۇپ، ئۈچ كېچە-كۈندۈز تاماشا قىلىشىپ يۈرۈپ،
نۈزۈگۈمنىڭ قاچقىنىنى بىلمىدى. تۆتىنچى كۈنى نۈزۈگۈمنىڭ
قاچقىنىنى بىلىپ، ئاكىسى ئابدۇللا غوجىنى تۇتۇپ، بىر ياغاچقا
تېڭىپ قىينىدى. ئاكىسى: ”مەن قايان كەتكىنىنى بىلمەيمەن“ —
دەپ، ئىقرار بولمىدى.

قالماقلار ھەر تەرەپكە ئات سېلىپ يۈرۈپ ئىزلەپ، تا-
پالماي ئاخىرى يېنىپ كەلدى.

ئەمدى سۆزنى نۈزۈگۈمدىن ئىشىتمەك كېرەك:

نۈزۈگۈم شۇ كېچە چوڭ يۇلتۇزدىن قېچىپ، تاڭ ئاتقاندا
بىر جاڭگالغا كىرىپ، بىر تالنىڭ تۈۋىدە ياتتى. يەنە كەچ بول-
غاندا يۈرۈپ، شۇ بۇ تەرىقىدە كۈندۈز يېتىپ، كېچە يول يۈرۈپ،
دەريا بويىغا كېلىپ، دەريا بويىدا پىچىغى بىلەن قومۇشلارنى
قىيىپ، نەچچە باغ قومۇشلار بىلەن پەيپەزە ياساپتۇ. نۈزۈگۈم
پەيپەزىگە ئولتۇرۇپ، دەريا بىلەن غۇلجا شەھرىنىڭ قىبلە تە-
رىپىدىكى ئالماتۇغا يېتىپ كەلگۈنچە، بىر قالماق نۈزۈگۈمنى كۆ-
رۈپ، قالماقلارغا خەۋەر قىلدىكى: ”بۈگۈن توت كۈن بولدى،
بىر خوتۇن دەريانىڭ ئىچى بىلەن پەيپەزىگە ئولتۇرۇپ، قىبلە
تەرەپكە كەتتى“. قالماقلارنىڭ ئامبىلى ئىشىتىپ، خەتكە بۇ ۋەقە-
نى، يەنى نۈزۈگۈمنىڭ قاچقان خەۋىرىنى يېزىپ، كۆرە شەھرى-
نىڭ ئۇلۇغى جاڭجۇڭغا ئەۋەتتى. جاڭجۇڭ خەتنى ئوقۇپ، سولان-
لارغا بۇيرۇق قىلدىكى: ”ئىزلەپ نۈزۈگۈمنى تېپىڭلار! ھەر قايدا
بولسا تېپىپ، ماڭا كەلتۈرۈڭلار!“ ئىككى يۈز ئاتلىق سولان بىلەن

بۇتەزەنگى دېگەن سولاڭلارنىڭ ئۇلۇغى ئالماتوغا كېلىپ، ئۈچ كۈن قومۇشلۇقنى ئىزلىدى، تاپالمىدى. ئۇ ۋاقىتلاردا ئالماتىدا قومۇش كوپ ئىدى. بىر كىشىنى يۈز كۈن ئىزلەپ ھەم تېخى تاپالماس ئىدى.

نۇزۇگۇمنىڭ قومۇشلۇقتا يۈرۈپ ئېيتقان ئىككىنچى ناخشىسى شۇدۇر:

قومۇش ئارىلاپ كۈن چۈشتى،
يالغۇز بېشىمغا مۈڭ چۈشتى.
مەن نۇزۇگنى تۇتقىلى
سولاڭ كاپىرلار چىقتى.

خۇدا! سالدى بۇ ئىشقا،
بېنى تۇغمىش قېچىشقا.
سولاڭ كاپىر بەك يامان،
ئوت قويمىسۇن قومۇشقا!

كىرسەم قەشقەر يولىغا،
قەشقەر يولى يول بولغاي؛
نۇزۇگ ئاجىز بەندىنى
بىر خۇدايىم ساقلىغاي.

قومۇشلارغا ئوت قويماس،
مەن نۇزۇگنى تاپالماس.
مەن نۇزۇگنى تۇتقاندا
خۇدا ساقلار ئالالماس.

قومۇشلۇققا ئوت قويسا،
قېچىپ كىرەي دەرياغا.
ھەرگىز خوتۇن بولماسمەن
سولان يۈزى قاراغا.

سولانلار نۇزۇگۇمنى تاپالماي، توتىنچى كۈنى قومۇشلۇققا ئوت قويدى. قومۇشلار كويۇشكە تۇتتى. نۇزۇگۇم ئوت تۇتاشمىغان تەرەپكە قاچار ئىدى. ئاخىرى يەنە كېچە بولدى.

نۇزۇگۇم قومۇشلۇقتىن چىقىپ، تاغ تەرەپكە كەتتى. مىڭ مۇشەققەتلەر بىلەن تاڭقا يەتتى. بىر مالچىنىڭكىگە باردى. مالچى سورىدى: "سىز كىم بولدىڭىز ۋە كىمنىڭ قىزى بولۇرسىز ۋە ئېرىڭىزنىڭ ئېتى نىمىدۇر؟" نۇزۇگۇم بېشىغا كەلگەن ئەھۋالاتلارنى مالچىغا ئېيتىپ يىغلىدى. مالچى خوتۇن-باللىرى بىلەن نۇزۇگۇمنىڭ ھالىغا ئىچى ئاغرىپ، تائاملار بېرىپ، نۇزۇگۇمنى تويدۇردى. نۇزۇگۇم ئىككى-ئۈچ كۈن شۇ مالچىنىڭ ئاق ئۆيىدە تۇردى.

كۈندۈزى قارىغايلىققا بېرىپ، خۇش ھاۋا يەرلەردە يۈرۈپ، ئاتىسى يادىغا كېلىپ ئېيتقان نۇزۇگۇمنىڭ ئۈچىنچى ناخشىسى:

مەن قەشقەردىن چىققىلى
چۈشەك سېلىپ ياتقان يوق.
ئاتام قويغان چېچىمغا
تاغاق سېلىپ تارتقان يوق.

جېنىم ئاتامنى كورمەي،
ئولۈپ كېتەر بولدۇممەن.

مەن نۇزۇكتەك ھېچ خوتۇن
يالغۇز چولدە ياتقان يوق.

ئاخىر ئاشكارا بولدۇم،
ياشۇنغالى يەر بارمۇ؟
ماڭا قاتتىق كۈن چۈشتى،
ئېلىپ قاچار ئەر بارمۇ؟

تاغدىن چۈشكەن لاي سۇنى
سۈزۈپ ئىچەر ئەر قېنى؟
مېنى قەشقەر شەھرىگە
ئېلىپ قاچار ئەر قېنى؟

ئەلقىسسە، مەزكۇر ئىككى يۈز سولانلار بىرلە بۇتەزەنگى ۋە يەنە باشقىلار نۇزۇگۇمنى ئىزلەپ، تاققا چىقىدىغان بولۇپ، تاغ تەرەپكە ئاتلاندى. نۇزۇگۇم بۇ خەۋەرنى ئىشتىپ، كېچىلەپ يەنە ئالماتۇ تەرەپكە قېچىپ كېلىۋېتىپ، سولانلارغا ئۇچرىدى. سولانلار تۇتۇۋېلىپ، كۇرە شەھرىگە بېرىپ، نۇزۇگۇمنى جاڭ-جۇڭغا تاپشۇردى. شى سەن دالويەنىڭ خوتۇنى ھەم قەشقەرلىقنىڭ قىزى ئىدى. شۇ خوتۇننىڭ قېشىغا نۇزۇگۇمنى تاپشۇرۇپ بەر-دىكى: "ساڭا خىزمەت قىلسۇن!"— دەپ.

شى سەن دالويەنىڭ قەشقەردىن ئېلىپ كەلگەن خوتۇنى تولا خوشال بولدى. چارەكى بۇ ئىككى خوتۇن قەشقەردە بىر مەھەللىدە ئىدى.

نۇزۇگۇمنىڭ شۇ كۈنلەردە ئېيتقان تۇتىنچى ناخشىسى:

كەپە قىلدىم ياۋانغا،
مانجۇ كەلدى داۋانغا.
ئون ئىككى كۈن بولغاندا
تۇتۇلدۇم بۇ نادانغا.

شى سەن مازا باقشىدۇر،
ئاغىچىسى ياخشىدۇر.
دەرت ئېيتىشىپ يىغلايمىز،
لويە كەتسە ئالۋانغا.

ئاتامنى مەن سېغىندىم،
ئاكامنى مەن سېغىندىم.
تىرىكمىكىن شۇ دادام،
خەۋىرىنى بىلمىدىم.

ئاغامغا يېتەلمەسمەن،
ئاتامنى ھەم كورمەسمەن.
ئاتامنى كورۇپ ئولسەم
ھەرگىز ئارمان قىلماسمەن.

ئاتام مۇندا كېلەرمۇ؟
مېنى ئېلىپ كېتەرمۇ؟
تېچ قەشقەرغە يېتەرمۇ؟
تېچ بارۇرنى بىلمەسمەن.

ئەلقىسسە، شى سەن دالويە نۇزۇگۇمنى سولانغا خوتۇنلۇققا بەرمەكچى بولدى. نۇزۇگۇم دالويەنىڭ خوتۇنىغا يالۋۇرۇپ يىغلىدى ۋە دىدى: "مىنى سولانغا بەرمىسە، مەن سىزنىڭ خىزمىتىڭىزنى ئۆلگۈنچە قىلسام!" دالويەنىڭ ئاغىچىسى شى سەن دالويەگە نۇزۇگۇمنىڭ ئەرزىنى ئېيتتى. شى سەن — موزانىڭ ئاچچىغى كەلدى ۋە "نۇزۇگۇم يۈرەكلىك خوتۇندۇر، سىنى ھەم يامان ئۆگۈتۇر"، دەپ نۇزۇگۇمنى سولانغا تۇتۇپ بەردى. سولان ئۆز يۇرتىغا — "سامۇن"غا ئېلىپ كەتتى. ئۆز رەسمىچە توي قىلىپ، نۇزۇگۇمنى ئالدى.

سولان خوشاللىقتا كوپ هاراق ئىچىپ مەس بولدى. شۇ كېچىسىدە نۇزۇگۇم سولاننى بوغۇزلاپ ئۆلتۈردى. قېچىپ چىقار خىيال قىلىپ، بىرمۇنچە گۈرۈچ، تۇز، بىر مىس قازان، بىر چىنە ئېلىپ، جاڭگاللىغا قېچىپ كىردى. ئەتىسى سولانلار بۇ ئەھۋالاتنى كورۇپ، جاڭجۇڭغا سولاننىڭ ئۆلگىنىنى، نۇزۇگۇمنىڭ قېچىپ كەتكىنىنى مەلۇم قىلدى. جاڭجۇڭ دالويەگە بۇيرۇق قىلدى: "نۇزۇگۇمنى تاپسۇن!" دالويە ئىككى جاڭيى بىلەن يىگىرمە ئوتتۇز يايلارنى: "نۇزۇگۇمنى تېپىڭلار!" — دەپ ئەۋەتتى. بۇ جاڭيىلار، يايلار ئىزلەپ تاپالماس ئىدى.

نۇزۇگۇم شۇ قاچقاندا ئالتە ئاي قېچىپ يۈردى. نۇزۇگۇم جاڭگالدا قېچىپ يۈرۈپ ئېيتقان بەشىنچى ناخشىسى:

ئالتە ئاي ياتتىم خاماندا،
نان پىشۇردۇم ساماندا.
ئاجىز نۇزۇك جاڭگالدا،
ئاتام يۈرەر قاياندا؟

سولان بېرىپ يامۇلغا،
ئەرز قىلىپتۇ جاڭجۇڭغا.
جاڭجۇڭ يايى ئەۋەتتى،
مەندەك ئاجىز خوتۇنغا.

يايى چىقتى تۇتقىلى،
ئەجدەر بولۇپ يۇتقىلى.
ئونبەش يايى كېلىپتۇر
نۇزۇگۇمنى تۇتقىلى.

ھېچكىم مەندەك بولمىسۇن،
بالالارغا قالمىسۇن.
بىزگە كەلگەن جاپالار
ھېچ بەندىگە كەلمىسۇن.

ئالتە ئايدىن يالغۇزمەن،
قەشقەر يولىن بىلمەسمەن.
خۇدا مېنى ساقلىسا،
سولانلارنى كۆرمەسمەن.

ئالماتۇ بولدى جايىم،
بورە، تۇلكە ھەمرايىم.
خۇدانىڭ ھوكمى بىلەن
جاڭگال بولدى ماكانىم.

ئەلقىسسە، يايىلار ئىزلەپ يۈرگەن ھالەتتە نۇزۇگۇم قارنى ئېچىپ، ئاش پىشۇرماق ئۈچۈن ئوت قالىدى. نۇزۇگۇم دەريادىن سۇ كەلتۈرگۈنچە، ئوت مسلىگە تۇتىشىپ، بىر پارچە قومۇشقا ئوت كەتتى. يايىلار ئوتنى كورۇپ، ئات سېلىپ كېلىپ، نۇزۇ-گۇمنى كورۇپ تۇتۇۋالدى.

نۇزۇگۇم يىغلاپ يايىلارغا كوپتىن-كوپ يالۋۇردى. يايىلار نۇزۇگۇمغا رەھىم قىلماي، تۇتۇپ باغلاپ، ئاتقا مىندۇرۇپ، ئاياقلىرىنى ئاتقا تېڭىپ، دالويەنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. دالويە نۇزۇگۇمنى كورۇپ، قولىغا كويزا سالدۇردى، ئايىغىغا ئىشكال سالدۇرۇپ، دوڭ يامۇلغا سالدى.

دالويە نۇزۇگۇمنى تۇتقىنىنى جاڭجۇڭغا مەلۇم قىلدى. جاڭجۇڭ نۇزۇگۇمنىڭ بارچە ۋاقىئاتلىرىنى خەتكە يېزىپ، داۋاڭ-خانغا ئەۋەتتى.

نۇزۇگۇمنىڭ دوڭ يامۇلدا تۇرۇپ ئېيتقان ئالتىنچى ناخشىسى.

مانجۇرلارنىڭ ياڭزىسى،
غۇلاچتا بار غاڭزىسى.
چاقاي دىسەم چېقىلماس
قولۇمدىكى كويزىسى.

خۇدا بەرگەن غۇنچەمنى،
سولان كاپىر ئۈزمىدى.
سولان كاپىر ئۆيىگە
نۇزۇك جۇۋان تۇزمىدى.

ئايغىمىزدا ئىشكال بار،
بويىنىمىزدا تىڭگاگىزە.
ئېلىپ قاچسا نۇزۇكنى
بولسا ياخشى خوخەگىزە.

يامۇلدا بار ئوغرىسى،
ئونبەش غۇلاچ توغرىسى.
كورسەم ئىككى كىگىزدۇر،
سولانلارنىڭ مۇزەسى.

ئەپيۇن قەرگەن سولاننىڭ
توڭغۇز يېغى جوزىسى.
ئوڭ قولىدا دوۋزىسى
سول قولىدا خوۋزىسى.

ئەپيۇن تارتقان جاللاتلار،
دوڭ يامۇلدا تارتىدۇ.
چۇچۇنلۇك - پەنلىك ئويدە،
نۇزۇك جۇۋان ياتىدۇ.

داۋانخاندىن خەت كەلسە،
"نۇزۇگۇمنى چېپىڭ"، — دەپ.
مۇسۇلمانلار ئېيتىدۇ،
شېھىتلىقنى تېپىڭ دەپ.

مويتۇكۇزىدا چاپقاندا،
مەن ئۇ يەردە ئۇلۇرمەن.
موللىلارنىڭ سوزىچە
ئالى شېھىت بولۇرمەن.

ئەلقىسسە، شۇنداق نەقىل قىلۇرلەركىم، نۇزۇگۇمنىڭ توغرىدىسىدىن جاڭجۇڭ داۋانخانىغا خەت بەرگەندىن كېيىن، نۇزۇگۇمنى شى يامۇلغا ئوتكۇزدى. نۇزۇگۇمنى شى يامۇلغا سولاپ، كېچىسىدە توت يايى، كۇندۇزىدە توت يايى ساقلار ئىدى.
نۇزۇگۇمنىڭ شى يامۇلنىڭ ئىچىدە ئېيتقان يەتتىنچى ناخشىسى:

نۇزۇك بېلىڭ باغلاندى،
ئولتۇرگىلى راسلاندى.
يالغۇز غېرىپ نۇزۇگۇم
شى يامۇلغا سولاندى.

—

ئاتام قەشقەردە قالدى،
نۇزۇگۇم دەپ يىغلايدۇ.
يالغۇز مېھرىۋان ئاتام
قالماق ئىچىدە قالدى.

يامۇل ماڭا قىيىندۇر،
ئولۇم ۋاقتى يېقىندۇر.
نۇزۇگۇم يەككە يالغۇز
شى يامۇلغا سولاندى.

كاشكى كورسەم ئاتامنى،
قالماقتىكى ئاغامنى.
كورمەي ئولۇپ كېتەرمەن
قەشقەردىكى ئاتامنى.

مەن كورمىگەن مومامنى،
مېنى تۇققان ئانامنى.
چەمپەن بېرىپ ئولتۇرگەن
ئۈچ ياشتىكى بالامنى.

ئالدىمىزدا جاللاتلار
قىلىچىنى ئوينىتار.
مېنى ئۇشبۇ ئولۇمدىن
قانداق كىشى ئاجرىتار.

بۇ ناخشىلار شۇ نۇزۇگۇمدىن قالغان ناخشىدۇر. تا بۇگۇنگىچە خەلقلەر ئېيتىشۇرلەر.

جاڭجۇڭ خانىغا ئەۋەتكەن خەت خانىغا قىرىق بىر كۇندە يېتىپ بېرىپ، خاندىن ھەم قىرىق بىر كۇندە جاۋاپ خەت كېلىبدۇركى: "بۇ خەت كېچە بارسا، كۇندۇزگە قويماي ئولتۇرسۇن، ئەگەر كۇندۇز بارسا، كېچىگە قويماي ئولتۇرسۇن"، — دەپ. خانغا بارغان خەتنىڭ جاۋاۋى سەكسەن ئىككى كۇندە كەلگەن كۇنى نۇزۇگۇمنى يامۇلدىن ئېلىپ چىقىپ، ھارۋىغا ئولتۇرغۇزۇپ، مويتۇگـزىغا ئېلىپ يۇردى. خالايىقلار پۇج - پۇج، سانجاق - سانجاق بولۇپ مويتۇگزىنىڭ ئەتراپىغا يىغىلدى. نۇزۇگۇمنى ھارۋىدىن

چۈشۈرۈپ، قىبلەرۇ تولتۇرغۇزدى. نۇزۇگۇم شاھادەت ئوقۇپ ئولـتۇردى. بىر جاللات نۇزۇگۇمنىڭ ئالدىدا قىلىچ بىلگەن بولۇپ تۇردى. ئارقىسىدىن بىر جاللات كېلىپ چاپتى. نۇزۇگۇمنىڭ بېشى تېنىدىن جۇدا بولۇپ يەرگە چۈشتى.

ئىككى يۈزچە تۇنگانلار بار ئىدى. باشنى ئېلىپ، تەنگە تىكىپ، نامىزىنى ئوقۇپ، يەرگە دەپنە قىلىپ، خەتمە ـ قۇرئان ئوقۇپ ياندى.

بۇ ۋاقىئاتلار كونا سال ئادەملەرنى موللا بىلال ئىبنى موللا يۇسۇپ نازىم ئۆيىگە چىللاپ كەلتۈرۈپ، تەھقىق بىلە سوراپ، ئاڭلاپ، بىلىپ 1299 ـ يىلدا، روسىيە تارىخىدا 1882 ـ ماھى جۇمادىيەل ئەۋۋەلنىڭ بەشىنچى كۈنى... غۇلجا مەۋزىيىدە تەھـرىر تېپىلدى.

ئېنىگدەك بولسا خواتۇن سالىھى پاك،
بۇ مانجۇرلەر زۇلۇمى ئاڭا نېدۇر باك.
بۇنىگدەك بولسا خۇاتۇنلەر پە ئالى،
تاپار جەننەت بۇ زەن لەردىن كامالى.
نۇزۇگۇم روھىغا ھەق رەھمەت ئەتسۇن،
شېھىت ئالى مۇقامى نۇزرە يەتسۇن.




(تارىخىي ئوچېرك)

## خېۋىر تۆمۈر

### 1

قەشقەر!......

1920 - يىلنىڭ قىشلىقى، ئاسماننى تۇمان قاپلىغان، قۇياش خۇددى پەردە ئارقىسىدا يانغان شامدەك غۇۋا كۆرۈنمەكتە. شەھەرنى قەھرىتان سوغاق قاپلىغان. رەستە كوچىلىرى ئادەت بويىچە ھەر ئەتىگەنلىكى سۈپۈرۈلۈپ تازىلانغاندىن كېيىن قېپىز سۇ چېچىلغانلىقى ئۈچۈن بىر قەۋەت مۇز تۇتقان ئىدى.

ئەنجان رەستىسى ۋە باشقا كوچىلاردىكى ھەرقايسى دۇكاندارلار بەقەسەم تون ياكى چەكمەن چاپانلىرىغا سىپتە ئورۇنۇپ ئولتۇرۇپ، كىچىككىنە سەندەلدىكى يالقۇنجاپ تۇرغان چوغنى سۈنۈپ، تەسۋى تارتقان قوللىرىنى پات - پات ئىسسىتىپ، چىرايلارنى تۈزىتىپ قوياتتى. ئاشپۇزۇللاردىن قويۇق ھور پۇر - قىراپ تۇراتتى. ئاشپەزلەرنىڭ خېرىدار چىللىغان ئاۋازلىرى،

قاسقان ئاچقان ياكى تەخسىگە مانتۇ سالىغان ۋاقىراشلىرى ئاڭ-
لىنىپ تۇراتتى. كوچىدا ئادەم ئوكسىمەي ئۇيان-بۇيان ئۆتۈ-
شۈپ تۇراتتى. تولا ئادەملەر چەكمەن چاپاننى بولۇشىچە چىڭ
يوگەپ ئىڭىكىنى مەيدىسىگە تىقىپ، بىر مۇرىسىنى ئىگىز، بىر
مۇرىسىنى پەس قىلىپ، خۇددى سىڭايان ماڭغاندەك ئىلدام
ئوتۇپ تۇراتتى. بۇرنىدىن پوتلىسى چىقىپ تۇرغان باللارمۇ،
چۇرۇقلىشىپ ئازغىنا غىلىتاك مۇزنى كورسە، شۇ ئانىلا ناھال
قويۇپ تېيىلىپ ئوتۇشەتتى. ئارىلاپ سارايلاردىن ماتا-چەكمەن
تايلىرىنى كوتەرگەن ھامماللار يۈكنىڭ ئېغىرلىقىدىن مۈكچىيىپ
ئاستا قەدەم تاشلاپ ئوتەتتى. ھېلى ئۇ، ھېلى بۇ كولدىن سۇ
ئېلىپ كەلگەن سۇغىچىلار بىرەر تېمىم سۇنىمۇ يەرگە توكمەستىن،
توختىماي ئاشقان ئويلەرگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئۇ كوچىدىن چىقىپ
بۇ كوچىغا ئوتۇپ كېتەتتى. سوغاقتىن دۇغدايمايدىغان، ئۈچىسىغا
بەقەسەم ياكى ئاۋات چەكمىنىدىن تىكىلگەن سىپتە تون، بېشىغا
كەمچەت ياكى قاما تۇماق كىيىدىغان باي ۋە بايۋەچچىلەر شا-
لاڭ كورۇنەتتى. ئومۇمەن ئاددى چەكمەن كىيگەن يېلىڭ-
يۇپۇق ئادەملەر تولا ئىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە چاپاننىڭ پېشىنى
كويدۇرۇپ قويغان، سوغاقتا» چاپاننى چىڭ يوگەپ، قولتۇقىنى
يىرتىپ مازلىرىنى چۇۋۇپ قويغان دۇغدايغۇچىلار تېخىمۇ تولا
ئىدى. كىشلەرنىڭ تولىسى قاسقان تۇماق كىيەتتى. كوك مۇۋۇت
تاشلىق قەشقەر تۇمىقى كىيگەن كىشلەر شالاڭ كورۇنەتتى......

قەشقەر قانداقلا بولمىسۇن نوچا شەھەر ئىدى. قەھرىتان
سوغاقتا قارىماستىن تۇمەن بويلىرىدا، يۇمۇلاق شەھەر كولدە،
تۇرۇمتاي كوللىرىدە ياشلار ناھال قويۇپ مۇز تېيىلىپ ئاجايىپ
پىگور كورسىتىپ ئويۇن قىلاتتى.

قەشقەر ھەۋەسكار شەھەر. ناۋايخانىلاردا، تونۇر بېشىدا جاراڭلىغان راۋاپ سادالىرى قۇلاقنى ياراتتى.

شەھەرنىڭ ھاممام كوچىسىدا بىر توپ جىنى چىلىك، تېخىمۇ نوچى بالىلار بار ئىدى. بۇ بالىلارنىڭ ئۇچىسى يېرىم يالىڭاچ، پۇتلىرى يالاڭغداق ئىدى. بۇلار سوغاقتىن قورقمايتتى. ئەمما ھاممام كۆلخانىسىنى تولاراق چوگىلەيتتى.

"قەشقەردە ياش بالىلا ھاممام ئاستىدا كۆلدە ياتۇرلار"

..........................................................

بۇ مىسرا شېئىر تارىخىي يىللاردىن بۇيان ماتېرىيال سۇ-پىتىدە تىلدىن-تىلغا كوچۇپ ساقلىنىپ كەلمەكتە. بۇ مىسرا تولاراق ھاممام كۆلخانىسىنى ماكان تۇتقان ئاشۇ بالىلارنىڭ ئەمەلىي ھاياتىدىن تىزىلغان تارىخىي مەرۋايىت بولۇشى كېرەك.

بۇ بىر توپ بالىلارنىڭ باش كوزلىرى كۆلگە بۇلغانغان، چاچلىرى پىتلە بولۇپ گەدەنلىرىنى ياپقان، قوللىرى قاسماق، كىرلەشكەن، ئەمما كوزلىرى قۇمچاقتەك ئويناپ تۇرىدىغان جىنى چىلىك بالىلار ئىدى. بۇ بالىلار زېرىكسە، بىر بىرسىنى كۆلگە بېسىشىپ ئويناپتتى. قوساق ئاچقاندا، يۇگۇرۇپ بېرىپ ناۋايخانا، ئاشخانىلاردىن تىلەمچىلىك قىلىپ، تاپقان نەرسىسىنى يەپ قوساق تويغۇزاتتى. كېچىسى ھاممام كۆلخانىسىنى ماكان قىلاتتى. قەھرىتان سوغاقنىڭ يىلاندەك تىللىرى، بۇ بالىلارنىڭ باش-كوزىنى يالايتتى. يىلاندەك سوغاق ھەم زەھەرلىك قامچىسىنى دەل شۇ يېتىملارنىڭ دۈمبىسىدە ئوينىتاتتى. لېكىن بۇ بالىلار بوزەك بولمايتتى. سوغاققا قارشى تەبىي كۆرەش قىلاتتى. ئۇزلىرىنى سوغاقنىڭ قەھرىتان ھوكۇمرانلىغى ئاستىدا يوقىتىپ قويۇشنى خالىمايتتى. شۇنداق بولغىنى ئۇچۇنمۇ بۇ بالىلارنىڭ بەدەنلىرى

چىلق، مەڭزىلىرى تولۇق ۋە قىپ-قىزىل ئىدى. كىشلەر بۇ بالى-لارنى كورگەندە "تـولۇق تىزەكـتەك چىلق بالىلار ئىكەن" دەپ هەيران بولۇپ ئوتۇپ كېتىشەتتى.

شەهەر ئوز هاياتى بىلەن داۋام قىلماقتا. بۇ بالىلارمۇ ئوز يولى بىلەن ياشىماقتا ئىدى. بىر كۇنى بۇ بالىلار كۇلخا-نىدىن چوغ تېپىپ چوغنى قولدىن-قولغا يوتكەپ كىم يىراققا يەتكۈزىدۇ، دېيىشىپ، ئەمىليەتتىمۇ قولىدىكى چوغنى يىراققا يەتكۈزۇش ئۈچۈن يۈگۈرۈشۈپ شوخ ئوينىشىۋاتاتتى. دەل شۇ ۋاقىتتا، ئوتتۇرا بوي، يوغان-ياپۇ، كەڭ يەلكىلىك، چاقماقتەك ئوتكۈر كوزلۈك، كەكە ساقال بىر ئادەم كېلىپ بۇ بالىلارغا ئېچىنىشلىق بىلەن نەزەر تاشلىدى ۋە ئاستا قەدەم بېسىپ يې-تىنلاپ كەلدى.

— ئېزىز بالىلىرىم، قەدىرلىك بالىلىرىم، جېنىم بالىلىرىم! — دەيتتى بۇ كىشى چەكسىز مېهرى بىلەن.

— ئېزىز بالىلىرىم، هالىڭلار ئۇشبۇ كۇنگە قالغانمۇ؟ بېشىڭ-لارنى سىلايدىغان كىشىڭلار يوقمۇ؟

ئوز-ئوزىدىن سوزلەپ كېلىۋاتقان كىشىنى كورگەن بالىلار دەرهال كۇلخانىغا توپلىشىپ، غوۇژمەكلىشىپ، قوۇمچاق كوزلىرىنى پارقىرىتىپ قاراپ ئولتۇرۇشتى. بۇ كىشى ئۇلارغا يېقىنلاپ سورىدى:

— ئەي ئېزىز پەرزەنتلىرىم نىمە ئۈچۈن بۇ كۇلخانىدا ياتىسلەر؟ ماكانىڭلار يوقمۇ؟

— دادا!— دېدى بالىلاردىن بىرسى،— سوغاق دېگەن يامان ئىكەن، كۇلگە كىرىۋالدۇق...... — بالا سوزلەپ بولۇپلا يېنىدىكى بالىلارغا قاراپ تىلىنى چىقاردى.

— توغرا ئېيتتىڭ! — دېدى بۇ كىشى ئېچىنىشلىق ئاهاڭ-

دا، — سوغاق دىگەن بۇ دەھشەتلىك بەرەز ئۇز نەشتىرىنى سىلەردەك ئاچ - يالىڭاچلارنىڭ بەدىنىگە سانچىغاندۇر. ئەمدى شۇنى سورايكى ئاتا - ئاناڭلار، ئوي - ماكانىڭلار يوقمۇ؟

— ئاتا - ئانىمىز بولسا، ئوي - ماكانىمىز بولسا بىزمۇ سەندەلگە چىقىپ كىرىپ يوتقاننى يېپىنىپ ئۇخلايتتۇق!......

— بارىكاللا، تېخىمۇ توغرا جاۋاپ بەردىڭ! بارىكاللا......

بۇ چاغدا يەنە بىر كوچىدىن بىر تىلەمچى ئايال چوچۇرىدەك ئۇچ بالىسىنى ئەگەشتۇرۇپ چىقىپ كەلدى. ھەممىنىڭ دىققىتى شۇ تەرەپكە بۇرالدى.

"پاتىمەمنىڭ كوڭلەگى،
سەكسەن يەردىن ياماقى.....
.........................

بۇ كىشى ئايالغا ۋە ئۇنىڭ باللىرىغا قاراپ:

— سىڭلىم!......باللىرىڭىز بەك يوپۇڭكەن. سوغاقتا توڭلاپ قالمىسۇن! — دەپ ئايالغا يېقىنلاپ باللارنىڭ بېشىنى سىلىدى، ۋە:

— بولماپتۇ، بولماپتۇ!......مۇنداق قىلايلى! يۇرۇڭلار ھەممەڭلار مېنىڭ ئويۇمگە بېرىڭلار! ماڭا مېھمان بولۇڭلار! سىلەرگە ئوت سىندۇرۇپ ئىسىتاي، تاماق بېرىپ تويۇندۇراي، شۇنداق قىلساق بولامدۇ.

قولىغا ئاڭلانغان بۇ گەپلەرنىڭ راست ياكى يالغان ئىكەنلىگىدىن گۇمانلانغان باللار بىر بىرىگە قارىشىپ جىم تۇرۇشاتتى. بۇ كىشى ئەھۋالنى چۇشىنىپ:

— راست سوز، مەن بىلەن يۇرۇڭلار، ئۆزەم باشلاپ بېرىپ مېھمان قىلاي!...... دېدى.

— بارساق بارايلى، — دېيىشكەن باللار بۇ كىشىگە ئەگىشىپ ماڭدى. ئايال گويا قانداق قىلىشىنى بىلمىگەندەك جىم تۇراتتى.

— سىلەبۇ شۇنداق قىلىسىلا. قورۇنىماي ماڭسىلا، — دېدى بۇ كىشى.

بۇ كىشى ئايالنى ھەم بىر توپ باللارنى ئەگەشتۇرۇپ ئۆز ئۆيىگە باشلاپ كەتتى.

## 2

ئابدۇقادىر داموللام يېتىملەرخانىسىدىن چىقىپ، ئۆز ئۆيىگە كىرىپلا مەخسۇم بالىسىنى چاقىرىپ، ئىچكەركى ئۆيدىن غەللە ساندۇغىنى ئېلىپ چىقىشقا بۇيرۇدى. غەللە ساندۇغىنىڭ ئېتىنى ئاڭلىغان مەخسۇم خوشاللىقتا قىن-قىنىغا پاتماي يۈگۈرگەن پېتى ئىچكەركى ئۆيگە كىرىپ، ساندۇقنى كوتىرىپ چىقتى. بۇنىڭغا ئەگىشىپ، مەخسۇمنىڭ ۋالىدەسى نائىلە خانىم، ھەممىدىن كىچىك قىزى ئامىنەلەر بىللە چىقتى.

— يائاللا، ئۇلاش-چۇلاش ھەممىڭلار چىقىپ نېمە بولۇشتىڭلا، — دېدى داموللام ھەيران بولغان تەرزدە.

— غەللە ساندۇق ئېچىلغۇدەك دەپ ھەممىمىز خوشال چىقتۇق، قانداق، بولماپتىمۇ؟ — دېدى نائىلە خانىم مىيىغىدا كۈلۈپ.

— چىققانلىرى بوپتۇ، ئەمما، ھەرقايسىلىرىغا زەررىچە

مەنپەئەت تەگمەسمىكىن!

— مەيلى...... غەلىنىڭ ئېچىلغىنىنى كۆرسەكمۇ بىر پايدا، — دېدى نائىلە خانىم سەل نارازى بولۇپ، — مەن تېخى ئۇمۇرۋايەت ئېچىلمايدىغان ساندۇقمىكىن دەپتىمەن. بىچارە مەخسۇم بالام غەلىنىڭ ئېچىلىشىغا تەقەززا بولۇپ ھېچ ھالى قالمىدى. ساندۇقنىڭ قۇلۇپىنى ھەر كۈنى يۈز قېتىم تاراقلىتىدۇ. تۇتىمىسىلا بالام، داموللا دادىلىرى خاپا بولىدۇ، دەپ تۇساپ كەلدىم، مەيلى دەپ قويۇپ بېرىدىغان بولسام قۇلۇپنى ئاللىقاچان چېقىپ تاشلايتتى.

— ھە...... تېخى، مەخسۇم بالام كەپسىزلىك قىپتىكەن-دە!، — داموللام مەخسۇم ئوغلىغا قاراپ قويدى. مەخسۇم بولسا سەل-پەل قىزىرىپ تۇراتتى، كىچىك قىز ئامىنە سوراشقا باشلىدى:

— دادا، دادا، بۇ ساندۇقتا نېمە بار؟

— ساندۇقتا لىپاپا بار.

— لىپاپىنىڭ ئىچىدە نېمە بار؟

— ئۇنىڭ ئىچىدە نېمە بارلىقىنى مەنمۇ بىلمەيمەن.

— دادام سىلىنى گوللاۋاتىدۇ، لىپاپىنىڭ ئىچىدە لىق پۇل بار، — دېدى مەخسۇم ئىتتىكلىك قىلىپ.

— پۇلنى نېمە قىلىدۇ؟ — كىچىك قىز بىلمىگەنلىكتىن سورىدى.

— دادام بىزگە بەرسە، خەجلەيمىز، — دېدى مەخسۇم سىڭلىسىغا يول كۆرسىتىپ.

— سىلە خەجلىسەڭلار توغرا كەلمەسمىكىن!، — دېدى داموللا ئۆز بالىلىرىغا ئېتىراز بىلدۈرۈپ.

بۇ ساندۇق نەچچە يىللاردىن بېرى ئۆي ئىچىدىكىلەرنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتاتتى ۋە ئۇنىڭ ئېچىلماي ۋاتقانلىقى ھەممى-نىڭ ئىچىنى پۇشۇراتتى.

ئابدۇقادىر داموللا ھىجرەتتىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، قەشقەر خەلقى بېشىدا كوتەرگۈدەك ھورمەت قىلدى. مېھمانغا چاقىردى، بەزمىلەرگە تەكلىپ قىلدى. بۇنداق چاغلاردا كىشىلەر داموللامنىڭ ئالدىغا پۇل قويۇپ دۇئاسىنى ئالدى. ئۇنىڭدىن باشقا، داموللامغا يەنە ھەر خىل كىرىملەر — ئۇشرە، زاكات، سە-دىقە، ئېھسان ۋە ئىسقات لىپاپىلىرى كېلەتتى. بۇ كىرىملەر باشقا موللا - ئالىملارنىڭ رىسقى يۇرتقا چېچىلغانلىقىغا ئوخشاش غەيرى رەسمىي كىرىم بولسىمۇ، ئەمما داموللام ئۇنى ئۆز شەخسىگە ۋە ئائىلە خىراجىتىگە قىلچە تەسەررۇپ قىلماستىن، كەلگەن پۇل، لىپاپىلارنىڭ ھەممىسىنى مەزكۇر غەللە ساندۇققا تاشلاپ، يوغان قۇلۇپتىن بىرنى سېلىپ، ئاچقۇسىنى ئۆزى ساقلاپ كېلەتتى. ئۆي ئىچىدىكىلەر بۇ ساندۇقتا پۇل بارلىقىنى ئاللىبۇرۇن بىلەتتى. شۇڭا داموللامنىڭ ئوغلى مەخسۇم بىر نەمە يېگۈسى كەلسە ياكى پۇل خەجلىگۈسى كەلسىلا ساندۇقتىكى قۇلۇپنى تاراقلىتاتتى. ۋالىدەسى نائىلە خانىم بولسا داموللامنىڭ خاپىسى بولۇپ قال-مىسۇن دەپ مەخسۇم بالىسىنى توساتتى. ئەمما، ساندۇقنىڭ ئېچىلماسلىقىغا ئۆزىنىڭمۇ ئىچى پۇشاتتى. شۇڭا ھازىر غەللە ساندۇق ئېچىلغان پەيتتە، نائىلە خانىم ئىچىنى بوشىتىۋالماقچى بولۇپ دەرھال سوز ئاچتى:

— بۇ غەللە قاچان ئېچىلاركىن دەپ چوڭ - كىچىك ھەممىمىز زار بولدۇق. بىزنىڭ ئۆيىمىز ھازىر گېپى بىلەن تەڭ قەرزگە بوغۇلۇپ كەتتى. ئەلا خېنىم ئۈچ قېتىم داستىخان قىلىپ

كەلدى. مەن تېخى بىر قېتىم ياندۇرغى قىلىپ بارالىدىم. ھاجى
خېنىم، ئامانگۇل خېنىم، نەجلا خېنىملارمۇ قانچە قېتىمدىن داستى-
خان قىلىپ كەلدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى قەرز بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ.
بىزمۇ داستىخان قىلىپ بارىدىغان ھەر ئىشلار چىقتى. بارايلى
دىسەك ئۆيدە يوق، بىزنى كىم دىسە، داموللامنىڭ قۇشنانچى
دەيدۇ. ئېتىمىز ئۇلۇغ، ئەمما بىر يەرگە داستىخان قىلىپ بارغۇدەك
ھالىمىز يوق. ئۆزلىرىنىڭ بۇ ئىشلار بىلەن كارلىرى يوق.
تاپقان نەرسىنى غەللىگە سېلىپ، ھېچكىمگە كۆرسەتمەيلا. ھازىر
مەن خىجالەت بولۇپ ئىشىكتىن بېشىمنى چىقىرالمايدىغان بولدۇم.
ئادەمگەرچىلىكتىن چىقىپلا كەتتىم!

— خېنىم، راسا تۇشۇپ كېتىپتىكەنلا، — دىدى داموللا
كۆلۈمسىرەپ، نائىلە خېنىمنىڭ كۆزىگە قاراپ، — سىلىنىڭ چۈ-
شەنچىلىرىدە، بىر يەرگە داستىخان كۆتىرىپ بارسا ئادەمگەرچى-
لىك بولۇپ، داستىخان كۆتىرىپ بارالمىسا ئادەمگەرچىلىك بولا-
مامدىكەن؟ كەمىنەلىرى بۇ چۈشەنچىلىرىگە قوشۇلالمايمەن. مېنىڭ
نەزىرىمدىكى ئادەمگەرچىلىك باشقا گەپ. ھەرقايسىلىرىنىڭ كۆ-
تەرمەكچى بولغان داستىخانلىرى ئادەملەر بىلەن ئادەملەر، ئائىلىلەر
بىلەن ئائىلىلەر ئوتتۇرىسىدا بولۇۋاتقان رەسمىيەتلەرگە قارىتا
ئېيتىلىۋاتىدۇ. كوچىلاردا مەزە كۆتىرىپ كېتىۋاتقانلار ياكى داستى-
خان-تاۋاقلىرىنى زەمبىلگە سېلىپ ئۆتۈۋاتقانلار تولا ئۇچرايدۇ.
بۇلار بەلكىم ئادەمگەرچىلىك قىلىپ كېتىۋاتقاندۇر. ئەجەبا،
بۇلارنىڭ داستىخانلىرى دۇنيادا ھېچنەرسىدىن خىجالىتى يوق
بايلارنىڭ ئۆيلىرىگە، بايلاپ كەتكەن قازى-قۇززاتلارنىڭ،
ئەمەلدار-بەگلەرنىڭ ئۆيلىرىگە، شۇ ئۆيلەردىكى خېنىملارغا
بولۇۋاتىدۇ. بۇ، خۇددى ياغلىق ئۇچىيىگە ياغ تىققاندەك بىر

ئىش. مەن قوشۇلمايدىغانلىغىمىزنىڭ سەۋەپلىرى مانا مۇشۇ يەردە. خېنىملارنىڭ ئادەمگەرچىلىك دەپ كوتىرىپ ماڭغان داستىخانلىرى كوچىلاردا ئاچ-يالىڭاچ يۇرگەنلەرگە، تۇل خوتۇن، يېتىم ئوغۇللارغا ۋە ئۇلارنىڭ ئويلىرىگە زادى بارمايدىيا؟ بىزنىڭ بالىلىرىمىز هامىمام ئاستىدا كۇلدە ياتسا، كوچىلىرىمىز تىلەمچىلەر بىلەن تولۇپ كېتىۋاتسا، پۇتۇن شەھەردە كەمبەغەللىك، ئاچ-يالىڭاچلىق، قەھەتچىلىك هوكۇمرانلىق قىلىۋاتسا، بۇ خارۇزارلىققا هېچكىم ئادەمگەرچىلىك قىلمىسا، قانداق قىلىش كېرەك؟ بىز مۇشۇ قەشقەردە تۇغۇلدۇق، ئوستۇق، بىزنىڭ كۇنىمىز، ئىنشائاللا، بىرقەدەر ياخشى، بىزنىڭ قولىمىزدىن قانچىلىك ئادەمگەرچىلىك كەلسە، بىز ئۇ ئادەمگەرچىلىكنى هالاۋەتتىن كېرىلىپ، بۇرنىدىن ياغ تېمىپ ياتقان خېنىملارنىڭ باركالىسىغا قىلماستىن، بىچارە، زەئىپ، مېيىپ، يېتىم-يېسىرلەرگە قىلىشىمىز كېرەك. شەھىرىمىزدە كەمبەغەل جىق، هەممىگە قىلىشقا قۇربىمىز يەتمەيدۇ. ئەمدىگىنە يىگىرمىدەك يېتىمگە ئادەمگەرچىلىك قىلىۋاتىمەن. ئوزلىرى بىلەن قەدىناس بولۇپ كېلىۋاتىمىز، مەن قىلغان ئىش ئوزلىرىگىمۇ تەئەللۇق، ئەلۋەتتە. قېنى، ئىككىمىزنىڭ قۇدرىتى يەتكەن بولسا، پۇتۇن شەھەرگە-پۇتۇن قەشقەرگە قىلغان بولساق بەك ياخشى بولاتتى، هازىر بايلار، ئولىمالار، ئەمەلدارلار، شەيخ، موتىۋەللىلەرنىڭ هەممىسى ماڭا قارشى تۇرۇۋاتىدۇ. ئۇلار مەدرىس، ۋەقپىلەردىن بىر نەرسە ئاجرىتىپ بېرىشكە مۇتلەق رازى ئەمەس. پۇتۇن كەسپى-غېمى ئوز يانچۇغىنى تولدۇرۇش. بۇ غەللىدىكى نەرسىلەر ماڭا تەۋە. يۇرت ئالدىغا قويىدى، ئالمىسام رەنجىيدۇ، ئالدىم، ئەمدى ئوز خەجىمگە تەسەررۇپ قىلسام ماڭا راۋا بولامدۇ؟ مەئىشەتىمىز ئوتتۇراهال كېتىۋاتقان ئائىلە سەدىقە-

ئېھسان يېسەك توغرا كېلەمدۇ؟ كىتاپلىرىمىزدا سەدىقە-ئېھساننىڭ خوجىسى — كەمبەغەل، ئاجىز، يېتىم-مىسكىنلەر دەپ بايان قىلىنغان. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز غەللىگە قول سالمايمىز. بۇنىڭ ئىگىسى — كېيىمسىز، ئاش-نانسىز، كوچىدا قالغان يېتىملەر بولسۇن. ماڭسىلا بالام، يۈگۈرۈپ چىقىپ موللا ساۋۇت ئاكىلىرىنى قىچقىرىپ كەلسىلە، غەللىدىكى پۇللارنى تاپشۇرۇۋالسۇن.

نائىلە خانىم ئاجايىپ ئۇلۇغ ھەدىس ئاڭلىغان ئىدى. تولۇق چۈشەنچىگە ئىگە بولۇپ، خۇشخۇي قىياپەتتە ئۇزۇن بىر تىنىق ئېلىپ، مەخسۇم بالىسىغا قاراپ:

— ماڭسىلا بالام، چاپسان قىچقىرىپ كىرسىلە، — دەپ دامولّامنىڭ بۇيرۇغىنى كۈچلەندۈردى. مەخسۇم چىقىپ ئانچە ھايال بولمايلا موللا ساۋۇت خەلپەت كىرىپ كەلدى.

— ماۋۇ غەللىنى بۈگۈن سىلىگە تاپشۇراي. ئۆز قوللىرى بىلەن ئېچىپ، ئىچىدە نېمە بولسا ئېنىق ساناپ، دەپتەرگە ئۆرتىلىق قىلىپ ئۆرنىتىپ، يېتىم بالىلارغا سەرپ قىلسىلا. بىر تىيىن، بىر مىسقال پۇل ئۇيان-بۇيان بولۇپ كەتمىسۇن. بىزنىڭ ھازىرقى ئىشىمىز ئېغىر، ۋەزىپىمىز چوڭ. خەلقىمىزنىڭ بېشىغا چۈشكەن تەنەززۇل بەكمۇ ئېغىر، ئازدۇر-كۆپتۇر ئاغە قىلمىساق بولامدۇ؟ ھازىر خەلقىمىز كانارىغا ئېسىلغان گوش، كاۋاپ زىخلىرىغا ئۆتكۈزۈلگەن قىيما. بايلار، ئۆلىمالار، ئەمەلدار-بەگلەر خەلقنىڭ گوشىنى بەررە كاۋاپ قىلىپ ئىشتىھا قىلماقتا. ئەغيارلار (ئىنگلىز، شۋېتلەر) خەلقنىڭ ئەمگەك تەرلىرى. ئىسسىق قانلىرىنى قەدەھلەرگە تولدۇرۇپ ئىچمەكتە. موللا ساۋۇت، ھوشيار بولسىلا، گاللىلىرىنى سىلكىسىلە. ۋەزىپە بەك ئېغىر...... قېنى، غەللىنى ساناپ ئالسىلا.

موللا ساۋۇت غەللىنى تـوكۇپ، قەغەز پۇل، كۆمۈش پۇلـ
لارنى ئۆز يولى بىلەن ساناپ دەپتەرگە چۈشۈرۈشكە كىرىشتى.
داموللام بولسا، ئۆز يانچۇغىدىن بىر سەر تەڭگە چىقىرىپ
ئۇي خىراجىتى دەپ نائىلە خانىمغا ئۇزاتتى. مەخسۇم بالىسى
بىلەن ئامىنە قىزنى ھەم نا ئۈمىت قىلماي، بىردىن تىيىن پۇل
بېرىپ رازى قىلدى.

## 3

— بېشى ئىششىپ قالغان ئادەمدە، — دېدى قارا ساقال،
يۇمۇلاق يۈزلۈك كەلگەن تاھىر داموللا، — كوچىدا يۈرگەن
بىرمۇنچە يېتىم ئوغلاقنى يىغىۋېلىپ باقىمەن، تەربىيەت قىلىمەن
دەپ يوقىلاڭ ئىشقا بىكاردىن - بىكار ئاۋارە بولۇۋاتىدۇ!
— خۇدا سالغان كويي دىسىلە، ئۇنى تارتماي نە چارە! —
دىدى ھېلىم مەزىن قاپاقلىرىنى ئۇچۇرۇپ.
— ئۆزەمنى چاغلىماي شىلتىڭ ئېتىپتىمەن، پالازغا يوگۇـ
نۇپ ھەپتە يېتىپتىمەن دىگەن شۇدە؟ — دىدى ئۇششۇق ساقال،
پاكار بويلۇق كەلگەن ئوبۇلقاسىم موتىۋەللى، — يېتىم ئوغلاقنى
كوچىدىن يىغىۋېلىپ ئاردىن ھەپتە ئوتە - ئوتمەيلا باقماق ئېغىر
كېلىپ، مەدرىسىنىڭ ئەۋقاپلىرىدىن بىر نەرسە ئاجرىتىپ بېرىڭلار
دەپ ھەممىنى ئاۋارە قىلىۋاتىدۇ!......
خانلىق مەدرىسىدە پىشىنى ئوقۇپ چىققان بىرنەچچە تەقۋاـ
دار كىشىلەر دەرۋازا ئاستىدىكى سۇپىدا ئولتۇرۇشۇپ ئابدۇقادىر
داموللا بىننى ئابدۇۋارىس قەشقەرى توغرىسىدا شىكايەت قىلماقتا
ئىدى.

— كوچىدا ئۆزىنىڭ كۈنىنى ئۆزى ئېلىپ كېتىۋاتقان يوتقان تېشى ھارامزادىلىنى يىغىپ قويۇپ، باقماق تەس، كەلگەندە ئەۋقاپقا چاڭگال سالسا توغرا كېلەمدىكەن؟ — دېدى تاھىر داموللا قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، — ھەر بىر مەدرىسىنىڭ ئۆزىگە يارىشا قوسىقى، يېقىلغان تېمى، يامايدىغان توشۈكى بولىدۇ. مانا شۇ قوساقلىنى بېقىش، توشۈكلىنى ياماش كېرەك ئەمەسمۇ؟ ئەۋقاپنى يېتىم ئوغلاقلىغا يېدۈرۈۋەتسەك قالغان ئىشقا قانداق قىلغۇلۇق؟ ئويلىماستىن ئاغزىنى قاپتەك ئاچىدىكەن.

— ھازىر بۇ ئادەم شەھەرگە سىغمايۋاتىدۇ، — دېدى ھېلىم مەزىن ئۆز پىكرىنى قۇۋۋەتلەپ: — ئۇنى ئۇنداق دەۋاتقان، بۇنى بۇنداق دەۋاتقان، بايلارنىڭ ياقىسىغا، ئۆلىمانىڭ پېشىگە ئېسىلىۋاتقان، ھەرقايسى خانىقا ـ مەدرىسلەرگە چاپلىشىۋاتقان، بۇنىسىغۇ مەيلى، ئىنگلىز كونسۇلخانىسى، شۋىت دوختۇرخانىلىرىغىمۇ تىل سېلىۋاتىدۇ. بۇ ھەممىدىن يامىنى دېسلە! ئىنگلىزلار بىزگە نېمە قىلدى؟ شۋىت دوختۇرخانىسى نېمە يامانلىق قىلدى؟ نېمىشقا ئويلىمايدىغاندۇ؟

— بۇ ئادەم ئۆزى ئۆلىما بولسىمۇ جېدىتلىق يولغا كىرىپ قاپتۇ. شۇڭا جېمى ئىشقا چات كىرىپ ھەممىگە چاڭ سېلىۋاتىدۇ!

— ئىنگلىز بىلەن شۋىتلارغا چاڭ سالغىنى بەك قاملاشمىدى. ئۇلار بىلەن چاخچاقلىشىدىغان خەق ئەمەس، ئۇلار دېگەن دۇنيانى سوراۋاتقان خەق! تەقسىر داموللام، ”جاھانگىر“ دېگەننىڭ مەنىسى نېمە؟ — دەپ سورىدى ھېلىم مەزىن سۆزىنىڭ ئاخىرىدا.

— ”جاھان“ دېگەن 18 مىڭ ئالەمنى كۆرسىتىدۇ، ”گىر“ دېگىنى تۇتقۇچى دېمەكتۇر. جاھانگىرنىڭ مەنىسى جاھان تۇتقۇچى

دېگەن بولدۇ. "لاخشە" دېگەن چوغ دېمەكتۇر، ئوت تۇتىدىغان ئەسۋاپنى شۇنىڭ ئۈچۈن "لاخشىگىر" دەپ ئاتايمىز. ۋاللاھۇ ئەلەم بىسساۋاپ...... — تاھىر داموللا جاۋاپ بەردى.

— يائاللا، يائاللا داموللام ئۆزى يالغۇز تۇرۇپ جاھانگىر پادىشاغا مۇشت كۆتەرگىنى چوڭ ئەقىلسىزلىق ئەمەسمۇ؟

— ھازىر بۇ داموللام، ئابدۇۋېلى باي مەدرىسىسىنى قوچۇپ ئۇماچ قىلىۋەتتى، — تاھىر داموللا قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، چوڭ مەسىلىدىن خۇلاسە چىقىرىپ چۈشەنچە بېرىۋاتقان تەرىزدە داۋام قىلدى، — مەدرىسە ئوقۇشقا جۇغراپىيە، تارىخ، ھەندەسە دەرسلىرىنى كىرگۈزىمىز دەپ تالىپلارنىڭ كاللىسىنى ئايلاندۇرۇپ قايمۇقتۇرۇۋەتتى. تالىپلار ھازىر يا ئۇنىڭدىن، يا بۇنىڭدىن بەھرى تاپالماي كەپتەرۋازنىڭ قاپىقىدەك شۇرۇقلاپ كەتتى. ئەزەلدىن ئوقۇتۇلۇۋاتقان قائىدىسى بىلەن ماڭسا ئۆز يولى بىلەن كېتىۋەرمەمتى؟!

— مەدرىستە ناخشا ئۆگەتكەن نەدە بار؟ ئوتتۇپ كېتىۋاتسام ئابدۇۋېلى باي مەدرىسىدە گۇر...... گۇر...... ناخشا ئاۋازى، خۇدايا تۇۋا دەپ قايتىمەن. بۇ ئادەمنىڭ قىلىقلىرىغا تۇۋا دېمەكتىن باشقا چارىمىز يوق، بولمىسا مەدرىس دېگەننىڭ تائەت-ئىبادەت قىلىدىغان جاي ئىكەنلىكىنى، ناخشا تۇۋلىسا گۇنا بولىدىغانلىقىنى ئۆزى ئوبدان چۈشىنىدۇ، — دېدى قاسىم موتىۋەللى.

— ئالىمنىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلىۋەدۇققۇ؟! بۇ ياخشى بولامدۇ؟ — دېدى ئەتىگەندىن سۆزگە ئارىلاشمىغان تەۋەككۇل خەلپەت سۇرلۇك قىياپەتتە، — بۇ ئادەم بىزنىڭ قەشقەردىن چىققان ئۇلۇغ ئالىم، ئۇلۇغ پەيلاسوپ. داموللامنىڭ نۇرغۇن كىتابلىرى تاشكەنت، قازان مەتبەلىرىدە نەشردىن چىقتى، «ئېر-

شادىل مۇسلىمىن»، «مۇپتاھىل ئەدەپ»، «ئاقايىت زورۇرىيە»، «ئىبادەت ئىسلامىيە»، «بىدايىتى سەرپ»، «ھىدايىتى نەھۋى»، «شەرھ ئامالى» ۋە باشقىلار. بۇ كىتاپلار نەشىردىن چىقىپ، دەرسلىك بولۇپ ئوقۇلۇۋاتىدۇ، يەنە «جاۋاھىرۇل ئىقان» كىتاۋى مىسىردەك چوڭ ئىرفان شەھىرىدە ئالاھىدە تەقدىرگە ئىگە. جۇغراپىيە، ھەندىسە (ئارخىئولوگىيە) نۇسخىسى يوقالغان بولسىمۇ. يىغىپ ئېيتقاندا، بۇ كىشى بىر ئالىم، مۇتەپپەككۇر، پەيلاسوپ، بىزنىڭ قەشقەردىن مۇشۇنداق بىر ئالىم چىقسۇنۇ، ئىپتىخار بولۇشنى قايرىپ قويۇپ، غاجىغىلى تۇرساق زادى قانداق بولار؟!...... بىزنىڭ بۇ پىيلىمىز! ھەي بۇ پىيلىمىز بىزنى قانداق رەزالەتكە تاشلاركىن!......

ئەتىگەندىن قىزغىن شىكايەت قىلغۇچىلار قاپاقلىرىنى سىلىپ جىمجىت ئولتۇرۇشۇپ بىر ھازادىن كېيىن تارقىلىشىپ كېتىشتى......

## 4

قەشقەر 1 - مەدرىس (ئابدۇۋېلى مەدرىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ئايۋانچىسىدا ئابدۇقادىر داموللا بىننى ئابدۇۋارىس قەشقىرى ۋەز ئوقۇماقتا. يىغىلغان تالىپلار پۈتۈن ۋۇجۇدى، تولۇق ئىشتىياقى بىلەن قۇلاق سالماقتا ئىدى. داموللام سوز ئاخىرىدا قولىغا «نەسىھەتى ئامە» نۇسخىسىدىن بىرنى ئېلىپ ئوقۇشقا باشلىدى:

بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم

ئىسلام ئالىمىنىڭ دانىشمەنلىرى ۋە دىيانەت جاھانىنىڭ ئىخلاسمەنلىرىگە روشەن ۋە ھوۋەيدا بولسۇنكى، دۇنيا ۋە ئاخىـ

رەتنىڭ سائادەت شاراپەتلىرى ياخشى ئەمەللەر بىلەن ھاسىل بولۇر. بۇ ئەسراردىن ئىلگىرىكى ئۇلىمالىرىمىز ۋاقىپ بولۇپ، تامام ھىممەتلىرىنى ياخشى ئەمەللارنى قىلماقتا ۋە ئۇنى باشقى-لارغا بىلدۈرمەككە سەرپ قىلىشتى. شۇل ئۇلۇغلىرىمىزنىڭ ھىممەت ۋە غەيرەتلىرى سايەسىدە ئىشلارنىڭ ھەقىقەتلىرىنى تامام - ئالەمگە بىلدۈرگەن ئىدى. ئىتتىپاق، ئىلىم - مەرىپەت، ئىنساپ، ئادالەت ئاشكارا بولۇپ، زۇلۇم - سەتەم، ئىختىلاپ، ئىتتىپاقسىزلىق ۋە جاھالەتلەر سىنغان ئىدى. ئەپسۇسكى، قايسى كۈنىكى ئەلنىڭ ئەخلاقلىرى بۇزۇلۇپ، ئەمەل سالىھەلىرىغە نۇقسان يېتىپ ئىتتى-پاقلىق يوقالدى. سۇسلۇق، بىكارچىلىقلار زۇلۇم - خىيانەتلەر پەيدا بولدى. ئىلىم - مەرىپەت كېمەيدى. ئەلنىڭ شان - شەۋكىتى يوقى-لىپ، خار زەبۇنلۇقلار يۈز بەردى. سەپەر يۈرۈشلىرىمىزگە خۇرا-پاتلىقلار ئارىلاشتى. ئىززەت - ئابرويلىرىمىز قولدىن كەتتى. مۇخالىپلار (جاھانگىرلار) ۋەتىنىمىزگە قول سۇنۇشقا باشلىدى. ئىنساپ بىلەن ياخشى مۇلاھىزە قىلساق، بۇ زەبۇنلۇققا سەۋەپ ئۆز پېئىلى ئىتتۋارىمىزدۇر. ھازىر بىز ھەممە جەھەتتە پەرىشان، خار - زەبۇنلۇققا، غەم - كۈلپەت، ئەپسۇس - نادامەتتىن باشقا ئىلا-جىمىز يوقتۇر. زىرائەت، تىجارەت ۋە سانائەتلەردە ھەممە مىللەت-لەر (ئەللەر — مەناسىدا)دىن تۆۋەندۇرمىز. كېلىڭلار ئەي قېرىنداش-لار! بۇ زەبۇن - جاھالەتلىرىمىز ئۈستىدىن پىكىر - مۇلاھىزە قىلايلى، ھازىرقى تەنەززۇلدىن غەم - ئەندىشە قىلايلى! ئۇلىما-لىرىمىز ياخشى ئەمەللەرنى بىزگە كەمەيەنبەغى بىلدۈرسۇنلار. راستلىق ۋە تەرەققىياتنىڭ يوللىرىنى كورسەتسۇنلار، ھالىمىزدىن ھەم يېتىم - مىسكىنلەردىن خەۋەر ئېلىپ ئۇشرە - زاكات ۋە سە-دىقە - ئېھسانلار بىلەن ئۇلارنى تەربىيەت قىلىپ، ئۇلارنى دۇنيا-

دىكى نازۇ-نېمەتلەردىن بەھرىمەن قىلسۇنلار. ئۇلارمۇ خەلق ۋە
مىللەتكە خىزمەت قىلسۇنلار. ئەر-خاتۇنغا ئوخشاشلا ئىلىم تەلەپ
قىلماقنىڭ زورۇرلىگىنى مۇلاھىزە ۋە ئېتىۋارغا ئېلىپ، قىزلارغا
مەخسۇس مەكتەپلەر بىنا قىلسۇنلار. شۇنىڭ ئۈچۈنكى، كىچىك
بالا نادان ئانىسىنىڭ تەربىيىسىدە يامان خۇلۇق-نادانلىق
كەسىپ قىلۇر، كىچىكلىكتە ئورناشقان يامان خۇلۇق ۋە نادانلىقنى
تۈگەتمەك مۇشەققەتتۇر. ئەگەر ئانىسى ئوقۇغان، بىلگەن بولسا،
بالىنى ياخشى ئەخلاق بىلەن تەربىيە قىلۇر. كىچىكىدە تەربىيە
كۆرگەن بالا چوڭ بولغاندا كامالەت ھاسىل قىلمىقلى ئاسان
بولۇر. ھەممىمىز ئىنساپ قىلايلى! ئىستىقبالىمىزدىن ئەندىشە
قىلايلى، مۇقەددەس ۋەتىنىمىزنى، خەلقىمىزنى ھەر خىل تەدبىر-
ئىلاجلار بىلەن مۇھاپىزەت قىلايلى. تولا بىچارە يېتىم-ئاجىز
باللار چارىسىزلىقتىن، ئىلىم-مەرىپەتنىڭ يوقلۇغىدىن بىگانىلەر-
نىڭ مەكتەپلىرىدە (شۋېت مىسسىونېرلىرى ئاچقان مەكتەپنى كۆزدە
تۇتىدۇ) ئاش-نان دەپ ئوقۇپ گۇمراھ بولۇشۇرلار. ئىنسانلىق
غەيرەتلىرىمىز بىلەن ئۇلارنى خالاس قىلماققا چارە ئىزلەيلى. بۇ
زامان ئىنتىباھ (تەنبىھ) ۋە ئاگاھلىق زامانىدۇر. غەپلەت ۋە بىپەر-
ۋالىق زامانى ئەمەستۇر. ئىلىم-مەرىپەت دەۋرىدۇر، جاھالەت ۋە
نادانلىق دەۋرى ئەمەستۇر. سەئى ۋە غەيرەت ۋاقتىدۇر. سۇست-
لۇق ۋە بىكارچىلىق دەۋرى ئەمەستۇر. باشقا مىللەتلەر ئىلىم-
مەرىپەت ساھەسىدە ھاۋادا ئۇچماقتا، سۇنىڭ تەكتىدە گويا
قۇرۇقلۇقتا يۈرگەندەك ئۈزمەكتە. بىزلار ھونۇز غەپلەت ئۇيقۇسى-
دادۇرمىز. ئۇيقۇ ئۆلۈمنىڭ مۇقەددىمىسىدۇر. بۇ تەرەزدە دائىم
ئۇخلىماق يانا ۋە ھالاكەتتۇر. ئۇيقۇدىن بىدار بولايلى، ھىلى
ھەم ۋاقىت پۇرسەت باردۇر. نائۈمىت بولماق راۋا ئەمەستۇر.

لېكىن كەسىپ ۋە تەلەپلەر سەئىدىسىز مەتلۇپ ھاسىل بولمىغى ئادەتتە جارى بولمىغاندۇر. جەددۇ - جەھەت سەئى ئىجتىھات قىلماق زورۇردۇر.

ۋەسسالام

تالىپلار ھاياجانلانغان ھالدا داموللامغا تەلمۈرۈپ قاراپ تۇراتتى. داموللام تالىپلارغا بىر قۇر نەزەر تاشلىغاندىن كېيىن ئاخىرقى سۆزلىرىنى داۋاملاشتۇردى:

— ئۇشبۇ «نەسىھەتى ئاممە» ۋەرەقىسىنىڭ پۈتۈن مەزمۇنى بىزنىڭ ھازىرقى ئەڭ كەسكىن پىكىرلىرىمىز — مۇددىئالىرىمىزنىڭ مەجمۇئەسىدۇر. بۇ ۋەرەقىلەرنى ھەر بىر تالىپلىرىمىز يۈزلەپ نۇسخىلار ئېلىپ خەلق ئاممىسىغا ئوقۇپ تەشۋىق - تەرغىپ قىلىشىڭىزلارنى ۋەتەن يولىدا ۋەزىپە قىلىمىز. خەلقىمىز چۈشەنسۇن، خەلقلىرىمىزگە بىر - بىر نۇسخىدىن تارقىتىپ بېرىڭىزلار. ئۇلار مۇ ئۆي - ئائىلىلىرىدە ئوقۇپ چۈشەندۇرسۇن. بۇ ۋەزىپەمىزنى ياخشى ئەمەللار جۈملىسىدىن دەپ تونۇپ ئىجرا قىلالامسىزلار؟

تالىپلار بىردىن چۇقان سېلىپ: "ئىجرا قىلىمىز!" دەپ قىزغىن ئىپادە بىلدۇرۇشتى، داموللام ئۈستى - ئۈستىگە "باركاللا!......" ئېيتىپ تالىپلارغا ۋەرەقە تارقاتتى......

## 5

قەشقەر ھېيتكا ئىچى. جەنۇبىي يان ئىشىك تەرەپتىكى پېشايۋان ئاستىدا، چاقچاقلىشىپ ئىشانە تاغاق ئىچىگە قازىخانا جايلاشقان. تاغاق ئىچى پاكىز سۈپۈرۈلۈپ، بورا تاشلانغان، بورا

ئۇستىگە ئاق كىگىز، ئۇنىڭ ئۇستىگە نىپىز يوگەك كوپە تاشـ
لانغان، قەشقەرنىڭ تـوت قازىسى يۇكۇنۇپ ئولتۇرۇشقان ئىدى.
يان ئىشىك تەرەپتە قازىخانىدىن سەل نېرىراقتا سەللىسگە قۇمۇش
قەلەم قىستۇرغان خەتتاتلار كىچىك كۇرسىلاردا ئولتۇرۇشقان ئىدى.
شۇ پەيتتە نە دەۋاگەر، نە ئەرز يازدۇرغۇچى يوق بولغانلىقتىن
سەل ئارا ئىدى. ئابدۇقادىر داموللا بىننى ئابدۇۋارىس قەشقىرى
يان ئىشىكتىن كىرىپ كەلدى. خەتتاتلار دەرھال ئورنىدىن تۇ-
رۇپ سالام بېرىپ هورمەت كورسەتتى. داموللام ئىلىك ئالغاندىن
كېيىن توپ - توغرا قازىخانا ئالدىغا كەلدى:
— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!......
— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام...... — تـوت قازى تەڭلا سالام
ئېلىپ ئورنىدىن تۇرۇپ هورمەت كورسەتتى ۋە بىساتقا تەكلىپ
قىلدى، — كەلسىلە داموللام، بىساتقا كەلسىلە!
— رەھمەت، مەن بۇگۇن باشقا بىر ئىش ئۇچۇن كەلدىم،
دەۋاگەر سۇپىتىدە مۇشۇ يەردە ئورە تۇراي، — دىدى داموللام.
— نىمە دىگەنلىرى ئۇ، كەلسىلە چاخچاق قىلماي، — دىدى
هەسەن قازى كۇلۇمسىرەپ.
— چاخچاققا ۋاقىت زايەدۇر. بۇ مۇهىم ئىش ئۇچۇن هەر-
قايسىلىرىنىڭ ئويلىرىگە ئالاهىدە بىر - بىرلەپ بېرىشىم لازىم
ئىدى، هورمەتسىزلىك قىلىپ بۇ يەرگە بېسىپ كىپقالدىم. مائاپ
قىلىشسىلا، مەن بۇ ئوتۇپ كېتىۋاتقان كۇنلەرگە زادىلا قانائەت
قىلمىدىم، رازى بولمىدىم. ۋەتىنىمىز — خەلقىمىز نادانلىقتا، جاها-
لەتتە ياتماقتا، غەپلەت پاتقاقلىرىغا پاتماقتا. بۇ ياخشى هادىسە
ئەمەس. بۇ ئىشلارغا هەربىر ۋىجدان ئىگىسى قانداقمۇ تاقەت
قىلىپ تۇرالسۇن! هەممە ئىشلار كونا قېلىپتا — قىلچە يېڭىلىق

يوق. ۋاقىت، دەۋر بىكار ئۆتمەكتە! بۇ قاتماللىقتا قانداقمۇ رازى بولغىلى بولسۇن! قانداقمۇ چىداپ تۇرغىلى بولسۇن؟ ھەرقايسىلىرى يۇرت ئاتىسى، ئۆلىمائى - كىراملار، ئەلۋەتتە ۋەتەننىڭ غېمىنى قىلىپ، خەلقنىڭ بېشىنى ئوڭشاپ، ئاۋاتلىق، مەرىپەتلىك، بەخت - سائادەتلىك يوللارغا باشلاپ مېڭىشلىرى لازىمدۇر. ئەگەر ئىنساپ تارازىمىز بىلەن تەپەككۇر خىياللىرىمىزنى ئۆلچەپ كۆرىدىغان بولساق، بىز ئۆلىما - فەزلالارنىڭ خەلقنى مەرىپەتكە باشلاش، ئويغىتىش ۋەزىپىلىرىمىز باردۇر. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا، بىز نېمە ئۈچۈن ئوقۇدۇق؟ خەلق ئۈچۈن، ۋەتەن ئۈچۈن خىزمەت قىلمىغان ئىلىمنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى بولسۇن؟ بۇنى ئويلاپ كۆرۈشىمىز لازىم ئەمەسمۇ؟

— كەلسىلە داموللام، بىساتتا كەلسىلە، بۈگۈن سەل - پەل چېچىلىپ قاپلا، كەلسىلە، ئولتۇرۇپ ئالدىرىماي سۆزلىشەيلى! — داموللا ئابدۇغوپۇر تەئەددى قىلغان تەرەزدە دامولالامنى بىساتتا تەكلىپ قىلدى.

— مەنغۇ چېچىلغىنىم يوق، لېكىن چېچىلسامۇ ھەققىم بار، — دېدى ئابدۇقادىر دامولا تېخىمۇ ئېچىلىپ، — بىز ھەممىمىز قانچە يىللار رىيازەت چېكىپ ئوقۇپ كەلدۇق. خەلقنى نادانلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ يورۇقلۇققا، جاھالەتتىن قۇتۇلدۇرۇپ مەرىپەتكە باشلايمىز دەپ ئوقۇدۇق. ھالا بۈگۈن يۇرتتا كېلىپ، قازى - قۇززات، مۇپتى - ئەلەم ۋە يەنە بىر مۇنچە مەرتىۋىلەرگە ئىگە بولۇپ، خەلقنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولۇپ قانائەت قىلساق، ھۆزۈر - ھالاۋەت، راھەت - پاراغەت ئۇيقۇسىغا چۆكسەك، بۇنىڭ قارشىسىدا يۇرتىمىز جاھالەتتە قالسا، خەلقىمىز خۇراپات پاتقاقلىرىدا چۆكسە ئاقىۋىتىمىز قانداق بولار؟ بۇ ئاقىۋەتتىن نېمە ئۈچۈن

قايغۇرمايمىز. ھازىر خەلقىمىز ئىلىم-مەرىپەتكە تەشنا، تەرەققىياتقا تەقەززا بولماقتا. بىزنىڭ خەلقنى مەرىپەتكە ۋە تەرەققىياتقا باشلايدىغان ھېچقانداق ۋەزىپىمىز يوقمىدۇر؟ ئۆلىمالارنىڭ ناماز چۈشۈرۈش، ئىسقات ئېلىش، نەزىر-چىراققا بېرىش، دۇئاخانلىق قىلىشتەك ئېلىپلاشقان ئادەت ئىجراسىدىن باشقا ھېچقانداق ياخشى ئەمەللىرىمىز يوقمىدۇر؟ نېمە ئۈچۈن ئويلاشمايمىز؟

— بارغانچە قايناپ كەتتىڭىز! بۇ ئالەمنىڭ قاينىغۇچىلىكى يوق، تەقسىر! — ئىسلام قازى قاپىقىنى سىلىپ نەسھەت تەرىقىسىدە سۆز قىستۇردى.

— قاينىغان بولسام ياخشى قىپتىمەن. بىز ئوقۇغان ئۆلىمالار خۇددى كانارىدىكى گۆشكە ئولاشقان چىۋىنلاردەك مەدرىسىلەردىكى ئەۋقاپنى، قازىخانىدىكى موھۇرى ھەققىگە، ئىشقىلىپ قەيەردە مەنپەئەت بولسا، شۇ يەرگە توپلىنىۋالغانلىقىمىزغا، ئىنساپ ھەۋزىنى قۇرۇتۇپ، تەمە پاتقاقلىرىغا چوكۇۋالغانلىقىمىزغا، ۋەتەن ۋە خەلقنىڭ ھالۇ-ئەھۋالىغا كۆزىمىزنى يۇمۇپ، دادى-پەرياتلىرىغا قۇلىقىمىزنى ئېتىپ گاس-ئەما بولۇۋالغانلىقىمىزغا قانچە قاينىغان بولسام شۇنچە ياخشى. نېمە ئۈچۈن قاينىمايدىكەنمەن؟ قېنى، ھازىر ئەھۋالىمىز قانداق بولۇۋاتىدۇ؟ ئېزىز باللىرىمىز ھامام ئاستىدا كۆلدە ياتماقتا، تىلەمچى-سائىللار كۈنساناپ كۆپەيمەكتە. بىز ھازىر ئۇشرە-زاكات، ئەۋقاپ ماللىرىنى ئۆز نەپسىمىزگە تارتىپ، يېتىم-يېسىرلارغا سەرپ قىلمايۋاتىمىز. نېمە ئۈچۈن ئۇلارغا خەيرىخالىق قىلمايمىز؟ مەكتەپلەر ئېچىپ ئۆز باللىرىمىزغا غەمخورلۇق قىلساق نېمە يامىنى؟ دارىلئېتام قۇرساق بولمامدۇ؟ ھەرقايسىلىرى يۇرتىنىڭ كۆزى، خەلقنىڭ بېشى، ھالبۇكى خەلقىمىزنى ئىلىم-مەرىپەتكە، تەرەققى-

ياتقا باشلىماستىن، پۈتۈن ئىجتىھات، پۈتۈن ئىشتىياق بىلەن موھرى ھەققىگە مەپتۇن بولۇپ، كۈندە چۈشكەن تەڭگىلەرنى ئەۋرەزگە كومۇپ خاتىرجەم ئۇخلاشسىلا، خەلقىمىزنىڭ ھالى قانداق بولار؟ كەلگۈسى ئىستىقبالىمىز نە كۈلپەتلەرگە گىرىپتار بولار؟ بىز ئۆز بالىلىرىمىزغا مەكتەپ ئاچماي تاشلىۋەتتۇق، ئەمما ياۋروپادىن كەلگەن ئەغيارلار ئۇلارنى ئۆز قوينىغا ئالماقتا. ئىنگلىزلار، شىۋىتلار شىپاخانىلار قۇرۇپ ھەقسىز داۋالاش ئۇسۇلى بىلەن خەلقىمىزنى ئۆزىگە تارتماقتا. ئۇلار خەلققە بىر مىسقال تەسىر كۆرسىتىش ئۈچۈن يۈز سەرلەپ تەڭگە سەرپ قىلماقتا. بىز بولساق خەلقنى ئۆزىمىزدىن تېخىمۇ يىراقلاشتۇرۇش ئۈچۈن ھەدەپ خەلقتىن كوپلەپ پۇل ئالماقتىمىز. ھەر خىل جازا چارىلىرىنى قوللىنىپ خەلقنىڭ بېشىغا دەررە سېلىپ جاراھەتلەندۈرمەكتىمىز. ئەگەر بۇ توغرىدا قايغۇرمايدىغان بولساق، كەلگۈسى ئەۋلاتلىرىمىز ئالدىدا بى ناھايەت ئۇياتقا قېلىشىمىز، لەنەت-نەپرەتكە كومۇلۇشىمىز مۇقەررەر گەپ!

— چېچىلىپ، قايناپ بېسىلماي، ئاخىرى ئىسيان كوتىرىشكە باشلىدىلا تەقسىر، ئىسيانكار بولماق ياخشى ئىش ئەمەس، ئۆزىمىزنى سەل بېسىۋالايلى، ئۆز موجادىلىمىزدىن چەتنەپ كەتمەيلى! ئىنگلىزلار، شىۋىتلارغا تىل تەككۈزمەيلى، ئۇلار بىزگە مېھمان!...... — دىدى ئابدۇغوپۇر داموللا قاپىغىنى تۈرۈپ.

— ئەگەر ئىسيانكار بولالىغان بولسام، مىڭ قەتلى شۈكرى، — دىدى ئابدۇقادىر داموللا كوكرىگىنى كىرىپ، — تەقسىر داموللام ئىنگلىزلار، شىۋىتلار قانداق قىلىپ بىزگە مېھمان بولۇپ قالدى؟ ئۇلارنى كىم چاللاپ كەپتۇ؟ ئۆزلىرى چاللىغانمۇيا؟ ياكى قۇدا چۈشۈپ قويىلىمۇ؟ تەقسىر كاللىنى سىلكىۋېتىپ

سۆزلىسىلە! ئۇلار بىرگە زادى مېھمان بولالمايدۇ. مېھمان بولۇشمۇ مۇمكىن ئەمەس. ئۇلار ناچاۋۇزچى، ئۇلار جاھانگىر، ھازىر قۇيرۇق شىپاڭشىتىپ كەلگەن بىلەن، ئاستا-ئاستا، گىلەملىرىمىزنى ئېلىپ بىزگە بورىيا قالدۇرغۇچى بۇلاڭچى. بىز قانچە خۇراپاتقا چوكسەك ئۇلار شۇنچە خوش بولىدۇ. چۈنكى ئۇلار بىزگە خۇراپاتلىق ۋاباسىنى سەپكەندۇر. بىز قانچىكى غەپلەتكە چوكسەك، ئۇلار شۇنچە خوش بولىدۇ. چۈنكى غەپلەت ئۇيقۇسىنىڭ مەس قىلغۇچى دورىلىرىنىمۇ ئۇلار بىزگە ئىچكۈزگەندۇر. ئۇلار بىزگە مېھمان ئەمەس، بەلكى يىلتىزىمىزنى قىرقىدىغان زۇلۇك، سۈيقەستچى، كاللا كېسەر، قاتىل، قان شورىغۇچى يالماۋۇز. مېھمان دېگەن سۆزنى ئىككىنچى ئاغزىلىرىغا ئالمىسىلا، خەلقى ئالەم ئالدىدا ئاسى گۇناھكار بولسىلا...... ئۇيات بولىدۇ، تەقسىر!

— مەن گۇناھكار بولۇپ قالدىممۇ؟ — ئابدۇغوپۇر داموللا چاچراپ تەئەددىلىك بىلەن جاۋابەن سۆز قىلدى، — بۇ ئىشلارغا نېمانچە ھېرىسلىق قىلىلا؟ ئىسيان كۆتەرمەك ئاسان، لېكىن ئاخىرىنى چىقارماق تەس. ئىنگلىز، شۋېت دېگەنگە تىل تەككۈزگىلى بولمايدىغان! ئۇيلاپراق گەپ قىلساق بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ھوددىسىدىن چىقماق تەس بولارمىكىن!......داموللام تولا......

— مانا مەندۇرمەن، ھوددىسىدىن ئۆزەم چىقىمەن. سىلىچە بولغاندا ئۆيۈمگە كىرگەن ئوغرىنى مېھمان دېسەم بولىدىكەن-دە...... — ئابدۇغپۇر داموللىنىڭ سۆزىنى كېسىپ جاۋاپ قىلدى ئابدۇقادىر داموللا.

— داموللام سەۋرى قىلسىلا، — دېدى ئابدۇغوپۇر داموللا ئاۋازىنى سەل پەسەيتىپ، نەسىھەت ئاھاڭىدا، — ئۆزلىرى چەككەن

رىيازەت ئاز ئەمەس. ئىلىم-پەزىلەتتە ھېچكىمدىن كەم قالمايلا. كۆپ يىللار ئىلىم تەھسىل قىلدىلا، قىلغان ئەجىرلىرىگە يارىشا خۇداۋەندىكېرىم ئىلىم ئاتا قىلدى. مەرتىۋە بەردى. رىزقى نەسۋىلىرىنى يۇرتقا چاچتى. مانا ئەمدى ئۆزلىرىۋۇ بىزگە ئوخشاش يۇرتقا چېچىلغان رىزقى-نەسۋىلىرىنى خۇددى دەريادىن بېلىق تۇتقاندەك، باغدىن شاپتۇل ئۈزگەندەك يىغىپ يەيدىغان ۋاقىتلىرى كەلدى. مانا بىزگە قايلىسىلا، بىز شۇنداق قىلىۋاتىمىزغۇ! بۇنىڭ نېمە يامىنى بولسۇن؟ قازىخانىغا كەلسەك، كۈنىگە 4-5 سەر تەڭگە تاپاۋەت بولىدۇ، تەڭگىلەرنى يانچۇققا سېلىپ ئۆيگە قايتىمىز. دۇنيادا ئالتۇن-كۈمۈشنىڭ جاراڭلىشىدىن ئارتۇق خوش ئاۋاز بارمۇ؟ ھا، ھا، ھا......ئالتۇن-كۈمۈشنىڭ سادىسىنى ئاڭلاپ ئۆيىمىزدە تېچ ياتساق، بۇ نېمە دېگەن سائادەتلىك ئىش-ھە! يۇرتنىڭ ئىشى، خەلقنىڭ تەقدىرى ئاللانىڭ ئىلكىدىكى ئىش. خۇدانىڭ تەقدىرىسىز قىل تەۋرىمەيدۇ. بىز بەندىلەر يۇرتنىڭ ئىشىنى ھەل قىلىپ كېتەلەيمىزمۇ؟ بىزنىڭ خۇداغا قۇللۇق قىلماقتىن باشقا ھېچقانداق ۋەزىپىمىز يوق، تەقسىر!......

— يائاللا! يائاللا! — دېدى ئابدۇقادىر داموللا، غەزەپ بىلەن تىترەپ، — ئاجايىپ كەم ئەقىللىق بىلەن سۆزلەپ قويىلا. ئىلمىي مەنتىقتىن تولىمۇ كور ئىكەنلا. ئەگەر سىلىدەك ئۆلىمالارنىڭ چۈشەنچىسى شۇنداق بولىدىغان بولسا، بىزنىڭ قىياسىمىز نېمىگە ئوخشاپ قالار؟ تاڭلا مەھشەردە سۈرىتى مۇبەددىل بولۇپ كېتەرمۇ؟ مەن تېخى سىلىنى خېلى ئوقۇغان، ئىقتىدارلىق، مەنتىق ئىگىسى دەپ بىلەتتىم. ئەجەبا......مەن تېخى بىلمەيتكەنمەن. سىلىنىڭ ئاۋۇ يوغان قوساقتا نېمە بار؟ زادى نېمە بار؟

— قوسىقىمدا، تەقسىر، ئەتىگەن ئىچكەن قايماق چاي بىلەن ھالۋا، ئاندىن خۇدا بەرگەن رىزىق-نەزىردە يېگەن بەتتە پولو بار. خۇدا بەرگەن رىزقىغا ئىسيان كوتىرىپ، كېلىشتۇرۇپ يېيەلمىگەن كىشلەرنىڭ قوسىقى سىلىنىڭ قوساقلىرىدەك ھەممىشەم پۇچەك تۇرىدۇ. ئۇزلىرى قۇشناچىم ئەتىگەن بەرگەن ئاتلىنى ئىچىپلا كەلگەندەك تۇرىلا! — ئابدۇغوپۇر داموللا مۇزەمەت قىلىپ كۈلۈمسىرىدى.

— توغرا، مەن ئەتىگەن ئاتالا ئىچتىم، ئاتالا بىزنىڭ تارىخىي ئەنئەنىۋى غىزايىمىز. ئۇزى كۈچلۈك غىزا. پۈتۈن بەدەنگە قۇۋۋەت قىلىدۇ. بىز ئاتالا ئىچكىنىمىزگە شۈكرى قىلىمىز ۋە ئىپتىخارلىنىمىز. سىلىنىڭ پەدەر رەھمەتلىمۇ ئاتالا ئىچكەن، شۇنىڭ كۈچى بىلەن ئۇزلىرىنى ئاپىرىدە قىلغان. بۇنىڭغا يەنە نىمە دەيدىلا! بىز تېخى سىلىنىڭ يوغان قوساقلىرىدا ئىلىم-ئىرفان بارمىكىن دەپ يۈرۈپتۇق. بۈگۈن مەلۇم بولدىكى، سىلىنىڭ قوساقتا ئىرفان ئەمەس، بەلكى مەينەت چىرىندىلەر تولغان ئىكەن، بۇنى ئاشكارا قىلىپ نىمانچە رەسۋا بولدىلا!

— بەس......بەس، — دىدى ئىسلام قازى. ئۇ ئىككى ئۇلىمانىڭ بارغانچە چىڭقاپ كېتىۋاتقانلىقىنى كورۇپ ئوتتۇرىغا چۈشتى، — ئابدۇقادىر داموللىنىڭ دېگەنلىرى توغرا. خەلقنىڭ غېمىنى قىلىش، يۇرتنىڭ ئىستىقبالىدىن قايغۇرۇش زىيانلىق ئىش ئەمەس. بىز ئۇلىمالار ئەلۋەتتە مۇلاھىزە قىلىشىمىز كېرەك!

داموللا ئابدۇغوپۇر، غەزىۋىنى بېسىۋالالماي، ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ئات قامچىسىنى ئالدى-دە، تاشقىرىغا قاراپ ماڭدى. ئىسلام قازى سوزىنى بۇراپ:

— خوش تەقسىر نەگە؟ — دەپ سورىدى.

— خوش، مەن دوتەي ياموُلغا بېرىپ كېلەي! — دىدى ئابدۇغوُپوُر داموللا. ئوُ ئاچچىغىدا چىقىپ كەتتى. باشقا قازىلار لام-جىم دىمەي سوُكوُت ئىچىدە قالدى.

— بولاپتوُ! چوڭ بولسا دوتەيىنىڭ ئالدىغا بارار! — دىدى ئابدۇقادىر داموللا پىسەنت قىلماي، — بىزنى توُغوُپ ئوُستوُرگەن ۋە ئاش-نان بېرىپ بېشىدا كوتىرىۋاتقان ئەل-يوُرتنى ئوُنتوُپ قالماسلىغىمىز كېرەك. ئوُشرە-زاكات، سەدىقە-ئىهسانلار هەق جايىنى تاپمىدى. ئاز ساندىكى كىشىلەرنىڭ يانچوُغىغا چوُشوُپ زايا بولماقتا. ئەگەر بىز بوُ مەبلەغلەرنى هەق جايىغا سەرپ قىلىپ ئوُز باللىرىمىزنى تەربىيە قىلساق، بوُنىڭ نىمە زىيىنى؟ يوُرتىمىزنى تەرەققىياتقا باشلىساق نىمە يامىنى؟ يوُرتىمىزدا مىڭ-لىغان، توُمەنلىگەن پەرزەنتلىرىمىز ئاچ-يالىڭاچلىق ئازاۋىنى چەكمەكتە. بوُ سەۋەپتىن ئوُلار ئوُزلىرىنى موُداخىلچىلارنىڭ قوي-نىغا ئاتماقتا. بىز بوُنىڭ ئالدىنى توسماي بولامدوُ؟ بىزموُ ئە-زەلدىن قاۋوُل خەلق ئىدوُق. پامىردىن تاكى ئوُزاق ئالتايغىچە چادىر-بارىگاھ قوُرغان ئىدوُق. ئەپسوُسكى جاهالەت، نادانلىق، بىخوتلوُق، ئىتتىپاقسىزلىق، كورەلمەسلىك، مەنمەنلىك، شەخسىيەت-چىلىك بىزنى گوُمران قىلماقتا. ئەلۋەتتە ئويلاپ كورەيلى، ئوُن-داق قىلمايلى! خەير-خوش مەن كەتتىم. ئەسسالاموُئەلەيكوُم.

ئابدۇقادىر داموللا قازىخانىدىن چىقىپ كەتتى. قالغان قازى-لار بېشىنى توۋەن سالغان پېتى بىر هازا جىم ئولتۇروُشتى. ئاندىن بېشىنى كوتىرىپ بىر بىرىنگە قاراشتى.

— بوُ ئاۋارىچىلىقنى كورسىلە! — دىدى قازىلاردىن بىرسى.

— خەپشوُك! — دىدى يەنە بىر قازى.

— ئوُنداق دىگىلىموُ بولمايدوُ، — دىدى ئىسلام قازى، —

ھەرقانـداق ئـىش خـۇدانىڭ تەقـدىـرىگە باغـلىق، بۇ ئادەمـنىڭ دىلىغا بۇ ئۇلۇغ قايغۇنى خۇدا سالغان ئىكەن، شۇنىڭ زارىنى قىلماي ئامال يوق!...... — ئۇ ئۇلۇق ـ كىچىك تىنىدى.

## 6

ئومەر باينىڭ ئەنجان رەستىسىدىكى كانتۇر ھويلىسى گەر-چە تارراق بولسىمۇ، ھەشەمەتلىك ئىدى. نەقىـشلەنگەن تۈۋرۈك-لەر، ئويما گۈللۈك گارنىزلار ھويلىنىڭ ھوسنىنى تولىمۇ ئاچقان ئىدى. تەشتەكلەردىكى ھەر خىل گۈل، قەپەزدىكى شاتۇتلار، ئوز يارىشىغىدا رەتلىك ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىدى. ئومەر باي بۇ كىچە نەزەر باغدىكى باغ ھويـلىـسىغا قايـتماي شەھەردە بولغان ئىدى. ئەتىگەنلىكتە بامداتنى ئويدە ئوقۇپ بولغانـدىن كـېيـىن، كانتۇر ئالدىغا كېلىپ، ناشتىغا چاي كەلتۈرۈش ئارىلىغىدا تەسـ ۋى سـىرىـپ دۇئا ئوقۇش بىلەن بەنـت ئولـتۇراتـتى. بىردىنلا ھويلا دەرۋازىسىنىڭ ھالقىسى تاراقلاپ، ئۇنىڭ دىققىتىنى بۇزدى. خىزمەتكار بالا دەرھال بېرىپ ھويلا دەرۋازىسىنى ئاچتى، ھويـ لىغا ئابدۇرېھىم بايۋەچچە باشلىق 3 كىشى كىرىپ سالام بەردى. ئۇلار دەرھال ئومەر بايـغا قول بېرىپ كورۇشكەنـدىن كـېيىن كانتۇرنى چورىدەپ ئولتۇرۇشتى ۋە قىسقا قىلىپ ئامانـلىق سو-راشقاندىن كېيىن ئابدۇرېھىم بايۋەچچە سوز ئاچتى:

— بۈگۈن كىچە شەھەر ئوڭتەي ـ توڭتەي بولۇپ، ھەمـمە ئادەمنى پاراكەندە قىلىدىغان بىر ئىش بوپتۇ.

— نىمە ئىش بوپـتۇ؟ توپان بالاسى كەلمىگەنـدۇ؟ — ئومەر باي بىخەۋەر بولغاچقا بىخىرامان سوراپ قويدى.

— توپان بالاسىدىن كەم ئەمەس! — دېدى ئابلىراخۇن باي.
— ھە، نېمە گەپ؟
— كىچە داموللام ئۆز تالىپلىرىنى باشلاپ بېرىپ شۇئىت دوختۇرخانىسى ئاچقان يېڭى مەكتەپنى، ئۇنىڭ مەتبەلىرىنى چېقىپ تاشلاپتۇ!
— نېمە؟ — ئۆمەر باي سەل جىددىيلىشىپ، رەڭگى ئۆزگەرگەن ھەم كۆزلىرى چەكچەيگەن ھالدا سورىدى، — قايسى داموللا؟
— قايسى داموللا بولماقچى! بىزنىڭ ئابدۇۋارىسچۇ!
— ھە داموللا قادىرمۇ؟ مەكتەپ قەيەرگە تاقىشىپتۇ؟
— شۇنى دېمەملا؟ — دېدى ئابدۇرېھىم بايۋەچچە.
— قەشقەرگە سىغمايۋاتقىنى، ئۆزىچە مەسلەك مەستانىسى بولۇپ، بۇرغۇسى تۇتۇپ نېمە قىلىشنى بىلمەي كوزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمەيۋاتقىنى، — دېدى ئابلا ئاخۇنباي جىددىي ئاھاڭدا، — بىزغۇ مەيلى، ئىنگلىز - شۇئىتلەرگە مۇشت كۆتەرگىنى قاملاشمىدى. ئۇ خەق بىزگە نېمە يامانلىق قىلدى؟ شۇنچە يىراق جايلاردىن كېلىپ، قولىدىن كېلىشىچە ياخشىلىق قىلىۋاتىدۇ. بىززە ۋاپاغا جاپا بارمۇ دېسە بىزگە ئىككى دېسەك قاملىشامدۇ؟ بۇ راسا ھۆرمەتسىزلىك بولدۇ. ئۇ خەقنىڭمۇ ئەلۋەتتە كوڭلى بار. ئەگەر ئاچچىغى كېلىپ قالسا، تاماشانى شۇ يەردە كورسەك بولىدۇ. بىزنىڭ پۈتۈن جان تومۇرىمىز شۇ خەقنىڭ قولىدا ئەمەسمۇ؟
— ئەستاغپىرۇللا!......— ئۆمەر باي ساقىلىنى تۇتاملاپ سىرىپ دەرقەم ئولتۇرغان بايلارغا قاراپ تىترەپ دېدى، — بۇ داموللا تاۋاقنى چېقىپ قويۇپتۇ - دە!
ھويلا ئىشىگىنىڭ ھالقىسى يەنە تاراقلىدى. خىزمەتكار

بىرىپ ئاچقاندىن كېيىن ھويلىغا ماھۇت بەگ كىرىپ كەلدى. بۇ ئادەمنىڭ قوشۇمىسى دائىم تۈرۈكلۈك بولغىنى ئۈچۈن ماھۇت خاپىلىق دەپمۇ ئاتىلاتتى. ئۇ كىرىپلا:

— سەھەر بىرىپ ھەسەن شۆيت بىلەن ئۇچراشتىم. ئۇ كىشى قاتتىق كايىدى. كاللىسى قىزىپ، ئىشنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولار دەپ بېشىنى چايقاپ قالدى......

— ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ، — دېدى ئابدۇرېھىم بايۋەچچە سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — قەشقەر بايلىرىنىڭ تۈمەن سەر يىپەكلىرى، تۈمەن-تۈمەن تېرە-ئۆچكىلىرى، مىڭلاپ زىلچە-گىلەملىرى ئۇ خەقنىڭ قولىدا تۇرۇۋاتسا، ئۇلار شۇ ماللارنىڭ بەدىلىگە بىزگە مەنپەئەت بېرىۋاتسا، بىز قەشقەرلىق تۈزۈكنى ئىچىپ تۈزلۈغۈكنى چاقاي دىسەك قاملىشامدۇ؟ — بولىدىغان ئىش بولدى. ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ — ئۆمەر باي قوشۇمىسىنى تۈرۈپ ئەقىل سورىغاندەك سوئال قويدى.

— ياخشىسى ئىنگلىز كونسۇلخانىسى بىلەن شۆيت كونسۇلخانىسىغا بىرىپ ئۆزرە ئېيتىشىمىز كېرەك، — دېدى بىرسى.

كۆپچىلىك بېشىنى لىڭشىتىپ تەستىقلاشتى.

ئۆمەر باي، ئابدۇرېھىم بايۋەچچە باشچىلىقىدا ئۇنىڭغا يېقىن چوڭ-چوڭ بايلار نوۋبىشى كوچىسى بىلەن سەمەن تەرەپكە چىقىپ شۆيت كونسۇلخانىسىغا كىرگەندە ئۇلارنى كونسۇل خادىملىرىدىن بىرسى كۈتۈۋالدى. بايلارنىڭ كېلىش مەقسىدىنى سورىغاندىن كېيىن ئۇلارنى ھويلىدا قالدۇرۇپ، ئۆزى ئىچكىرى كىرىپ كەتتى. بايلار ھويلىدا 10 مىنۇت ساقلىغاندىن كېيىن، ھېلىقى خىزمەتچى چىقىپ كونسۇلنىڭ مېھمان قوبۇل قىلىش خانىسىغا

تەكلىپ قىلدى. بايلار مېھمانخانىغا كىرىپ ئۆز ھۆرمىتى بويىچە ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ھىلىقى خىزمەتكار بايلارغا قاراپ تاۋازۇئلۇق بىلەن ئىزاھلىدى:

— جانابى كونسۇل مۇھىم ئىش بىلەن بەنت بولغانلىقتىن ھەرقايسىلىرىنى 10 مىنۇت ساقلىتىپ قويىدىغانلىقىغا خىجالەت بولىدىغانلىقىنى بىلدۈردى، — دېدى ئۇ.

— يوغسۇ، يوغسۇ......ئون مىنۇت دېگەن ھېچقانچە گەپ ئەمەس، — دېدى بايلارنىڭ ھەممىسى.

بايلار لوم-لوم ئورۇندۇقلاردا ئولتۇرۇشتى، بەزەنلىرى پاپىروس چېكىشتى. تاماكىنى چوڭ-چوڭ تارتىپ، ئۇزۇن-ئۇزۇن تۈتۈن پۈۋلەشتى. بۇ چاغدا ھىلىقى خىزمەتكار يەنە سوزلەپ:

— ئادەتتە جانابى كونسۇلنىڭ ئىشى ئانچە كوپ بولمايتتى، — دېدى خىزمەتچى كۈلۈمسىرەپ، — بەزەن شۇنداق جىددى ۋاقىتلاردا ئىش ئالدىراش بولۇپ قالىدۇ!......

بايلارنىڭ يۈرەكلىرى جۇغىدە سىلكىندى. ئۇلارنىڭ خىيالى دەرھال ئابدۇقادىر داموللىنىڭ قىلغان ئىسيانىغا بېرىپ تاقالدى. بەلكى داموللىنىڭ قىلغان ئىشى جىددى ئىش بولغانلىقتىن كونسۇل بۇ ئىشنى ئۆز ھوكۇمىتىگە دوكلات قىلىۋاتسا كېرەك، دېگەن ئويغا كېلىشتى-دە، پۈتۈن ۋۇجۇدىغا تىترەك ئولىشىپ، كوز ئالدىلىرىدىن يىپەكلەر، ئۈچەكلەر، تېرە، زىلچە-گىلەملەر ۋە باشقا قىممەت باھالىق ماللار ئوتۇشكە باشلىدى. ھىلىقى خىزمەتچى بايلارنىڭ روھىي ھالەتلىرىنى سىنچى كوزلىرى بىلەن بايقاپ چۆشەنگەندىن كېيىن ئىچكىرى كىرىپ كەتتى. ئارىدىن 5 مىنۇت ئوتۇپ جانابى كونسۇل چىقىپ مېھمانلارنى

قوبۇل، قىلدى. كونسۇل كىرگەندە بايلار دەررۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئېھتىرام بىلدۈردى. كونسۇل ئۇيغۇر تىلىغا كامىل ئىدى:

— مەرھەمەت! مەرھەمەت! ئۆمەر باي، ئابدۇرېھىم باي، ماموتخان باي، مەرھەمەت! — كونسۇل بېشىنى لىڭشىتىپ ھەربىر كىشىنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ ئالاھىدە ئىلتىپات كۆرسەتتى ۋە ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. بايلار مەمنۇنىيەتلىك بىلەن جاي-جايىدا ئولتۇرۇشقاندىن كېيىن، ئامانلىق سوراشتى. ئاندىن ئۆمەر باي ئورنىدىن تۇرۇپ بايلارغا ۋاكالىتەن ئۆزرە ئېيتتى:

— كېچە بىزنى غەپلەت ئۇيقۇسى بېسىپتۇ. شەھرىمىزدە كىشىنىڭ دىلى رەنجىگۈدەك، زەردىسى قايىنىغۇدەك ئېغىر ۋەقە يۈز بېرىپتۇ! بۇ قەشقەرنىڭ ئىشى ئەمەس، ئايرىم ئىسيانكارنىڭ قەبىھلىكىدىن بولغان. بۈگۈن ئەتىگەن ئاڭلاپ ھەممىمىز قاتتىق رەنجىدۇق......جانابىي كونسۇل ئە......پەن......دىم......

—ئولتۇرسىلا باي......دىل رەنجىگۈدەك ئىش ئەمەس،—دېدى كونسۇل ئوچۇق چىراي كۆرسىتىپ،— ئولتۇرسىلا، مەرھەمەت، بۇ بىر كىچىك ئىشقۇ! ئۇلۇغ مەريەم ئانىمىزنىڭ ۋاپادارلىغىنى نامايەن قىلىش يولىدا ياخشى نىيەت بىلەن ئىش قىلدۇق. ئەگەر ھەرقايسىلىرى بىزنىڭ يۇرتىمىزغا بېرىپ بىز قىلغان ياخشى ئىشلارنىڭ ئوندىن بىرىنى قىلىشقان بولۇشسىلا بىزنىڭ خەلقىمىز ھەرقايسىلىرىنى باش ئۈستىگە ئېلىپ كۆتەرگەن بولاتتى. چۈنكى بىزنىڭ خەلقىمىز ياخشى ئىش، ياخشى نىيەتنى ئوبدان چۈشىنىدۇ......

— شۇنداق، شۇنداق! — دېيىشتى بايلار.

— بىز قەشقەردىن مۇنداق جاۋاپ بولار دەپ ھېچقاچان ئويلىمىغان ئىدۇق، — دېدى كونسۇل سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ.

— بەك سەت بولدى، بىز ھەممىمىز كۆپ خىجالەت

بوالدۇق.

— خىجالەت بولغۇدەك ئىش ئەمەس، — دىدى كونسۇل چىمچىلاق قولىنىڭ ئۇچىنى كورسىتىپ، — تولىمۇ كىچىك ئىش. لېكىن بىز ياۋروپالىق يوغىنايدىغان ھەرقانداق جاراھەت، ھەر- قانداق ئازاپ - ئوقۇبەتنىڭ دەسلىۋىدە كىچىك نەرسىدىن باشلى- نىدىغانلىغىنى چۈشىنىمىز. شۇڭا داۋالاش قائىدىسى بويىچە ھەرقان- داق كىچىك ئالامەتلەرنىڭ ئالدىنى ئالىمىز. كېسىپ تاشلاشقا تېگىشلىك بولسا ئۇنىڭغا ئاغرىنىپ تۇرماستىن كېسىپ تاشلاپ، كىشلەرنى كېيىنكى ئازاپتىن قۇتۇلدۇرۇپ قالىمىز. بۇ بىزنىڭ داۋالاش ئۇسۇلىمىز. كېچە پەيدا بولغان ۋەقە مۇشۇ قىسمەتتىكى ئىشلارغۇ! ھەرقايسىلىرى قەشقەرنىڭ بايلىرى، قەشقەرنىڭ كوزى، قەشقەرنىڭ يۈزى، گۈل تاجىسى ئوخشاش. شۇنىڭ ئۇچۈن بۇ ئىش سەت بولىدۇ دىگەن ھىسسىيات بىلەن بىزگە ئۇزرە ئېيتىپ كېلىشىپلا. مەن بۇنى چۈشەنگەن يەردە، ھەرقايسىلىرىمۇ چۈشى- نىشلىرى كېرەك. ئۇيغۇرلاردا ”ئوزەم تاپقان بالاغا، نەگە باراي دەۋاغا“ دەيدىغان بىر تەمسىل بار، بۇ ۋەقەنىڭ ئوزى بىر ئىل- لەت، ئۇنىڭ داۋاسىنى يەنە ئوزلىرى قىلىشىدىلا، بىز ئوز ياخشىلىغىمىزنى ھەرگىز توختىتىپ قويمايمىز......

بايلار ئېگىلىپ خوش ئېيتىپ چىققاندىن كېيىن، ئىنگىلىز كونسۇلخانىسىغا بېرىپ ئۇزرە ئېيتتى. ئىنگىلىز كونسۇلى قوبۇلخا- نىدا مۇنداق دىدى:

— ئەتىگەنلىكتە ۋەقەنى ئاڭلاپ قاتتىق ئەپسۇسلاندىم. قەشقەردە مۇنداق بولۇشنى ئەسلا كۇتمىگەن ئىدىم.

— راست - راست، — دىيىشتى بايلار، — ھىچكىمنىڭ خىيالىغا كەلمىگەن ئىش ئىدى. ئاجايىپ قوپال ئىش بولدى - دە!

— ئابدۇقادىر داموللا بەلكى پىلغا مۇشت ئاتماقچى بولغان-
دۇر، بۇنىڭ بىلەن ئۇلۇغ ئىمپېرىيە ھېچقانداق زىيانغا ئۇچرى-
مايدۇ. داموللا كوپ جايلارغا بارغان بولسىمۇ، ئەقىل تاپمىغان،
دۇنيانى چۈشەنمىگەن. دۇنيانىڭ تىزگىنى كىمنىڭ قولىدا، تەق-
دىرى كىمنىڭ ئىلكىدە، بۇنىڭدىن زەررىچە ساۋادى يوق. ۋەقە
گەرچە كىچىك بولسىمۇ، تەسىرى يامان! بۇ ئىشنىڭ بەختسىز
ئاقىۋەتلىرىنى تەسەۋۇر قىلغاندا شەخسەن ئۆزەمنىڭ قورققۇسى
كېلىدۇ، — دېدى كونسۇل سۇرلۇك قىياپەتتە.
— دەرۋەقە شۇنداق، كونسۇل جاناپلىرى، بۇ ۋەقە بىزنى
جىق تەشۋىشكە سالدى، — دېدى ئومەر باي.
— ئابدۇقادىر داموللا قەشقەر مەنپەئەتى بىلەن ھېساپلاشمى-
غان. قەشقەرنىڭ جان تومۇرى قەيەردىن ئوزۇقلىنىۋاتىدۇ، بۇنى
قىلچە چۈشەنمىگەن. لېكىن ھەرقايسىلىرى ياخشى چۈشىنىشىدىلا.
ئانچە ئەندىشە قىلىشمىسىلا! ئىش ئوڭشىلىپ قالىدۇ! — دېدى
كونسۇل كۈلۈمسىرەپ.
بايلار بۇ يەردىنمۇ خوشلىشىپ يېنىپ چىقىشتى.

## 7

ماموت بەگ ئىچكىرىكى مېھمانخانىسىدا ھەسەن شۇۋت بە-
لەن داستىخان ئۇستىدە چاي ئىچىپ ئولتۇرۇپ سوھبەتلەشمەكتە
ئىدى.
— جانابى كونسۇل ئەپەندىمنىڭ قوشۇمىسى تۇرۇلگەنلىگى-
نى مەن تېخى ئۇچراتمىغان، — دېدى ھەسەن شۇۋت قولىدىكى
پىيالىنى ئوينىتىپ، — بۇ ۋەقە چىققاندىن كېيىن قوشۇمىسىنى تۇر-

گەن پېتى خىيال سۇرۇپ بىر ھازا تۇرۇپ كەتتى. ئاندىن گەپ قىلماستىن ئۆيىنىڭ ئىچىدە ماڭغىلى تۇردى. ئۇنىڭ ئەلپازىدىن قورقۇپ ھېچگەپ قىلالمىدىم.

— ئەلۋەتتە خاپا بولغاندۇ، — دېدى مامۇت خاپىلىق قوشۇمىسىنى تېخىمۇ تۈرۈپ، — ئەگەر مېنىڭ دۈكىنىمنى بىرەر ئادەم بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىتىدىغان بولسا، قان بولۇشۇپ كەتمەمدىمەن، يا ئۇيان، يا بۇيان بولۇشۇپ كېتىمەن-دە! كونسۇل ئەپەندىم ھېلىمۇ ياخشى ئانچە خاپا بولماپتۇ.

— جانابى كونسۇل بىر ھازادىن كېيىن بۇرۇلۇپ ماڭا قاراپ، ھەرە ئۆز كونەلگىسىنى ئۆزى ساقلايدۇ! — دېدى-دە، ئارتۇق گەپ قىلماي ئۆيىگە چىقىپ كەتتى. بۇ گېپىنى خېلى ئويلاپ كۆرگەن بولسامۇ مەنىسىنى يېشەلمىدىم.

— گەپىنىڭ ئۆزى مەنىسىز گەپ ئەمەس، — دېدى مامۇت بەگ.

— ئەلۋەتتە جانابى كونسۇل مەنىسى يوق سۆزنى قىلمايدۇ. مامۇت بېگىممۇ ئويلاپ كۆرسۇن. زادى بۇ سۆز قانداق مەندە ئېيتىلدى؟

— قەشقەرلىق ھەركەتكە كېلىپ ئۆز قەشقىرىنى ساقلىسۇن، دېگەن مەندە سۆزلىگەندۇ؟

— نۇرى ئەلانۇر، — دېدى ھەسەن شۇۋت مامۇت بەگنىڭ دولىسىغا قېقىپ، — مېنىڭ مۇلاھىزەممۇ شۇ ئىدى. قەشقەرلىق ئۆز شەھىرىنى ئۆزى ساقلىمىسا، كىم ساقلاپ بېرەتتى؟ مەن يەنە شۇنى قىستۇرۇپ قويغۇم كېلىدۇكى، ئاتىسىغا يول قويغان سودىگەر پايدا تاپالمايدۇ. بۇنى ئوبدان چۈشىنىلا، قەشقەردە باي، سودىگەرلەر تولا. بۇلارغا پايدا كېرەك،

پايدا ھىندىستانغا باغلىق. تېگى - تەكتىدىن ئالغاندا ئۇلۇغ بىرىد-
تانىيىگە باغلىق، بىرىتانىيە ئىمپېرىيىسى خاپا بولغان كۈنى قەش-
قەرنىڭ ھاياتى يوق دىگەن سوز. خاپىغۇ بولماس، ناۋادا خاپا
بولۇشنىڭ ئورنىغا قاپىغىنى تۈرۈپ قېشىنى ھىمىرىپ قويغان كۈ-
نى ئومەر باي، ئابدۇرېھىم بايلارنىڭ پايدا - مەنپەئەتلىرى قانداق
بولار؟ ئۇلارنىڭ ئالتۇن - كۈمۈش، يامبۇ يۈكلىگەن خېچىرلىرى
يامىر يوللىرىدا قايسى ھاڭغا دومىلاپ كېتەر؟ ئۇنداق بولغان
كۈنى ئومەر بايمۇ راۋاپ كوتىرىپ دىۋانىچىلىق قىلىشقا مەجبۇر
بولمايدۇ دىگىلى بولامدۇ؟ بۇ تەسەۋۋۇرنى قەشقەر بايلىرى كوز
ئالدىغا كەلتۈرگەندىمۇ؟

— ئەلۋەتتە شۇنداق، ئەلۋەتتە شۇنداق!

— ئاتىسىغا يول قويغان سودىگەر پايدا تاپالمايدۇ، دى-
گەننى قايتا ئەسكەرتىپ قويۇشۇمدىكى سەۋەپ، ئابدۇقادىر داموللا
بايلارنىڭ ئاتىسى ئەمەس. ئەگەر ئاتىسى بولغان ھالەتتىمۇ
يول قويماسلىقى لازىمدە...... — دىدى ھەسەن شنۋىت سۆرلۈك قى-
ياپەتتە.

— سوزنى ئىككىمىز قىلىشۋاتىمىز، — دىدى، مامۇت بەگ
ئاۋازىنى سەل پەسەيتىپ، — بايلارنىڭمۇ كوڭلىگە پۈككەن يىرى
بار، ئەلۋەتتە......

— باركاللا! ئىشلىرىڭىز نۇر ئەلانۇر.

مامۇت بەگ تېتىك قەدەم تاشلاپ ئويىدىن چىقىپ ئانچە
ھايال بولمايلا زور گەۋدىلىك بىر ئادەمنى ئەگەشتۈرۈپ كىر-
دى ۋە بۇ مېھماننى تونۇشتۇرۇپ:

— ئەتىگەندىن تونۇشتۇرغان دىۋە يۈرەك پالۋانىمىز مانا
شۇ كىشى، ئىسمى ھېلىم مەزىن ئاخۇنۇم!......

— باركاللا، مەن ئاڭلىغان، قولىدىن ئىش كېلىدىغان با-تۇر ئادەم. مەرھەمەت، ئولتۇرۇڭ.

ماموت بەگ بىر پىيالە چاي تۇتتى. ھېلىم مەزىن چاي ئوتلاۋاتقان چاغدا ماموت بەگ ئورنىدىن تۇرۇپ داراڭلىتىپ يو-غان ساندۇقنى ئاچتى.. دە، سامان قەغەزگە ئورالغان 6 يوگەم تەڭگىنى ۋە بىر دانە خەنجەرنى ئالدى. دە، داستىخاننىڭ بىر بۇرجىكىدە قىزىرىپ، — ئانداق بولسا تاغا، باشتا قىلىشقان گېپىمىز گەپ. ۋەدىمىز ۋەدە بولسۇن. مانا بۇ 300 سەر تەڭگە، بىر دانە خەنجەر، بۇ خەنجەر ئۆز يېرىمىزدە سوقۇلغان ئەمەس. زاۋۇتتىن چىققان، ھەرقانداق ئىشقا يارايدۇ.

ھېلىم مەزىن ئوراقلىق تەڭگىلەرگە، پوكاندەك قىزارغان بىشارىسى، قىزارغان كوزلىرى بىلەن تەلمۇرۇپ قارايتتى.

— قېنى ئېلىڭ، قالغان ئىش ئۆزىڭىزدە قالدى. ئېلىڭ تەڭگىلەرنى.

ھېلىم مەزىننىڭ يۇڭ باسقان قوللىرى تىترىگەن ھالدا تەڭگىلەرنى ئېلىپ بەلۋاققا چىگدى. ئاندىن خەنجەرنى قولغا ئېلىپ، ئورۇپ - چورۇپ قاراپ قويدى.

— ئۇنداق بولسا خەير - خوش!......

— خۇدايىم بۇيرۇسا ھەرقايسىلىرىنىڭ تاپشۇرغان ئىشىنى جان تىنىم بىلەن ئادا قىلغايمەن!......خەير،—دىدى ھېلىم مەزىن.

ماموت بەگ ھېلىم مەزىننى ھويلىدىن چىقىرىپ ئۇزىتىپ قويدى. ھېلىم مەزىننىڭ گەۋدىسى قاراڭغۇلۇق ئىچىدە چاپسانلا كوزدىن غايىپ بولدى......

بۇگۈن باشقىچە تاڭ ئاتتى. ئاسماننى كوڭۇلسىز تۇمان قاپلىغان. ھاۋانىڭ قانداقتۇر كوڭۇلنى خىرەلەشتۇرىدىغان تەبى-

مىڭگە يارىشا قانداقتۇر دەھشەتلىك ۋە مەشئۇم خەۋەرمۇ تارقالغان ئىدى.

قەشقەر شەھەر ئىچىدىكى يۈزلىگەن مېچىت جامائەتلىرى، ئونلىغان مەدرىسلەردىكى تالىپلار، شەھەر ئاھالىلىرى، سودىگەرلەر، قول ھۈنەرۋەن كاسىپلار، تۇل خوتۇن، يېتىم-يېسىرلارنىڭ ھەممىسى بۇ مەشئۇم خەۋەرنى ئاڭلاپ، گويا قىيامەت قايىم بولغاندەك، گويا قۇياش كوچۇپ پايانسىز كائىنات بوشلۇقتا ئېقىپ كېتىپ جاھان زۇلمەت ئىچىدە قالغاندەك، ئادەملەرنىڭ ھەممىسى بۇ زۇلمەت جاھاننىڭ بىر بۇلۇڭىدا قاراڭغۇلۇقتا قالغاندەك باشقىچە تۇيغۇدا، تۇۋا، تۇۋا! دېيىشمەكتە. قانداقمۇ قولى بارغاندۇ؟ قانداق دەيۈز قارا قوساق شۇنداق قىلغاندۇ! خۇدالىق ئالەم ئەمەسمۇ؟ ئالىمنىڭ ئۆلگىنى ئالەمنىڭ ئۆلگىنى ئەمەسمۇ؟ تۇۋا، تۇۋا! دېيىشەتتى. ئومۇمەن ئادەملەر قاتتىق ھەيرەت ئىچىدە ئازاپ چەكمەكتە ئىدى.

بۇ خەۋەر يېزىلارغىمۇ يۈركەتتى. قوغان، سەمەن، نەزەرباغ تەرەپلەردىن، توقۇزاق، بەشكېرەم، ئاتۇش، پەيزىۋات تەرەپلەردىن توپ-توپ خەلق شەھەرگە ئاقماقتا ئىدى. بۈگۈنكى ماتەم پۈتۈن يۇرتنىڭ، شۇنداقلا پۈتۈن ئالەمنىڭ قايغۇسىغا ئايلاندى.

ئۇلۇغ ھېيتگاھدا ئۈستىدە كىمخاپ يوپۇق يېپىلغان جىنازا خەلق دېڭىزى ئىچىدە گويا كاراپتەك ئۈزمەكتە.

خەلقنىڭ مۇڭ-زارى، نالە-پىغانلىرى ئاسمان-پەلەك كۆتىرىلمەكتە. سەللىلىكلەر، ئۇزۇن تونلۇقلار، مىڭلىغان تالىپلار، پەرەنجە يېپىنغان ئاياللار، كۆلا كىيگەن دەرۋىشلەر، سايىپچىلار، مەددالار، راۋاپچىلار، ئىشقىلىپ ھەممە جاھان ياش توكۈپ قان يىغلىماقتا. ناماز چۈشۈرگەندە، ھېيتگاھنىڭ ئىچى-تېشى

ئادەم دېگىنىمىزغا ئايلانغان ئىدى. ناماز چۈشۈرۈلۈپ بولغاندىن كېيىن قۇتلۇق شەۋقى تەرىپىدىن يېزىلغان مەرسىيىسى ئوقۇلدى.

مىڭلىغان تالىپلار قوللىرىغا ھاسا ئېلىپ تۇماقلىرىنى تەتۈر كىيىپ، ئاھ ئىسىت، ۋادەرىخ دەپ يىغلاپ تەزىيە شېئىرى ئوقۇدى:

قەشقەردە داموللا ئابدۇقادىر ناھەق كەتتىلەر،
قالدىلەر ياش باللا، ھامىمام ئاستىدا كۆلدە ياتۇرلەر.

ئايرىلدۇق يۇلتۇزدەك كاتتا ئالىمدىن ئەي مۇسۇلمانلار،
ئالىمنىڭ ئۆلگىنى ئالەمنىڭ ئۆلگىنى ئويلا ئىنسانلار.

ئويلىماي قول سالدى قاشقىرلار كەبى دەيۇز قاتىللار،
قالدۇق بىز ھەسرەتتە بەك ئېغىر كۆنگە.

ئاسماندىن ياغدى قان بولغان بۇ ئىشقا تاقەت قىلالماي،
ئاقتى قان دەريالار بۇ پالاكەتتىن قايناپ تاشقىنلار.

ئاھ ئىسىت، ۋادەرىخ ئايرىلدۇق ئەجەپ پىرو ئۇستازدىن،
يىغلايمىز ئۆلگۈچە داغو-ھەسرەتتە جىمى تالىپلار.

ياشىمىز قاپلىسۇن توپان سۈيىدەك يەر ۋە جاھاننى،
ئاھىمىز قاپلىسۇن ئاسمان قەھرىنى چىقسۇن بورانلار.

ئەمدى بىز قەشقەرلىق تاپماي قويمايمىز ياۋۇز قاتىلنى،
دەھشەتلىك كۆلپەتكە زەردىمىز تاشتى قايناپ ۋىجدانلار.

تالىپلارنىڭ تەزىيە ساداسى، يۇزلىگەن دەرۋىشلەرنىڭ دەۋرى ساماسى، مىڭلىغان ئادەملەرنىڭ نالە-پەريادى، قانلىق كوز ياشلىرى ئىچىدە ۋەتەنپەرۋەر ئابدۇقادىر داموللا بىننى ئابدۇۋارىس قەشقەرىنىڭ جەسىدى 1924-يىلى (ھىجرىيە 1343-يىلى) يەرلىككە دەپنە قىلىندىلەر.

ئابدۇقادىر دامولىلام ۋاپات بولۇپ 10 يىل ئوتكەن 1934-يىلى مەن قەشقەرگە بارغىنىمدا "قەشقەردە داموللا ئابدۇقادىر ناھەق كەتتىلەر" دىگەن بۇ تەزىيە شېئىرى ئېيتىلىدىكەن، ئۇنى ھەتتا كوچىلاردىكى، ئائىلىلەردىكى ئۇششاق باللارمۇ بىلىدىكەن، مەن شۇ چاغدا ئاڭلىغان، ئاھاڭلىرى، قىسمەن بېيىتلىرى ھازىرغىچە ئېسىمدە تۇرۇپتۇ. شۇ يىللاردا قەشقەردە راۋاپچىلاردىنمۇ، ئاقسۇ، كۇچار تەرەپلەردىمۇ شۇ قىسمەتتىكى قوشاقلارنى ئاڭلىغان ئىدىم:

تاغلار-تاشلار تەۋرىشىپ،
قاتتىق چاقماق چاققانمۇ؟
دەريا سۇيى قان بولۇپ،
بۇگۇن تەتۇر ئاققانمۇ؟

قەشقەرنىڭ ھاۋاسىنى،
چاڭ-تۇمانلار باسقانمۇ؟
قەشقەرنىڭ جاھانىنى،
قايغۇ-ماتەم باسقانمۇ؟

ئاي تۇتۇلماس دەپتىمىز،
كۈن تۇتۇلماس دەپتىمىز.

داموللىغا دەيۈزلەر،
قەست قىلمايدۇ دەپتىمىز.

قىلماق بولغان قەستىڭنى،
ماڭا قىلساڭ بولمامتى؟
قولۇڭدىكى پىچاقنى،
ماڭا سالساڭ بولماmتى؟

داموللام شېھىت بولدى،
ياتار جايى بېھىش بولدى.
داموللامغا قەشقەرلىق،
كوپ يىغلاپ بىھۇش بولدى.

ئاق قۇشقاچ چۇرۇقلايدۇ،
چاڭگاسىنى تاپالماي.
تالىپ باللا يىغلايدۇ،
داموللامنى تاپالماي.

داموللام چىراقىغا،
پەرۋانە بولاي دەيمەن.
ناھەق بولغان بۇ ئىشقا،
دىۋانە بولاي دەيمەن.

داموللامغا قەست قىلدى،
يۈزى قارا دەيۈزلەر.

كوڭلىدە چىراغى يوق،
دىلى قارا ياۋۇزلار.

## ئاخىرقى سوز

"ئول ئىشنى ئاشكارا بولمىسۇن دىسەڭ قىلمىغىنىڭ ياخشى." مەرھۇم ئابدۇقادىر داموللا بىننى ئابدۇۋارىس قەشقىرىنىڭ جەسىدى قايغۇ - ھەسرەت، ئاھ - نادامەتلەر ئىچىدە دەپنە قىلىنىپ، ئۈچ نەزىرسى بېرىلگەن كۈنلەردىلا ھەر خىل مىش - مىش گەپ- لەر پەيدا بولدى. ھېلىم مەزىن دىگەن قارا قوساق قەتىل قىپتۇ دىيىشتى. ئاز كۈن ئوتمەي ئومەر باي باشلىق بايلار ھېلىم مە- زىنگە 300 سەر تەڭگە بېرىپتۇ، دىگەن سوزلەر پەيدا بولدى. ئۇ چاغدىكى مۇستەبىت ھوكۇمەتنىڭ قول ئاستىدا، بايلار، چوڭ - چوڭ ئاخۇنلار كوكلەپ يايرىغان شارائىتتا بۇ سوزلەر ئو- زىچە بېسىلىپ قالاتتى.

مەرھۇم ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ناھەق ئولتۇرۇلگەنلى- گىگە 56 يىل بولغان بۈگۈنكى كۈندە، خەلق ئاغزىدا "ئىن- گلىز - شۋيت كونسۇلخانىلىرىنىڭ كۈشكۈرتىشى بىلەن ئومەر باي قاتارلىقلارنىڭ 300 سەر تەڭگە سەرپ قىلىپ داموللامنى ھېلىم مەزىننىڭ قولى بىلەن ئولتۇرگەنلىگى ئېنىق سوزلەنمەكتە......

يازغۇچىدىن:

"داموللام ئابدۇقادىرى ناھەق كەتتىلەر" دىگەن بۇ مەرسە- يىنى مەن 1933 - يىلى قەشقەردە ئاڭلىغان ئىدىم. ياش چاغ- لاردا ئاڭلىغان بۇ شېىر يۈرەككە چىڭ ئورۇنلاشقان ئىكەن، ھا-

زىرغىچە ئۇنتۇپ قالغىنىم يوق.

مەيلى دىنىي ئوقۇغانلار ئىچىدە بولسۇن ياكى ھازىرقى زىيالىيلار، تىجارەتچىلەر، ھۈنەرۋەنلەر ئىچىدە بولسۇن، ئابدۇقادىر داموللا بىنى ئابدۇۋارىس قەشقەرىنىڭ تەرىپىنى بۈگۈنكى كۈنگىچە ئاڭلاپ كەلمەكتىمەن. بۇ زات 1924 - يىلى (ھىجرىيە 1343 - يىلى) ناھەق ئۆلتۈرۈلگەن ئىدى. بۇ ئىشقا گەرچە 56 يىل بولسىمۇ، كىشىلەر بۇ پاجىئەنى ئۇنتۇپ قالغىنى يوق. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، شۇ ۋاقىتلاردا قەشقەردە تۇرۇشلۇق ئەنگلىز كونسۇلخانىسى، شۋېت كونسۇلخانىسى ۋە مىسسىونېرلارنىڭ قانلىق قولى ئۇمەر باينىڭ 300 سەر تەڭگىسى، ھېلىم مەزىن دىگەن قارا قوساق پوكانچىنىڭ ۋىجدانسىز قاتىل گەۋدىسىگە بولغان لەنەت ۋە نەپرەتنى بىر كۈنمۇ ئۇچۇرۇپ قويغىنى يوق. يىراق-يىراق يېزىلاردىكى پارىس. ئەرەبىدىن ئازراقلا خەۋىرى بولغان كىشىلەر بەزەن كىتاپلاردا ئابدۇقادىر داموللامنىڭ يازغان قىسقا رۇبائىيلىرىنى كورۇپ تەھسىن ئوقۇيدۇ. قىزغىن مۇھاكىمە يۈرگۈزۈپ، رۇبائىنىڭ چوڭقۇر مەنىلىرىگە قاراپ ئابدۇقادىر داموللامغا كاتتا ئۆلىما، كاتتا ئالىم، مۇتەپەككۇر، پەيلاسوپ، شائىر-ۋەتەنپەرۋەر، مەرىپەتپەرۋەر دەپ يۇقىرى باھا بىرىدۇ.

دەرۋەقە ئابدۇقادىر داموللا ئەسرىمىزدە ئىقتىدارلىق ئالىم ئىدى. تەرەققىپەرۋەر زات ئىدى. بۇ زات قەشقەردە، بۇخارا ۋە ھىندىستاندا ئوقۇغان. ھىجاز، مەدىنە، مىسىر، ئىستامبول، ئوفا، قازان، تاشكەنتلەرگە زىيارەتتە ھەم ساياھەتتە بولۇپ بىلىم ئىقتىدارىنى ئاشۇرغان ۋە نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتكەن. ئۇز ۋەتىنىنىڭ ئارقىدا قالغانلىقىنى، ئۇز خەلقىنىڭ نادانلىق ۋە جاھالەتتە ياتقانلىقىنىڭ سەۋەپلىرىنى شۇ دەۋردىكى جاھانگىرلار، مىس-

سوتېرلار، مۇتەئەسسىپ بايلار، خۇراپى ئىشان تورىلەر، مولىلارنىڭ ياۋۇز نىيەتلىرىدىن ئىزلەپ تېپىپ ئۇنىڭغا قارشى كۈرەش قىلغان.

ئابدۇقادىر داموللا 45 يېشىدا قەشقەرگە قايتىپ كەلدى. ئۇ شۇ ۋاقىتلاردا قەشقەر زېمىنىغا چاڭگال سېلىۋالغان چەتئەل قوللىرىنى كېسىپ تاشلاش، مۇتەئەسسىپ باي ۋە ئۆلىمالارنىڭ چەتئەل كۈچلىرىگە تايىنىپ تىكلىگەن نوپۇزلىرىنى قىرقىپ تاشلاش ئۈچۈن قەتئىي كۈرەش قىلدۇ. بىز بۇ مەقسەتنى ئابدۇقادىر داموللام ئۆز قولى بىلەن يازغان «نەسىھەتى ئاممە» دىن كۆرۈۋالالايمىز. "شانلىق يۇرۇشلىرىمىزگە خۇراپاتلىقلار ئارىلاشتى. ئىززەت ئابرۇيىمىز قولدىن كەتتى. موخالىپاتچىلار (جاھانگىرلار) ۋەتىنىمىزگە قول سېلىشقا باشلىدى." دېمەك 1920 - يىللىرى قەشقەردىكى ئەمەلىي ئەھۋال شۇنداق ئىدى. مەرھۇم ئابدۇقادىر داموللام رېيال ئەھۋالغا قارشى كوكرەك كېرىپ، پىداكارلىق بىلەن كۈرەش قىلدى. ئۇشرە - زاكات، سەدىقە - ئېھسانلارنى غېرىپ - غۇرۋا، يېتىم - مىسكىنلەرگە سەرپ قىلىش، مەكتەپلەر قۇرۇپ ئۇلارغا تەربىيە بېرىشنى بىجانىدىل تەشەببۇس قىلدى.

ئەپسۇسكى، ئۇ زات يالغۇز ئىدى. ئۇنى ئۇ دەۋردىكى ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەت قوللىمايتتى. چۈنكى ئۇلار يۇرتىنى جاھالەتتە تۇتۇشنى ئەۋزەل كۆرەتتى. دىنىي ئۆلىمالارمۇ قوللىمايتتى، چۈنكى داموللامنىڭ تەشەببۇسلىرى بويىچە بولغاندا شەخس تاپاۋىتى ئازلاپ قالاتتى. ئەۋقاپتىن كېلىدىغان مەنپەئەت ئۈزۈلۈپ قالاتتى. بايلار تېخىمۇ قوللىمايتتى. چۈنكى بايلارغا نادان، بوزەك خەلق بازىرى لازىم ئىدى. ئۇلار خەلقنى بوزەك تېپىپ جىقراق پايدا تېپىشنى كوزلەيتتى.

ئابدۇقادىر داموللامدىن نۇرغۇن ئەدەبىي يادىكارلىقلار قالدى. بۇلار: «ئىرشادىل مۇسلىمىن»، «مۇپتاھىل ئەدەپ»، «ئاقايىد زەرۇرىيە»، «ئىبادات ئىسلامىيە»، «بىدايەتۇس سەرپ»، «ھىدايىتى نەھۋى»، «شەرھى ئامالى» ۋە باشقىلار. ئۇنىڭ «جاۋاھىرول ئەيقان» ئەسىرى ئىسلام دۇنياسىدا قىممەتلىك ئورۇن تۇتماقتا. بەزەن پەلسەپۋى رىسالىلەردە ئىسلام ئالىملىرى قاتارىدا بۇ زاتنىڭ تىرەن مەنىلىك رۇبائىلىرى، شەۋقى گۇلىستان موسەۋۋىردىكى بېغىشلىمىسى ئالاھىدە چاقناپ تۇرىدۇ.

مەرھۇم ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ھاياتى، ۋاپاتى ھەققىدىكى ھېكايىلەرنىڭ ئېغىزدىن-ئېغىزغا، دىلدىن-دىلغا كوچۇپ يۇرگىنىدىن كوره كونكىرىتراق بولۇپ قالغىنى ياخشى ئىش. پەقەت بۇگۇنكى كۇنگە كەلگەندىلا مەن بۇ ۋەقەلىكنى تارىخىي ئوچېرىك قىلىپ يېزىپ چىقىشنىڭ پۇرسىتىنى تاپالىدىم. كىتاپخانلارنىڭ تولۇقلىشىنى كامال ئېھتىرام بىلەن ئۈمىت قىلىمەن.




(داستان)

**نىم شېھىت**

نەشرگە تەييارلىغۇچى: **ئېلى ئېزىز**

نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن:

نىم شېھىت ئارمىيە ئىلى سايرامى (1906 — 1972) باي ناھىيە سايرام رايونى تىزەك قايغۇ① يېزىسىدا كەمبەغەل دىخان موللا ئېلاخۇن ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلدى. ئۇ بالىلىق دەۋرىنى ئۆز يېزىسىدا ئۆتكۈزۈپ ئاتىسىنىڭ تەربىيىسى بىلەن ساۋاتلىق بولدى ۋە دادىسى موللا ئېلاخۇننىڭ ياردىمى بىلەن ناۋايى، پۇزۇلى، لۇتپى، مەشرەپ، موللا مۇسا سايرامى...... قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشتى. 16 ياشتىن 26 ياشقىچە

---

① تىزەك قايغۇ — كەنت؛ بۇ يەردە ئېقىن سۇ بولۇپ، بۇ قېيىپ ئاققاچقا ئۇلاق تىزگىن قېيىپ ئاقىدۇ دېمەكچى.

(1933 - يىلغىچە) باي، كۇچار، قەشقەر قاتارلىق جايلاردىكى مەدرىسلەردە ئوقۇدى.

ئىمىنجان شىيىت ئون نەچچە يىللىق ئوقۇش جەريانىدا جەمئىيەتنى كۆزىتىدۇ، ئىجتىمائىي ھاياتنى ئۆگىنىدۇ. ئۇنىڭ ئىلىم تەھسىل قىلىش جەريانىدا جەمئىيەتنى تەتقىق قىلىش نۇقتىسىدىن كېيىنكى ئىشلىرىغا مۇھىم تۈرتكە بولغان كۆزقارىشى چوڭقۇرلىشىپ بارىدۇ. ئۇ خەلق رىۋايەتلىرى، خەلق چۆچەكلىرى، خەلق فولكلورىنى ۋە تارىختىكى پىشقەدەم يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىنى تىرىشىپ ئۆگىنىدۇ. ئۆزى ياشىغان جەمئىيەتتىكى جاپاكەش خەلقنى چىن كۆڭلىدىن سۆيۈپ نادانلىقتىن، مەھكۇملۇقتىن، غۇربەتچىلىكتىن قۇتۇلۇش يولىدا مەرىپەتچى، ۋەتەن سۆيەر شائىر بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

جاھان رەنالىرى ئىچرە بىلىمدەك بىر گۈزەل يار يوق،
بىلىمدىن ئۆزگە تۇتقان يار، بولۇر ئۇ گاھىدا بار - يوق.

بىلىمدىن چەتتە كورگەن دولىتىڭ جانىڭ جاپاسىدۇر،
جاپا قىلماققا جېنىڭغا بىلىمسىزدەك ستەمكار يوق.

بىلىمدىن ھەممە ئىش مەيدانىغا چىققان ئەسىردۇر بۇ،
بىلىش لازىم بىلىمسىزلەرگە بۇ ئەسىردە خېرىدار يوق.

دەپ ئۇز خەلقىنى تەربىيىلەپ، دۇنيادىكى موجىزىلەرنىڭ ئىلىمپەن بىلەن ۋۇجۇتقا كەلگەنلىكىنى كورسىتىپ، كىشىلەرنى مەرىپەتكە دالالەت قىلىدۇ.

نىم شېھىت 66 يىل ياشىدى. ئۇ 27 يېشىدىن 66 ياشقىچە (40 يىل ئىچىدە) ئونبەش مىڭ مىسرا شېئىر يازدى (ھازىرچە بىزگە مەلۇم بولغان شېئىرلىرى). «يۇسۇپ-زۇلەيخا» داستانى، «گور ئاغزىدىن يانغاندا» دىگەن شېئىري رومانى، «مىڭ ئوي ۋە پەرھاد-شىرىن» داستانى ۋە «لەيلى-مەجنۇن»، «پەرھاد-شىرىن» ئوپېرالىرى ئۇنىڭ بىرقەدەر يىرىك ئەسەرلىرىدۇر.

نىم شېھىت قەشقەر خانلىق مەدرىستە ئوقۇۋاتقاندا (1933-يىلى) قولغا قەلەم ئېلىپ مەرىپەت ئەسكىرى بولغان بولسا، يەنە بىر قولغا قورال ئېلىپ شۇ چاغدا قەشقەردە كوتىرىلگەن خەلق قوزغىلىڭىغا قاتنىشىپ جەڭ قىلدۇ ۋە ئېغىر يارىدار بولدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇزىنىڭ ئەدىبىي تەخەللۇسىنى "نىم شېھىت" (يېرىم شېھىت) دەپ ئاتايدۇ. 1935-يىلى بايغا قايتىپ كېلىپ، ئاپرېل ئۇزگىرىشىدىن كېيىنكى يېڭى مەكتەپتە بىر يىل ساۋ (ئاڭلىغۇچى) بولۇپ ئوقۇيدۇ ۋە قېيىر دىگەن تاغلىق يېزا مەكتىۋىدە مۇدىرلىق خىزمىتىنى ئىشلەيدۇ. 1936-يىلى ئاقسۇ ئۇيغۇر ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ ۋىلايەت گېزىتى «ئاقسۇ ئۇچۇرى» دا تەھرىر، كېيىن تا 1945-يىلغىچە «ئاقسۇ شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ ئەدىبىي تەھرىرى بولۇپ ئىشلەيدۇ. شۇ كۈنلەردە نىم شېھىت كېسەل (ئۆپكە سىلى) بولۇپ، دوختۇرنىڭ "33 كۈندە ئۆلىسەن" دىگەن دىياگنوزى بىلەن ئۆز يۇرتى بايغا قايتىدۇ. شۇ يىلى ئۇزاق ئۆتمەي 3 ۋىلايەت مىللى ئارمىيىسىدىن ئاباسوپ باشلىق بىر بولۇم كىشلەر باي ناھىيىسىنى گومىنداڭنىڭ زۇلمىدىن ئازات قىلدۇ. ئارمىيە ئېلىمۇ بۇ چاغدا ساقىيىپ قالغان ئىدى. ئۇ مىللى ئارمىيىگە ئۆز ئىختىيارى بىلەن قوشۇلۇپ، خەلق

ئازاتلىقى ئۈچۈن قولىغا قورال ئالدۇ.

شائىر ۋە دىراماتورگ نىم شېھىت 1945 - يىل 10 - ئايدا مىللى ئارمىيە بىلەن غۇلجىغا باردۇ ۋە 3 ۋىلايەت ئىنقىلاۋىغا قاتنىشدۇ. ئۇ ئىلىغا بارغاندىن كېيىن پەرھاد - شىرىن داستانىنى تولۇقلاپ ئىشلەپ، «ئىلى گېزىتى» دە قايتا نەشر قىلدۇردۇ ۋە كىتاپچە قىلىپ 3000 نۇسخا باستۇردۇ. خەلق جەڭچىسى، ۋەتەنپەرۋەر، مەرىپەتچى شائىر نىم شېھىت 1949 - يىل 1 - ئوكتەبىر دولتىمىزنىڭ ئازاتلىق بايرىمىنى 3 ۋىلايەت خەلقى بىلەن غۇلجىدا زور داغدۇغا، چوڭ تەنتەنە بىلەن قارشى ئالدۇ. ئۇ:

شەرقتىن تۇغۇلۇپ دەرتمەنلەر ماھى
مىسكىن ئۆيلەرگە چاچتى نۇرىنى.
قوزغال! خەلق... دەپ ئەلنىڭ پاناھى
جادىگەرلەرنىڭ قازدى گورىنى.

دەپ جاراڭلىق كۈيگە قاتتى.

نىم. شېھىت ئازاتلىقتىن كېيىن، 1950 - يىلى باي ناھىيىسىگە قايتىپ بېرىپ، سابىق «شىنجاڭدا تىچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» نىڭ ناھىيىلىك شۆبىسىنىڭ رەئىسى بولۇپ ئىشلىدى، 1952 - يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك 1 - نۆۋەتلىك خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىغا ۋەكىل بولۇپ قاتناشتى ۋە ئۆلكىلىك سىياسى كېڭەشكە ئەزا بولدى. شائىر 1953 - يىلى يەنە ئۆلكىلىك ئۈنجى نۆۋەتلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر قۇرۇلتىيىغا قاتناشتى، 1957 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار

جەمىيەتكە ئەزا بولۇپ كىردى. شائىر تاكى تارىختا مىسلى كۆ-
رۈلمىگەن بالايى-ئاپەتلىك مەدەنىيەت ئىنقىلابى باشلانغانغا قە-
دەر باي ناھىيىلىك سىياسى كېڭەشنىڭ رەئىسى بولۇپ ئىشلە-
گەن ئىدى.

شائىر نىم. شېھىت مەدەنىيەت ئىنقىلابى داۋامىدا دەھ-
شەتلىك زىيانكەشلىككە ۋە قىيىن-قىستاقلارغا دۇچكەلدى.
ئۇ "تارىخىي ئەكسىلئىنقىلابچى"، "شىۋجېڭجۇيىچى"، نەق
ئەكسىلئىنقىلابچى" دىگەن قالپاقلار بىلەن باي ناھىيىسىنىڭ
چەت بىر يېزىسىغا سۈرگۈن قىلىندى، شائىرنىڭ ئۆيى
بۇلاڭ-تالان قىلىندى، خۇسۇسى بېغىدىكى مېۋىلىك دەرەخلەر
يۇلۇپ تاشلاندى، شائىر سۈرگۈندە ئېغىر ئەمگەك ۋە تاياق-
توخماق ئىچىدە ياشاپ، ئاخىرى 1972-يىل 8-ئاينىڭ 22-
كۈنى ئۇۋالچىلىق بىلەن ئۆلۈپ كەتتى. شائىر ئۆلۈمى ئالدىدىن
ئايالى ۋە كىچىك قىزىغا ئۆز جەسىدىنى تۇغۇلغان يېزىسىغا
ئاپىرىپ مەشھۇر تارىخچى موللا مۇسا سايرامىنىڭ قەۋرىسى يېنىغا
قويۇشنى ۋەسىيەت قىلغان ئىدى. ئايالى بىلەن كىچىك قىزى
شائىرنىڭ جەسىدىنى كالا ھارۋىسىدا ئۆز يېزىسىغا ئېلىپ ماڭ-
غاندا، "4 كىشىلىك گۇرۇھ" نىڭ شۇ جايدىكى چاپارمەنلىرى
جەسەتنى تارتىۋېلىپ، ئۇنى يول بويىدىكى قىغ دۆۋىسىگە كۆ-
مۈۋەتتى، بۇ ۋەقەدىن كېيىن شائىرنىڭ ئايالى ساراڭ بولۇپ
قېلىپ، ئاز ئۆتمەي ئۆلۈپ كەتتى.

شائىرنىڭ نامى 1979-يىل 3-ئايدا ئەسلىگە كەلتۈ-
رۈلدى، جەسەدى باي ناھىيىسىنىڭ بۇلۇڭ يېزىسىغا يۆتكىلىپ،
مەقبەرىسى تۇرغۇزۇلدى.

«مەلىك ئوي ۋە پەرھاد-شىرىن» داستانى خەلق رىۋايەتلىرى

ئاساسىغا قۇرۇلغان ئېپىك داستان. نىم. شېھىت مەشھۇر مىلىك ئوي توغرىسىدىكى ھەر خىل توقۇلما ئەپسانىلەرگە ئاساسلىنىپ داستاندا پەرھادنىڭ يۇرتى خوتەن، شىرىننىڭ يۇرتى شەھىرىيار (كۇچار - كۇھسار)، دەپ بايان قىلىدۇ. مىلىك ئوي — كۇچارنىڭ غەربىي شىمالىدىكى قۇرۇق تاغنى ۋە ئۇنىڭدىن تونىل قېزىپ سۇ ئوتكۈزگەن كەپلەشنى، ئۇنىڭ شىمالىدىكى تاققا مېتىن (جوتۇ) بىلەن قېزىلغان مىلىك ئوي خارابىسىنى كورسىتىدۇ، دەپ سۇرەتلەيدۇ. شۇنداقلا مىلىك ئوينى پەرھاد ۋە ئۇنىڭ قولداشلىرى قازغانلىقىنى ۋە زىننەتلىگەنلىگىنى زور ماھارەت ۋە بەدىئى تىل بىلەن سۇرەتلەپ بېرىدۇ. ئاپتور داستاننىڭ ئاخىرىدىكى «داۋا» دىگەن تېمىدا مۇنداق دەيدۇ:

ئەسلى ۋەقە بۇ يەردە ئوتكەن
ئۇچمەس ئەسەرلەر يارىتىپ كەتكەن.

كورسەتسە مۇنداق ئوتمۇشنى ھايات
باشقا جايلاردا دىيىلىش ئۇيات......

باشقا جايلارنىڭ قايسى چولىدە
قايسى تاغ - دەريا، قايسى كولىدە؟

بارمۇ بىر ئەسەر قىسسەگە لايىق؟
كورسىتىلگەنمىش "پارچە بىر سايلىق".

قېنى بىستۇنى؟ قېنى مىڭ ئۆيى؟
قېنى تاغ كېسىپ ئۆتكۈزگەن سۈيى؟

«پەرھاد ـ شىرىن» قىسسەسى پەقەت
بىر قېتىم ئۆتكەن، بولمىغان قەۋەت.

مەن ھەم مىڭ ئۆينىڭ سۆيۈملۈك يارى،
شۇڭلاشقا قىلدىم قەلەمنى جارى.

نەققاشچىلىقنىڭ بۇ بىر مەنزىرى،
چىن تارىخنىڭ سەنئەت مەزھىرى.

مېنىڭ مىڭ ئۆيۈم، مېنىڭ پەرھادىم
مېنىڭ شىرىنىم، مېنىڭ سەييارىم.

شائىر مەشھۇر قىزىل مىڭ ئۆينى «پەرھاد ـ شىرىن» رىۋا ـ يىتى بىلەن چەمبەرچەس باغلاپ، ئۇنىڭ تارىختىكى ئورنىنى يورۇتۇپ بېرىدۇ ۋە ئۇنى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇزاق ئۆتمۈشتە بۇددا دىنىغا ئېتىقات قىلغان دەۋرلىرىدە بارلىققا كەلگەن قىم ـ مەتلىك مەدەنىيەت مىراسى دەپ قارايدۇ.

«پەرھاد ـ شىرىن» ئېپوسىنى تارىختا بىرقانچە ئون شائىر، يازغۇچىلار يازدى. X ئەسىرگە كەلگەندە مۇتەپەككۇر ئالىم ئوبۇلقاسىم فىرداۋسى① خەلق چوچەكلىرىدىن پايدىلىنىپ

① فىرداۋسى: جەننەتنىڭ ئىشىكىنى باققۇچى مالائىكە.

«خسراۋ ھەم شىرىن» ناملىق قىسسە يازدى. XII ئەسىردە ئاتاقلىق شائىر نىزامى «خسراۋ بىلەن شىرىن» توغرىسىدىكى داستاننى يېڭىدىن ئىشلىدى. نىزامىدىن كېيىن يۈزلەرچە شائىر-لار يەنە يازغانلىقى مەلۇم. XV ئەسىردە ياشىغان ئىران شائىرى خسراۋ دەھلىۋىمۇ ئاشۇ سيۇژىتنى ئاساس قىلدى.

يەنى فىرداۋسىدىن 500 يىل كېيىن نىزامى يازدى. نىزامى-دىن 200 يىل كېيىن خسراۋ دەھلىۋى يازدى. خسراۋ دەھلىۋىدىن 100 يىل كېيىن ناۋايى «پەرھاد ھەم شىرىن» دېگەن تېمىدا چوڭ ئەسەر يازدى. ناۋايى ئەسەرنىڭ تېمىسىنى ھەم سيۇژىتىنى پۈتۈنلەي يېڭىلىدى. ناۋايىغىچە يازغانلار ئىران شاھىنى (خسراۋ شاھىنى) تۆپ گەۋدە قىلىپ كورسەتكەن بولسا، ناۋايى چىن خاقان شاھزادىسى پەرھادنى ھەقىقى قەھرىمان — ھەقىقەتنى سۆيگۈچى، خەلقپەرۋەر، ئەمگەكچان، ئادىل شەخس قىلىپ كور-سەتتى. فىرداۋسىنىڭ ئەسىردە ئىران شاھى خسراۋ بىلەن شىرىننىڭ مۇھەببىتى بايان قىلىنىپ، پەرھاد ھەم شاپۇر توغرى-سىدا بىر ئېغىز گەپ يوق ئىدى. نىزامىنىڭ ئەسىرىدە بولسا، خسراۋ ئەرەبىستاندىكى پادىشا قىزى شىرىنغا ئاشىق بولۇپ قالىدۇ. لېكىن بۇ چاغدا خسراۋ تەختسىز بولغاچقا شىرىن ئۇنىڭغا تېگىشتىن باش تارتىدۇ. خسراۋ يېڭىدىن تەختكە چىققاندىن كېيىن شىرىن ئۇنىڭغا تېگىشكە رازى بولىدۇ. لېكىن ئوغلى شىرويا، خوتۇنى مەريەم ئۇنىڭ شىرىنغا ئويلىنىشىگە قوشۇلمايدۇ ۋە كۈنلەيدۇ. خسراۋ شىرىننى ئالىدۇ، مەريەمنىڭ ئوغلى شىرويا خسراۋنى ئۆلتۈرۈپ شىرىنغا ئويلەنمەكچى بولىدۇ. شىرىن خسراۋنىڭ گەۋدىسى ئۈستىدە ئۆزىنى ئۆزى ئۆلتۈرۈۋالىدۇ. نىزامىنىڭ داستانىدا پەرھادنى تاللىغان بولسىمۇ، لېكىن خاقان

چىن شاھزادىسى قىلماي، چىنغا بېرىپ ھۈنەر ئۆگىنىپ كەلگەن قىلىپ يازىدۇ. شاپۇر خىسراۋنىڭ كىشىسى قىلىپ كۆرسىتىلىدۇ. ناۋايىنىڭ «پەرھاد-شىرىن» قىسسەسى دوستلۇقنى، مۇھەببەتنى، مېھنەتنى كۈيلەيدىغان ناخشا سۈپىتىدە جاراڭلاپ كىشىلەر قەلبىدە چوڭقۇر ئورۇن ئالغان. ناۋايىدىن 500 يىل كېيىن نىم شېھىت ئارمىيە ئېلى «مىلك ئوي ۋە پەرھاد-شىرىن» ناملىق داستاننى يېزىپ، ئۇنى ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ 3 قېتىم نەشر قىلدۇردى.

رىۋايەتلەردىن قارىغاندا، جاھانغا داڭ چىقارغان تارىختىكى مەشھۇر يىپەك يولى شىنجاڭدىن ئۆتكەن ۋە ئۇيغۇر كارۋانلىرىمۇ يىراق غەرپكىچە بارغان ئىدى. سودىگەرچىلىكتە تاۋار ئالماشتۇرۇپلا قالماي، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشتىمۇ زور تۆھپىلەر قوشقان، قىزىل مىڭ ئوي خارابىسى مىلادىي III ئەسىردىن باشلاپ ياسالغانلىقى ھەققىدە رىۋايەتلەر بار. نىم شېھىتنىڭ «مىلك ئوي ۋە پەرھاد-شىرىن» داستانى ئەنە شۇ مەنبەلەرگە ھۆرمەت قىلغان. نىم شېھىتنىڭ داستانى بىلەن ناۋايىنىڭ داستانىدا جاي مەسىلىسىدىن باشقا قارىمۇ-قارشى سىيوژىت يوق.

شائىر نىم شېھىت ئارمىيە ئېلى سايرامىنىڭ بۇ «مىلك ئوي ۋە پەرھاد-شىرىن» داستانى 1945-يىل 1-ئاينىڭ 12-كۈنىدىن باشلاپ چىقىرىلغان «ئاقسۇ شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ «جەنۇپ شامىلى» بېتىدە بېسىلغان نۇسخىسى ھەم 1947-يىل غۇلجىدا نەشر قىلىنغان نۇسخىسى ئاساسىدا نەشرگە تەييارلاندى.

ۋەتىنىم جۇڭگو سىرلىق موجىزات،
تىيانشان باغرىدا ئاقىدۇ مۇزات.

مۇزات دەرياسى سۈيى بىپايان
قىش-ياز توختىماي ئۆركەشلەر هامان.

باي ناھىيەدە قىزىلغا يېقىن،
چۆل تاغنى كېسىپ ئۆتەر بۇ ئېقىن.

ئۇشبۇ دەريانىڭ ئۆتەر يېرىدە
مىڭ ئۆي قېزىلغان ئۆتكەن دەۋردە.

دۇنياغا مەشھۇر شاھزادە پەرھاد
شىرىن ئىشقىدا ئەيلىگەن بۇنياد①.

ئۇنىڭ چىرايلىق قىسسەسى بولغاچ
كورۇش ھەۋەسى يۈرەككە تولغاچ.

ساياھەت ئۈچۈن باشلىدى ھەۋەس،
بولدى ئارامگاھ ئۇ جاي بىر نەپەس.

قىزىلدىن جونۇپ 20 يول بار،
تىكغىنا ئىگىز، چوڭقۇر، داۋان تار.

داۋاندىن چوڭقۇر ۋادىغا يۈرمەك،
خۇددى ئاسماندىن يەرگە چۈشكەندەك.

---

① بۇنياد — بىنا قىلماق.

پۈتلار ئېگىلىپ، بەللەر مۈكچىيەر،
ئۇ ئىسسىق يۇرتقا كوزلەر چەكچىيەر.

داۋاندىن نېرى كورۈنگەن ماكان،
چەپ قولدا لەھەت دەھشەتلىك زىندان.

تاغنىڭ تەكتىگە قېزىلغاندۇر ئۇ،
زالىم كوڭلىدەك ئوتكۈر قاراڭغۇ.

تىڭلىمايدىكەن كىشى زارىنى،
كورمىگەن ئىكەن نۇر دىدارىنى.

ئەزەلدىن شۇنداق يېزىلغان ئىكەن،
ئۇچ تەرەپلىمە قېزىلغان ئىكەن.

كورگەن كىشىگە يوق ئىكەن تۈپىنۇ،
قوللاپ ئالغاچقا ئەبەتكە ئۈيقۇ.

جىمجىتلىق ئۇندا قاتتىق ھوكۈمران،
ئاڭلىنىپ تۇرار تاۋۇشسىز زابان.

"ھاياتقا بۇ جاي ئاخىرقى ئورۇن،
تابوت ۋە گورسىز قىلۇر يوشۇرۇن".

(يوق ئىكەن ئوخشار كىشىلىك پاناھى،
بەندىچىلىكنىڭ بۇ بىر گۇناھى.)

ئۇ يەرگە چۈشكەن كىشىلەرنى نەخ،
قىچقىرار ئىكەن بېھىش، يا دوزاخ.

دۇنياغا قايتىش چۈشتە كۆرگەندەك
ئانا قارنىغا قايتىپ بارغاندەك.

پەرىزات سۈپەت يارنىڭ جامالى،
شېكەر لەۋلىرى، قۇندۇزدەك خالى.

بىر تىيىنگە ھەم ئەرزىمەيدىكەن،
كۆرۈشنى ھېچكىم كۆزلىمەيدىكەن.

كىرىپ قالسا گەر ئاسماننىڭ ئايى،
بولۇر قاپ-قارا نۇرلۇق چىرايى.

قالمايدۇ ماغدىر، قىمىرلاشقىنى،
ئاڭلىنار ئاران پىچىرلاشقىنى.

مۇمكىنمۇ قاراش باسقان ئىزىغا،
رەھىم قىلمايدۇ جەننەت قىزىغا.

لاي ۋە خىش پەقەت ئىشلىتىلمىگەن،
ئۈستىگە ياغاچ چىشلىتىلمىگەن.

ئۇندىن نېرىراق شىمالدىن جەنۇپ،
كەتكەن ئىقىننىڭ يانلىرىن يونۇپ.

ياسىغان قورغان شەكلىدە بىر يول،
ئوردىغا باشلاپ چىقىشقا ئۇدۇل.

چىقساڭ ئۇ تاغنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا،
ياسىغان پەرھاد شىرىنغا ئوردا.

ئوردا يېنىغا ياسالغان مەكتەپ
ياش غۇنچىلارغا ئۆگەتكەن ئەدەپ.

ئۇ تار ئېقىندا ئاقار سۇ جارى،
يەڭلىك بىلەكتەك كېلىدۇ بارى.

(يىغلىغان تاغنىڭ بۇ ئەقىدىسى
تەپچىرەپ چىققان ياش يىغىندىسى).

ئۇشبۇ ئېقىندىن باشلىنىدۇ مىڭ ئوي
ھەر ئويگە كىرسەڭ باشقىچە بىر كوي.

سول قولنى ئويلەر ياقلاپ بارىدۇ،
سۇ بېشىغا① ھەم ئاتلاپ بارىدۇ.

ھەر ئويگە كىرسە كۆلىدۇ سەنئەت،
ئىلھام بېرىدۇ قىزىق مۇھەببەت.

---

① سۇ بېشى: تاغنىڭ كۆچار تەرەپتىكى قىسمى.

پەرھاد يېنىدا بىللە يۈرىدۇ
تاماشىچىغا قاراپ تۇرىدۇ.

چىقىپ كېتىشتە ئارقىغا قاراپ
نىمە دەيدۇ دەپ قويىدۇ ماراپ.

(پەرھاد سۈرىتى نۇرغۇن ئۇيدە بار،
شاپۇر سۈرىتى بەزى ئۇيدە بار.

يوق سۈرەت ئەمەس بەلكى روھى ئۇ،
بەلكى سەزگۈسىز گەۋدىلىك ئۇيغۇ).

ئۇيلەر تامامەن تاشتىن ئويۇلغان،
تونىگە بىردىن تەخت ھەم قويۇلغان.

يوق بۇ تەختلەردە ياغاچ پارچىسى،
ياسالغان ئىكەن تاشتىن بارچىسى.

يېپەك گىلەمگە ئېھتىياجى يوق
ئالتۇن ھەيكەلسىز ئۇينىڭ كوڭلى توق.

قەلبىڭ قىزىقىپ سۇيگۇڭ كېلىدۇ،
ئۇن قېتىم كورسەڭ، كورگۇڭ كېلىدۇ.

شۇنىڭچۇن قىلۇر دائىم ئىم شېھت
يەنە ئۇن قېتىم كورۇشنى ئۇمىت.

## پەرھاد كىم؟

ئۆتمۈشتە ئۇيغۇر خانلىقى خاقان
پەرزەنتسىزلىك دەردىنى تارتقان.

پەرزەنت، دەپتۇ ئۇ بولمىسا ئەگەر
تەختىمگە رەقىپ تاپقۇسى زەپەر.

تەگرى يولىدا بېرىپ نەزىرلەر
پەرزەنت دەپ قىپتۇ دۇئا ـ تەلەپلەر:

## خاقاننىڭ مۇناجاتى①

دۇنياغا كېلىپ دەۋرانلار سۈرۈپ،
پەرزەنتسىز ئۆتەرمەنمۇ جاھاندىن.

ھۆزۈر ئالالماس كوڭۈل تىلەكتە،
كېچە ۋە كۈندۈز ئاھۇ ـ پىغاندىن.

ئاتا ئورنىدا بولمىسا ئوغۇل
يوقىلار دەۋلىتى ھەر ياندىن.

شېھىت شاھلىقنىڭ مىراسخورى بوپ
قالغان ئىدىم مەن ئۇلۇغ ئاتامدىن.

① مۇناجات: خۇداغا يالۋۇرۇپ ـ تەلەپ قىلىش مەنىسىدە.

تەگرىنىڭ سۆيگەن ھەر بەندىسىگە،
پەرزەنت ئەلا ئىكەن بۇ جاندىن.

ئىككى كوزۇم يۇمۇلماس مېنىڭ
ئوغۇل كورمەي كەتسەم جاھاندىن.

كىملەرگە قالۇر بۇ تاجى تەختلەر
مېنىڭدەك بىر شاھى خاقاندىن.

## خاقانىنىڭ يەنە بىر مۇراجىئىتى (مۇناجاتى)

ئى جاھاننىڭ ئۇلۇغ خۇداسى،
قوبۇل قىلغىل تىلەگىمنى.
تىلەيمەن بىر ئوغۇل پەرزەنت
بەرگىل مېنىڭ ئىستەگىمنى.

بەردىڭ ماڭا شۇنچە دەۋلەت
شۇكرى ئېيتىش ماڭا سۈننەت①.
كوڭلۇمدە بار غەم بىلەن دەرت
ساقايتۇرغىل يۇرىگىمنى.

دەۋران سۇردۇم ئىشرەت بىلەن،
نام كوتەردىم شوھرەت بىلەن.

① سۈننەت: پەيغەمبەرلەرنىڭ ئادىتى.

كىتەرمەنغۇ ھەسرەت بىلەن،
گىملەر باسار تۇشەگىمنى؟

زۇلۇمدىن مەن يىراق بولدۇم،
خەلق راھىتىن كوزدە تۇتتۇم.
ئەدلى بىلەن ھوكۇم سۇردۇم
قىلسۇن خەلق دەپ ئەرتەگىمنى.

بۇيۇك تەڭرى بۇ ئىشىمنى
قوبۇل قىلغىل قىلمىشىمنى.
باھار قىلغىل سەن قىشىمنى
ئۇڭغا تولغاپ پەلەگىمنى.

خاقان تىلەپ ھەقتىن ئوغۇل
دائىم تەلەپ بىلەن مەشغۇل.
كوڭلى يېرىم قەلبى مالۇك
كەلتۇر ئارقا تىرەگىمنى.

× ×

نەزىر - دۇئالار ئىجابەت بوپتۇ
مەلىكىسى بىر ئوغۇل تۇغۇپتۇ.

ئۇنىڭغا "پەرھاد" دەپ قويۇپتىكەن ئات،
پەرھادقا شاھلىق كورۇنۇپتۇ يات.

مۇبارەكلىشىپ كەلگەن ئىكەن خەلق
ئۈچ يىلغىچىلىك ئالماپتۇ سېلىق.

تىلەر ئىكەن خان ئوغلىغا تەلەي
ئازغىنا قىسمىنى مەن بايان ئەيلەي:

× ×

كۈن - تۈنلەر ئۆمۈر تىلەيدىكەن خان
"سەدىقە" دەپ بېرىپ گادايلارغا نان.

بۇتلار ئالدىدا يىغلاپ قويۇپ باش
خاننىڭ كوزىدىن تامچىلاركەن ياش.

ئوغلىغا بەخت تىلەپ دۇئادا،
ياخشى نام ئالسا دەيدۇ دۇنيادا.

تاجىغا گوھەر تاقالسا ئىدى
خاقان ئوغلى دەپ ئاتالسا ئىدى.

بەلكى دەردىمگە بولسالار دەرمان
بەلكى تەختىمدە سۈرسىلەر پەرمان.

بەلكى دۇنيانى شوھرىتى تۇتسا
قاراڭغۇ دۇنيانى تىغى يورۇتسا.

زۇلۇم شاھنى بىغىدىن قۇرۇتقاي
ئەدلىدىن دۇنيا يۈزىنى يورۇتقاي.

قوي بىلەن بورە ئوتلىسۇن بىرگە
تۈلكە تاماسى بولمىسۇن شىرگە.

لاچىن، كەبوتەر ئىتتىپاقلاشسۇن،
قارچۇغا - توشقان بىللە ياراشسۇن.

ھەممىدە بولغاي يارى - ھەمكارلىق،
شۇنداقلا ئوغلۇم ئەيلىسە يارلىق.

تىغىدىن دۇشمەن تىترىسە دائىم
خەلققە بولسا قەلبى مۇلايىم.

بىر قولىغا ئالغاي قەھرۇ - سىياسەت
بىر قولىدا تۇتقاي ئىنساپ - دىيانەت.

زۇلۇم كانىنى قىلسىلەر ۋەيران،
ئەدلىدىن سۈرسە جاھانغا دوران.

زۇلۇمدىن دىلدا قالمىسا ھىچ غەم،
تاغۇ - دېڭىزنى قىلسا خاتىرجەم.

تەھسىن ئەيلىسە يېقىن ھەم يىراق
تارىخ بېتىدىن ئاچسا بىر ۋاراق،

تەگرىدىن بۇنى خان تىلەيدىكەن
لېكىن ئىرادە باشقىچە ئىكەن.

يېقا سانچىلىپ، تارىخ تىزىلغاچ،
پىشانىسگە ئەدلى يېزىلغاچ.

تەس ئىشقا پەرھاد قويارىدى قەدەم،
ئىشقىدىن پەريات چېكەردى ھەردەم.

شاھ سەلتەنەتىنى ئىلمايىن كوزگە
مەقسەت ـ تىلەكنى ئەيلىدى ئۆزگە.

كۈندىن ـ كۈن تېنى ئورۇقلاپ كەتتى
گۈلدەك چىرايى سىرىغلاپ كەتتى.

ئىلپتەك قەددى ئېگىلدى غەمدىن
خالى بولمىدى كوزلىرى نەمدىن،

كېچە ـ كۈندۈز خان ئىزلىدى تەدبىر
ئۆزى بىلگەنچە باشلىدى تەقدىر.

نەسىھەتكە ھېچ سۇنمىدى بويۇن،
تەقدىردە شۇنداق بولغاچقا ئويۇن.

پايدا بەرمىدى قىلغان چارىسى
ساقايمىدى ھېچ كوڭۇل يارىسى.

ئەكس نەتىجە بەردى تەدبىرى
شۇنداقلا ئىدى تەڭرى تەقدىرى.

بىلمەس تەقدىردىن نىم شىبھىتىدۇ ھەم
كورگەچ پەلەكتىن تۈرلۈك دەرت - ئەلەم.

## پەرھادنىڭ كوڭلىنى ئېچىش ئۈچۈن خاقان چىنىنىڭ بىر يىل توت پەسىلگە مۇۋاپىق توت ئوردا بىنا قىلدۇرغىنى

پەرھاد دەردىگە قىلىشقا دەرمان
بۇ رەۋىش① پىلان تۈزدىلەر خاقان:

بىر يىل بولۇنەر چار② پەسىلگە
ئوغلۇم يەتكۈزەي يار ۋەسلىگە.

ئەتىياز باھار، ياز پەسلى گۈلزار
كۈزدە سارغىيۇر، قىشتا چۈشكەي قار.

توت پەسىلگە باپ توت قەسرى③ قىلاي
ھەر بىر پەسىلگە لايىق بىر ساراي.

---

① رەۋىش: بىر يۈرۈش — بۇ خىل ئۇسۇل - چارە.
② چار: تـوت پەسىل.
③ قەسرى: ئىمارەت.

ھەر بىر قەسىرنىڭ تورۇس - تاملىرى
ئىچىدىغان مەي ھەمدە جاملىرى.

سازچى، كېنىزەك، ساقى - خىزمەتچى
غەزەلخانلىرى ھەمدە ئۆلپەتچى.

ھەر بىر پەسىلنىڭ مەزھىرى① بولسۇن
خاس شۇ ۋاقتىنىڭ مەنزىرى بولسۇن.

بىرىنچى ئوردا مەۋسۇمى باھار،
باھار مەۋسۇمىن قىلايلى شەزھار.

ھەممە ياپ - يېشىل باھار قىزىدەك،
يېشىل كورپىلەر يايغان يېزىدەك.

خىزىر قەدىمى يەتكەندەك بولسۇن
زەھەرلىك يەللەر كەتكەندەك بولسۇن.

ئىككىنچى ئوردا يەنە شاھانە
گۈللەر ئېچىلسۇن يازدىن نىشانە.

بارچە ئوسۇملۇك چېچەكلەر ئاچسۇن،
خىلمۇ - خىل رەڭدە كوچەتلەر تولسۇن.

---

① مەزھىرى: ئۆز ئەينى پەسلى كورۈنۈشى.

ياخشى گۈل رەڭلىك قەدەھلەر بولغاي،
تېخى گۈل رەڭلىك مۇبلەر تولغاي.

گۈل رەڭدە بولسۇن ھەممە سايمانلار،
يازنى ئەكس ئەتكەي ئوردا ـ ئايۋانلار.

ئۈچىنچى ئوردا كۆزنىڭ مىسلىسى
ساپ ـ سېرىق بولسۇن شاراپ ئەسلىسى.

دەۋرانلار قىلسۇن ئالتۇن پىيالە،
زەپىرەڭ گۈللەر ھەم سېرىق لالە.

سەندەل ياغاچتىن جوزىلار قىلىپ،
زەرباپ بىساتتىن پاياندار سېلىپ.

ئوردىنىڭ پۈتۈن تام ۋە خىشلىرى
زەر ھەلدە بولسۇن ھەممە ئىشلىرى

سارغىيىپ كەتسۇن قىزىل گۈللىرى
سايرىشىپ كەتسۇن ئۈنزار بۇلبۇلى.

تۆتىنچى ئوردا تەختتىن نەمۇنە
ئاپپاقىلا بولسۇن يېڭى ۋە كونا.

كۈمۈش كۈرىسلار① بولسۇن جابۇجا②
زەررەك مۇىلەر بولسۇن موساپپا③.

سىلىنسۇن كاپور④ قارنى ئەكس ئېتىپ
ئەسلى سوزغاندەك يارنى ئەكس ئېتىپ.

گۈل، لالە، بەرنا بىزدە بار سەنئەت
زوھەرى كەلسۇن بارلىق تەبىئەت.

تۈرلۈك يەردىكى ھەممە سەنئەتكار
سەنئەتتىن بۇندا ئەيلسۇن شەزھار.

بۇ پىلاننى خان ئەسلىگەن ھامان
مەلىكە ئاراغا ئەيلىدى ئايان.

بۇ ۋەزىر خانغا قىلىپ ئاپىرىن
ئورۇنداي دىدى بۇنىڭ بارلىغىن.

شۇ بىلەن دەرھال كىرىشتى ئىشقا،
نەچچە مىڭ ئادەم لاي بىلەن خىشقا.

---

① كۈرنسلار: ئورۇندۇقلار.
② جابۇجا: تەخمۇ ـ تەق بولسۇن.
③ موساپپا: پىشىپ يېتىلسۇن.
④ كاپور: پۇراقلىق قۇرۇت چۇشۇرمەس دورا.

تاغلاردىن تاشنى كەلتۈردى تاشچى
باغلاردىن ياغاچ كەستى ياغاچچى.

ئۇستىلار ياساپ تومۇردىن چەمبەر
گۈلزارغا ساچىپ ئىپار ۋە ئەنبەر.

پەدازچى كەلدى تاشنى ئاقلاشقا،
مانى① كىرىشتى نەقش باغلاشقا.

ئورمانغا ئاتلار، دەرياغا بېلىق
جاڭگالغا توشقان، چوللۇككە ئېيىق.

تاشلارغا كېيىك، يايلاقلارغا قوي
بىر جايدا قايغۇ يەنە بىر جايدا توي.

يەنى دۇنيانىڭ ھەممە مەزھىرىن
گەۋدىلەندۇردى سىزىپ بىر - بىرىن.

تاشنى موم ياڭلىغ كېسىدۇ قارون②
خاس ياساپ ئاڭا بېرىدۇ ئورۇن.

ھەر بىر ئورۇنغا لايىقتۇر ھەيكەل
تاشلاردىن ياساپ قىلدى مۇئەككەل③

---

① مانى: شۇ چاغدىكى مەشھۇر رەسسام.

② قارون: شۇ چاغدىكى مەشھۇر تاشچى.

③ مۇئەككەل: قوغدىغۇچى.

كورسەڭ ئۇلارنى ھايات كوزلەيسەن
چۈنكى تايىنغا جىننى ئەسلەيسەن.

تەكرىددىن بۇ بىر بەندىگە مىننەت
چۈنكى ئۈچ جايدا بولدى بۇ جەننەت.

دۇنيادا بەختنى ئەتسە كىم كەسپ
مانا بۇ جەننەت بولدۇ نىسىپ.

بۇ بىر جەننەتتۇر دۇنيادا بولغان،
ئاجايىپ سۈپەت ھىكمەتكە تولغان.

بىر - بىر سۈپىتىن تەرىپ قىلىشتا،
ئاجىزدۇر قەلەم سىزىپ - يېزىشتا.

تەرىپ تۈسىبىن ھەددىن زىيادە
بۇنىڭ ئالدىدا "ئەرەم"① پىيادە.

ئىنايەت قىلىپ قۇدرەت ئىلاھى
ياساپ پۈتتۈردى خاقان سىپاھى.

خاقاندىكى بار بۈيۈك قۇدرەتتە،
پۈتتى ئوردىلار توت يىل مۇددەتتە.

① ئەرەم: دۇنيادا جەننەتكە ئوخشىتىپ ياسالغان باغ.

سایاھەت ئۇچۇن پەرھادنی ئېلىپ،
چۈشتىلەر خاقان ئوردىغا كېلىپ.

ھەر بىر ئوردىدا تاماشا ئۇچۇن
ئەيش - ئىشرەتنى باشلىدى يوچۇن.

ياقمىدى بۇلار پەرھاد كوڭلىگە
خۇددى بەرگەندەك زەھەر قەلبىگە.

ئانچىنەن قىلدى ئەيش ساپانى
پەرھادتىن كوزلەپ خاقان ۋاپانى.

ھەر جاينى پەرھاد كورەردى بىرەر
پەقەت سالمايتتى ئىككىنچى نەزەر.

سەن ھەم نىم شىھىت سالما نەزەرىڭ
مەغرۇرلۇق بىلەن بەرمە زەپەرىڭ.

## شاھزادە پەرھادنىڭ رەسساملىق ھەم تاش كېسىشنى ئۇگىنىشى

شۇنداق سایاھەت قىلىشتا داۋام
نەقىشتىن چۈشتى كوڭلىگە ئىلھام.

مانىنى كوردى كوڭلى ئېچىلدى
خۇددى سەدەپتەك دورلار سېچىلدى.

دىدى مانغا: نە ياخشى ھۈنەر
قايسى يول بىلەن كىشى ئۈگىنەر؟

نە خىل سەنئەتتە ياسالسا بىراق
بۇنداق ھۈنەرگە بولىدۇ ياراق.

ھەر بىر رەسىمگە تۇتۇپ ماشىستاپ
سورايدۇ پەرھاد مانغا قاراپ.

بارمۇ دۇنيادا سەنئەتتەك مەرغۇپ؟
كوڭلۈمگە ئەمەس جانىمغا مەھبۇپ.

بىر قولدا قەلەم، بىر قولدا جەدۋەل
ھەر بىر رەسىمنى ئۆلچەپ مۇكەممەل.

سوراپ بىر - بىرلەپ سىزىش يولىنى،
نەققاشچىلىقنىڭ ئوڭ ھەم سولىنى.

قىزىقتى قەلەم تەۋرىتىش ئۈچۈن
جانسىز گەۋدىلەر يارىتىش ئۈچۈن.

بىر ئاز زاماندا ھېچ قويماي ئۇنى،
ئالدى قەلىبگە ئىچكەندەك سۈنى.

مانغا قىلدى ھەدسىز ئىلتىپات،
ئۈگەتكەچكە ئۇ قىلماي ئىھتىيات،

ئۇ يەردىن ئۆتتى نە سەيرە ئېتىپ،
چۈشتى بەزىرى قارونغا بېقىپ.

كوردى قارۇننىڭ تاش كېسىشىنى،
تاشتىن جېنى يوق، تەن ياسىشىنى.

بۇنىڭغا قاراپ ئېچىلدى كوڭلى
سايردى يەنە غەمكىن بۇلبۇلى.

ئەجەپ قىياپەت يۈز بەردى ئاڭا
ئۆگەتكىن دىدى بۇ ئىشنى ماڭا.

بۇ مېتىن ئەسۋاپ نىمىدىن ئىشلەنگەن؟
ساڭا بۇ ھېكمەت نەدىن چىشلەنگەن؟

كورسەت مېتىننىڭ ياساش يولىنى
ھەم سۈغۈرۈشنىڭ چىن ئۇسۇلىنى؟

قانداق سېھرى ئۇ؟ قانداق موجىزە؟
ئۆگەنگەنمۇ ئەر، ياكى ئاجىزە؟

ياكى ئاسماندىن تەلىم بولدىمۇ؟
قۇياش نۇرىدىن قەلبىڭ تولدىمۇ؟

ياكى ھەيكەلگە پىدائىمۇ سەن،
ياكى تاشلارنىڭ خۇدايىمۇ سەن؟

ئەزەلدىن شۇنداق يارالغانمىدىڭ،
ياكى پولاتتىن ياسالغانمىدىڭ؟

قارون ئىشتىپ مۇنداق سوئالنى
يوشۇرالمىدى ھېچبىر خىيالنى.

كوڭلىن ھىلىگە قىلمايىن مايىل،
ئۇڭگەتتى بۇنى بۇ ئۇستاد كامىل.

مەخپى قالمىدى ھېچقانداق سىرى
ساقلىنىپ كەلگەن يىللاردىن بىرى.

بۇ ھۈنەرلەرنى ئۇگىنىپ پەرھاد
كوڭۇل ئويىنى قىلدىلەر بىنياد①.

ئادەمگەرچىلىك قىلىپ ئۇ يەنە
قارون ئالدىغا توكتى غەزىنە.

ئىنئام ۋە ئىھسان ئەيلىبان نەچچەند
قىلدى قارونىڭ كوڭلىنى خۇرسەند.

ئۇ يەردىن ئوتتى يەنە سەير ئەتتى،
بىچارىلەرنى كورسە خەيرە ئەتتى.

---

① بىنياد: بىنا قىلىش.

يەنە قايغۇغا پاتتىلەر ھۇشى،
قەپەزگە كىردى سايرىغان قۇشى.

لېكىن ئىم شېھىت چىقتى قەپەزدىن،
سايرايدۇ تىنماي ئوتلۇق نەپەستىن.

## پەرھاد ئۆردىلەرنى كورۇپ چىقىپ بۇ غەزەلنى ئوقۇدى

ئاھ...... كىم دەردىمگە تېپىلماس دەرمان،
ئورنىدى قەلبىمگە مىڭ تۇرلۇك ئارمان.
سەيرىتىپ توت ئوردا ھەممە قەسرەنى،
كورگەندە غەم يۇتۇپ قايناىدۇ ۋىجدان.

تەلىيىم، ئىقبالىم شاتلىغى ئۇچۇن
ئېزىز ئاتام قىلدۇردى بۇ يەردە مېھمان.
مېنى دەپ بۇ يەرنى سالغاندا پۇقرا
كىملەر ئازاپ تارتقاندۇ، كىم سەرگەردان؟

مەندەك بىر بىتەلەي پەرزەنت ئۇچۇن،
مۇشەققەتلەر تارتقاندۇر خاقاندەك سۇلتان.
سۇلغاندۇر ئېچىلماي غۇنچىدەك گۇلۇم،
يۇرەكتە دەرت، بېشىمدا غەم، كوڭلۇم پەرىشان.

دەردىم داۋاسىن مەن ھەم بىلمەيمەن،
جىسمىمدا بارمۇ يا ۋۇجۇدۇمدا نۇقسان؟

كەتكەندۇ بۇلارغا كۆچ بىلەن مېھنەت،
بولغاندۇ ھەم تېخى نۇرغۇن پۇل قۇربان.

كاشكى بۇ دەرتلەر ئۆزەمدە كەتسە
ئاتا - ئانام كوڭلى ھەم غەم بىلەن گەريان.
پەرھاد دەپ ئىسمىم بار، پەرىياتدۇر ئىشىم،
ئىزتىراپىدىن تىنجىماس قەلبىم بىر زامان.

## پەرھاد ئاتىسى خاقاننىڭ غەزنىسىنى كورۈپ بىر دانە "ئوق - يا"، بىر دانە سەڭگى پالاخمانى① ئېلىپ، كېيىن جاھانىنامىغا قاراپ شىرىننى كورۈپ ئاشىق بولغىنى

خاقان پەرھادنى ئېلىپ يىگانە،
تىلسىمگە باشلاپ يۈردى راۋانە.

كورسەتتى خاقان غەزىنىسىنى،
يىللاردىن يىققان دەپىنىسىنى②.

غەزنىنى پەرھاد كوردى بىر يولى،
ياشنىيالماي سارغايغان گۈلى.

ھەممىگە پەرھاد قاراپ باراتتى
ھېچكىم بىلمەيتتى نىمنى ياراتتى؟

---

① سەڭگى پالاخمان: تاش ئاتقۇچى جەڭ قورالى.
② دەپىنىسىنى: بايلىغى.

قورال - جابدۇقنى كوردى ئارىلاپ،
قولغا ئالدى بىر ئوق - يانى تاللاپ.

يەنە بىر سەڭگى پالاخمانىنى ھەم،
ئېلىپ ئوق - ياغا قىلدىلەر ھەمدەم.

بۇنىڭغا ئاز - ماز سۆيۈندى دىلى،
چۈنكى چىلك ئىدى بازى① ھەم بېلى.

تەجرىبە ئۈچۈن ئىشلىتىش يولىن،
بىرنەچچە قېتىم كوندۇردى قولىن.

مۇداپىئەگە ياراق چاغلىدى،
جان ۋە دىلىنى مەھكەم باغلىدى.

يەنە سەيرىنى قىلدىلەر داۋام،
ھەركىمگە قىلىپ لايىق بىر كالام.

غەزنە ئىچىدە كونا بىر ساندۇق،
تۇرۇپتۇ ئانچە ئېتىۋارى يوق.

پەرھاد نەزىرى چۈشتى بىناگا②
ئۇلۇق - كىچىك تىنىپ دىدىلەركى: ئاھ!

---

① بازى: يەنە - ھەم.
② بىناگا: ئايان بولدى.

نه بار بۇنىڭدا، نه ياڭلىغ ساندۇق،
ئېچىڭلار! دىدى كورەيلى تولۇق.

خاقان دىدى: ئى، بەختلىك ئوغلۇم،
ساندۇق سىرىنى قىلاي مەن مەلۇم:

"ئىسكەندەردىن قالغان بۇ ھىكمەت
ئېچىشقا ئۇنى قىلمىڭىز جۇرئەت.

بىكىتكەندىن تا بۇ دەمگىچە ھەم،
ئاچمىغان بۇنى ھىچقانداق ئادەم.

ئۇلۇغ بوۋامدىن ۋەسىيەتمۇ شول
بۇ ھەقتە مىنى قىلمىڭىز مالول.

نە بارلىغىنى بىز ھەم بىلمەيمىز،
ئېھتىيات بىلەن مۇندا ساقلايمىز.

ئاڭلىشىمىزچە بۇنىڭدا غايەت
خەتەرلىك ئىمىش، ئېچىش بىنهايەت".

"ھەر نىملا بولسا دىدىلەر پەرھاد
قىلغاندۇر بۇنى بىر ئادەمزات.

ئادەم قىلغاننى قىلالمايمىزمۇ،
ئۇنىڭ سىرىنى بىلەلمەيمىزمۇ؟

ئىنسان قىلدۇ، ئىنسان قىلغاننى
ئىنسان بىلدۇ، ئىنسان بىلگەننى.

تاشلىبان بۇنداق خىيالەتنى بىز
ئاچايلى ئۇشبۇ يوشۇرۇننى تېز.

تۇر! غەزنىچى! ئاچقۇچىڭ قېنى؟
باھانە قىلماي ئاچ بۇ قۇلۇپنى!"

ئوغلى پەرھادقا قىلىپ بىر سالام،
خاقان دېدى: "ئى كوز نۇرۇم بالام.

كىچىك سىز، بۇ ياشلىغ تىلەكنى قويۇڭ،
تېخى ھۇنەر كوپ ئىچكىرگە يۇرۇڭ.

پەرىلەر بۇڭا موسەخخەر ئىمىش①
تېخى شەيتانلار مۇزەپپەر ئىمىش②.

ئەمرى قىلسىلەر سۇلايمان ئەگەر،
جىنلاردىن بىزگە يېتەر كوپ زەرەر".

پەرھاد دېدى: "ئى، مېھرىۋان ئاتا،
ئويلىماڭ مېنى پىكرىمدە خاتا.

---

① مۇسەخخەر ئىمىش: سېھىرلىك قىلارمىش.
② مۇزەپپەر ئىمىش: بەخت بېغىشلارمىش.

زادی بۇ سىرنى بىلمىسەم بۇ ئان،
باسماسەن قەدەم گەرچە ھىچ سايان.

جاھان كوزۇمگە قاراڭغۇلاشتى،
ئېچىلماي گۈلۈم ئاخىر سولاشتى.

تېز ئېچىش كېرەك بولمايلى ھايال،
مېنى ئالداشقا قىلمايىن خىيال".

ئاقىۋەت خاقان ئوغلى ئالدىدا،
سوزدە يېڭىلىپ قالدى دالدىدا.

دىدىلەر خاقان: "ئىرادە-تەقدىر،
نە بولسا بولسۇن ئاچايلى ھازىر.

ئاچماسقا پەقەت بولمىدى چارە،
بولۇندى كوڭلۈم نەچچە مىڭ پارە.

ئاسمان خۇدايى قىلسا ئىنايەت،
قۇتقۇزار بىزنى بۇ كۈن سالامەت".

ئۇشبۇ سوز بىلەن ساندۇقنى ئاچتى،
چىقىپ بىر ئەجدىھا بۇندا ئوت چاچتى.

يەنى بالايى ئېزىم ئىكەن بۇ،
پەرھاد ئالدىغا كەلدى رو-بىرو.

ھەممىلەر قاچتى بۇ ماجرادىن،
ساندۇقتىن چىققان بالا ـ قازادىن.

باشلىنىپ قالدى ئەجدىھا بىلەن جەڭ،
گايى يېڭىلدى، گايى كەلدى تەڭ.

پەرھاد قولىدا يالغۇزلا خەنجەر،
ئۆلۈك ئوت چاچار ئاغزىدا ئەجدىھار.

كۆكرەپ ئورلەپ بولۇتتىن ئاشار،
زەھەرلىك يالقۇن قاينار ھەم تاشار.

ئەجدىھاگە پەرھاد بولدى ئەركەك شىر،
بىر قولدا قالقان، بىر قولدا شەمشەر.

دۇنيانى يۇتقان ياۋايى قەھرىمان،
پەرھاد ئالدىدا تاپمىدى ئامان.

غەزەپتىن تاغدەك بولسا ئەجدىھا
ھىچ غەم يىمەيدۇ پەرھاد بىباھا.

ئاخىرى ئەجدىھا زەخمىدار بولۇپ،
يىقىلدى يەرگە بىمادار بولۇپ.

ئەجدىھاگە پەرھاد تىېزدىن ئېتىلدى،
خەنجەرنى سالدى ئەجدىھانى تىلدى.

يەنى ئەجدىھانى تىلدى. ئۈچ پارە،
يوق ئىدى مۇندىن باشقا بىر چارە.

بىسمىقتۇرۇپ ئۇنى ساندۇقىقا باقتى
"جاھاننامە" گە باغرىنى ياقتى.

بۇ ئەينەككە گەر باقسا ھەرئىنسان،
ئىستىقبالىنى كورەر بى گۇمان.

قالغان ئۇمرىدە نە ئىش ئىشلەيدۇ،
يازدا قەيەردە، نەدە قىشلايدۇ.

قانداق مۇشەققەت ۋە قانداق راھەت،
كاۋمۇ تەلىيى ياكى سائادەت.

كىم بىلەن ئوينار، كىم بىلەن كۇلەر،
قەيەردە ياشار ۋە قايدا ئۇلەر.

يەنى بۇ ئەينەك ھىچبىرنى قويماي،
كورسىتەر ئىدى پەقەت يوشۇرماي.

بۇ ئائىينىگە پەرھادمۇ قاراپ،
كوردى دۇنيانى بىر - بىر ئاربلاپ.

بىستون تېخىمۇ كورۇندى بۇ دەم
ئىشلەپ تۇرۇپتۇ نەچچە مىڭ ئادەم.

قارىدى پەرھاد خەلققە بىر - بىرىن
ناگاھ ئۇياقتا كورۇندى شىرىن.

بىرلا ئاھ! دىدى ھۇشىدىن كەتتى،
جانسىز گەۋدىدەك يىقىلدى، ياتتى.

نىم شىھىتقا ھەم يار بولۇپ پەلەك
"جاھاننامە" دىن بەرگەيدى دىرەك.

## پەرھادنىڭ غەزىلى

جامالىڭنى بىركورۇپ قۇدرەت ئىچىدە،
قالدىم مەن يۈز تۈمەن ھەسرەت ئىچىدە
قەلبىمنى كويدۇرگەن ئوزەڭ ئىكەنسەن،
يىراقتا تىخى پەردە ئەسمەت ئىچىدە.

ئاسمان پەلەكنى كوردۇم ئەينەككە قاراپ،
تاغ قازماقتا نەچچە مىڭ ئادەم ئىشلەپ ھاسىراپ.
پۈركەنجىدە بىر قىز كوردۇم رومالدىن ماراپ،
شاھزادىدەك كىيلۇر ئىززەت سەلتەنەت ئىچىدە.

بىر ئوت چىقتى كوكسىدىن تۇتاشتى مەنگە،
ئەقلى ھۇشىدىن ئايرىلغان جانسىز بەدەنگە.

بىلمىدىم مەن نە ئىش بولدى بۇگۈن بۇ تەڭگە،
يوق ئۇل پەرى رەھنىمايىم① بۇ بەيت② ئىچىدە.

قانداق قىلىپ ھورۇمنى يەنە كورەرمەن،
گەركورمىسەم بۇ ئوتتا ئاخىر ئولەرمەن.
بارىپ مەھشەر كۈنىدە ئۇنى سورارمەن،
كورگەن بارمۇ دەپ بۇگۈن ئەرسات③ ئىچىدە.

ئۇل كورۇنگەن پەرھادقا تاغ ئەمەس بىر بالادۇر،
ئىزلەپ يۈرۈپ بۇ جىسمىم شۇندا قالادۇر،
ئاي يۈزلۈكنى كورمەي قىزىلگۈلۈم سولادۇر،
مەجرۇھ تېنىم قالادۇر تۇپراق زۇلمەت ئىچىدە.

## پەرھاد دەردىگە ئىلاج قىلىشتا، مۇنەججىملەر دەريا ساياھىتىگە ۋە سەككىز بۇلاققا بېرىشقا مەسلىھەت بېرىشى

ئىزلەپ ئوغلىغا خاقان بىر ئىلاج،
مۇنەججىملەرگە چۈشتى ئېھتىياج.

قۇردى ئەندازلار مەسلىھەتلىشىپ،
مۇنەججىملەر تېخى گەپلىشىپ.

---

① رەھنىما: يول كورسەتكۈچى.
② بەيت: جاي.
③ ئەرسات: ۋاقىراپ زارلاش.

ساياھەت قىلسۇن كىمدە دىدى،
چارە يوق بولەك نىمدە دىدى.

بارسۇن يول يۈرۈپ شىمالىي تاققا،
تاغنىڭ ئىچىدە سەككىز بۇلاققا.

ساقىيار ئۇندا بولسىلەر دەرتمەند،
ئىشقىغا بەلكى روھى بولسا بەنت.

بەكمۇ يېقىملىق موساپپا① ھاۋا
تۇزلۇك ساقايماس كېسەلگە داۋا.

## پەرھادنىڭ غەزىلى

پەلەكتىن بىر سادا كەلدى
دىلىم ئىشقىدا كويگەي دەپ،
كى دۇشمەن ئارزۇسىدا
غەمۇ مىھنەتكە چومگەي دەپ.

پىراقىدا دىلىم غەملىك،
كورەلمەي كوزلىرىم نەملىك،
مەن ئىزلەپ دەرتكە دەرمەنلىك،
ئەلەمنى جاندىن ئالغاي دەپ.

① موساپپا — ساپ ھاۋا.

تاپالماي دەردىمە چارە
يۇرەكىم كۈتىدە مىڭ پارە،
سۇبھ - شام غەم بىلەن زارە
بۇ بىر تىلسىمنى ئاچقاي دەپ.

كېچىپ مەن كارو① - بارىمدىن،
چىقىپ كەتسەم دىيارىمدىن،
تىلەيمەن بى غۇبارىمدىن②
ۋىسال سۇبھىسى بولغاي دەپ.

كوزىدىن ياش توكۇپ پەرھاد،
كېچە - كۈندۈز قىلۇر پەرياد،
جاپا ئەيلەر پەلەك بىدار،
پىراقتا جارى بەرگەي دەپ.

× ×

نۇرغۇن كېمىدە بار ئىدى خاقان،
دەريا ئىچىدە بولۇشقا مېھمان.

ساياھەت ئۈچۈن دەرياغا چۈشتى
تاماشا بىلەن سودىمۇ يۈرۈشتى.

---

① كار — ئىش.
② غۇبار — پاك - سۈزۈك.

قازادا بىر كۈنى قوزغىلىپ شامال
خاننىڭ كوڭلىنى ئەيلىدى مالال.

دەريا ئىچىدە تۇمان كوتەردى،
كېمىلەرنى ھەم چايقاپ تۇراردى.

بارغانچە كۈچلۈك بولدىلەر بوران،
داۋالغۇپ كېمە يۈرەردى ھەريان.

بەزى كېمىنى بىر بىرىگە ئۇرۇپ،
ھالاكمۇ قىلدى تېخى سۇندۇرۇپ.

بەزى نامەلۇم تەرەپكە كەتتى
بەزىنسى سۇدا غەرق بوپ بىتتى (بىتتى)،

ئاتا بالىغا بولۇپ قىيامەت،
ئايرىلىشتىلەر ئەيلەپ نادامەت.

پەرھاد قالدى بىر تەختى پارىدە،
ئاھۇ - زار قىلىپ شىرىن دەردىدە.

يېنىدا ئوق - يارى قالغان ئىدى،
يېمەك - ئىچمىگى يوقالغان ئىدى.

پىراق دەردىدە دېمى سىقىلدى،
ئاقىۋەت بىھوش بولۇپ يىقىلدى.

نىم شىھەت سىنى بوغسىمۇ پىراق،
بىھۇش بولۇشنى تاشلىغىن يىراق.

## خاقاننىڭ غەزىلى

ئاھ، تەلەي نە قىلاي ئى، ۋاي سۇلتانىم بالام،
تەختى تاجىم ئىگىسى، دەردى تابانىم بالام.

لەشكىرىم سەردارى بولغان گوھىرىم، كانىم بالام،
كەتتىڭىز قايسى تەرەپكە ماھى گۇل پانىم بالام.

سىزدىن ئۆزگە ئى، بالام بىر نۇرىم، جىسمىم بارمىدى؟
يالغۇزۇم، كوز روشنىم دەردىمگە دەرمانىم بالام.

ئى كوزۇمنىڭ نۇرى سىزدىن ئۆزگە جانىم بارمىدى؟
دۇنيادا سىزدىن بولەك سەرۋى راۋانىم بارمىدى؟

تېنىم ئىچىدە جان ئىدىڭىز يەنە جانىم بارمىدى؟
يالغۇز كوز روشنىم تەختىمگە سۇلتانىم بالام.

بۇ، نى ھىكمەتتۇر جۇدا بولدۇم جامالىڭ شەمئىدىن،
ئايرىلىپ قالدىم سىنىڭدەك يۇرىگىمنىڭ قېنىدىن.

سىنى دەپ چىققان ئىدىم شەھرى خوتەننىڭ تەختىدىن
تاپقىلى بولغايمۇ ئىزلەپ ئۇشبۇ دەريا قەھرىدىن.

تى مېنىڭ ئارامى جانىم، گوھىرى كانىم ،بالام.

ئاختۇرۇپ دەريا ئىچىندە سېنى قايدىن تاپىمەن؟
تاپمىسام سېنى بۇ يەردىن ئەمدى قانداق كېتىمەن؟

ھەم بۇ خاقان تەختىدە مەن ئەمدى قانداق تۇتىمەن؟
ئوت پىراقىڭدا بالام زارى يىغلاپ ئۆتىمەن.

يالغۇزۇم، گوھىرىم، شاھزادە خاقانىم بالام!

## پەرھادنىڭ شاپۇرغا يولۇقۇشى ۋە ساداقەتلىك يولداش بولۇپ شەھرىيارغا بېرىشى

سۇ ئىچىدە شۇنداق يۈردى بىر زامان،
يولۇقتى ئاگا بىر كېمە ناگان.

بۇ يات كېمىدە بار ئىكەن تامام،
تىجارەت ئۈچۈن يۈرگەن خاس ئادەم.

بولار پەرھادنى كورۇپ بۇ ياڭلىغ،
ئولگەنمۇ دىدى ۋە يا ھاياتلىق.

ئۆز كېمىسىگە ئېلىشتى دەرھال،
ھايات ئىكەن دەپ قىلىشتى خىيال.

بار ئىدى شاپۇر دېگەن بىر يىگىت،
پەرھادنى كورۇپ دېدى: "ئاھ! ئىسىت!"

پەرھادقا تېزدىن دورىلار قىلىپ،
رەھمە - شەپقەتلىك چارىلەر قىلىپ.

كوردى پەرھادتا ئىشقى يالقۇنى،
پەرۋىش بىلەن ساقايتتى ئۇنى.

ماگدى نەچچە كۈن دەريا ئىچىدە،
قاراقچى كەلدى يەنە بىر كېمىدە.

سودىگەرلگە ھۇجۇم باشلىدى،
بىچارىلەرنىڭ كوزىن ياشلىدى.

بۇلارمۇ رىزا بولۇپ تەقدىرگە،
كىرىشەلمىدى چارە - تەدبىرگە.

ھاياتتىن ھەممە ئۈمىدىن ئۈزۈپ،
تۇرۇشتى تەسلىم بولۇشقا كونۇپ.

رەھمە قىلمايىن قاراقچى مەككار،
شىشە قۇتىدىن ئوت چىقىندۇرار.

مەغرۇرلۇق بىلەن كېلىشەر ئىدى،
نەق ئولجا تاپتۇق دېيىشەر ئىدى.

ئۇشبۇ ئەھۋالنى كورۇپلا پەرھاد
نە ئىش بۇ؟ دىدى ۋە قانداق بىداد.

بۇ قانداق جاللات ۋە قانداق دۇشمەن،
ناھەق كىشىنىڭ خۇنىنى توككەن؟

چاپسانلىق بىلەن ئوق - يانى ئىلىپ،
قاراقچىلارنى ھەسرەتكە سىلىپ.

قاراقچىلاردىن سەككىز - ئونىنى
ئىتىپ يىقتتى ھەم بىر چوڭىنى.

پەرھادنىڭ ئوقى خاتاغا كەتمەي،
قالمىدى پەقەت دۇشمەنگە يەتمەي.

بۇ كەڭ جاھاننى قىلىپ ئاڭا تار،
قاراقچىلارنى قىلدى تار - مار.

قاچتى قالغىنى ئوڭ ھەم سول بىلەن،
ۋە بەزىلىرى ئۇتتۇر يول بىلەن.

بۇ سودىگەرلەر ئامان قىلىشتى،
پەرھادقا كىلىپ تازىم قىلىشتى.

كېمىمىزدە سەن بولمىساڭ ئەگەر،
نابۇت بولاتتۇق، دېدى سودىگەر.

ھەممىمىزگە خوجايىنمۇ سەن،
بېشىمىزدىكى تاجىمىزمۇ سەن.

سىز بىر پالۋان يىگىت ئىكەنسىز،
قەدرىڭ بىلمىگەن خەلق ئىكەنمىز.

تىرىك قالدۇق بىز ھىمايىتىڭدە،
ئەمدى بىز سېنىڭ ئىتاھىتىڭدە.

سەن ئەسلىدە بىر سۇلتانزادىسەن،
سەئىد يۇلتۇزلۇق بىر ئازادىسەن.

بەلكى رۇستەمنىڭ ئەۋلادىمۇ سەن؟
ياكى جەمشىتنىڭ جەللادىمۇ سەن؟

ئەجەپ مۇلايىم ئەخلاقىڭ سېنىڭ
سەئىد ئەكبەر①مۇ ئەپلاكىڭ سېنىڭ.

چىرايلىق - ئوچۇق سوزلىرىڭ شىرىن،
ۋۇجۇدۇڭ ئالغان ئادەملىك يېرىڭ.

چۇمۇلە سېنىڭ ئەپتىڭگە قاراپ،
ئايىغىڭدا قالسا چەكمەيدۇ ئازاپ.

---

① سەئىد ئەكبەر ئەپلاكىڭ سېنىڭ — چوڭ يۇلتۇز مەنىسىدە.

چۈنكى زاتىڭدا قانچىلىك ئازار
قۇرمىغان ئىكەن پەقەتلا بازار.

شاپۇر دېدىكى: "ئەي دىلى يارە،
مەقسىدىڭنى ئېيت قىلاي مەن چارە.

دىلىڭدا بولسا سۆيگۈدىن ئەسەر،
ئاتەشىن نەپسىم ئۇنى ھەم كېسەر.

رەقىپ كۆكسىدىن چىقىرىپ تۈتۈن،
قىلۇرمەن سېنىڭ يۈرىگىڭ پۈتۈن.

ئاسمانغا چىقماق بولسا تىلەگىڭ،
ھازىر قىلۇرمەن بارلىق كېرەگىڭ.

مەقسىدىڭ ئۈچۈن تەييار ھەر زامان
جان ھەم تېنىمنى قىلۇرمەن قۇربان."

ئىشەندى پەرھاد جان ۋە دىل بىلەن،
دوستلاشتى بۇلار ساپ ئەقىل بىلەن.

سۆزلىدى پەرھاد ئىزلىگىنىنى،
جاھاننامىدە كۆرگىنىنى.

شاپۇر دېدى: ئۇل شەھرىيار يېرى،
ئار① ئىشچى بار ئۆزۈندىن بېرى.

مەھىنبانۇدۇر ئۈنىڭ خانىلىغى،
تىلىگى دەۋلەت ئابىدانلىغى.

بىستۇننى كېسىپ چىقىرىپ ئېرىق،
شەھرىيار يېرىن قىلىشتۇر تېرىق.

بىر تۇققانى بار "شىرىن" دەپ ئۈنىڭ،
ئېھتىمال شۇدۇر تىلىگى سېنىڭ.

دەررۇ باشلىدى پەرھادنى ئۇيان،
باردى يول يۈرۈپ بىرنەچچە زامان.

پەرھاد پەريادى ھەددىدىن ئاشتى،
شىرىنغا كېلىپ ئاخىر تۇتاشتى.

قېنى، نىم شۇۋەت سېنىڭ پەريادىڭ،
قايسى شىرىنغا باشلاندى يادىڭ؟

## شىرىن

مەھىنبانۇدۇر شەھرىيار شاھى
بار ئىدى ئۈنىڭ شىرىن دەپ ماھى.

---

① ئارى — راست، توغرا.

بۇ مەلىكىلەر بىر تۇققان ئىدى،
ئەزەلدىن بەختكە يولۇققان ئىدى.

موھىبانۇغا مىراس ئىدى شاھ،
ئىشقىدىن شىرىن چېكەردىلەر ئاھ!

ئىسمى جىسمىغا چىرايلىق ياققان،
تەلەي ئۇنىڭغا ئوڭ كوزدە باققان.

خالىغان چاغدا ئېچىلار گۈلدەك،
پەسمى① سوزىدە خۇددى بۇلبۇلدەك.

ئەركە ئۇستۇرگەن مەسئۇد② تەخت ئۈنى،
قىزغىنىپ باققان ئەركىن بەخت ئۈنى.

نەپسى كىيىمگە بولمايتتى مەغرۇر،
شان - شوھرەتلىكە كۈلمەيتتى مەسرۇر③.

ئالدىيالمايتتى يىپەك - تاۋارلار،
سولدۇرالمايتتى غەملىك ناۋالار.

---

① پەسمى—گۈزەل سوز.

② مەسئۇد—پاك.

③ مەسرۇر—مەس بولماق.

ئەيش - ساپاغا بېرىلگەن ئەمەس،
جەمشىت تەختىگە ئېگىلگەن ئەمەس.

رۇستەمدەكلەرنى پىسەنت قىلمايتتى،
شاھى ئىراننى كوزگە ئىلمايتتى.

ئۇ بىر ئاھۇ① كىم شىكار بولمىغان،
يوق بەلكى لاچىن، تورغا ئېلىنمىغان.

جامالىدىن ئاي بەھرىۋەر ئىدى،
قاشىغا قەلەم ھەم سىپەر ئىدى.

خىجىللىق يېتىپ ھوسنىدىن كۈنگە،
توختىيالماستىن كېتىپتۇ تۈنگە.

بوينىغا ئېسىپ قىل سەدەپ مارجان،
تەقدىم قىلىپتۇ يۇلتۇزنى ئاسمان.

مەقبۇل② بولمىغاچ ھېچبىر يۇلتۇزى،
چىقماپتۇ شۇندىن بۇيان كۈندۈزى.

تەبرىك قىلىشقا بارماي دەپ قۇرۇق،
"ھەسەن - ھۈسەن"نى يوللىغان ئۇپۇق.

---

① ئاھۇ — كىيىك.
② مەقبۇل — قوبۇل.

قىلار لىبنىتە دەپ ساچىغا ئۈنى،
ماختىنىپ دەپتۇ ھەممىگە بۇنى.

ئەرزىمەيتۇ ئۇ پەرى چېھرىسىگە،
تاشلاپتۇ ئۇنى ئاسمان قەھرىگە.

شۇڭغا ئۇپۇق بولۇپ بەك خىجىل،
گاھى ساپ ـ سېرىق گايىدا قىزىل.

پەرى قىزلىرى ئۈزۈلۈپ شۇئان،
ئەلنىڭ كۆزىدىن بولۇپتۇ پىنھان①.

خوتەن مۈلكى②دىن پەرھادنەك شۇڭقار،
كۆيۈپ ئۇ قىزغا بولۇپتۇر شىكار.

مېھىنبانودۇر شەھرىياردا شاھ،
سىڭلىسى شىرىن ئەجەپ دىلرابا.

ئابادلىقتا بەك كۆيۈنەر ئىدى،
خەلقچىللىقتا بەك سۆيۈنەر ئىدى.

بىستۇن تاغىنى كەستۇرمەكچىدى،
شەھرىيارغا سۇ كەلتۈرمەكچىدى.

---

① پىنھان — يوشۇرۇنغان.
② مۈلكى — مەملىكەت.

تاغنىڭ ئارقىسى گويا بىر دېڭىز،
ئالدىدا سۇدىن يوق ئىدى بىر ئىز.

باي ناھىيىنىڭ ئورنىنى بۇرۇن،
پايانسىز سۇلار قىلغانتى ئورۇن.

چۈنكى موزاتنى تۇساپ بىستون تاغ،
قانمىغان سۇغا شىردىن تۇغان باغ.

تەپچىرەپ تاغدىن سىرغىپ ئۆتكەن سۇ،
سۇنىڭ ئورنىغا سېپىلگەندەك ھو.

دەپتى بولماپتۇ سۇ تەشنالىقى،
ھورغا باغلانسا ئاشنالىقى.

تېخى ئۇياقتا بەكمۇ نۇرغۇن بوز،
بىكارلا ياتقان ئېچىلماي ھونوز①،

ھوسۇل بېرىشكە ياراشلىق ئىدى،
پەقەتلا سۇغا قاراشلىق ئىدى.

چىقاردى موھەنبانو بىر پەرمان،
ئۆگلاشقا تاغدا ئىشلەر خەلق ھامان.

① ھونوز: تېخى، ھېلىغىچە، ھازىر.

لېكىن بۇ ئىشلەش ھەممىسى بىكار،
چۈنكى ئۇ تاققا قىلمايدۇ تىغ كار.

قورالچىنىڭ① بارلىق پەرمانى،
ئىچىدىكى شەرت دەرتكە دەرمانى.

تاغنى كىم كېسىپ كەلتۈرسە گەر سۇ،
شىرىنغا تەھقىق بولغۇسى كېياۋ.

پەرھاد كېلىدۇ ئۇشۇل دىيارغا
يوق بەلكى شىرىن سۈيۈملۈك يارغا.

پەرھاد كوڭلىدە رەھىملىك زاھىر،
تاغنى كېسىشكە ھەم ئەردى ماھىر.

## پەرھادنىڭ غەزىلى

نىگارىم، ساڭا دىل پەرياد ئەپغانىم ئەسەر بەرمەس
ماڭا بارى سابا ئول سەرۋەرى گۈل روھىدىن خەبەر بەرمەس.

ئېچىلماس غۇنچە بەختىم كورمىسەم ئول رىۋانىم مەن،
چىچەكلەر ئاتمۇغۇنچە شاخ ـ ياپراقلار ئەسەر بەرمەس.

① قورالچى ـــ موھىنبانونىڭ پادىشالىغىنى "قورالچى" دەپ ئاتىلىدۇ.

دۇتار بولدى ئىلىپ قەددىم سېنىڭ ئىشقىڭدا ئى دىلبەر،
بۇ تاغدا مەدىكار بولمۇغۇنچە ھېچ نەزەر بەرمەس.

ئۇزەم شاھزادە خان ئەردىم، ئىلىم دە موھتەبەر ئەردىم،
مۇشەققەت چەكمۇگۇنچە ھېچقانداق زەي شەكەر بەرمەس.

ئاققۇزدۇم كوزدە ياشىمنى، يەتكۈزدۈم كوككە ئاھىمنى،
ئەگەر بەرمىسە مۇرادىمنى بۇ تەن جانىمغا يەر بەرمەس.

مېنىڭ تاش كەسكىنىم خۇددى قىزىلچى تەرگىنىم ئۇخشاش،
قولى تاش كەسمىگۈنچە خوجايىن ئەسلا كىمەر بەرمەس.

دىلىڭنىڭ رەنجىدىن ھەرگىز شىكايەت قىلما ئى پەرھاد،
ئىشىڭ ئەرزىمىگۈنچە ساڭا ئۇستازىڭ ھۈنەر بەرمەس.

تاغنى مەن كېسىپ ئاچاي سۇ، دىدى،
خەلقتىن مۇشەققەت ئازايسۇن، دىدى.

مۇنداق خۇش خەۋەر شىرىنغا يەتتى،
ھاشاچىلاردىن ھەمدە غەم كەتتى.

تاغنى كېسىشكە كىرىشتى پەرھاد،
تاغۇ - تاشلاردىن چىقاردى پەرياد.

لاينى كەسكەندەك پەرھادنىڭ تىغى،
بىستونىنى كېسىپ چىقاردى يىغى.

ئىشقىنىڭ بۇ بىر چىن ئىپادىسى،
بەلكى پەرھادنىڭ پەننى چارىسى.

بەلكى شىرىننىڭ ئەسلى غايىسى،
بەلكى تەگرىنىڭ كۈچ ئىرادىسى.

## شىرىننىڭ غەزىلى

ئۆزۈن زاماندىن سۇسىز بۇ تۇپراق،
كوكەرتىش قىيىن بەرگىدىن ياپراق.

سۇ كەلتۈرۈشكە ئۇتكەن سۇلتانلار،
مۇشەققەتلەردە ئاجىز قالغانلار.

تىلەپ مەن ھەقتىن يۇرت ئابادلىغى
ئىشلەتتىم مۇندا دولەت خانلىغى.

ئۈچ يىلدۇر ئىشلەپ تالغاندى خەلق
يۇرتلەردە بولغاندى ئېغىر سىلىق.

ئاھ! بۇگۈن ئاللا بەرمىش تىلەكنى،
كەلتۈرگەنمىش بىر كۈچلۈك بىلەكنى.

ساياھەت قىلىپ مۇندا كەلگەنمىش،
ئۆز خاھىشىچە تاشلار قازغانمىش.

مەيۈس قەلبىمنى قويماي دەپ غەمدە،
ئۈچ يىللىق ئىشنى قىلمىش بىر دەمدە.

قانداق باھاتۇر، قانداق قەھرىمان؟
كورسەم، ئىنايەت قىلسام بۇ زامان.

بۇ يۇرتقا شەكسىز بولۇر سائادەت،
شىرىن تىلىگى بولسا ئىجابەت.

شىرىن دىدى ئى، يىگانە يىگىت،
دۇنيا ئىچىدە بىگانە يىگىت.

ئەجەپ مۇشەققەت ئىزلەر ۋۇجۇدۇڭ،
تاغلارنى پارە ئەيلەپ ئۇمىدىڭ.

ئوخشمايسەن بۇ يۇرتتا ھىچ كىشىگە،
ئىشىڭ ئوخشماس ھەم خەلق ئىشىگە.

بولغان ئىدۇق بىز بۇ ئىشتا ئاجىز،
كورسەتتى قولۇڭ بىزلەرگە موجىز.

قىنى، سەن دىل ئات ساندۇغۇڭنى ئاچ،
باتۇر يىگىتنىڭ بېشىغا تىللا ساچ.

خىزمىتىڭ ھەققى بىر تىللا ئەمەس،
قانچە غەزنە بەرسەم ئەرزىمەس.

پەرھاد ئىشتىپ شىرىن سوزىنى،
پۈركىدى ھايا ئۇنىڭ يۈزىنى.

شۇ چاغدا بىر ئاز قوزغىلىپ شامال،
شىرىن يۈزىنى يەلپۈتتى دەرھال.

ئالدى پەردىنى ئاينىڭ يۈزىدىن،
ئوتلار چاقنىدى پەرھاد كوزىدىن.

دىدىكى: "ئەينەك ماڭا كورسەتكەن،
جېنىمنى ئېلىپ، جاننى سودرەتكەن.

غۇربەتكە سېلىپ بىچارە قىلغان،
مۈلكىمدىن ئايرىپ ئاۋارە قىلغان.

ھەممىنى قىلغان ئوزى مانا شۇ،
ئەقلىمنى ئالغان كوزى مانا شۇ."

دىدى يىقىلدى، ھۇشىدىن كەتتى،
شىرىن پەرھادقا بىر بىيىت ئېيتتى:

ئى شەمئى جامال①، ئادىمى بىھۇش،
نە ئۇچۇن سېنىڭ پاك دىلىڭ مەيۇس؟

① شەمئى جامال — جامالى قۇياشتەك.

باغرىڭ ئېزىلىپ ئاغزىڭ قۇرۇپتۇ،
گۈلدەك چىرايىڭ دەرتتىن سولۇپتۇ.

سوزلە ماڭا سەن دەردىڭ ـ ئەلىمىڭ،
دىلدە يارىنى ھىچ يوشۇرمىغىن.

بەردىمۇ ساڭا بىگانە زەھەر،
ئۇل بائىسىدىن① ئەيلىگىن خەۋەر.

جادىگەر ساڭا سېھرى قىلدىمۇ،
ياكى ئەقلىڭنى بەنت قىلدىمۇ؟

بۇگۇن شىرىنغا بولدى خوشلۇق يار
خوشاللىق ئىچرە يۈرىگى ئوينار.

× ×

ئەزەلدىن خوشلۇق غەمگە ھامىلدار،
كىلىدۇ شۇڭا گۇل يېنىدا خار②.

پەرھاد تىرىشتى بىرنەچچە زامان،
ئاقىۋەت سۇنى ئەيلىدى راۋان.

---

① بائىسىدىن — شۇ سەۋەپتىن.
② خار — تىكەن.

كەسكەن تاغدىن سۇ قىسىلىپ ئۆتىدۇ،
ئىسمىنى خەقلەر كەپلەش قويۇپتۇ.

ھازىرمۇ تېخى شۇ ئىسىم يادگار،
ئەبەتكە ساقلا ئى پەرۋەردىگار.

بۇ ۋاقىت ئىچىدە شىرىن ۋە پەرھاد،
ئىشقىدىن دائىم قىلدىلەر ئاھ ـ دات.

سۆيگۈدىن دائىم بولۇپ بىئارام،
راھەتنى ئۆزگە قىلدىلەر ھارام.

شىرىنسىز دەۋران سۈرمەسمەن، دىدى،
ئۆنىڭسىز ئۆمۈر كورمەسمەن. دىدى.

تۇرالماس ئىدى يۈرىگى كويۇپ،
يىغلىغان ئىدى شىرىننى سۆيۇپ.

پەرھاد كوزىدىن ياش توكۈلگەن چاغ،
تاقەت قىلالماي يىغلىۋەتتى تاغ……

ياشلار قۇرۇپتۇ تاغ توختىمايدۇ،
"يىغلىغان تاغ" دەپ خەقلەر ئاتايدۇ.

ھىچ توختىماستىن يىغلايدۇ ھامان،
بىر ئېرىق سۇنى قىلماقتا راۋان.

شىرىن دەيدۇ: "گەر پەرھاد بولمىسا،
گۈلدەك ئېچىلىپ مۇندا تۇرمىسا.

تاجى دەۋلىتىم ھەممىسى قۇربان،
قەسىمىم تەڭرى كالامى قۇرئان.

دائىم ئېچىلسۇن نىم شىبەت گۈلى،
تىنماي سايرىسۇن ئەركىن بۇلبۇلى.

## پەرھادنىڭ ساپى ئۆيىنى قېزىشى

روھى باغلىنىش بۇ يەرگە يەتتى،
ۋەدىگە ۋاپا ۋاقتى يەتتى.

بۇ چاغدا ئىران خىسراۋسى كېلىپ،
ئاشىقى پەرھادقا بولغاندى رەقىپ.

پەرھادقا بالا، كۈلپەت يۈز بەردى،
قۇرالچىنىڭ كۆڭلى ئۆزگەردى.

يەنى خىسراۋنىڭ پىتنە-ئىغۋاسى،
قۇرالچىنىڭ ياندى ئىخلاسى.

بۇرۇنقى قىلغان شەرتى بۇزۇلدى،
ئۇنىڭغا يەنە بىر شەرت قوشۇلدى.

مىڭ ئۆيىنى بىنا قىلسۇنلەر تاشتىن،
ئۇتسۇن پەرھادنىڭ ئىشقى سىناشتىن.

گۈزەل نەقشلىق ئىشلەنسۇن يەنە،
ئىككىنچى بۇنداق بولمىسۇن بەنا.

مىڭ بولۇم ئۆيگە يۈز مىڭ سۇپەت نەقش،
سىزىپ شىرىنغا قىلسۇن ئۇنى بەخش.

تام ۋە تورۇسلار ھەممە تاش بولسۇن،
گۈللەر ئېچىلىپ بۇلبۇللار قونسۇن.

ئۇ ئۆيگە قاراپ بۇلبۇل سايرىسۇن،
ئۇ ئۆيگە قاراپ كوكۇل يايرىسۇن.

سازەندىلەرنىڭ مۇقام ناۋاسى،
ھورىلەرنىڭمۇ كۈلكە ساداسى.

قوشاقچىلارنىڭ توقۇغانلىرى،
موللالارنىڭ ئوقۇغانلىرى.

ھەممە يوللانسۇن شۇ ئۆيگە پەقەت،
چەتكە بولمىسۇن ھەتتا بىر نوقەت①.

---

① نوقەت ــ چېكىت.

ئېيتىلىشىچە: پەرھاد يەتتە يىل،
ئىشلىگەن كويىۇنۇپ ئايماي جانۇ دىل.

يەتتە يىل جەريان ئىچىدە پەرھاد،
بىر كەم مىڭ ئۆينى قىلدىلەر بىنياد.

زادى دۇنياغا باقساڭ نىم شىبھىت،
تولماس ئۇ بىرسى پۈتمەس ھىچ ئۈمىت.

## پەرھادنىڭ غەزىلى

ئەرزىمنى ئېيتاي بادى ساباغا،
يەتكۈز سالامىم ئول بى ۋاپاغا.

تارتتىم مۇشەققەت چەكتىم رىيازەت
مەندىن سالام ئېيت ئول ئاشناغا.

بەختىم قارادۇر، باغرىم يارادۇر،
دەردىم تولادۇر ئول رەھنىماغا.

ھوسنى بازارى قەلبىم شىكارى،
بولغۇم مازارى بۇ كوھسارغا①.

بولغايمۇ ۋەسلى يارسام بۇ تاغنى،
يەتكۈزسەم ئاھىم ئەرشى ئەلاغا.

① كوھسار — كۇچارنىڭ ئىسمى.

تاشلاپ دىيارىم تەرك ئەيلىدىم تاج،
قويدۇم بېشىمنى بىر ئىشقىغە مۇھتاج.

ئى ھوسنى شاھى، پەريادى ئاھى،
كويۇڭدا ئورلەر سۈيى ساماغا.

كېلىدۇ شىرىن ئەھۋالىم سوراپ
بۇ بىلەن قالۇر خارۇ-زارىمنى.

كويىدۇ يۈرەك، تالىدۇ بىلەك،
تىلىگىم ۋىسال، جىگىرىم كاۋاپ.

كوكسۈمدە پىچاق، ئارزۇدا زامان،
پۇرقەت ئىچىدە ئەيلىدى ئازاپ.

خىيالىم ئەگەر يادلىسام تۈنى،
خۇرسەنت بولمەن قۇياشقا قاراپ.

ئاھىم ئوتىدىن ياقمەن چىراق،
تۈندە تاغ ئىچى بولماس دەپ خاراپ.

ئاياغىدا گەر ئورلىسە توزان،
سەپسەم سۇ قىلىپ يانمىدى سىراب①.

---

① سىراپ: ئەلەنگۇ.

ھىجران ئوتىدا كۆزۈم توكسە ياش،
ھەيران قالدۇ بولۇتلار قاراپ.

چاقنىغان ئوتى بىرەلمەس چىداش،
ئاھىم ئوتىدىن چىقسا بىر سىراپ.

يارنىڭ بارىدا تەندىن كەتسە باش،
شولدۇر مەقسىدىم يوقتۇر ئىزتىراپ.

نەدۇر گۇناھىم ئاغزىمدا ئاھىم،
چىقار ھاۋاغا بولۇت ئارىلاپ.

ئەتراپتا رەقىپ پايلاپ پەرھادنى،
تاشلار تۈۋىدە ئولتۇرار ماراپ.

## پەرھادنىڭ مۇرادىغا يەتمەي جادىگەر قولىدا ئارمان بىلەن دۇنيادىن كېتىشى

گەپ ئەمدى پەقەت بىر ئويدە قالدى
بۇ ئىش خىسراۋنى بەك غەمگە سالدى.

ئانەش غەزىۋى باشقا ئورلىدى
پەرھادقا ئۆلۈم گورىن كولىدى.

تاپتى ياسىمىن، قىبرى دەللىنى،
پەرھاد ئۆلۈمگە قۇرۇپ پەللىنى.

بۇ قېرى مەككار شاگىرتى شەيتان،
بەلكى شەيتاننى قىلاردى سەرسان.

زاھىر بولاردى پىشانىسىدە،
مىلىڭ خىل ھىلىگەر نىشانىسىدە.

ھەر سائەتىگە توت خىل بولاردى،
ئەجدىھالەرگە داملار قۇراردى.

مىكرىدىن تۈلكىنى بىارام ئەيلىگەن،
كەر ئادىل ئويۇننى ھارام ئەيلىگەن.

ئەپسۇندىن چىقىپ دېگىنىزدىن تۇتۇن،
چىقاركەن تۈگمەن تېشىدىن پۇتۇن.

باغۇ-بوستاننى بىردەمدە چۆللۈك،
جادۇلۇقتىن چولنى قىلاردى گۈللۈك.

قوزغىسا ئەگەر بىرەر ماجرانى،
قىزنى ئاتىغا بېرور، ئوغلىغا ئانىنى.

قېرىدىتار قىزنى جادۇلىق بىلەن تېز،
يۈز ياش مومايىنى كورسىتەتتى قىز.

زال① زەرنىنىڭ ئوگەي ھامىسى،
دەللە موھتالىبنىڭ كىچىك مامىسى.

مانا بۇ دەللە تەييارلىق بىلەن،
يۈز مىڭ سۈپەتتە ھەييارلىق بىلەن.

پەرھاد قېشىغا بارنلەر يېتىپ،
ھەر بىر قەدەمدە ئون سەجدە قىلىپ.

بىر قولدا تەسۋى، بېشىدا لىچەك،
بىر قولدا ھاسا، بەللىرى دۈمچەك.

كوزىدە قان ياش، ئاغزىدا سۈبھان،
پەرھادنى ئالداپ ئوقۇيدۇ قۇرئان.

جادىگەرلىكتىن ئىشقا ئاشۇرۇپ،
مۇناپىقلىقىن ئەلدىن يوشۇرۇپ.

پەرھادنى كورۇپ ئاھ... ئۇرۇپ كەتتى،
ئاھۇ پەريادى پەلەككە يەتتى

ئاھ! بالام! دىدى، ئاھ شىرىن قىزىم،
ياش ئولۇپ كەتتىڭ باسمايىن ئىزىم.

---

① زال: رىۋايەتتىكى رۇستەمى داستانىدا رۇستەمنىڭ دادىسى.

ئەرەم باغىنىڭ غۇنچىسى ئىدىڭ،
جەننەت قىزىنىڭ تۇنجىسى ئىدىڭ.

بەرسۇن خۇدايىم جەننەتۇ رىزۋان،
خىزمەتىڭ قىلسۇن ھور بىلەن غىلمان.

كۆڭلۈم راھىتى كۆزۈم قارىغى،
ئىشقى سۇلتانى ئۆمرۈم چىراغى.

خاقان چىن ئوغلى ئاشىقىڭ ئىدى،
جان پىدا قىلغان سادىقىڭ ئىدى.

نە ئۈچۈن ئۇنگە باقمىدىڭ بالام،
ۋاپادارلىقىنى تاپمىدىڭ بالام.

مىڭ ئۆي ياسايدۇ ئۇ ساڭا تاشتىن،
ئىشقىڭدا كۆزى قۇرمايدۇ ياشتىن.

ئۆلۈمىڭدىن ئۇ، تاپسا گەر خەۋەر
شەكسىز جېنىغا يەتكۈزەر خەتەر.

ئاڭلانسا بۇ سۆز يىراق-يېقىنغا،
تېخى ئاڭلانسا خاقان چىنغا.

پەرھاد قېنى دەپ كەلسە خاقان چىن،
قېنى ئاي يۈزلۈك مەشۇقى شىرىن.

قېنى رەقىبى خىسراۋ سىيتەمكار،
قېنى شىرىننىڭ يۇرتى شەھرىيار.

قېنى قورالىچە، قانداق خان؟ دىسە،
قانداق خىسراۋ ۋە قانداق جان؟ دىسە.

سوزلەشكە بىزگە ئىمكان بولۇرمۇ،
قىلغان پۇشايمان دەرمان بولۇرمۇ؟

غەزەپتىن خەنجەر ئالسا قولىغا،
قىرسا باشمايىن ئوڭ ھەم سولىغا.

شەھەر ئورنىغا قىلسا دەريا جۇش،
ئادەم ئورنىغا كوكلىسە قومۇش.

خىسراۋ تاپالماس ئوزىگە پاناھى،
كىملەرگە بولۇر بۇنىڭ گۇناھى.

مۇنداق خىجىللىق يەتمەستىن بۇرۇن،
قەبرە ئىچىدە ئالغايدىم ئورۇن......

(كىم بىلسۇن ئۇنىڭ مەككارلىغىنى
پەرىجە ئىچىدە نە بارلىغىنى.)

پەرھاد ئىشتىپ جادىگەر سوزىن
تاشنىڭ ئۇستىگە تاشلىدى ئوزىن.

ئاھ! ئۈرۈپ دىدى بۇ قانداق مەپھوم،
ئارتۇق ئۆتمەك تىش بولدى مەلۇم.

جانىمنى ئالدىڭ، مەقسىدىڭ شولدۇر،
ئۆلۈك تېنىمدىن ئىستەگىڭ نەدۇر.

ئاشىق قېنىنى ئىچىشتىن تويغىل،
مەن بىچارىنى ھالىمغا قويغىن.

بېشىمنى يەنچى ئى چەرخى زەركار،
ھاياتلىق ئەمدى بولمايدۇ دەركار.

كوزۇمنى ئويغىل بالايى قەھرىمان،
چۈنكى شىرىندىن ئايرىلدى بۇ جان.

كەسكىن تىلىمنى ئى تىغىم دەرھال،
ئەمدى سوزلەشكە بولمىسۇن ماجال.

كوڭلۈمنى بۈئان مىڭ پارە ئەيلە،
تېز كەتمە كىمگە چارىلەر ئەيلە.

تىغىنى ئۈردى ئۇ، ئوزىنىڭ جانىغا،
شۇ بىلەن كەتتى يەرنىڭ قانىغا.......

(مەنھوس كۆڭلەرنىڭ قايىسى بىرىدە،
تاشتىن ئۇيي قېزىپ تۇرغان يېرىدە.

ناھەق خىيانەت ئۇنگە يۈز تۇتتى،
يەنى ئول پەرھاد ئالەمدىن ئۆتتى....).

ئاقىۋەت بۇ سوز شىرىنغا يەتتى،
ئاڭلىغان ھامان دۇنيادىن كەتتى.

## داۋا

مانا قىسسەنىڭ ئۇتمۇشى مۇنداق،
مىڭ ئوي ۋە كەپلەش تاغ ھامان شۇنداق.

بۇيۇك يازغۇچى ناۋايى ھەم يازغان،
قەلەم كۈچى بىلەن بىستوننى قازغان.

ئەرمىستانغا بۇ زات ھەم باقتى،
ئۇتكەنكىلەرنىڭ ئىقىمىدا ئاقتى.

ئۇتكەنكىلەردە يەنە بىر رەۋىش،
مەشھۇر جايلارغا تاقاپلا يىيىش.

شۇنىڭغا ئوخشاش تۇرلۇك يول بىلەن،
تاللاپ...... ئىلىنغان ئوك ھەم سول بىلەن.

ئاستا ـ ئاستىلاپ بۇ يەردىن كوچكەن،
باشقا بىر جايغا بېرىپ سۇ ئىچكەن.....

كەپلەشنى ئاچتى پەرھاد مېھنتى،
مڭ ئوينى قازدى پەرھاد خسلتى.

ئۇشبۇ ئاسارلەر ھەممسى ھازر
تۇنۇگۇنكى ئشتەك تۇرۇپتۇ زاھر.

ئەنە ئۇ مڭ ئوي، ئەنە بستون تاغ،
ئەنە شرنجان يايرغان زور باغ.

ئەنە ئۇ كەپلەش، يغلغان تاغ ھەم،
بولمدى يغلاپ كوڭلى خاترجەم.

بۇرۇن شەھرديار ئاتالغان كۇچار،
ھازر ھەم گۇزەل نۇرلردن ساچار.

شردن ئەردى ئۇ كۇچارنڭ قزى،
سوزى ھەم شردن ئاناردەك يۇزى.

شۇنڭدەك شردن تاكي ھازر ھەم،
كۇچار يۇرتدا تۇغۇلار ھەردەم.

خەلق ئچرە بۇ بر سوز ئرۇر گۇۋا،
"بويى ئەۋرشم ساچلرى سيا.

بەللرى نازۇك، كوزلرى خۇمار،
قاشلرى قەلەم، يۇرتلرى كۇچار".

(باي ناھىيىنىڭ ئورنى، ئۇ بۆرۆن
پايانسىز كۆلگە بولغانكەن ئورۆن).

ئەسلى ۋەقە بۇ يەردە ئۆتكەن
ئۆچمەس ئەسەرلەر يارىتىپ كەتكەن

كۆرسەتسە مۇنداق ئۆتمۈشنى ھايات،
باشقا جايلاردا دېيىلىش ئۇيات.

باشقا جايلارنىڭ قايسى چۆلىدە،
قايسى تاغ، دەريا، قايسى كۆلىدە.

بارمۇ بىر ئەسەر قىسسەگە لايىق؟
كۆرسىتىلگەنمىش "پارچە بىر سايلىق".

قېنى بىستۇنى، قېنى مىلىڭ ئۆيى؟
قېنى تاغ كېسىپ ئۆتكۈزگەن سۈيى؟

باشقا جايلارغا بولار ھەممە يات
پەرھاد مىلىڭ ئۆيى سىرلىق تىلسىمات.

جىنايەت ئۇ بىر دەلىلسىز داۋا
ھەقتىن كۆز يۇمۇش پەقەت بىر ئىغۋا.

«پەرھاد ۋە شىرىن» قىسسىسى پەقەت،
بىر قېنىم ئۆتكەن بولمىغان قەۋەت.

ھىچبىر يازۇچى بۇنى يىزىشتىن،
پەرھادتەك بولۇپ مىڭ ئوي قىزىشتىن.

ئايىماي قەلەم يازدىلەر داستان،
قىلدى بىستوننى باغ بىلەن بوستان.

(يەنە بەزىلەر يازدى قىسسەنى
ئەرەمىستانغا بولدى ھىسسىنى.

يازغۇچىلارنىڭ بۇ ھەم بىر يولى
ئىچكىرگە بېقىپ ئېگىلگەن قولى.

ھەقىقەت بۇنى ئېچىپ تاشلايدۇ،
توغرا يول بىلەن ئەلنى باشلايدۇ.

ئوچۇق ۋە روشەن دەلىللار بىلەن،
ئىشەنگەن كوكۇل ۋە دىللار بىلەن.

ئەسەر ۋە قىسسە قىلىندى تەتبىق
ھەرئىش جايىدا قىلىندى تەستىق.)

مەن ھەم مىڭ ئۆينىڭ سۆيۈملۈك يارى،
شۇڭلاشقا قىلدىم قەلەمنى جارى.

چۈنكى ئۇ مۇھىم ئاسار-ئەتىقە،
بەلكى بۇ يۇرتتا ئۆتكەن ۋەقە.

بەلكى قىسسەنىڭ ئوتمۇش دۇنياسى،
چىمەنزارلىقنىڭ بۇلبۇل گوياسى.

نەققاشچىلىقنىڭ بۇ بىر مەنزىرى،
چىن تارىخىنىڭ سەنئەت مەزھىرى①.

مېنىڭ مىڭ ئويۇم، مېنىڭ پەرھادىم،
مېنىڭ شىرىنىم، مېنىڭ سەييارىم.

ھازىر بۇ مىڭ ئوي تېخى يېپ-يېڭى،
ئەمدى ئاتقاندەك سۇبھەدىن تېڭى.

بولمايدۇ ئۇن مىڭ يىلدا ھەم كونا،
كەلگۈسى دۇنيا ئۇچۇن نەمۇنە.

ھازىر خىسراۋنى ھېچكىم بىلمەيدۇ،
تىغ جەللادىدىن غەمگۇ يىمەيدۇ.

موھىنبانودىن ئەسلى كارى يوق،
بىر تىيىنچىلىك ئېتىۋارى يوق.

ئۇلارنىڭ ھوكۇم پەرمان يارلىغى،
بىكار خىيال بولۇپ قالدى بارلىغى.

---

① مەزھىرى: ئۆز ئەينى.

ئۇلارنىڭ تاجى، ئۇلارنىڭ تەختى،
زۇلۇمدىن يىققان ئۇلارنىڭ رەختى.

بولغانغا ئوخشار جىنلارغا ماكان،
كورمەپتۇ شۇڭا ئۇنى ھېچ ئىنسان.

لېكىن پەرھادنىڭ ئىشقى داستانى،
تاشتىن ياسىغان باغۇ-بوستانى.

خازان بولمايدۇ ئېچىلغان گۈلى،
ھېرىپ قالمايدۇ سايراپ بۇلبۇلى.

يەنى كونارماس بۇ بىر گۈلىستان،
ھەر ئۆيگە كىرسەڭ باشقىچە بوستان.




## (خەلق داستانى)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: **سەلەي قاسىم ،مىرزەم**

نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن:

«سەنۇبەر» داستانى ئاغزاكى ۋە يازما شەكىلدە ئۇيغۇر خەلق ئارىسىدا كەڭ تارالغان خەلق داستانلىرىدىن بىرى. توي-تۆكۈن، مەشرەپ، بايرام-مەرىكىلەردە خەلق داستانچىلىرى ۋە ئەلنەغمىچىلەر بۇ داستاننى دائىم ئېيتىپ كېلىۋاتىدۇ. داستان ئېيت-قۇچىلار «سەنۇبەر»نى نەسرى يول بىلەن بايان قىلىپ، شېئىرلى-رىنى كۆپىرەك «غېرىپ-سەنەم» داستانىنىڭ ئاھاڭلىرىغا سېلىپ دۇتار بىلەن ئېيتىدۇ. خەلق ئارىسىدا داستانىنىڭ «سەنۇبەر ئا-شىق داستانى» ۋە «كىتابى سەنۇبەر» نامى بىلەن ئېسىلغان ھەر خىل دەۋرلەرگە مەنسۇپ تاش مەتبە نۇسخىلىرىمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ. ئۇندىن تاشقىرى، ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى «ئون ئىككى مۇقام» ئاھاڭلىرىغىمۇ «سەنۇبەر» داستانىدىن تېكىستلار

ئېلىنغان.

شاھزادە سەنوبەر بىلەن پەرىزات قىز ئوتتۇرىسىدىكى ئىشقىي مۇھەببەت ۋە بۇ مۇھەببەت تەقدىرىنىڭ ئەگىر - توقايلىقى، جاپا - مۇشەققەتلىرى توغرىسىدىكى بۇ گۈزەل رىۋايەتنىڭ قاچان، قەيەردە پەيدا بولغانلىقى، ئۇنىڭ قاچان داستان شەكلىگە كىرگەنلىكى ۋە يازما ئەدەبىياتتا پەيدا بولغانلىقى، ئۇنى قايسى قەلەم ئىگىلىرىنىڭ رەتلەپ مەتبەدە نەشر قىلدۇرغانلىقى ھەققىدە بىزنىڭ قولىمىزدا ئېنىق مەلۇمات يوق. مەن بۇ مەسىلىلەردە ئىزلىنىش ئېلىپ بېرىشقا پايدىلىق بولىدۇ، دەپ قاراپ ھەم كەڭ كىتابخانىلارنىڭ ئوقۇپ بەھرىلىنىشىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئاغزاكى ۋە مەتبە نۇسخىلىرىغا ئاساسلىنىپ بۇ داستاننى نەشرگە تەييارلىدىم. داستاننىڭ مەن ئاساسلانغان نۇسخىلىرى تولۇق بولماسلىقى مۇمكىن، ئالاقىدار خادىملار ۋە كەڭ كىتابخانىلارنىڭ ئۆزلىرىگە مەلۇم بولغان مەنبەلەر بويىچە تۈزىتىش ۋە تولۇقلاش ئېلىپ بېرىشلىرىنى ئۈمىت قىلىمەن.

ئارزۇ قېرىماس، ھەۋەس ئۆلمەس، مۇھەببەت داستانى تۈگىمەس. جاندىن كەچمىگۈچە جانانغا يەتكىلى بولماس. «بوستان» داستانىدىن كېيىن شۇنداق بىر رىۋايەت تارقالدىكى: چىن ماچىن مەملىكىتىدە خورشىد شاھ (خوشتى غوجام) ئاتلىق بىر پادىشا بار ئىكەن. ئۇ پادىشانىڭ 41 خوتۇنى بولۇپ، ھېچبىرىسىدىن بالىسى يوق ئىكەن. يىللار ئۆتۈپ خورشىد شاھنىڭ كۆڭلىگە بىر غەم چۈشۈپتۇ. ئۆزىنىڭ غەمكىن، پەرىشان كۆڭۈل - ئارزۇسىغا تەسەللى بېرىپ مۇنداق ئويلاپتۇ: "ھەي خورشىد! سېنىڭدە بايلىق ھەددى - ھېسابسىز. ناۋادا باقى پانى ئالەمدىن كېتەر بولساڭ مال - مۈلكۈڭ، تاجى - تەختىڭ كىمگە قالىدۇ؟" شۇ ئەس-

نادا پەلەكتىن ۋەھى كەلدى: "ھەي خورشىد شاھ! كىچىك خوتۇنۇڭ ئارقىلىق بىر پەرزەنت كۆرىسەن!"

ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي، دىگەندەك كىچىك خوتۇنى ھامىلدار بولۇپتۇ. 9 ئاي 9 كۈن قوساق كۆتىرىپ بىر ئوغۇل تۇغۇپتۇ. خورشىد شاھنىڭ خوشاللىغى ئىچىگە سىغماي پۈتۈن قارى قۇرئان، ئۆلىما تالىپ، ۋەزىرى ئەزەم، بەگ تۆرىلىرىنى چاقىرىپ، كاتتا داستىخان سېلىپ، ئۆز ئوغلىنىڭ ئىسمىنى نىمە قويۇش ھەققىدە پىكىر-مەسلىھەت سوراپتۇ. ئۆلىمي تەكەممۇللىدىن بىرسى: "ئەي پادىشاھى ئالەم، ئوغلىڭىزغا جىن-ئالۋاستى، دىۋ پەرىلەرنىڭ زىيان-زەخمەت قىلالماسلىغى ئۈچۈن، ئىسمىنى سەنوبەر قويساق"، دەپتۇ. ھەممە قوشۇلۇپتۇ. خورشىد شاھمۇ رازى بولۇپتۇ. مەزىن ئوڭ قۇلاققا ئەزان، سول قۇلاققا تەكبىر ئوقۇپ، بالىغا «سەنوبەر» دەپ ئىسىم قويۇپتۇ.

سەنوبەرنىڭ ئۆزى ساھىپجامال، ساھىپكامال زىرەك ئىكەن. 7 ياشقا كىرگەندە شاھ ئۇنى موللايى مۇئەللىمگە بېرىپتۇ. سەنوبەر 10 ياشقىچە ئىلمى تەلەپ بولۇپتۇ. بىر كۈنى خورشىد شاھ ئوغلىنى ئالدىغا چاقىرىپ: "ئەي ئوغلۇم، ئەمدى بۈنچىلىك موللا بولدۇڭ. سىپاھگەرچىلىكنى ئۆگىنىدىغان ۋاقتىڭ كەلدى. مەندىن كېيىن قالساڭ بۇ شەھەرگە سىپاھ بولىسەن"، دەپ، سەنوبەر بىلەن بىر كېچە، بىر كۈندۈزدە تۇغۇلغان كىلىشكەن 500 يىگىتنى تاللاپ يىغىپ، چارباغ ياساپ سەنوبەرگە قوشۇپتۇ. 500 يىگىت سەنوبەر بىلەن بىللە چارباغدا سەيلە تاماشا، ئەيش-ئىشرەت قىلىشىپتۇ. بىر ئەسنادا سەنوبەرگە ھاردۇق يېتىپ، يارۇ-بۇرادەرلىرىدىن رۇخسەت سوراپ، باغنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تەخت راۋانغا چىقىپ يېتىپ كۆزى ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. سەنوبەر

قىزنىڭ بىر چۈش كۆرۈپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، شەھرى شەبىستاننىڭ پادىشاسى پەررۇخ شاھنىڭ قىزىنىڭ روھى ئاسمان بىلەن پەرۋاز قىلىپ ئۇچۇپ چۈشۈپ سەنۇبەرنىڭ باش تەرىپىدە ئولتۇرۇپتۇ. ئىككىسى شىرىن سوھبەتتە بولۇپتۇ:

سەنۇبەر:

بىر لاچىن سۈپەتلىك جەۋرائىل پىرىم،
نازى نەۋ جوۋانىم نەدىن بولۇرسەن؟
گۇل يۈزلۈك شىرىن سوز ماھى تابانىم،
كوزلىرى مەستانىم نەدىن بولۇرسەن؟

پەرىزات:

مېنى سورىساڭ پەرىزاتنىڭ شاھىمەن،
ئەسلى شەھرى شەبىستاندىن بولۇرسەن.
پەمى قىلساڭ ھوسنى ئەھلىنىڭ ماھىمەن.
غازاڭى يوق گۇلىستاندىن بولۇرمەن.

سەنۇبەر:

باشىڭغا كىيىپسەن شەھەنشاھ تاجى،
كورگەنلەر ئوزەڭنىڭ بولۇر مۇھتاجى.
كوزۇمنىڭ روشنى، كوڭلۇم چىراغى،
غەمسىز بىگانىم نەدىن بولۇرسەن؟

پەرىزات:

ئاشىقلار مىسكىندۇر مالامەت باشى،
يامغۇردەك ئاققۇزما كوزۇڭنىڭ ياشى.
ماكانىم گۇلشەندۇر چەشمىلەر باشى،
مېنى سورساڭ بىر ماكاندىن بولۇرمەن.

سەنوبەر:

قوللىرىڭغا قان كەبى خىنە قويۇپسەن،
زەرەپشاندەك، بەستىڭگە، كۆچكە تولۇپسەن.
يۈسۈپ كەبى زىندانغا سالما مېنى سەن،
زۇلەيخادەك گۈل ئايىم نەدىن بولۇرسەن؟

پەرىزات:

ياقۇپ كەبى كەلدىمەن سېنى سوراغلاپ،
ھەسرىتىڭدە سىنەمنى بىھۇدە داغلاپ.
كەلدىم سېنىڭ يولۇڭغا بېلىمنى باغلاپ،
بىر تۇتى مەن، كى شەكەر كاندىن بولۇرمەن.

سەنوبەر:

خەنجەر سېلىپ باغرىمغا قان تولدۇرما،
گۈل يۈزۈمنى زەپىرەڭدەك سولدۇرما.
نازىك بىلەن، غەمزىڭ بىلەن ئۆلتۈرمە،
ئەي كىرەملىك سۇلتانىم نەدىن بولۇرسەن؟

پەرىزات:

ئەزرائىلنىڭ ھەمدىمى، دەريادا ماھى،
بۇ ئالەمنى ياندۇردى ۋامۇقنىڭ ئاھى.
گەر ئەسلىمنى سورىساڭ پەرىلەر شاھى،
پەۋەس، ياقۇت ھەم گوھەر كاندىن بولۇرمەن.

سەنوبەر:

كوزلىرىڭ نەركەستۇر، قامىتىڭ شەمشات،
نازلىق دىلبەر چېھرەڭدۇر مىسالى ئاپتاپ.
قانچە يىللىق مەنزىلدۇر دەرگاھىڭ شۇ تاپ،
سوزلىسەڭچۇ نەۋ جوۋانىم نەدىن بولۇرسەن؟

پەرىزات:

پەرىزاتمەن ئەسلىدە يوقتۇر نىشانىم،
گەر ئاشكارا ئەيلىسەم سەن-سەن نىشانىم.
بەش يۈز يىللىق مەنزىلدۇر مېنىڭ ماكانىم،
بىلسەڭ شەھرى شەبىستاندىن بولۇرمەن.

سەنوبەر:

شاھى خورشىد ئوغلىمەن ئېيتىم سەنوبەر،
ھەسرىتىڭدە خەستە كوڭلۇم بىلسەڭ گەر.
مالائىكە سۈرەتلىك ئاي يۈزلۈك دىلبەر،
راستىڭنى ئېيىت جانانىم نەدىن بولۇرسەن؟

پەرىزات:

پەررۇخ شاھنىڭ قىزىمەن بىر ئېيتىم گۈلدۇر،
ساڭا شەيدا بولغان ئاشىق بۇلبۇلدۇر.
تا ئۇلگۈنچە ساڭا ئىقرارىم شۇدۇر،
پەمى قىلساڭ شۇ ماكاندىن بولۇرمەن.

ئەلقىسسە، پەرىزات بۇ سوزلەرنى دەپ، ئۇخلاپ ياتقان سەنوبەرنىڭ بۇرنىغا بىر تال گۈلنى پۇرۇتۇپتۇ. سەنوبەر چوچۇپ ئويغانسا، كورگەنلىرى چۈش ئىكەن. ئۇنىڭ كوڭلىگە غەم، ئىچىگە تۇگىمەس ئوت چۈشۈپتۇ. ئىشقىنىڭ قولى ئۇنى ئاسماندىن ئېلىپ يەرگە ئۇرۇپتۇ. 7 قېتىم ئولۇپ 7 قېتىم تىرىلىپتۇ. قارىسا يېنىدا ئادەمزات تۇگۇل ئىنسى-جىننىڭ ئەسرى يوق. ھەيران، سەرگەردان بولۇپ زار-زار يىغلاپ، پەرىزاتنى يات ئېتىپ: "سېنى چۈشۈمدە بىرلا قېتىم كوردۇم. ئۇگۇمدىمۇ بىر كې-

لىشكە ئاتىپات قىلساڭ نىمە بولىدۇ؟" دەپ بىيىت توقۇپ ئۇنى تارتىپ يىغلاپتۇ:

غەمزىسى جان ئېلىپ كەتكەن پەرىزات،
رەھمە قىلىپ يەنە - يەنە كەلسەڭچۇ.
شەمسى - قەمەر يۈزلۈك قامىتى شەمشات،
خەنجەر چېكىپ بۇ قۇربانە كەلسەڭچۇ!

بىلقىزنىڭ ھەجرىدە كويىدى سۇلايمان،
ياقۇپ ئوغلى ئۈچۈن ئۇ بولدى كوپ سەرسان.
بىر بىچارە ئاشىقمەن يولۇڭدا ۋەيران،
رەھمە قىلىپ يەنە - يەنە كەلسەڭچۇ!

شىرىن ئۈچۈن كوپ جاپا چەكتى شۇ پەرھات،
باياۋاننى تەر توكۇپ قىلدى ئۇ ئاۋات.
ئەي مەستانە كوزلۇگۇم قامىتى شەمشات،
قۇلاق سالساڭ ئەھۋالىمغا نە بولغاي!

كېلىپ مەندىن سوراپ دىگىن نە ھالىڭ،
غەمزىسى جان ئالار، كوزى مەستانىم.
سەنوبەرنىڭ ھەمدىمى ۋاپالىق يارىم،
رەھمە ئەيلەپ يەنە - يەنە كەلسەڭچۇ!

ئەلقىسسە: سەنوبەر يۇقۇرىدىكى بىيىتلارنى ئېيتىپ زار-زار يىغلاپ، پەرىزاتنىڭ ئىشقى - پىراقىدا سوزلىگۇدەك ھالى قالـ

ماي، يەر بېغىرلاپ ئومىلەپ ئۆز هوجرىسىغا بېرىپ بىتاپ بولۇپ يېتىپ قاپتۇ. دوست-يارەنلىرى سەنوبەرنىڭ راۋاقتا يوقلۇغىنى كورۇپ شۇ هامان خورشىد شاهقا مەلۇم قىلىشىپتۇ. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان خورشىد شاه بارلىق جەتتى-جەمەتى بىلەن چارباققا كېلىپ ئۇنى ئىزلەپتۇ. يەر بېغىرلاپ ماڭغان ئىزنى كورۇپ، شۇ ئىز بويىچە سەنوبەرنىڭ هوجرىسىغا كىرىشىپتۇ. قاراشقۇدەك بولسا، سەنوبەر يا ئولۇك ئەمەس، يا تىرىك ئەمەس بىر هالەتتە ياتقۇدەك. خورشىد شاهنىڭ يۇرەك-باغرى ئېزىلىپ: "ئەي ئوغلۇم، هالىڭ نىچۇك؟ نىمە بولدۇڭ؟ مەندىن كوڭلۇڭ قالدىمۇ؟ ياكى ئىنسى-جىن، دو-پەرىلەردىن زىيان يەتتىمۇ؟ ئېيتقىن ماڭا ئەرزى هالىڭنى" دەپ يىلىنىسىمۇ، سەنوبەرنىڭ سوز قىلارغا هالى يوق بىهۇش ياتقۇدەك. خورشىد شاه سەنوبەردىن سىر ئەسرا ئالالماي 500 زىبا يىگىتنى چاقىرىپ: "قايسى بىرىڭلار سەنوبەرنىڭ سىر ئەسرارىنى ئالالىساڭلار پۇل، مالى-جاهان ئىنئام قىلىمەن!" دەپتۇ.

سەنوبەرنىڭ ئەڭ يېقىن دوستى زىيور دىگەن يىگىت: "مەن سەنوبەر بىلەن سوزلىشىپ باقسام!" دەپتۇ. خورشىد شاه ماقۇل كورۇپتۇ. زىيور كىرىپ سەنوبەردىن هال-ئەهۋال سوراپ مۇڭداق بېيت ئوقۇپتۇ:

سۇلايماندەك دولەتلىك ئىززەتلىك شاهىم،
سوزلىگىن هال-پەرىشانىڭ نە بولدى؟
ئەي كوزۇمنىڭ روشنى ئىززەتلىك شاهىم
روشەن قىلغىن بۇ ئەپغانىڭ نە بولدى؟

نەركەس كەبى كوزۇڭدىن يىشلىڭ توكۇلمىش،
ھەم ئىلىپتەك قامىتىڭ يادەك پۇكۇلمىش.
قىزىل يۈزۈڭ سارغىيىپ زەپىرەڭ بولمىش،
راستىڭنى ئېيت بۇ ئەپ-ئالىڭ نە بولدى؟

شۇ يۇسۇپنىڭ ئاتىسى ھەزرىتى ياقۇپ،
يىغلىمىدى سېنىڭچە گۈلنازى مەھبۇپ.
پىراقىڭدا يىغلايمەن، ئايلىناي مەن خوپ،
كوزلىرىڭدىن ئاققان قېنىڭ نە بولدى؟

قويىنۇڭنى سەن قانلىق ياشقا تولدۇرما،
گۈل يۈزۈڭنى زەپىرەڭدەك سولدۇرما.
دۈشمەنلىرىڭنى كۈلمىسۇن، يىغلىمىسۇن دوستلىرىڭ،
بۇ ھەسرەتلىك ھال-ئەھۋالىڭ نە بولدى؟

تۇر ئورنىڭدىن بار ئاتاڭنىڭ ئالدىغا،
كوپ قىينىما، يەت بىچارە ھالىغا.
قۇلاق سالغىن زىبىور قۇلنىڭ دادىغا،
سوزلىسەڭچۇ بۇ ئەھۋالىڭ نە بولدى؟

سەنوبەر زىبىورنىڭ ئېيتقان بېيىتلىرىغا جاۋابەن چۈشىدە كورگەنلىرىنى بايان قىلىپ، يۈرەك باغرىنى پارە-پارە قىلىپ مۇنداق بېيىت ئوقۇپتۇ:

بىر سوزۇم بار ئاغالىرىم، بەگلىرىم،
چۈشۈمدە كورۇندى بىر سەمەندەرلىك.

قامىتى ئېلىپتەك، گۈل يۈزلۈك دىلبەر،
ئىشقىدا مەن بولدۇم بىناۋا غەملىك.

بۇزۇلغان كوڭلۈمنى قىلدى ئىمارەت،
مېنى جەننەت ئىچىگە قىلدى ئىشارەت.
جانىنى ئالار كوزلىرى، غەمزىسى ئاپەت،
زۇلپى زەرەپشانلىق موشكى ئەمبەرلىك.

بىر قاراپ، بىر كۈلۈپ قىلدى مەستانە،
ئۇ شېرىن سوھبەتتە يالغۇز يېگانە.
بەش يۈز يىللىق يىراقتىن بەردى نىشانە،
بىر غۇنچە موسەللەك لېۋى شېكەرلىك.

ئالدىمدا ئولتۇرۇپ نىقابىنى ئاچتى،
"سەنوبەرىم" دەپ كەلدى سىنەسىن ئاچتى.
لەۋلىرىدىن بىر يولى بال-ھەسەل چاچتى،
گۈل ھوسنىگە تويدۇردى مېنى دىيەرلىك.

سەنوبەر ئىنتايىن بىچارە ھالدا ئاتىسىغا قاراپ: "ئەي ئاتا! ئۆزۈمدە ئىختىيارىم يوقتۇر، ھەرنە بولسا ھەققى ئاللانىڭ ئىرادىسىچە بولىدۇ" دەپ يىغلاپ ھۇشىدىن كېتىپتۇ. ئاتىسى: — ئەي ئوغلۇم، سەۋرى قىلغىن. ئۆز جېنىڭغا ئۆزەڭ قەست قىلما. مېنىڭ جېنىمنى ئوتتا داغلىما. سەندىن ئايرىلىپ كورگەن كۈنۈم نىمە بولىدۇ؟ سەن دىگەن يەر پەرىلەرنىڭ جايىدۇر. بۇ يەردىن 500 يىللىق يولدۇر. سېنىڭ ئومرۈڭ ئۇنىڭغا يەتمىسە، يول

ئۈستىدە ناھەق ئۆلۈپ كەتسەڭ، سەندىن ماڭا خەۋەر يەتمىسە شەرمەندە، رەسۋا بولمامدىمەن؟" دەپ ئىختىيارسىز يىغلاپ كېتىپتۇ. ئەمما سەنوبەر ئاتىسىنىڭ نەسىھەتلىرىگە قۇلاق سالماي ئۆزىنىڭ ھال-زارىنى ئېيتىپ يىغلاپ مۇنداق دەپتۇ:

بىر ئىجازەت بەرسىڭىز ئادالەت شاھىم،
خوشال بولسۇن، يايرىسۇن مىڭ پارە كۆڭلۈم.
تەشنا دىلىم باغدۇرۇڭ ساخاۋەت شاھىم،
غېرىپ مىسكىن بولمىسۇن سەكپارە كۆڭلۈم.

كۆز ئالدىمدىن كەتمەيدۇ ئاشۇ بىر دىلبەر،
بۇ جانىمنىڭ ئاپتى غەمزىلىك گوھەر،
دىلىم بۇلبۇل، ئۇ بىر گۈل دائىم تەلپۈنەر،
تەلپۈندۇ جۇش ئۇرۇپ مىڭ پارە كۆڭلۈم.

سىز ئۇرۇنۇپ قايتۇرماڭ مېنى بۇ يولدىن،
مەنئى قىلماڭ جان ئاتا ئۇ قىبلەگاھتىن.
ۋىسالىنى تىلەيمەن قادىر خۇدادىن،
كېچە-كۈندۈز قان يۇتار ۋەيرانە كۆڭلۈم.

ئاشۇ يارسىز زىنداندۇر تەخت ھەم جاھانىم،
ھەسرىتىدە كۆيمەكتە بۇ خەستە جانىم
بىر تەرەننۇم ئەيلىسە گۈل يۈزلۈك يارىم،
بىر يولىلا بولغۇسى خەندانە كۆڭلۈم.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ خورشىد شاھ 500 يىللىق يولنى
كېزىپ شەھەرى شەبىستانغا بېرىش مۇمكىن ئەمەس، بىر ئادەمە-
نىڭ ئۆمرى يەتمەيدۇ دەپ تـوسـۋالسام يەنە كۇندىن - كۇنگە
زەئىپلىشىپ تۇگەپ كەتكۇدەك، ئۇنىڭدىن كورە بىر قەدەم بول-
سىمۇ كوڭۇل ئارامى شۇ يولدا جايىغا چۈشۈپ ئۆتسە ياخشىراق
بولار، دەپ ئويلاپ، زىيور باشلىق 500 زىبا يىگىتنى بىرگە
قوشۇپ، مىڭدىن يۈزنى، يۈزدىن ئوننى، ئوندىن بەشنى تاللاپ،
500 ئات ھازىرلاپ، ئىگەر - جابدۇقلىرىنى خىللاپ، يىگىتلەرنى
گۇلدەك ياساندۇرۇپ يولغا سېلىپ قويماقچى بولۇپتۇ. پۈتۈن يۇرت
ئەھلى يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە يىغلىشىپ سەنوبەرنى ئۇ-
زىتىپ قويۇشقا كېلىشىپتۇ. خورشىد شاھ ئوغلىنى ئۇزىتىش جۇ-
دالىغىدىن بىتاقەت، بىئارام بولۇپ پىراق ئوتىدا كويۇپ زار-
زار يىغلاپ مۇنداق دەپتۇ:

ھاياتىمنىڭ گۇل غۇنچىسى يىگانىم ئىدىڭ،
قولغا كەلگەن دولىتىم ھەم نىگارىم ئىدىڭ.
خەستە كوڭلۇم راھىتى تەندىكى جانىم ئىدىڭ،
بارغىن ئوغلۇم ئاللاغا تاپشۇردۇم سېنى.

مەن نىچۇك تاقەت قىلاي ھىجرىڭدە ئەي جانىم ئوغۇل،
يىغلىسام قىلسام مۇناجات ھەق ئوزى قىلغاي قوبۇل.
يول بويى بولسۇن مەدەتكارىڭ روسۇل،
بارغىن ئوغلۇم ئاللاغا تاپشۇردۇم سېنى.

سەن كېتەرسەن باش ئېلىپ ئەيلەپ مېنى خەستە خاراپ،
ھەسرىتىڭدە يۈرىگىم قان بولغۇسى، باغرىم كاۋاپ.

پىراقىڭدا مەن قالدىم زار-زار قان يىغلاپ،
بارغىن ئوغلۇم ئاللاغا تاپشۇردۇم سېنى.

مەن ئاتاڭ خورشىد ئەجەپ تەلىيى يوق ھەم بىناۋا،
ھەر قاچان يادىمدا سەن، تاغۇ-تاش بولغاي گۇۋا.
ئاھ بالام دەپ يىغلىسام بارمىدۇ دەرتكە داۋا،
بارغىن بالام ئاللاغا تاپشۇردۇم سېنى.

خورشىد شاھنىڭ نالىسىنى ئاڭلاپ پۈتۈن يۇرت نالە-زار قىلىشىپتۇ، سەنوبەر بەش يۈز يىگىت ئاغىنىلىرى بىلەن ئات ئۈستىدە تۇرۇپ، ئاتا-ئانا، قوۋم-قېرىنداش، يۇرت-مەھەللە، ئۆي-ماكانى بىلەن خوشلىشىپ، ئەلۋىدا قىلىشىپ، تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتىدىن ۋاقتىنچە ئايرىلىدىغانلىغىنى ئويلاپ كۆڭلى يېرىم بولۇپ كوز يېشى قىلىپ، يۇرتتىن دۇئا ئېلىپ مېڭىش ئۈچۈن مۇنداق دەپتۇ:

مەن كېتەرمەن يارىمنى ئىزلەپ،
جان دوستلىرىم خوش قال ئەمدى.
ماڭا ھەمدەم جان دوست بولغان،
ئەل-ئاغىنە خوش قال ئەمدى.

يىغلىشتا قولىدا سازى،
نالىسى بۇلبۇل ئاۋازى.
مەيداندا ئاتلىق پەرۋازى،
نەۋ جۇۋانلار خوش قال ئەمدى.

مېنىڭ بىلەن ھەمدەم بولغان،
كېچە - كۈندۈز بىر غەم بولغان،
خۇددى بىر جان - بىر تەن بولغان،
قەدىردانلار خوش قال ئەمدى.

ئاتا بىلەن ئانام قالدى،
رەڭگى - روھى سامان قالدى.
تۇتقان دۇنيا جاھان قالدى،
ئەي يارانلار خوش قال ئەمدى.

كىندىك قېنىم توكۈلگەن يەر،
چىمدىم تۇپاڭ مەن ئۈچۈن زەر.
مۇناپىقمەن ئۇنۇتسام گەر،
ياخشى دوستلار خوش قال ئەمدى.

خوش قال ئەمدى يېشىل تاغلار،
گۈلگە تولغان چىمەن باغلار.
كېلەر بىر كۈن خوشال چاغلار،
جان جىگەرلەر خوش قال ئەمدى.

سەنوبەردۇر مېنىڭ نامىم،
ئاشتى كوكتىن ئاھو - زارىم.
يار يولىغا پىدا جانىم،
مېھرىبانلار خوش قال ئەمدى.

سەنوبەر ئەل - جامائەت بىلەن خوشلىشىپ ئاتلىرىنى بولۇشـچە چاپتۇرۇپ، توپنى ئاسمانغا توزۇتىپ يولغا راۋان بولۇپتۇ. شۇ مېڭىشتا توختىماي سوك ئامان دەرياسىنىڭ (قىزىل دېڭىز) بويىغا كېلىشىپتۇ. قارىسىغۇدەك بولسا بۇ دەريانىڭ سۈيى ئۇلۇق، نېرىقى چېتى كورۇنمەيدىكەن. سەنوبەر سۇنىڭ پىرى ئىلياس پەيغەمبەرگە شۇكرى سانا كەلتۈرگەندىن كېيىن ئىلياس پەيغەمـبەر ئۇلارغا كېمە ئەۋەتىپتۇ. سەنوبەرلەر ئاتلىرىنى دەريا بويىـدىكى ئوتلاقتا قويۇۋېتىپ، ئۆزلىرى كېمىگە ئولتۇرۇشۇپ مېڭىپ، ئۈچ كېچە - كۈندۈزدە دەريانىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا بېرىشىپتۇ. بىردىن قاتتىق بوران چىقىپ كېمىنى دولقۇن تاشقا ئۇرۇپ پاچاق - پاچاق قىلىۋېتىپتۇ. يىگىتلەر دەرياغا غەرق بولۇشۇپتۇ. سەنوبەر بىلەن زىبور ئىككىسى پاچاقلانغان كېمىنىڭ بىر پارچە شىلىغا ئېسىلىپ لەيلەپ ئۈزۈپ دەريانىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر ئارالغا چىقىپ قېلىپ ئالتە ئاي تۇرۇپ قېلىشقا مەجبۇر بولۇپتۇ. ئۇلار چارىسىز بىر ئاسمانغا، بىر يەرگە قاراپ ئولتۇرۇپ زار-زار يىغلىشىپتۇ. سەنوبەر پەلەكنىڭ بىۋاپالىغىدىن رەنجىپ خۇداغا نالە قىلىپ مۇنداق دەپتۇ:

مەن كىمگە ئېيتاي ئەرزى ھالىمنى،
بۈگۈن ماڭا ئاخىر زامان بولۇپتۇ.
ھەقتى ئاللا كورگەيسەن دەردۇ ھالىمنى،
بۈگۈن ماڭا ئاخىر زامان بولۇپتۇ.

بۇ جانىمغا قەست قىلمىش دەريايى ئاپەت،
مۇندىن قۇتۇلمىغىم يوقتۇر سالامەت.

بۈگۈن ماڭا كەلدى مانا ۋەھمى قىيامەت،
بۈگۈن ماڭا ئاخىر زامان بولۇپتۇ.

ياقام يىرتىپ يىغلايمەن، چېكسەن پەريات،
تەگ ـ تېگىدىن گۇم بولسۇن چىرىگەن نام ـ ئات.
نەۋ جۇۋانلار قامىتى بولسۇن ئەي شەمشات،
بۈگۈن ماڭا ئاخىر زامان بولۇپتۇ.

سەنوبەرنىڭ ھەمدىمى قۇدرەتلىك راھمان،
مېنى غەمدە قويۇۋەي قىلما سەرگەردان.
ئەۋۋەلدا ئامانەي ئاخىردا ئىمان،
بۈگۈن ماڭا ئاخىر زامان بولۇپتۇ.

سەنوبەر يىغلاپ خۇداغا نالە ـ زار قىلىپ قارايدىغان بولسا دەريانىڭ سۈيى قۇرۇپ ئاسان يول ھازىرلىنىپتۇ. ئىككىسى دەريانىڭ نېرىقى چېتىگە ئۆتۈپتۇ. بىر كېچە قونۇپتۇ. ئەتىسى زىيور ئېغىر كېسەل بولۇپ يېتىپ قاپتۇ. سەنوبەر:

— ئەي دوستۇم، نىمە بولدۇڭ؟ سەن بىلەن ئىككىمىز دەريانىڭ ئوتتۇرىسىدا ئالتە ئاي تۇرۇپ قىينالدۇق. ئەمدىلا بۇ قىرغاقىقا چىققاندا يېتىپ بولۇپ قالدىڭغۇ؟ — دەپتۇ. زىيور:

— ھەي جان دوستۇم، بىز بىلەن بىللە كەلگەن ئاغىنىلەرنىڭ دەرياغا غەرق بولغىنىنى كۆرۈپ تىرىك ئۆلگەن ئىدىم. لېكىن غەيرىتىگە ئېلىپ يۈرۈۋەرگەن ئىدىم. مانا ئەمدى بولالمىدىم، — دەپتۇ. پەرىشان بولغان سەنوبەر، زىيورغا قاراپ دەپتۇ:

قەدىردانىم، ھەمدىمىم ئەي ۋاپادارىم،
يۈرىكىمنى ئەزمىگىن ھالىڭ نىچۇكتۇر؟
جان كويەرىم، سىردىشىم كوڭلۈمدە بارىم،
تۇرالمايسەن ئورنۇڭدىن ھالىڭ نىچۇكتۇر؟

زىيور:

ئاڭلا مىنىڭ ئەرزىمنى قەدىرلىك شاھىم،
ماڭا يىقىن كېلىپسەن قۇلاق سال ئەمدى.
ئىغىر دەرتكە يولۇقتۇم، يوقتۇر داۋاسى،
مەن ئولەرمەن، سەن بۇ يولدا قال ئەمدى.

سەنوبەر:

ساڭا پىدا بولسۇن بۇ شىرىن جانىم،
مىڭ تەسەددۇق بولسۇن ھەم دولىتىم ـ شانىم.
سەن ـ سەن مىنىڭ دۇنيالىق ئارزۇ ـ ئارمانىم،
يا، مىھرىۋان جان دوستۇم ھالىڭ نىچۇكتۇر؟

زىيور:

مىنىڭ ھالىم بولماقتا كۈنسىرى بەتتەر،
شۇم ئەجەلنىڭ نەشتىرى جانىمدىن ئوتەر.
ئەجەل بىر ئەجدىھادۇر ئاخىر يۇتەر،
غەنىمەتتۇر بۇ دەۋران ئەسكە ئال ئەمدى.

سەنوبەر:

دەرت ـ ئەلەمدىن بىر يولى باغرىم ئىزىلدى،
پىشانىگە جان دوستۇم قىسمەت يىزىلدى.
ساڭا قاراپ شۇ تاپتا ئۈمىت ئۈزۈلدى،
يۈسۈپ كەبى غەمغانىم ھالىڭ نىچۇكتۇر؟

زىۋور:

سەنوبەر جان - جانىمگە بىر ئوت تۇتاشتى،
كىممۇ كورسۇن بىز يىغلاپ توككەن قان ياشنى.
ئولەر ۋاقتىم يېقىنلاپ ئەقلىممۇ شاشتى،
يىغلاپ كېتەي، سەنمۇ ھەم يىغلاپ قال ئەمدى.

دەپ زىۋور يىغلاپ دەريا - دەريا ياش توكۇپ، قاش - كوزىنى بىر سۈزۈپ "ئاھ!" دەپ جان ئۈزۈپتۇ. پەرىشان بولغان سەنوبەر، زىۋورنى ئۇخلاپ قالدى دەپ ھىس قىلىپ:

— ئەي جان - جىگەر، مۇبارەك يۈز دوستۇم ھازىر ئۇخلاش ۋاقتى ئەمەس. ساڭا ئۇيقۇ مۇناسىپمۇ ئەمەس. قوپ ئورنىڭدىن. دەرياغا غەرق بولۇپ كەتكەن دوستلىرىمىز گۈلشەندە سەيلە قىلىپ ئويناۋاتىدۇ. سېنى كېلەرمىكىن دەپ كۈتۈپ تۇرىدۇ،— دەپتۇ ۋە ئۇنى ئويغىنارمىكىن دەپ يۈزىگە سۇ چېچىپتۇ. تاپىنىنى قىچىغلاپتۇ. ئويغانماپتۇ...... ئۇ زىۋورنىڭ بېشىنى تىزىغا ئېلىپ مەڭزىنى مەڭزىگە يېقىپ مۇنداق دەپتۇ:

غېرىپلارنىڭ يولدا غېرىپلار كەبى،
مېنىڭ ئۈچۈن غېرىپ ئولگەن زىۋورۇم.
گۈلدەك يۈزى زەپىرەڭدەك سارغىيىپ،
مېنىڭ ئۈچۈن جېنىنى بەرگەن زىۋورۇم.

شىرىن شېكەر سوزلىرى كوڭلۈمگە ياققان،
سوز ئاغزىمدىن چىققىچە ئىشىمغا چاققان.

پەرۋانىدەك بېشىمدا چىنىنى قاققان،
مېنىڭ ئۈچۈن غېرىپ ئۆلگەن زىيورۇم.

سەنوبەر يىغلا - يىغلا، زىيورنىڭ ئىڭىگىنى تىكىپ، نامىزىنى ئوقۇپ، دەپنە قىلىپ قەۋرىسىنى قاتۇرۇپتۇ. بېلىگە غەيرەت كەمىرىنى چىڭ باغلاپ ئۆزى يالغۇز يولغا چىقىپتۇ. قانچە - قانچە تاغلاردىن ئېشىپ، قانچە - قانچە دەريالارنى كېچىپ بىر مەنزىلگە يەتكەندە، بىر باغۇ - بوستاننى كورۇپتۇ. بۇ باغ شۇنداق گۈزەل ئىكەنكى، بېھىشنىڭ ئۆزىكەن. تۇرلۇك - تۈمەن مېۋىلەر پىشقان، بۇلبۇل، توتى قۇشلار سايراشقان، خىلمۇ - خىل گۈللەر ئېچىلغان، گۈللەردىن كىشىلەر مەس بولغۇدەك پۇراق چېچىلغان ئىكەن. ئەمما سەنوبەر پەرىزاتنىڭ ئىشقى پىراقىدا كويۈپ - پىشىپ بۇلبۇل - قۇشلارغا قاراپ مۇنداق بېيىت ئوقۇپتۇ:

گۈلىستاندا يۈرگەن قۇشلار،
خەۋەر بېرىڭ يارىم بارمۇ؟
گۈل چىچەكلەر ئەي سۇمبۇللار،
خەۋەر بېرىڭ يارىم بارمۇ؟

ئەسلى ئۇنىڭ پەرىزاتى،
گۈلى رەنا ئۇنىڭ ئاتى.
ماڭا بەك چىڭ ئېتىقاتى،
خەۋەر بېرىڭ يارىم بارمۇ؟

يارىم بارمۇ بۇ بوستاندا،
چىمەنلىك بۇ گۈل - گۈلىستاندا.

مەن سەنوبەر پەرىشانغا،
خەۋەر بېرىڭ يارىم بارمۇ؟

گۈل - گىيا، ئۈچار - قاناتلارنىڭ زوۋانى بولمىغاچقا جاۋاپ بېرەلمەيتتۇ. ھېرىپ - چارچىغان سەنوبەر باغدا قونۇپ قاپتۇ. كوزى ئۇيقۇغا باراي دەپ قارىسا، باغنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر تۇپ چىنار تۇرغۇدەك. چىنار تۇۋىدە بىر دەريا ئاقىۋدەك. باغنىڭ ئىچى قاپ - قاراڭغۇ. شۇ ئەسنادا دەريادىن بىر سۇ كالىسى بىر گوھەرنى چىشلەپ چىقىۋاتقۇدەك. سەنوبەر قورقۇپ چىنارنىڭ ئۇستىگە چىقىۋېلىپ قاراپ تۇرۇپتۇ. سۇ كالىسىنىڭ ئاغزىدىكى گوھەر ئون توت كۇنلۇك تولۇنئايدەك نۇر چېچىپ باغنىڭ ئىچىنى يوپ - يورۇق قىلىۋېتىپتۇ.

سەنوبەر:

غەۋۋاسلاردەك جاندىن كېچىپ دوستلىرىم،
يۇزىمىڭ شۇكرى بۇ ماكانغا ئېرىشتىم.
ئىچىپ ساقى تۇتقان تاتلىق شارابتىن،
يېڭىشىۋاشتىن چىققان جانغا ئېرىشتىم.

بىر يار ئۇچۇن باياۋاندا يول كېزىپ،
جاپا چېكىپ زەپىرەڭدەك سارغىيىپ.
جاندىن ئەزىز دوستلىرىمدىن ئايرىلىپ،
شۇكرى بۇگۇن گۇلستانغا ئېرىشتىم.

ھاياتىمنىڭ گۇل - غۇنچىسى ئېچىلدى،
ئىشەنچىگە يەنە ئىشەنچ قېتىلدى،

كوز ئالدىمدا نۇر دەرياسى توكۇلدى،
شۇكرى بۇگۇن نۇرىستانغا ئېرىشتىم.

ئەي سەنوبەر بۇ يەردە سۇرگۇنسەن دەۋران،
بۇ گۇلستان سەن ئۇچۇن بولغۇسى پىنھان.
سەن ئەزەلدىن سەنوبەر تەلەيلىك ئوغلان،
شۇكرى ياقۇت، گوھەر كانىغا ئېرىشتىم.

دەپ، چىنارنىڭ بىر تال يوپۇرمىغىنى ئۈزۈپ گوھەرنىڭ ئۈستىگە تاشلاپتۇ. شۇ ھامان باغنىڭ ئىچى يەنە قاپ ـ قاراڭغۇ بولۇپتۇ. باغدا ئوتلاۋاتقان سۇ كالىسى بىر ھوكىرەپ دەرياغا كىرىپ كېتىپتۇ. سەنوبەر خۇداغا شۇكرى سانا كەلتۈرۈپ چىناردىن چۈشۈپ سۇ كالىسىغا قارىتىپ مۇنداق بېيىت ئوقۇپتۇ:

كوردۇم سۇ كالىسىنى ئۇنىڭ ئاغزىدا بىر گوھەر،
ھەيۋىتى ئەجەپ سۇرلۇك كورۇپلا قالسا جان تىترەر.
تىلىنى بىر سوزۇپ ئوتنى سىلىپ ئاغزىغا يالمايدۇ،
ئاياغى ئاستىدا ۋەيران بولۇر نازۇك بەدەن گۇللەر.

ئېلىپ چىقتى چىشلەپ گوھەر، كېچە بولدى كۇندۇزدەك،
كوزى ئوتكۇر، ئوزى بەك چوڭ، تۇكى بەئەينى قۇندۇزدەك.
ئىنگىز ـ پەسنى پەرق ئەتمەي لاپىلداپ ھوكىرەپ كەلسە،
بېلى تاختا سېمىزلىكتىن لىغىلدايدۇ توپ ـ تۇزدەك.

گوھەرگە بىر غازاڭ تاشلاپ ئۇنى بىر ئېمتىھان قىلسام،
سىرىن بىر بىلىپ باقماق ئۇچۇن يەنە نىيەت قىلسام.

ئاشۇ پىنھانە دەرياغا ئۇزنى ھوكىرەپ ئاتتى،
گېلىمغا جان كېلىپ قورقۇپ، ئارانلا مەن ئورە تۇرسام.

سەنوبەر ئوز ـ ئوزىگە: "بۇ يەر ھەم خەتەرلىك ئىكەن.
بۇ يەردە تۇرسام بولماس"، دەپ يەنە پەرىزاتنى يات ئېتىپ
يولغا راۋان بولۇپتۇ. قانچە تاغ، قانچە داۋاندىن ئېشىپ بىر
چول ـ باياۋاندا كېتىپ بارسا باش ئۇستىدىن تۇرنىلار قاتارلى-
شىپ ئۇچۇپتۇ، سەنوبەر: "ھەي، قانىتىم بولسا ئاشۇ تۇرنىلاردەك
ئۇچۇپ يارىمنىڭ قېشىغا — شەھرى شەبىستانغا بارسام" دەپ ئار-
مان قىلىپ زار ـ زار يىغلاپ مۇنداق بېيىت ئوقۇپتۇ:

باش ئۇستۇمدىن ئۇچۇپ ئوتكەن تۇرنىلار،
بۇ ھالىمنى شۇ يارىمغا دىگەيسەن.
شەبىستانغا ئۇچۇپ بارساڭ تۇرنىلار،
سالامىمنى نىگارىمغا دىگەيسەن.

مىڭ ئورگىلەي شۇ يارىمنىڭ كوزىدىن،
پىستە بادام شىرىن شېكەر سوزىدىن.
ئۇن تۇت كۇنلۇك تولۇنئايدەك يۇزىدىن،
سالامىمنى قەدىردانغا دىگەيسەن.

مەن سەنوبەر ياردىن قالدىم ئايرىلىپ،
قاناتلىرىم سۇندى مېنىڭ قايرىلىپ.
مەن يۇرەرمەن شۇ يار ئۇچۇن زارلىنىپ،
ئەھۋالىمنى دىلدارىمغا دىگەيسەن.

لېكىن تۇرنىلارنىڭ زۇۋانى بولمىغاچقا، غاقىلدىشىپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ. سەنۇبەر يەنە يولغا راۋان بولۇپ بىرقانچە مەنزىل ماڭغاندىن كېيىن بىر تاغنىڭ تۇۋىگە يېتىپ بېرىپتۇ. غاقىراپ ئۇچقان ساباغا قارىتىپ مۇنداق بېيىت ئوقۇپتۇ:

سابا يەتكۈز سالامىمنى نىگارىمغا،
تولۇن يۈزلۈك، شىرىن سۆزلۈك دىل ئارامىمغا.
سالام دە قەددى ـ قامىتى خۇددى شەمشاتگە،
سالام دە! چېھرىسى ئىسسىق گويا ئاپتاپگە.

مېنىڭ كۆڭلۈم بولۇپ يۇلتۇز يار تامانغا كۆچكەندۇر،
كۆزۈمنىڭ گۆھىرى شامدەك يېنىپلا ئۆچكەندۇر،
تىلىپ باغرىمنى ھىجراننىڭ قىلىچى بىسى ئۆتكۈر،
پىراقتىن بۇ ئىچىمگە ئوت كەتكەندۇر.

بېشىمغا مىڭ بالا كەلدى، تاغ ـ داۋان ئاشتىم،
نىگارنىڭ ئىشقىدا تەنھا قەدەم باستىم.
شەيدايى، گىرىپتارى، بۇ ئوتنىڭ مەن خېرىدارى،
چىدالماي قارا يەرگە ئېچىپ كۆكسۈمنى مەن ياقتىم.

غەم دەشتىدە مەجنۇندەك مەن كۆيدۈم ئادا بولدۇم،
كۆيۈپ ئىشقى پىراقىدا ھەم جاندىن جۇدا بولدۇم.
ئەلۋەتتە سابا يەتكۈز شۇ يارغا سالامىمنى،
يېنەلمەي يار ۋىسالىغا لەھەتكە ئۇزار بولدۇم.

بىر قەترە ۋاپا كورمەي غەم بىلەن يۇۋاشىپمەن،
مەجنۇندەك جاپا تارتىپ باياۋاندا ئاداشىپمەن.
بۇ يولدا تولا يۈردۈم يارنىڭ دەپ ۋىسالىنى،
ۋاقتىنى چىلڭ كۈندىن، كېچە - كۈندۈز تالاشىپمەن.

جانىمغا جاپا قىلغان ئۇل پەرى ئامان بارمۇ؟
يېتەر ئاشىق مۇرادىغا غەمخانە زامان بارمۇ؟
سابا ھالىنى يارىمنىڭ يېتىپ كەلگەندە تېز يەتكۈز،
ئىشىق ئوتىدا كوپ كويگەن شۇ رەڭگى سامان بارمۇ؟

سەنوبەر يەنە بىرقانچە كۈن يول يۈرۈپ بىر چارباققا يېتىپ كەپتۇ. ئۇ مەشۇغۇمنىڭ جايى مۇشۇمىكىن، دەپ خىيال قىلىپتۇ. ئەمما ئۇ جادىگەرلەرنىڭ باغچىسى ئىكەن. سەنوبەر بۇنى بىلمەي خۇداغا مىڭ شۇكرى قىلىپ باغنىڭ ئىچىگە كىرىپتۇ. قارىغۇدەك بولسا باغنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر ئالتۇن تەخت تۇرغۇدەك. بۇ يەرگە ھېچقانداق ئادەم بالىسى ئاياق باسقاندەك ئەمەس. سەنوبەر شۇنداق سەيلە تاماشا قىلىپ يۈرسە ھاۋادىن: "ھەي ئادەم، ئوزەڭگە ئاگاھ بول!" دىگەن سادا كەپتۇ. سەنوبەر شۇنداق ئاسمانغا قارىغان ئىكەن، جادىگەر بىر سىقىم توپىنى ئۇنىڭ ئۇستىگە چېچىپتۇ. سەنوبەر شۇ ھامان بىر كىيىك تۇسىگە كىرىپ قاپتۇ. سەنوبەر بۇ بىر سىر ھېكمەتكە قارىتىپ مۇنداق بېيىت ئوقۇپتۇ:

قادىر ئاللا سەن - سەن مېنىڭ پاناھىم،
ھېچكىمنى مەندەك سەرسان ئەيلىمە،

بىر قۇلۇقمەن ئاسى، كوپتۇر گۇناھىم،
رەھمە ئەيلە مېنى ھەيران ئەيلىمە.

كۇندىن - كۇنگە بولدى ئەلەم زىيادە،
يار ئىشقىدا كوپ يول يۇردۇم پىيادە.
مەندەك سەرسان بارمىكىننىڭ دۇنيادا،
ئاشىقلىقتا مېنى چەندان ئەيلىمە.

مەن كېلۇرمەن تاغ ئېشىپ، دەريا كېچىپ،
نالە - زار ئەيلەپ تولا ياقام يىرتىپ.
كېچە - كۇندۇز رەھىمانى يات ئېتىپ،
غۇنچىدەك رەڭگىنى غازاڭ ئەيلىمە.

مەن قايان باراي ئەمدى باش ئېلىپ،
كىمگە دات ئەيلەي كى كوكسۇمنى يىرىپ.
مۇشكۇلۇم ئاسان قىلىپ بىر كوز سېلىپ،
يا رەسۇل ھالىمنى يامان ئەيلىمە.

سەنوبەر كىيىك سۇرىتىدە زار - زار يىغلاپ تاغمۇ - تاغ ئېشىپ، چول - باياۋان كېزىپ بىر باغى ئىمارەتكە بېرىپتۇ. بۇ ئىمارەت جادىگەرنىڭ مەركىزىي ماكانى، ئەسلى تۇرارگاھى ئىكەن. سەنوبەر ئىشىكنى ئېچىپ ئوي ئىچىگە كىرىپ تەخت ئۇستىدە بىر قىزنى كورۇپتۇ. قىزنىڭ ئالدىغا بېرىپ يەرگە باش ئۇرۇپ تۇرۇپ مۇنداق بېيت ئوقۇپتۇ:

قەمەر يۈزلۈك، شىرىن سوزلۈك پەرىزات،
بولدۇم سەرسانىمەن غېرىپ يەرلەردە.
نازۇك بەدەن جىلۋىگەر قامىتى شەمشات،
بولدۇم پەرىشانىمەن غېرىپ يەرلەردە.

ھىچكىم مەندەك ياردىن جۇدا بولمىسۇن،
يىغلاپ ـ قاخشاپ يار كويىدا بولمىسۇن.
چەت يەرلەردە يۈرۈپ گاداي بولمىسۇن،
بولدۇم سەرسان تولا، غېرىپ يەرلەردە.

ئۆتكەن كۈنۈم ئاققان سۇدەك ئېقىپتۇ،
مېنى كۈندە ئىلان ـ چايان چېقىپتۇ.
ئېزىپ ـ يانچىپ جۇدالىق جانغا خەنجەر تىقىپتۇ،
باغرى كاۋاپ بولغانىمەن غېرىپ يەرلەردە.

بۇ پەلەك سالدى ماڭا بىھساپ زۇلۇم،
ھېچقاياققا يەتمىدى سوزسام قولۇم.
كوزلىرىمدىن تەلمۈرۈپ كەتتى خۇنۇم،
خۇددى ئازغان كارۋانىمەن غېرىپ يەرلەردە.

خورشىد شاھنىڭ ئوغلىمەن ئېتىم سەنوبەر،
ئەلەم تارتىپ يار ئۈچۈن بولدۇم مەن بەتەر.
جادىگەرنىڭ قولىغا چۈشمىسۇن بەندىلەر،
چولدە ئېزىپ قالغانىمەن غېرىپ يەرلەردە.

بۇنى ئاڭلاپ تۇرغان قىز — جادىگەرنىڭ قىزى مەرەڭگۆز ئىكەن. كىيىك سۇرىتىدە تۇرغان سەنوبەرگە ئىچى كۆيۈپ، بىر سىقىم تۇپراققا ئىسمىيات قىلىپ كىيىكنىڭ ئۈستىگە چاچقان ئىكەن، كىيىك ئادەمگە — سەنوبەرگە ئايلىنىپتۇ. ئاندىن كېيىن قىز:

— سەن بۇ شەھەرگە قەيەردىن كەلدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ. سەنوبەر ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن ۋەقەلەرنى بىرمۇ-بىر بايان قىلىپ زار-زار يىغلاپتۇ. مەرەڭگۆزنىڭ سەنوبەرگە شۇنداق كۆڭلى چۈشۈپتىكى، ئاي-هاي، هېچبىر تاقىتى قالماپتۇ. مەرەڭگۆز سەنوبەرگە كاتتا مېهماندارچىلىق ئورۇن هازىرلاپ، كۆڭلىنى ئىزهار قىپتۇ. سەنوبەر ”ئەزەلدىن دۆلىتى ئىززەت هېچكىمگە ۋاپا قىلغان ئەمەس. بۇ قىزغا كۆڭۈل باغلىماي“ دەپ ئويلاپ ئۆزىگە تەسەللى بېرىپ مۇنداق دەپتۇ:

كۆڭۈل خوشال بولمىغىن،
دۇنيا ۋاپا ئەتمىدى.
بىرنى خۇسراۋ شاه قىلىپ،
بىرنى گاداي ئەيلىدى.

ئىشەنمىگىن هالىڭگە،
تاپقان-تۇتقان مالىڭگە.
بىرسى يەتسە ۋىسالغا،
بىرگە جاپا ئەيلىدى.

كىمدىن ئۆتتى مەنمەنلىك،
شۇنىڭ ئۆزى سەۋەنلىك.

بىرنى خوشتۇر بىر دەملىك،
بىرنى جۇدا ئەيلىدى.

ئۆتتى قانچە دەۋرانلار،
تۆگەپ كەتتى سۇلتانلار.
ۋەيران بولدى بوستانلار،
ئاخىر خاراپ ئەيلىدى.

ئاشىق بىلەر جانانىنى،
بىلەر قايغۇ، ھىجرانىنى،
كۆرۈپ قانچە زىندانىنى،
بىلىنى يا ئەيلىدى.

سەنوبەر مەرەڭگۈزگە ئىچ سىرىنى ئېيتىپ زار-زار يىغلاپ، مەن بۇ يەردىن كەتسەم دەپ رۇخسەت سوراپتۇ. ئەمما مەرەڭگۈز: ”مېنى تاشلاپ كېتىپ ھەيران — سەرگەردان قىلامسەن؟ ئاھ! مېنى ئۇنتۇپ قالما!“ دەپ يىغلاپ كېتىپتۇ. سەنوبەر مەرەڭگۈز بىلەن خوشلىشىپ مۇنداق بېيت ئوقۇپتۇ:

سۇمبۇل كەبى تازا چاچىڭ، قەلەم قاش،
ئاھۇ كوزلۇك مېھرىۋانىم خوش ئەمدى.
مېھرىڭ مېنىڭ يۈرىگىمنى داغلىدى،
شىرىن سوزلۇك غەمگۈزارىم خوش ئەمدى.

مەن كېتەرمەن، بولمىغىن سەن پەرىشان،
كوزۈڭدىن ياش توكۇلمىسۇن ھېچقاچان.

خەستە جانىم شەپقىتىڭدىن خوش بولغان،
قەمەر يۈزلۈك قەدىردانىم خوش ئەمدى.

نە سەۋەپتىن قارا كوزۈك يۇمۇلدى،
بۇلۇت بولۇپ گۈل چىرايىڭ تۇتۇلدى؟
يىغلىمىغىن مىنىڭ باغرىم ئېزىلدى،
ئەي يېقىملىق ۋاپادارىم خوش ئەمدى.

مەن تىلەيمەن ساڭا مەڭگۈ ئامانلىق،
ھىچكىشىدىن كەلمىسۇن ھەم يامانلىق.
سەن مىنى دەپ قىلمىغايسەن قارامىلىق،
غۇنچە بويلۇق مەدەتكارىم خوش ئەمدى.

سەنوبەر يەنە يولغا راۋان بولۇپتۇ. ئۇتىتۇز سەككىز كۈن يول ماڭغاندىن كېيىن بىر تاغنى كورۇپتۇ. تاغنىڭ ئۈستىگە چىقىپ سەيلە - تاماشا قىلىپ قارىسا بىر گۈمبەز تۇرغۇدەك. ئۇ گۈمبەزگە كىرىپ ئارام ئالماقچى بولۇپتۇ. ئۇ گۈمبەز چىلتەنلەر-نىڭ ماكانى ئىكەن. سەنوبەر گۈمبەزگە كىرىپ ئۇخلاپ قاپتۇ. ئۇ چۈش كورۇپتۇ. چۈشىدە چىلتەنلەر ئۇنىڭغا خەيرى ئىھسان قىلىپ مەي - شاراپ ئىچۈرۈپ مەس قىلىپ قويۇپتۇ. مەسلىكتە بىر ساھىپجامالنى كورۇپ مۇنداق بىيت ئوقۇپتۇ:

ئەزىمنى ئاڭلا ئەزىز ئىشانلار،
بۇ يەردە بىر تالاي چىلتەننى كوردۇم.

قولىدا پىيالە لىپمۇ - لىق شاراپ،
جانىمنىڭ ئارامى زەمزەمنى كوردۇم.

مەي ئىچىپ مەن تولا بولدۇم مەستانە.
ئەرشكە چىقتىم مەن قىلدىم سەيلانە.
تەسەننا ئەيلىدىم بىقىسپ ئاسمانە،
يەتتە قات ئاسماننىڭ بەرىنى كوردۇم.

قارىسام چىچىمدىن تولا پەرىشتە،
زوقلىنىپ مەن قاراپ تۇردۇم ھەۋەستە.
مەن كىرىپ قالدىمۇ دىدىم بەھىشكە،
غەزەلخان بۇلبۇلنىڭ سازىنى كوردۇم.

مەن كوردۇم ھەم يەنە رەسۇلۇللانى،
ئەغيارى ساھابە چارىيالارنى،
قولىدا كەۋسەرگە لىق پىيالەنى،
مەن رەسۇلۇللانىڭ ئەمرىنى كوردۇم.

توتىنچى ئاسماندا ھەزرىتى ئەيسا،
پەلەكنىڭ مەچىتى نەگىلا بارسا.
يىغىلغان بۇ يەرگە جۇملە ئەنبىيا،
جەۋرائىل، ئەزرائىل قەھرىنى كوردۇم.

دۇنيانىڭ ئەسلىدە يوقتۇر ۋاپاسى،
ئىخ! مىنىڭ دەردىمنىڭ يوقتۇر داۋاسى.

ھەزرىتى مۇسانىڭ قولىدا ھاسىسى،
مۇناجات ئەيلىگەن جايىنى كوردۇم.

مەي ئىچىپ جېنىمدىن كەچتىمەن بۈگۈن
چىقتۇ ئاغزىمدىن "ھو" دېسەم تۈتۈن.
ئىبراھىم خېلىلىللانى كويدۇرمەك ئۈچۈن،
نەمرۇتنىڭ ياندۇرغان غارىنى كوردۇم.

نەسىمىنىڭ تېرىسىنى ئۇلار سويۇشتى،
ئىچىگە لىق سامان تىقىپ قويۇشتى.
توھمەتنى بويىنىغا ئېسىپ قويۇشتى،
مەنسۇرنىڭ ئېسىلغان دارىنى كوردۇم.

سەنوبەر بىچارە پىغان ئەيلىگەن،
ئوزىگە بىر دەملىك پانا ئەيلىگەن،
ئامالسىز ئۇ، شۈكرى سانا ئەيلىگەن،
قالدۇرۇپ ئىز كەلگەن جايىنى كوردۇم.

ئەلقىسسە، سەنوبەر مەسلىكتىن يېشىلىپ يەنە يولغا راۋان بولۇپتۇ. ئاتىمىش كۈن يول يۈرۈپ بىر باغنى كورۇپتۇ. باغنىڭ ئىچىگە كىرىپ سەيلە - تاماشا قىپتۇ. بۇ باغ زەڭگىلەرنىڭ بېغى ئىكەن. زەڭگىلەر سەنوبەرنى تۇتۇپ زەنجىر بىلەن باغلاپ ئوزلىرىنىڭ كاتتىسىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپتۇ. سەنوبەر بۇ ھالنى كورۇپ مۇنداق بېيت ئېيتىپتۇ:

ئىشقى ئۇتىدا كۆيدۈم يەنە،
گۈل يۈزۈم سولدى نە ئەيلەيىن.
كۆيۈپ دەردۇ ـ ھىجراندا،
پەيمانىم تولدى نە ئەيلەيىن.

قولۇمدىن كەتتى دەۋرانىم،
غازاڭ بولدى گۈلىستانىم.
يىغلاشتى يارو ـ دوستلار،
رەقىپلەر كۈلدى نە ئەيلەيىن.

كەزدىم تولا تاغ ـ دەريانى،
بولدۇم بەتتەرمەن ۋەيرانى.
پەلەك يەنە قىسمىتىمنى،
بېشىمغا سالدى نە ئەيلەيىن.

قالدىم يىراقلىق يولىدا،
سۆيگەن يارىمنىڭ كويىدا،
ئىككى كۆزۈم يارىمنىڭ يولىدا،
تەلمۈرۈپ قالدى نە ئەيلەيىن.

چۈشۈمدە كۆردۈم بىر پەرىنى،
بويىنۇمغا سالدى ئۇ قولىنى.
ئىشق ئۇتىنىڭ خەنجىرى،
باغرىمنى تىلدى نە ئەيلەيىن.

سەنوبەر دەر چېكىپ ھەسرەت،
مەندىن قاچتى ئەمدى نۇسرەت.
بېشىمغا كەلگەن بۇ بىر قىسمەت،
نەدىن كەلدى نە ئەيلەيىن.

شۇ ئەسنادا زەڭگىنىڭ قىزلىرى ساياھەت قىلىشىپ باققا كىرىشىپتۇ. پۇت - قولى باغلانغان سەنوبەرنى كورۇشۇپتۇ. سەنوبەرگە قاراپ كوڭۇللىرى چۈشۈپ قېلىپ ئۇنى ئۇزلىرى بىلەن بىللە زەڭگى پادىشاسىنىڭ ئوردىسىغا ئېلىپ كىرىشىپتۇ. زەڭگى پادىشاسىنىڭ قىزى:

— ئەي ئاتا، بىز باغ سەيلىسىگە چىقىپ بىر ئادەم تۇتۇپ كەلدۇق، بۇ ئادەم بۇلبۇلغا ئوخشاش سايرايدىكەن، - دەپتۇ. زەڭگىلەر پادىشاسى:

— ماقۇل، بۇلبۇلغا ئوخشاش سايرايدىغان بولسا، بىزنىڭ شانو - شەۋكىتىمىزگە قارىتىپ بىرنەچچە مىسرا بېيىت ئوقۇپ باقسۇن! - دەپتۇ. سەنوبەر مۇنداق بېيىت ئوقۇپتۇ:

تەربىلسەم مەن سېنى شاھىم،
خۇددى قازان قارىسىدەك يۈزلىرىڭ.
سەن ئۇچۇن بۇ يەردە ئېيتاي بىر داستان،
بەك سۇرلۇك كوزۇنەر كوزلىرىڭ سېنىڭ.

قارا چاچ ھەم بۇدرە قامىتىڭ ناردۇر،
گەر سوزساڭ قوللىرىڭ شامنى چىنادۇر.

ماڭا قاراپ تىكىلمە كوڭلۈم ئاغادۇر،
بەت - بەشرەڭ دېۋىدۇر بەئەينى سېنىڭ.

كېيىۋاپسەن ئۇچاڭغا قارا لىباسنى،
ئالماق بولدۇڭ سەن مەندىن ئېغىر سىناشنى،
قوللىرىڭنى ئۇزارتما، توكمە كوز ياشنى،
زىمىستانغا ئوخشايدۇ غەزىۋىڭ سېنىڭ.

بۇنى ئاڭلاپ زەڭگى پادىشاسىنىڭ ئاچچىغى كېلىپ سەنوبەرنىڭ پۇت - قولىنى يەنىمۇ چىڭ باغلاپ، جاللاتلىرىغا ئۇنىڭ كاللىسىنى ئېلىشقا بۇيرۇپتۇ. زەڭگى جاللاتلىرى سەنوبەرنى جازا مەيدانىغا ئېلىپ مېڭىپتۇ. سەنوبەر جازا مەيدانىغا كېتىۋې - تىپ مۇنداق بېيىت ئوقۇپتۇ:

مەن ئەيلەيىن نازۇك قولۇم باغلاندى،
يار يۈزىنى كورمەس بولدۇم نە ئەيلەيىن.
بۇ زەڭگىلەر ئولتۇرمەككە قەست قىلدى،
يار يۈزىنى كورمەس بولدۇم نە ئەيلەيىن.

زالىم پەلەك زەھەر سالدى ئېشىمغا،
ئېغىر سەۋدا چۈشتى مېنىڭ بېشىمغا،
رەھىم قىلماس ھېچكىم ئاققان يېشىمغا،
يار يۈزىنى كورمەس بولدۇم نە ئەيلەيىن.

جۇدالىقتىن مېنىڭ باغرىم ئېزىلدى،
پېشانەمگە ئۇشبۇ قىسمەت يېزىلدى،

ئەمدى مېنىڭ ئۈمىت تارىم ئۈزۈلدى،
يار يۈزىنى كورمەس بولدۇم نە ئەيلەيىن.

سەنوبەرنىڭ پىرى يەي شاھى مەردان،
زەڭگىلەرنىڭ قولىدا مەن بولدۇمەي ۋەيران،
ئىشق يولىدا پەلەك قىلدى مېنى سەرگەردان،
يار يۈزىنى كورمەس بولدۇم نە ئەيلەيىن.

زەڭگىلەرنىڭ پادىشاسىنىڭ قىزىنىڭ سەنوبەرگە رەھمى كېلىپ ئاتىسىغا:

— ھەي ئاتا، بۇ بولسا بۇلبۇلدەك سايرايدىغان ئادەم ئىكەن، ئۆلتۈرمەيلى! بىر ئالتۇن قەپەز ياسىتىپ سولاپ قويايلى. نىمە دىسە دەۋەسۇن، — دەپتۇ زەڭگىلەر پادىشاسى:

— ماقۇل. ھەممە ئۇستا زەرگەرلەر جەم بولۇپ بىر ئالتۇن قەپەز ياسىسۇن! — دەپتۇ.

پۈتۈن شەھەردىكى نامى بار زەرگەرلەر بىرلىشىپ بىر ئالتۇن قەپەز ياساپ چىقىپتۇ. سەنوبەرنى سولاپ دەرۋازا بېشىغا ئېسىپ قويۇپتۇ. ئۈچ كۈندىن كېيىن بىر باتۇر قول كېلىپ قەپەزنى پىقىرىتىپ بىر ئاتقان ئىكەن، قەپەز قىرىق كۈنلۈك يەرگە چۈشۈپ پارە - پارە بولۇپتۇ. سەنوبەر ئورنىدىن تۇرۇپ يەنە يول يۈرۈپ، يول يۈرسىمۇ مول يۈرۈپ بىر جاڭگاللىققا كەپتۇ. بۇ جاڭگاللىق ۋەھشى ھايۋانلارنىڭ ماكانى ئىكەن، بىر تۈپ چىنارنىڭ تۈۋىگە كېلىپ ئارام ئاپتۇ. شۇ ھامان بىر رودۇپاي شىللىسىگە مىنىۋاپتۇ. رودۇپاينى كوتىرىپ بىر يىل يول

يۈرۈپتۇ. ھېچقانداق قۇتۇلۇش ئامالىنى قىلالماي مۇنداق **بېيىت** ئوقۇپتۇ:

بىر بالادىن قۇتۇلۇپ مىڭبىر بالاغا يولۇقتۇم،
بۇنى ئاز دەپ مەن بۈگۈن رودۇپايغا يولۇقتۇم.
نەگە بارسام مەن ھامان كوپلەپ جاپاغا يولۇقتۇم،
قان يۇتۇپ يىغلاپ يۈرۈپ بالا - قازاغا يولۇقتۇم.

دوستلىرىم، مەن نە قىلاي، رودۇپايغا يولۇقتۇم،
بۇ پەلەكنىڭ گەردىشى مېنى خوشال قىلمىدى.
خەستە كوڭلۈمنى بالا - غەمدىن خالاس قىلمىدى،
قانچە قىلسام يار - جانان مېنى خوشال قىلمىدى.

مەن كەبى ھېچكىمنى سەرسان قىلمىدى چەرخى پەلەك،
مەن غېرىپ يالغۇزلۇغۇمدىن رودۇپايغا ئۇچرىدىم.
بۇ مېنىڭ ھالىمنى كورسە بارچە جان يىغلار ماڭا،
ئەيلىسەم دات "ئاھ!" ئۇرۇپ، ئاڭلىماس جانان ئۇقمىدىم.

بولمىسۇن ھېچبىر كىشى غەمگە مېنىڭدەك مۇپتىلا،
گەر يولۇقسا شۇ ھامانلا خېرىرى تۇتسۇن قولىنى.
ياخشىلار باردۇر جاھاندا ھەسرىتا - نادامىتا،
كورسىتىپ بەرسۇن كېلىپ مەن بىر غېرىپنىڭ يولىنى.

سەنوبەرنىڭ كاللىسىغا شۇ ئەسنادا بىر ئوي كېلىپ رودۇپاينىڭ كاللىسىنى قولتۇغىغا قىسىپ يەرگە بىر ئۇرۇپتۇ.

رودۇپاي يەر بىلەن يەكسان بولۇپتۇ. قولىغا كالتەك ئېلىپ قالغان رودۇپايلارنى ئۇرۇپ، قوغلاپ يۈرۈپ مۇنداق بېيىت ئوقۇپتۇ:

قاچقىن ھەممە رودۇپاي بولدى ئاخىر زامانىڭ،
يالۋۇرۇپ قان يىغلىما بولدى ئاخىر زامانىڭ.
مەن جۇدا قىلسام بېشىڭنى تەنلىرىڭدىن بىر يولى،
داتلىشىپ قان يىغلىما بولدى ئاخىر زامانىڭ.

يۈسۈپنىڭ بۇ يولدا كوپ ئىزى قالغان،
زۇلەيخانىڭ ھىجرىدە ئۇمۇ يىغلىغان.
يا، رەسۇلنىڭ قۇدرىتى ـ ھىكمىتى ئۇلۇغ،
مەن ئاشىقنىڭ بېغىغا بۇلبۇل قونمىغان.

لەيلى بىلەن مەجنۇندەك ئاشىقلار ئوتتى،
بۇ دۇنيادىن كورمىدى قىلچىلىك خوۋلۇق.
ماڭا بەرگىن قۇدرەتنى بىر ئوزەڭ راھمان،
سەنوبەرگە نەگە بارسا ئۇچرىدى شۇملۇق.

شۇ ئەسنادا ئاسماندا بىر سۇمرۇغ پەيدا بولۇپ، قانات ـ لىرىنى كېرىپ پەسلەپ بىر تاغنىڭ بېشىغا قونۇپتۇ. سەنوبەر سۇمرۇغنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئوزىنىڭ ھال ـ ئەھۋالىنى ئېيتىپ مۇنداق دەپتۇ:

تاجى ـ تەخت ئۇستىدە يېتىپ بىر كېچە،
تەرىپى مىڭ داستان جانانىنى كوردۇم.

چۈشۈمدە مەن كىردىم گويا جەننەتكە،
ئاي بولۇپ گۈل ھۆسنى تولغاننى كۆردۈم.

قاشلىرى ھىلالدۇر، كوزلىرى چولپان،
ئۇ سالدى بېشىمغا تۈگىمەس ھىجران،
مەن غېرىپ بىچارە بولدۇم سەرگەردان،
مەن گويا قۇدرەتلىك سۇلتاننى كوردۇم.

ئۇ دىدى: "مەن بولسام پەررۇخنىڭ قىزى"
شېكەردىن شىرىندۇر ھەر ئېيتقان سوزى،
مىلڭ شەيدا قىلدى ھەم مېنى گۈل يۈزى،
ماڭا چىن كوڭلىنى قويغاننى كوردۇم.

سەنوبەر مەن، بۇ مېنىڭ ھالى ـ ئەھۋالىم،
كېچە ـ كۈندۈز شۇنىڭدا پىكىر خىيالىم،
كوز ئالدىمدىن كەتمەيدۇ كوزلىرى زالىم،
مېنى بۇ مۇشكۈلگە سالغاننى كوردۇم.

سەنوبەر سۇمرۇغقا يەنە يالۋۇرۇپ، نالە قىلىپ مۇنداق دەپتۇ:

سۇلايمان جان سۇمرۇغ چۈشتى ھاجىتىم،
ھەمىشە دولىتىڭ بەر قارار بولسۇن.
بىر ساڭا تەئەللۇق بولسۇن يەر ـ جاھان،
قەدەمدە ئىشىڭغا غەلىبە يار بولسۇن.

تونىچى ئاسماندا ھەزرىتى ئەيسا،
كوپ رەھمەت ياغدۇرۇپ بىر نەزەر قىلسا.
ئاشىقلار سەردارى يۈسۈپ - زۇلەيخا،
كېلىشسۇن ئالدىڭغا، مەدەتكار بولسۇن.

ھەزرىتى ئىلياس، مۇسا پەيغەمبەر،
ئالدىڭدا خىزمەتتە بولسۇن مۇقەررەر،
ئابابەكرى، ئۇمەر ھەم ئۇسمان، ھەيدەر،
كېلىپ سېنىڭ كېمىڭنى تولدۇرار بولسۇن.

مەن سەنوبەر، قۇلۇڭنى يەتكۈز مۇراتقا،
خەلقى - ئالەم ئالدىدا قويما ئۇياتقا،
قۇلاق سالاي سەن بەرگەن ھەر بىر ساۋاققا،
ماڭا ھەر بىر سوزلىرىڭ تىل - تۇمار بولسۇن.

سۇمرۇغنىڭ رەھمى كېلىپ:
— ماقۇل. سەن شىكار قىلغىن! - دەپتۇ. سەنوبەر شىكار قىلىپ ئىككى دانە كېيىك تۇتۇپ تۇلۇم قىلىپ سويۇپ، بىر - سىگە سۇ، بىرسىگە ئوزۇق قاچىلاپ سۇمرۇغنىڭ ئۇستىگە ئارتىپ، ئوزى توپىسىگە مىنىپ كوك ئاسماندا پەرۋاز قىلىپ ئۇچۇپتۇ. سۇمرۇغ ئوڭغا قارىسا گوش، سولغا قارىسا سۇ بېرىپتۇ. بىر - قانچە ئوتلۇق تاغ، سۇلۇق دەريا، بورانلىق چوللەردىن ئوتۇپ، قىرىق كېچە - كۈندۈز يول يۈرگەندە شەھرى شەبىستاننىڭ قارىسى كورۇنۇپتۇ. يېتىپ بېرىپ شەھەرنىڭ چېتىگە چۈشۈپتۇ.
سۇمرۇغ:

— ئەي سەنوبەر مېنىڭ بۇ شەھەرگە كىرىشىمگە يول يوق! — دەپ كەينىگە قاراپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ. سەنوبەر پەرىزات قىزنىڭ چار بېغىغا كىرىپ قارىسا، باغنىڭ ئوتتۇرىسىدا تەخت-راۋاندا قىز ئۇخلاپ ياتقۇدەك. ئەتراپىدا مۇھاپىزەتچى دىۋىلەر سانجاق-سانجاق، سەپ-سەپ بولۇپ ياتقانمىش. سەنوبەر ئۇخلاۋاتقان قىزنىڭ دىدارىنى كورۇپ، لاغىلداپ تىترەپ، پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ئوت قاپلاپ، ئۇخلاۋاتقان دىۋىلەرنى ئاتلاپ مېڭىۋېتىپ مۇنداق ئويلاپتۇ:

مېنىڭ بىر جاپا-سەۋدا كورۇپ مەجنۇن كەبى،
بۇگۈن ئەمدى گۈلىستانغا يەتتىمەن.
بىر لەيلىنىڭ ھەسرىتىدە قان يىغلاپ،
گۈل غۇنچىدەك دىلبەر جانغا يەتتىمەن.

قىشلار كېتىپ بۇ باغ ئارا بولغان ياز،
غاقىلدىشىپ تولغان كولگە ئودەك-غاز،
بارچە گۈللەر ماڭا قاراپ قىلغان ناز،
دىل سۈيۈنگەن ئارام جانغا يەتتىمەن.

گۈللەر كېلىپ باش ئۈستىدە ئېچىلغان،
بۇ باغ ئارا ئەتىر پۇراق چېچىلغان،
ئىشقىم گويا فونتان بولدى ئېتىلغان،
قەدىردانلار، شىرىن جانغا يەتتىمەن.

تەخت ئۈستىدە دىلبەر ئۇخلاپ قالغانمۇ،
ياكى تەختكە گوھەر كېلىپ قونغانمۇ،

شاھى خورشىد ئوغلى ئېتىم سەنوبەر،
شۈكرى - شۈكرى شەبىستانغا يەتتىمەن.

سەنوبەر پەرىزاتنىڭ يېنىغا كېلىشكە ئۈچ قەدەم قالغاندا، دىۋىلەرنىڭ ئۇخلاش ۋاقتى توشۇپ ئويغىنىپ كېتىپتۇ. سەنوبەر جىنىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن پەرىزات ئۇخلاۋاتقان تەختىنىڭ ئاستىغا موكۇۋاپتۇ. دىۋىلەر ئادەمىزاتنىڭ پۇرىغىنى سېزىپ، قىيا - چىيا قىلىشىپ:

— بۈگۈن كىمنىڭ بېشىغا ئەجەل يەتتى، — دەپ ۋاقىرىشىپتۇ.

سەنوبەر گەپ قىلاي دېسە تۇتۇلۇپ قالىدۇ. گەپ قىلماي دېسە پەرىزات ئويغانمايدۇ. شۇنداق ھالەتتە مانا مۇنداق ئويلاپتۇ:

غەمدىن قۇتۇلالمىغان مېھنەتلىك باشىم،
كۆزىدە يۈزمىڭ ھىجرانغا تولدى نە ئەيلىيىن.
ۋاپاسى يوق شۇم پەلەكنىڭ گەردىشى،
تۈگمەس بۇ سەۋداغا سالدى نە ئەيلىيىن.

باغۋەن بولۇپ گۈلۈڭنى كورمىدىم،
بۇلبۇل بولۇپ شاخىڭغا قونمىدىم،
يار - يار دەپ شىكەر لېۋىڭگە سۈيمىدىم،
كوڭلۈمدە جىق ئارمىنىم قالدى نە ئەيلىيىن.

ياخشىلىقنى ئىزلىدىم يۇردۇم ھەريادا،
نەگە بارسام ئۇچرىدىم زىيانغا،

مەن يىراقتىن كەلدىمەن ئارماندا،
بىلمىدى يار ئۇخلاپ قالدى نە ئەيلىيىن.

چۈشتى مىنىڭ باشىمغە سەۋدالار،
تۇستى مىنى تۇمەنمىڭ غەۋغالار،
كوزلىرىمدىن ئاقتى قان-يىشىم دەريالار،
قاراپ يارغا كوزلىرىم تالدى نە ئەيلىيىن.

سەنوبەر دەر بىلگەنلەر ئاتىمنى،
بىلمەس ھىچكىم بۇ يەردە زاتىمنى،
كىمگە ئېيتاي ئاھ ئۇرۇپ دادىمنى،
يۇرىگىمىمۇ ئوت بولۇپ ياندى نە ئەيلىيىن.

پەرىزات ئويغىنىپتۇ. تەختنىڭ ئاستىغا قاراپتۇ. سەنوبەرنى كورۇپتۇ. ئۇلار بىر-بىرى بىلەن كورۇشكەندە ھەددىدىن زىيادە خوشال بولۇپ نەچچە قېتىم ھۇشىدىن كېتىپ، يەنە ھۇشىغا كېلىپ مۇرادى-مەقسىدىگە يېتىپتۇ. پەرىزات مۇرادى ھاسىل بولغانلىقىدىن خوشال بولۇپ مۇنداق بىيىت ئوقۇپتۇ:

خوش كېلىپسىز سۈيەر يارىم،
قۇتلۇق بولسۇن ماكان سىزگە.
خوش كېلىپسىز كويەر جانىم،
بولسۇن سەدىقە بۇ جان سىزگە.

ھىجرىڭىزدە كوپ يىغلىدىم،
جاھان كېزىپ ھەم ئىزلىدىم،

سىز قەيەردە مەن بىلمىدىم،
بىرەلمىدىم نىشان سىزگە.

سىز دەردىمنىڭ دەرمانى،
پاك كۆڭلۈمنىڭ ئارمانى،
كوردۈم سىزدەك شىرىن جاننى،
بولسۇن جىنىم قۇربان سىزگە.

ئىككىسى ئۇزاققىچە بىر بىرىگە قارىشىپتۇ. كۆڭلى ئارام تېپىشىپ خوشال-خورام كۈلۈشۈپتۇ. بىر بىرىنى يېتىلەپ گۈل ئارىلاپ پەردازاتنىڭ ئويىگە قاراپ مېڭىشىپتۇ.

# قۇمۇل قوشاقلىرىدىن تاللانما

نەشرگە تەييارلىغۇچى: **يەھيا سادىق**

نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن:

1956 - يىلى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ شىنجاڭ تىل تەكشۈرۈش ئەترىدى قۇمۇل - تۇرپان گۇرۇپپىسىدا، يىرىم يىلغا يېقىن ۋاقىت قۇمۇلدا بولدۇم. گۇرۇپپىمىز بۇ جەرياندا قۇمۇل ناھىيىسى تاغلىق قوراي رايونى ۋە ئارا تۈرۈك ناھىيىسىنىڭ نوم يېزىسىدا لېكسىكا، گىراماتىكا، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا دائىر ماتېرىياللارنى خاتىرىلىدى ۋە توپلىدى. مەن شۇ جەرياندا، خەلق ئارىسىدا تونۇلغان قوشاقچىلار، ناخشىچىلار ۋە دېخانلار ئاغزىدىن 800 كۇپلېتتىن ئارتۇق قۇمۇل خەلق قوشىقىنى توپلىغان ئىدىم. ھازىر ئەنە شۇلاردىن بىر قىسمىنى تاللاپ كىتابخانىغا تەقدىم قىلدىم.

مەن شۇ چاغدا قۇمۇل خەلق قوشاقلىرىنى ئاڭلىغىنىمدا، تۈرلۈك - تۈمەن گۈل - چېچەكلەر ئېچىلغان گۈلزارلىققا كىرىپ قېلىپ، بۇ گۈللەرنىڭ خۇش پۇراقلىقى ۋە چىرايلىقلىقىدىن قايسىنى ئۈزۈشنى بىلمىگەن ئادەمگە ئوخشاش ھېسسىياتتا بولغان ئىدىم. شۇڭا، خاتىرىلىۋالغانلىرىم قۇمۇل گۈلزارلىقىدىكى ناخشا -

قوشاق دېگىنىدىن تامچە بولۇشى مۇمكىن، هازىر تەقدىم قىلى-
ۋاتقان بۇ قوشاقلار:

1. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلغۇچىلار ۋە تىل-
شۇناسلارنىڭ تەتقىقات ئىشلىرىغا پايدىسى بولار دىگەن ئۈمىتتە،
1956 - يىلى قانداق خاتىرلەنگەن بولسا، ئاساسەن ئەينى بويى-
چە بېرىلدى.

2. بۇ قوشاقلار ئاساسەن مۇھەببەت، ۋاپادارلىقنى كۈي-
لەيدىغان، ۋاپاسىزلىقنى سوكىدىغان، ئۈنىڭغا ئەپرەت بىلدۈرىدى-
غان قوشاقلار بولغاچقا، تۈرگە ئايرىلمىدى.

3. مەن مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن، شۇ چاغدا بىزنى قىم-
مەتلىك بايلىق بىلەن تەمىنلىگەن خەلق سەنئەتچىسى ئاق پاشا،
تومۇرخان سوپى، ئابدىرىيىم دادەي، نومدىكى ئىسمايىل موللا،
پاتمىخان موما، ئارا تۈرۈك ناھىيىسىدىكى توخسۇن بوۋايلارغا
(ئەگەر ئۇلار هازىر هايات بولسا)، ئالاهىدە رەھمەت ئېيتىمەن.

يەنە، 1000 كۈبلېتتىن ئارتۇق قومۇل، تۇرپان قوشىقى
خاتىرلەنگەن دەپتىرىمنى 10 نەچچە يىل ئامان ساقلاپ ساق-
سالامەت ئۆز قولۇمغا تاپشۇرۇپ بەرگەن يولداش قۇربان با-
راتقا رەھمەت ئېيتىمەن.

يايرىم ياتىدۇ يالغۇز،
گۈلنىڭ تۈۋىدە نەمدە.
ئۇگداشقىلى يايرى يوق،
ئۇخلاپ قالىدۇ غەمدە.

چىلان كوتىگى نەدە،
چىلان كولىغان يەردە.
بىزنىڭ قارا كوز نەدە،
كوڭلى خالىغان يەردە.

ئىشىك ئاچتىم، تورگە باقتىم،
توردە بىر ئاي ئولتۇرۇر.
قاشلىرى قىيغان قەلەمدەك،
كوزلىرى ئوينىاپ تۇرۇر.

باغدا شاپتۇل خوي پىشپتۇ،
ئۈزمىدىم بىر دانىكەن.
قەدرىمنى بىلمىدى يار،
كىچىك بالا، نادان ئىكەن.

ئېرىغىڭدا سۇ يوقمۇ،
بېلىقلارغا نىم بوپتۇ.
بارچە ئالەم ئوينىاپتۇ،
بىز ئوينىساق نىم بوپتۇ.

گۈل تۈۋىدە ئولتۇرسام،
گۈلنىڭ سۈيى ـ گۈلگە تامۇر.
ئارزۇلۇقنىڭ ئارزۇسى
يارنى كورگەندە قانۇر.

تۈنۈگۈن بۇ چاغدا،
ئوت كويەر ئوچاغدا.

ئولتەرسەڭمۇ ئولتەرگىن،
يارىمنىڭ قۇچاغىدا.

ئىلىنىڭ بازارىدا،
رەڭمۇ-رەڭ تۇمارى بار.
كېتەي دەپ كېتەلمەيدۇ،
يارىنىڭ خۇمارى بار.

ئىشىك ئالدى ئانار گۇل،
ئاتنى باغلاڭ مىرا قۇل.
ئۈچ كۈن بولدى كەلمىدىڭ،
يارىم ساڭا ناماقۇل.

ئاق ئالمىنىڭ شاخىدەك،
ئېگىلەمسەن ئاق جۇۋان.
ئىچىمدىكى دەردىمنى
سەن بىلەمسەن ئاق جۇۋان.

يارىنىڭ ئۆيى قايدىدۇر،
سۇ يۇقۇرى سايدىدۇر.
ۋەدىسىگە تۇرمىغان
تۇرالغۇسى قايدىدۇر.

يۇقۇرى چىقاي دىسەم،
يېنىمدا بار قارچۇغا كوز.
بىرنىمۇ سۆيمەي تۇرۇپ،
قىلدىڭ مېنى ئالەمگە سوز.

سايدا ئۈنگەن كوك قومۇشنىڭ
سايىسى سايغا چۈشۇر.

بەختى بولسا شۇ يارنىڭ،
بىر كۆنى قولغا چۈشۈر.

باققا كىردىم كېچىلەپ،
ئايىسخاننى يېتىلەپ.
ئايىسخاننى سۆيۈۋالدىم،
باغ ئىچىدە پوپۇلەپ.

ئايمۇ ئايىنى دىگۈدەك،
سەرۋەگىدە يايلاپ يۈرگۈدەك.
سەرۋەك تاغنىڭ گۈللىرىنى
ئاي خېنىمنىڭ دىگۈدەك.

باغدا بىر گۈل بار ئىدى،
ئالتۇن باھالىق گۈل ئىدى.
غۇنچىسى ئېچىلمىغان،
خېنىم باھالىق گۈل ئىدى.

باققا كىرمەك كىشى با(ر)،
گۈلنى ئۈزمەك ئىشى با(ر).
ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدا،
ياخشى - يامان كىشى با(ر).

باغچىلارغۇ - باغچىلار،
گۈل ئېچىلغان باغچىلار.
ئاي خېنىم قۇلاق سېلىڭ،
سىزگە ئېيتقان ناخشىلار.

قاشنى قاشقا ئۇلىسا،
بۇغدايغا باغلىق بولىدۇ.

يېڭى يار تۇتقان كىشى
سەۋدايى ئاغرىق بولىدۇ.

تەڭتۇشلار ئويلىنىپ كەتتى،
بىز يۈرۈيمىز بوي①.
ساقال-بۇرۇت قولغا كەلدى،
قىلمايمىزمۇ توي.

يارنىڭ يارى تولا،
مەندىن بىلەك بەش-ئالتە با.
مەن تېخى يار تۇتمىدىم،
تۇتاي دىسەم ئون بەشچە با.

ئىگىز ئوگزەڭگە چىقىپ،
مەن قارىدىم سايلار سايان.
ئەمدى ھەرگىز قارىماسمەن،
بىۋاپا يارلار سايان.

بىۋاپا بۇگۈن بارۇر،
تاڭلا ئۇنۇتار يارىنى.
ئادىمى ھەرگىز ئۇنۇتماس،
بىرلا سۈيگەن يارىنى.

كېچە كەلدىم بۇ داۋانغا،
سەۋزە بويلۇق كەلمىدى.
سەۋزە بويلۇق يارنى دەپ،
كوزۇمگە ئۇيقۇ كەلمىدى.

---

① بوي — بويتاق.

كېچە كەلگەن مەن ئەمەس،
داۋۇزىڭغا چەككەن مەن ئەمەس.
كېچە يانىڭدا يېتىپ،
لېۋىڭگە سۆيگەن مەن ئەمەس.

شۇ مېنىڭ يارىم ئەمەسمۇ،
ئارىتامدا سوزلىگەن.
يېنىدا يارى تۇرۇپ،
يىراقتىكىنى كوزلىگەن.

يارغىنىەم كەتتى يىراققا،
ئىچىم كويەرى كەتمىدى.
ئاھ ئۇرۇپ قان يىغلىسام،
دادىم خۇداغا يەتمىدى.

كەلسىلە خېنىم دىسەم،
قارىماي كەتكەن يارىم.
خام تامادا داڭگال ئاتسام،
ئاچچىغى كەلگەن يارىم.

كېتىشىڭنى باغدا كوردۇم،
يېنىشىڭنى كوچىدا.
كوچىدا باسقان ئىزىڭ،
بولدى كوزۇمگە تۇتىيا.

گۇلمىدى، غۇنچەمىدى،
خېنىم سېنىڭ باشىڭدىكى.
كېچىلەپ تونالمىدىم،
كىملەر ئىدى قاشىڭدىكى.

سايغا بوستان سالمەن،
سايداپ ئۆتسەڭچۇ يارىم.
يول ئازاۋى تارتقىچە،
مەس بولۇپ ئۆتسەڭچۇ يارىم.

تۈنۈگۈن چۈش مەلدە،
ئىككى گۈلۈمنىڭ بىرى يوق.
بىرىغۇ كارىزدا قالدى،
بىرىنىڭ ۋاپاسى يوق.

هاراق ئىچتىم جۈگزىدا،
تاجىخان داڭلىق بىلەن.
ئاچچىغى كەلسە ئۇرامدۇ،
ماش رەڭ ياغلىق بىلەن.

كىتىپ بارغان شول يارنى،
گەپ - سوز بىلەن توختاتتىم.
قولىدا پەرەڭ ياغلىق،
ئوز يارىمغا ئوخشاتتىم.

لەيلى مەجنۇن شاخى ئىگىلدى،
يار ئىگىلمەيدۇ ماڭا.
يە كىلىپ ئالغىن بۇ جاننى،
يە كوڭۈل بەرگىن ماڭا.

ئالما گۈلدىن ئاغرىدىم،
كوڭلۈم قىلىپتۇ ياردىن.
ئايرىلىپ قانداق چىداي،
كوكنار گۈلدەك ياردىن.

لەپ-لەپ ئۈچىدۇ سالار،
قارىمايدىغۇ يارلار.
قارىمىسا قارىماس،
ئەسلى بىۋاپا يارلار.

ئالا ئات مىنگەن بىلەن،
تاغدا كىيىك ئاتالمىدىم.
ئارزۇلاپ تۇتقان يار بىلەن،
ئۆمۈرلۈك ئۆتەلمىدىم.

قاشىنىڭ قارىسى قۇندۇز،
ئاينىڭ يانىدا يۇلتۇز.
مەن يارغا نىمە قىلغان،
يىغلايدۇ كېچە-كۈندۈز.

قاشىڭ قارا بولغۇنچە،
كوزۇڭ قارا بولساچۇ.
يالغان ۋەدە قىلغۇنچە،
يۈزۈڭ قارا بولساچۇ.

گۈلەمشۋار گۈلنى كورۈڭ،
گۈللەر بىلەن بەس قىلىدۇ.
قولىدا بەش پۇلى يوق،
چىرايلىققا قەست قىلىدۇ.

يارىمنىڭ يارى تولا،
مەندىن بولەك-مەندىن بولەك.
مەن تېخى يار تۇتمىدىم،
جېنىم يارىم سەندىن بولەك.

ئاق چەكمەن، قىزىل چەكمەن،
رەڭدە بويىغان چەكمەن.
يىگىتلەردىن خەۋەر يوق،
جۇۋانلار ئەجەپ دەرتمەن.

تاغمۇ ـ تاغلارنى كېزىپ،
مەن كورمىگەن تاغ قالدىمۇ؟
يار ئۈچۈن مەن تارتمىغان
جويى① جاپالا قالدىمۇ؟

مەن جېنىمنى ساڭا بېرىپ،
سېنىڭ جېنىڭنى مەن ئالاي.
مەن ئوزەم ئوتتا كويۈپ،
سېنى بېھىشكە سالاي.

گۇلىمدى ئاچىلغىلى،
بەلگەمدى چاچىلغىلى.
ۋەدىمىز شۇنداقمىدى،
ئولمەي تىرىك ئايرىلغىلى.

ئۇرۇك ئوتئۇننى قالاپ،
سۇلار سېپىپ ئوچۇرسىلە.
ئارىدا ئوتكەن ئىشنى،
ئوييناپ ـ كۇلۇپ كەچۇرسىلە.

دىلبىرىم سەندەك جاھاندا،
ھېچلىكىم رەنا ئەمەس.

---

① جويى ــ جەۋرى.

شۇ سىنىڭ رەنالىغىڭغا،
ھېچلىكىم شەيدا ئەمەس.
يېڭى ئايدەك كۆرۈنۈپ،
غايىپ بولۇرنى بىلمىدىم.
ئالتە كۈن ئاشىق بولۇپ،
تاشلاپ كېتەرنى بىلمىدىم.

دوستلىرىم مەندىن زېرىكتى،
دۈشمىنىم سەن ھەم زېرىك.
بىر مىسال بار، ئىشەنگەن
تاغ ئارا ياتماس كىيىك.

يۈرىگىم غەلۋىرگە ئوخشاش،
قويسىلا تۇرماس تېرىق.
شۇنچە جاراھەت بولغاچ،
يارىنىڭ چىرايى ساپ - سېرىق.

چىرايىڭ چىغدىن سېرىق،
ئىشقىڭ سىنىڭ ئۇلان تۇرۇر.
ئىشق ئوتى يامان نىمە،
ئەجەپ مېنى تولغاندۇرۇر.

سەن مېنى ئۇردۇم دەمسەن،
ساپىغى سۇنۇق قامچاڭ بىلەن.
خۇدايىم كەسكەي قولۇڭنى،
ئوتمىگەن قايچاڭ بىلەن.

ئوينىغۇچىنى يەرگە سالدىم،
كېچە چۈشتى خەمىگى.

بىزنىڭ يار كەتتى يىراققا،
خېلى باردۇر كەلمىگى.

بارارمەن دەپ، كېلەرمەن دەپ،
يالغاندىن ئېيتقان،
بارار ـ كېلەر يوللىرىدا
ئازغان تېرىتقان.

گۈل بىلەن سوقسام تىكەننى،
گۈل بولۇر ـ گۈللەر بولۇر.
باشقا قونغان قاغىلار،
يار ئالدىدا بۇلبۇل بولۇر.

يۈرىگىم پىژ ـ پىژ قىلادۇر،
ياغدىكى گوشتىن بىتەر.
سەن تولا ئاۋارە قىلما،
شۈنچە كويىگىنىم يېتەر.

مەنمىغۇ كېتەرمەنمۇ،
كوزۇڭدىن يۈتەرمەنمۇ.
ھەرقانداق يامان بولسام،
خىيالىڭغا يېتەرمەنمۇ.

يارىم كەتكۈدەك، ئەمدى،
كەلگەنلەردىن سورايمۇ.
يار كەلگىچە تاقەت يوق،
شامىلىنى پۇرايمۇ.

يارغىنە مېنىڭ بېغىدا،
بىر تۈپ ئۈزۈمى ـ يىمىشى.

يار بىلەن بىر بولغاندا
باشقىلارنىڭ نىمە ئىشى.

بۇ مېنىڭ كوڭلۇم ئەمەس،
كوڭلۇم ئۇنىڭ قۇلى ئەمەس.
بۇ مېنىڭ بىچارە كوڭلۇم،
ياردىن ئۆزگىنى دىمەس.

يارى دەيدۇ، يارى دەيدۇ،
ياردا يوقتۇر ۋاپا.
يار ئېتىنى ئاتىماڭلار،
قىلدۇ جانغا جاپا.

باغنىڭ باغانچە بولسا،
باغنىڭدىن غەم يىمە.
ۋاپا قىلمىغان يارنى
ئۆلگىچە يارىم دىمە.

مەن مەلەڭگە بارمايمەن،
توڭلۇگىڭدىن پاتمايمەن.
ئەمدى كەلدىم ئەقلىمگە،
سېنىڭ دەردىڭنى تارتمايمەن.

نىمانداق بۇلۇت كەتمەيدۇ،
ئىگىز تاغدىكى قاردىن.
نىمانداق كوڭلۇم سوۋۇمايدۇ،
ۋاپاسى يوق شۇ ياردىن.

يارنى چۇشۇمدە كورۇپ،
كۇندۇزلىرى مازۇزىمەن①.

---

① مازۇزىمەن ــ خوشاللىق.

چىللىساڭ بارماي قېشىڭغا،
تەنھا ئۆزەم يالغۇزىمەن.

سايدا ئۈنگەن ساي تېرەكنى،
سايە كوردۇڭمۇ يارىم.
ئىشىگىڭگە تولا بارسام،
خارى كوردۇڭمۇ يارىم.

سايدا ئۈنگەن ساي تېرەكنىڭ،
سايىسى بولماس ئىكەن.
يار ئۈچۈن كويگەن يۈرەكنىڭ،
دورىسى بولماس ئىكەن.

گۈل ئېچىلسا نە بولۇر،
بەلگە ئېچىلسا نە بولۇر.
ئېتىقاتلىق يار بىلەن،
داڭ كوتەرسە نە بولۇر.

يەل بوراندەك يەل بولۇپ،
يەتسەم يارىمنىڭ قېشىغا.
مىرزا گۈلدەك ئاچىلىپ،
سانچىلىۋالسام بېشىغا.

كاككۇكلارنىڭ ئۈنىنى،
ھەر يەردە ئاڭلاپ كېلىمەن.
يايرىم بەرگەن پوتىنى،
بېلىمگە باغلاپ كېلىمەن.

يوللاردا كېتىپ بارسام،
چىللاپتىلا ـ چىللاپتىلا.

مېھرىۋان بۇ كوڭۇلنى،
چىللاپ كېلىپ يىغلاتتىلا.
نەچچەن تولا تىۋىپ بولسا،
بىلەكنى باقۇر.
يار ئاغرىغى يۇرەكتىدۇر،
ئۇنى كىم تاپۇر.
سەن مېنى يار ئەتمىسەڭ،
دۇنيادا مەن يارسىز ئۆتەي.
كويگىنىمنى بىلمىسەڭ،
باغرىمنى يېرىپ كورستەي.
يەنە ئاللاھۇ دىسەم،
كەلمەس كوزۇمنىڭ ئۇيقۇسى.
ئۇيقۇنى كەلتۇرمىگەن
بىۋاپا يار سودىسى.
قۇربان ئايلاردا كېلىڭ،
مەن بولاي قۇربانىڭىز.
مەن نىچۇك قۇربان بولاي؟
قۇربان بولسۇن شۇل يارىڭىز.
ئاي خېنىم بىر باقسىنا،
كوزۇڭنى چوڭ-چوڭ ئاچسىنا.
كىرپىگىڭ دالدا قىلسا،
كەرگىگە كىرىپ سالسىنا.
تاغدا كاككۇك بالىسى،
سەنمۇ يىتىم، مەنمۇ يىتىم.

يارىمنى يوقلاي دىسەم،
يوقتۇر مېنىڭ كوك بوز ئېتىم.

كوك بوز ئاتنى مىنگەندە،
ئۈزەڭگىسى دەپشىدۇ.
يېڭى يارنى تاپقاندا،
كونا يارلار ھەپشىدۇ.

گۈلنى قىيدىم ئويماق-ئويماق،
بارمۇ ياردىن تويماق؛
ئەجەپ بىر مۈشكۈل كەلدى،
سۆيگەن ياردىن ئايرىلماق.

ئۈچ كۈن ئايرىلساڭ مەندىن،
ئۆلسەن دىگەن يارىم مېنىڭ.
بەش كۈن ئايرىلىپ ياقتىم،
چىقمىدى جانىم مېنىڭ.

يولدا يوللار بار ئىكەن،
يوللاردا زىندان بار ئىكەن.
چىقمىغان جاننى كورۈڭ،
تاسمىدىن مەزمۇت جان ئىكەن.

يەنە قېشىم سەدىقە،
قاش-قاپىغىم سەدىقە.
يەنە ئون بەش يېشىمدىن،
يىگىرمە يېشىم سەدىقە.

سىنى ماڭا كويدۈرگەن
قارا قېشىڭ بىلەن كوزدۇر.

ئۇلۇغ دەريانى كەزدۇرگەن
گىلاك تاغلاردىكى نۇردۇر.

ئات مىندىم دىگەن بىلەن،
قامچا بولسا بولمامدۇ.
يار تۇتتۇم دىگەن بىلەن،
ياندا بولسا بولمامدۇ.

دۇنيادا گۈل خاردىمۇ،
بىر گۈل ئۈچۈن ئانچە تالاش.
ساڭا تىپىلغان ئاداش،
ماڭىمۇ باردۇ مىڭ ئاداش.

يىپ ئەمەس، يىپەك ئەمەس،
بويىڭىزغا كىيگىنىڭىز،
بىزدىن ئاشقۇنچە ئەمەس،
ماختاپ يۈرۈپ سۆيگىنىڭىز.

مەن تىلىمنى ساز قىلىپ،
چالسام راۋاپتىن ياخشىراق.
ئىككى تىزىمنى قۇچاقلاپ،
ياتسام ياماندىن ياخشىراق.

پاختا با يەي-پاختا بار،
ئۈچ-توت ئۇيۇقتا پاختا بار.
سىز يارىم ئالدىرىماڭ،
ئوينىماقنىڭ ۋاقتى بار.

يار كېلىپ ئالدىمدىن ئوتسە،
قاپ-قارا مۇڭلار ماڭا.

چورۇلۇپ ئالدىمغا كەلسە،
تار كېلەر دۇنيا ماڭا.

يارىم سىزگە ئەرزىم بار،
كويۇپ قالغان قەرزىم بار.
ئازار بەرمەڭ جانىمغا،
يۈرىكىمدە دەردىم بار.

تاغ سايان قىلدىڭ سەپەر،
ئەمدى ھالىم نە كېچەر؟
قۇمۇلدا ئادەم تولا،
ئويناپ ـ كۈلۈپ كۈنلەر ئۆتەر.

دوزاق يۈزلۈك دۈشمىنىڭدىن،
ئۈيانمۇ قاچ ـ بۇيانمۇ قاچ.
يار ئوتىغا پايلىمساڭ،
چاچراپ قوپۇپ سۇلارنى چاچ.

نام داۋاندا ئولتۇرۇپ،
چاتقال داۋاننى كورمىدىم.
ئات مىنىپ كەلگەن يارىمنى،
ئېشەك مىنگەنچە كورمىدىم.

قارا قۇش قۇشلاغىلى
ئەرلەر كېرەك ـ ئەرلەر كېرەك.
يېڭى يار تۇتقان كىشى،
تاقەت بىلەن يۈرمەك كېرەك.

دەرياغا تاشقىن كەلگۈدەك،
تاشنى ئېلىپ توغاننى تۇت.

ياخشىلارغا بولسا مەيلىڭ،
يامانىنى قويۇپ ياخشىنى تۇت.
ئارا تامنىڭ قۇشقاچلىرى
شاخ ئارىلاپ سايراپ ئوتەر.
يىگىتلەرنىڭ بىچارىسى
تام ياقىلاپ يىغلاپ ئوتەر.

قىزىل ئالما چىچىگىنى،
ئاپتاپتا قويۇپ قۇرۇتاي.
ياخشى - ياخشى خۇيلىرىڭنى
ئەمدى قاچان ئۇنۇتاي.
ئوتلىرى قىلدى كاۋاپ
باغرىمنى يىرىپ باقسىلا.
سۇ قويسام ئوچمەيدۇ،
بىپىجىنىڭ گىياسى ياقسىلا.

ئايمۇ بولدى، يىلمۇ بولدى،
ئوتلىرىدا كويگىلى.
ئىنتىزار بولدۇم ئەجەپ،
ئاي يۈزلىرىنى كورگىلى.
ئاي يۈزىڭنىڭ شولىسى،
چۈشتى چىنە - پىيالىگە.
رەھىمگىز كەلمەيدىكەن،
بىز پىقىر بىچارىگە.

ئات مىنىپ سەيناغا چىقساڭ،
قامچا دەستەڭ مەن بولاي.

ھەممە خەقنىڭ كوزى سەندە،
تىل تۇمارىڭ مەن بولاي.
ئاق تىرەكنىڭ تۇۋىدە،
مىنىڭ يارىم سازەندىدۇر.
سازىدا ئۈن بىرىدۇ،
دىدار كورۇشمەك نەدىدۇر؟

يەنە سازەندە يارىم،
ساز ئالسىنا ـ ساز ئالسىنا.
ئارىدا ئەلچى قويۇپ،
ئوز ئاغزىدىن گەپ ئالسىنا.

بىشىم كەتمەس بۇ سەۋدادىن،
بۇ سەۋدا كەتمىدى باشتىن.
جاپانى كىم تولا تارتسا،
گوھەرنى شۇ ئالۇر تاشتىن.

سىنى موللا يىگىت دەيدۇ،
سىنىڭ موللالىغىڭ ياخشى.
سىنىڭدەك بىۋاپا ياردىن،
مىنىڭ تەنھالىغىم ياخشى.

سىنى ئاندا ياراتىپتۇ،
مىنى مۇندا ياراتىپتۇ.
ئىككىمىلەن ئاراسىدا،
ئۇزۇن سايىنى ياراتىپتۇ.

قارىسام كوزۇم يەتمەس،
تاغنىڭ ئارقىدا يۇرتۇڭ.

ئەجەپ بىر يامان كەلدى،
يارىم خان سىنىڭ ئوتتۇڭ.
قۇم سىرىلىدۇ قۇم تاققا،
باغلىنىپ قالدۇق بۇ ياققا.
شول خۇدانىڭ تەقدىرىدىن
ئايرىلىپ قالدۇق يىراقتا.

قارا ئۇينىڭ مۇڭگۈزىنى،
ئىجىگىڭگە دەستە قىل.
ئەر بولساڭ بېلىگىنى باغلاپ،
دىگەن گېپىڭگە قەستە قىل.

گۈل گۈلىستان بولغىدەك،
ئالەم گۈلىستان بولغىدەك.
يار بىلەن تېپىشقاندا،
چۆللەر گۈلىستان بولغىدەك.

مەن ئۆزەم گۈل ھەم زىنۇى،
بەلگەمنى بەرمەسمەن ساڭا.
سايەم ساڭا گۈل كورۇنەر،
ئۆزەم كورۇنمەسمەن ساڭا.

سايدا بوستان سالىمەن،
سايىداپ ئوتتۇڭ يارىم.
گۈل شارابى تۇتىمەن،
مەس بولۇپ ئوتتۇڭ يارىم.

بۇ ھاراق ياخشى ھاراق،
يار ئۇچۇن ئىچكەن ھاراق.

يار يىراقتىن كەلگىچە،
چىقمايدۇ جانلار پاتراق.

ئىچمەدەرلەر ـ ئىچمەدەرلەر،
ئىچمىگەنلەر قايدا بار.
ياخشىلارنىڭ ھاراقىنى،
ئىچسە تەنگە پايدا بار.

ئالا غوللۇق غاڭزىنىڭ
سىرىق ئىكەن جويزىسى.
قۇمۇل شەھرىدە يوق ئىكەن،
بىزنىڭ يارنىڭ ئۇجۇرىسى.

يۇقۇرىدىن شامال كەلدى،
ئۇستەڭنىڭ شامالىمۇ؟
بېشىم ئايلىنىپ كەلدى،
يارىمنىڭ خۇمارىمۇ؟

بىر ئىلان پەيدا بولۇپتۇر
يارىمنىڭ بۇلاقىدا.
يار بىزنى خىيال قىلسا،
يارنىڭ بىز قۇلاقىدا.

ئاي خېنىم، ئايلا خېنىم،
ئايدەك يۈزىڭگە بوستان سالاي.
يولدا ياتقان چار ئىلاننىڭ
بويىنىغا زەنجىر سالاي.

يەنە قۇمۇل توغراقىنى،
ياندۇرسىلا چىراقچە يوق.

يار ئۈچۈن يىگەن تاياقنى
ئاقتۇرسىلا تىرناقچە يوق.
مەن باردىم بۇلۇك بىلەن،
تارتىپ ئۇردى تۇلۇم بىلەن.
ئارزۇلاپ تۇتقان يارىمنى،
ئايرىپ سالدى زۇلۇم بىلەن.

سېرىق زەپەر بويلۇغۇم،
سايلارغا سىلىپتۇ شاخىنى.
ئۆزى يىراققا كېتىپ،
يۈرەككە سىلىپتۇ داغىنى.
ئىچكىلى چاي بولغىچە،
ئولتۇرغىلى جاي بولسىچۇ.
قەدىر بىلمەس يار بولغىچە،
پاتقاق بىلەن لاي بولسىچۇ.

چايى دەيدۇ، چايى دەيدۇ،
چاينى قايناتماقتا بار.
مەقسىدىمىز چايدا ئەمەس،
بىردەم ئولتۇرماقتا بار.
مەن يارىمنىڭ دولىتىدە،
ئولتۇرۇپ ئاچتىم كوڭۇل.
ئولتۇرۇپ ئاچسام كوڭۇل،
قىپ ـ قىزىل ئاچىلدى گۇل.

قاراقاش قاشتا بولۇر،
سەگۇنچىگى چاچتا بولۇر.

ئاۋال ئاخشام بىرنى سۈيسەم،
ئەتىلىك ناشتا بولۇر.

باغ دىسەڭ يۇفاڭغا بار،
هاراق دىسەڭ شوفاڭغا بار.
قېشى قارا يارنى دىسەڭ،
ئىستەپ سوراپ تۇرپانغا بار.

چىنە بىيجىڭدىن چىقۇر،
تاماكا لەمجىندىن چىقۇر.
ياغلىغىڭ قەشقەرچە بولسا،
چوكان ئالدىڭغا چىقۇر.

هاۋانىڭ تۇمانىدىن،
بېشىم ئايلىنىپ كەلدىم.
ئىزلەڭلا، سورىماڭلا،
ياردىن ئايرىلىپ كەلدىم.

ئاتلارنىڭ ئاراسىدا،
مىنگىدەك ئېتىڭ بارمۇ.
ئەجەپ ياخشى قارايسەن،
قىلغۇدەك گېپىڭ بارمۇ.

دەريانىڭ ئوتتۇرىسىغا،
سالدىم كېمە ـ سالدىم كېمە.
خايى ئاقسۇن ـ ئاقمىسۇن،
سەن ئۈنىڭدىن غەم يىمە.

قىش كۈنى ئوۋغا چىقىپ،
سۇقسۇرنى كورگەن بارمىدۇ.

ئۇز ياردىن ئايرىلىپ،
شەھرىگە يانغان بارمىدۇ.

سۇدا سۇقسۇر بولغىچە،
چوللەردە ئۇدەك بولسىچۇ.
كىشلەرنىڭ بەدنامىغا،
يارىم ۋاپادار بولسىچۇ.

قارچۇغام قۇشلاي سىنى،
ياخشىغا چۇش - ياخشىغا چۇش.
سايدا ئۇدەككە سالاي،
ئىلغاپ بىرىپ سۇقسۇرغا چۇش.

باغدا پاختەك، چولدە ئۇدەك
سۇدا سۇزۇپ يۇرگىدەك.
مەن يارىمنى ئاڭلىسام،
نەلەردە ئۇيناپ يۇرگىدەك.

مەن ئۇزەم مۇجاڭ بولۇپ،
سالدىم ياغاچقا رەندىنى.
بىۋاپا شۇ يار ئۇچۇن،
كىيدىم كۇلايۇ جەندىنى.

كوچىلاردا ماڭماڭلار،
كوچىلاردا تىكچى بار.
سىز بىزنى كىچىك كورمەڭ،
قوسغىمىدا بەگسى بار.

چىنلار سۇنۇپ كەتتى،
چەينەكلەرگە دەز كەتتى.

ئۆستەڭ ياقىلاپ يار تۇتسام،
بىرنى سۆيمەي داڭ كەتتى.

تاماكىنى تارتىمەن،
دەردى بالانى تارتىمەن.
بىر سىلىم تاماكىنى،
يارىم بىلەن تەڭ تارتىمەن.

ئاۋسارايدىن چىقىپ كەلدىم،
ئاق قەغەزدەك ئاقىرىپ.
ئارقامدىن قاراپلا قالدىڭ،
زەپىرەڭدەك ساغىرىپ.

زەپىرەڭ سۇدا بولۇر،
سۇدىن تۆۋەن لايدا بولۇر.
ھەر كىشىنىڭ يارى بولسا،
كۆزى يوللاردا بولۇر.

يارىمنى ئاغرىپتۇ دەيدۇ،
مەن بېرىپ كۆرۈپ كېلەي.
ئاغرىسا ـ ئاغرىمىسا،
باشىدىن ئۆرۈلۈپ كېلەي.

يار يامانلاپتۇ يارەنلەر،
ئېلىۋالايلى كۆڭلىنى.
زەر بېرىپ، زەپەر بېرىپ،
سېتىۋالايلى كۆڭلىنى.

باغ ئارىلاپ يۈرگەندەك،
باغلار ئارىلاپ يۈرگەندەك.

شۇغىنە مېنىڭ يارىمنى [illegible]
كىمدىن يامانلاپ بۇزغۇنداق [illegible]

[illegible] كويمەيدۇ،
[illegible] قويسا كويمەمدۇ.
[illegible] يارلارنى،
[illegible] قويسا كەلمەمدۇ.

ئىگىز ئاسماندا [illegible]
مەرغۇلاندا تاڭ ئاتتى [illegible]
يار ئۆتتى يامان [illegible]
هەر تەرەپكە قاراتتى. [illegible]

ئاق ئالما، قىزىل ئالما،
جالانى ئۈزۈن سالما.
[illegible] ئالمايمەن،
[illegible] ياندۇرما.

ئالملىق باققا كىرىپ [illegible]
بىر ئالمىنى يەمدۇ كىشى [illegible]
غۇنچىدەك يارى تۇرۇپ،
باشقىنى دەمدۇ كىشى [illegible]

ئاق تەڭگە پۇلۇم بولسا،
[illegible] ساراي سالسام.
كوڭلۈمدىكى يار بولسا،
[illegible] پاراڭ سالسام.

يارىم بەرگەن بەش ئالما
بەشلىسى قوينۇمدا.

چوچۇپ - چوچۇپ ئويغانسام،
يارنىڭ قولى بوينۇمدا.

موللىنى نەدىن بىلۇرسەن،
دەستۇرىدە قەلىمى.
يېڭى يارنىڭ ئوتى تولا،
كونا يارنىڭ ئەلىمى.

كەچ بولۇپ يۇلتۇز چىقىپتۇ،
مەن قاچان ئويگە ياناي.
بىرگىنە ئالما بېرىڭ،
يولداش قىلىپ ئويگە ياناي.

چىرايىم سېرىق سامان،
يارىم سېنىڭ ئوتۇڭ يامان.
ئولۇمگە ئىلاجى يوقتۇر،
تىرىك ئايرىلغان يامان.

قارا قاش كىردى بازارغا،
قېشىنى بازار ئېتىپ.
ھىچلا ئىش كەلمەس قولۇمدىن،
يار خىيالىغا يېتىپ.

قالىغاچ ئوزى قارا،
ئۇچسا ئۇنىڭ باغرى ئالا.
موردىن چىققان تۇتۇندەك،
بىۋاپانىڭ كوڭلى قارا.

ئاي دىگەي ئاپپاق يۇزۇڭگە،
تامغىدەك ياشىم مېنىڭ.

ئاخىرى يار دەردىدە،
كەتكىدەك باشىم مىنىڭ.

باغىڭغا كىرىپ باقسام،
ئۈرۈگىڭ ئەجەپ شاخلىق.
چۈشۈمگە كىرىپ قاپتۇ،
مېھرىۋان سوزى تاتلىق.

مەن بېغىڭغا كىرمىدىم،
بىر گۈلۈڭنى ئۈزمىدىم.
ئەقلى بولسا كېلەر دەپ،
ئۈمىدىمنى ئۈزمىدىم.

باغچىلارغا سۇ توشۇپتۇ،
مۇز بولۇپ تېپىلغىدەك.
مەن ئەجەپ گەپلەر ئىشىتتىم،
يۈرىگىم يېرىلغىدەك.

كويە - كويە كۈل بولۇرمەن،
ياغلىغىڭغا تۈگ مىنى.
ھەر زامان يادىڭغا كەلسەم،
ئىچىپ - ئىچىپ كور مىنى.

يارغىنەم نەدە ئىكەن،
مەن ئاڭلىسام - مەن ئاڭلىسام.
ئارىدا ئەلچى قويۇپ،
ئۆز ئاغزىدىن سۆز ئاڭلىسام.

ياغلىغىمنىڭ ئۇچىدا،
گۈل ساقلىدىم مەن ساڭا.

ئاڭلىسام سەن گۈل ئىزلەپسەن،
گۈل ئەمەسمۇ مەن ساڭا.

گۈل تېرىدىم كورسىلە،
ئۇسما تېرىدىم كورسىلە.
بىر قويۇم ئۇسما بېرەي،
بوينۇمنى قايرىپ سۆيسىلە.

قول سېلىشىڭنى ئۇنۇتسام،
كوز قارارىڭغا نىتەي.
ساڭا ئۆگەتكەن كوڭۈلنى،
ئەمدى كىمگە ئۆگىتەي.

قارا زۇچۇ پۆتىنى،
ئىككى چىگىپ باغلىدىلا.
يار ئۈستىگە يار تۇتۇپ،
بېغىر يۈرەكنى داغلىدىلا.

ئاسماندىكى چولپان يۇلتۇز،
يۇلتۇزلارنىڭ يورۇغى.
كىچىككىنە يارىم بار،
قىزىل گۈلنىڭ پۈرۈغى.

كوككىنە كەپتەر بولۇپ،
قونسام دەرەخنىڭ بېشىغا.
ساغىرىپ ئولتۇرغىچە،
يەتسەم يارىمنىڭ قېشىغا.

دوڭ مەلىگە ئوي سالدىم،
قۇم چوگۈنگە چاي سالدىم.

قۇمۇلدىكى يارىمغا،
پوچتا بىلەن خەت سالدىم.

مەن كەلدىم شۇندىن شۇنچە،
خۇدانىڭ پەرمانىچە.
رۇم شەھرىدىن قىز ئالدىم،
ئېتى سۇلتان بۇۋۇنچە.

قاشىم ئەسلى قارادۇر،
ئۇسما قويغۇم يوقتۇر.
سەن مېنى ئولتۇرمىسەڭ،
ئۆزەم ئۆلگۈنۈم يوقتۇر.

دوستقا دوست قىلدىڭ مېنى،
دۈشمەنگە دوست قىلدىڭ مېنى.
سۈرە ياسىننى ئوقۇتۇپ،
ئايرىلغۇسىز قىلدىڭ مېنى.

ھاۋادا تۇرنا كېلەدۇر،
گۈل شېخىغا قونغىلى.
گۈل شېخى ناز قىلادۇر،
تۇرنىنى قوندۇرغىلى.

ئاتا - ئانامدىن ئەزىز،
چولدە سۇ بەرگەن قاپاق.
بۇ مېنىڭ بىچارە كوڭلۇم،
مېھرىۋان يارغا قاراق.

كوڭلۇمنى ئۇستۇرەي دىسەم،
مېنىڭ كوڭلۇم ئۇسمەيدۇ.

قانداق ئوتلۇق يارىم بىلەن، ئالىق پەسلىدە
ئوتۇك سىينىڭ ئوچمەيدۇ، سالماي بىلەن ئاغزى

بوغداي باغلىغان ياغلىق،
يۈرەكنى داغلىغان ياغلىق.
خەق مىنى ساراڭ دەيدۇ،
يار دەردىدە مەن ئاغرىق.

قايناپ تۇرغان بولاقتا،
چۆمۈچ سىلىپ باققان يوق.
سىز ئۇياقتا بىز بۇياقتا،
مۆكۈدىشىپمۇ باققان يوق.

قارچۇغام ئۇچۇپ كەتتى،
بىر تۇتام بېغى بىلەن.
خىيالىڭنى ئىككى قىلما،
يۈرىمەن سىينىڭ بىلەن.

توگە بالىسى تايلاق،
تالنىڭ ئۇچىنى يەيدۇ.
مۇشۇ كەمنىڭ قىزلارى،
كوزنىڭ يېغىنى يەيدۇ.

قارىسام كوزۇم يەتمەس،
قىچقارسام ئۈنۈم يەتمەس.
سەن يارنى خىيال قىلسام،
گىلىمدىن غىزا ئۆتمەس.

قىل بىلەن تۇككەن تۈگۈشنى،
قول بىلەن بولماس كېسىپ.

ئەپلىشىپ قالغان كۆڭۈلنى،
گاڭ بىلەن بولماس كېسىپ.

خۇمار كۆزلىگىم يارىم،
كۆيدۈرمە مېنى مۇنچە.
يا ئۆلتۈر مېنى قىيناپ،
ياكى سۆيگەن ئۆلگۈنچە.

ئالما يېگىم كېلىدۇ،
غورا يېگىم كېلىدۇ.
كۆڭلۈمدىكى شۇ يارنى،
كۈندە كۆرگۈم كېلىدۇ.

سەن مېنى ئۇردۇم دەمسەن،
سېپى چولاق قامچاڭ بىلەن.
سەن مېنى سوكتۇم دەمسەن،
سو تىغى يوق ناخشاڭ بىلەن.

قۇمۇل يولى يول بولسۇن،
يانتاقلىرى كۆل بولسۇن.
مەندىن باشقا يار تۇتساڭ،
ئىككى كۆزۈڭ كور بولسۇن.

سەن تاشلاپ كەتكەن بىلەن،
ئۆلدۈممۇ مەن كۆيدۈممۇ مەن.
ساغىرار ئۆلمەس چىرايىم،
ياردىن ئايرىلغان بىلەن.

ئالتۇن قۇلۇپ، كۆمۈش پەردە،
كىلىتى مەندە.

يار يىراقتا بولغان بىلەن،
خىيالى مەندە.

كېچىمۇ كېچە بولسا،
كۈندۈزمۇ كېچە بولسا.
يار بىلەن تېپىشقاندا،
تاڭ ئاتماس كېچە بولسا.

قىزىل - قىزىل كورۇنگەنلەر،
سايىنىڭ تۈلكەسى.
ئولتۇرىدۇ، تۇرغۇزىدۇ،
يارنىڭ كۈلكەسى.

يارىم كېلىدۇ قاراپ،
زۇلپات ساچىنى تاراپ.
مەن يارغا نىمە قىلدىم،
يامان كوز بىلەن قاراپ.

كاككۇگۇم كاككۇك ئېتەدۇر،
ئۇنى تاغلاردا غېرىپ.
بىز ئىككىيلەن دوست بولايلى،
سىز مۇساپىر بىز غېرىپ.

ئاپپاق سۇلتان جىنازاڭغا،
بۇلبۇل قونۇپتۇ.
ئايدەك يۈزگە، چولپان كوزگە،
تۇپراق تولۇپتۇ.

يارىمنىڭ قۇلاقىغا،
يىۋانە (هالقا) بولاي دەيمەن.

ئۆك يېنىمغا چاچ قويۇپ،
دىۋانە بولاي دەيمەن.
ئالمىخان دەيمۇ سىنى،
لەيلىخان دەيمۇ سىنى.
باغدا باققان پاخلىنىمدەك،
ئولتۇرۇپ يەيمۇ سىنى.
ئاتىم مىنىڭ چىلان تورۇق،
چىلاندىن ئىگەر،
يىراقتىكى يارنىڭ ئوتى،
يۈرەككە تىگەر.
ئاق تىكەن گۈر - گۈر كويەدۇر،
كوك تىكەنگە چارە يوق.
مەيلى بار ئوتتا كويەدۇر،
مەيلى يوقنىڭ كارى يوق.
دەردى تولا شۇ يارنىڭ،
كوڭلىنىڭ ئارامى يوق.
قاراپ باقچۇ شۇ يارغا،
بۇرۇنقى چىرايى يوق.
ئالتۇن تارتقان تارازاڭدا،
تاشنى تارتايمۇ.
بىۋاپا شۇ يارنى دەپ،
جاننى ساتايمۇ.
ئاق جۇجەم پىشتى توكۇلدى،
يىمىدىم تاتلىق ئىكەن.

دۇنيانىڭ مازۇزلىغى،
ئاشىق بىلەن مەشۇق ئىكەن.

قارا ـ قارا قاشلارىڭ،
سىلكىنەدۇر چاچلارىڭ.
ساڭا نىمە دەرت كەلدى،
كىرپىك ئارا ياشلارىڭ.

ئىگىز يەرگە دالان سالسام،
يارىشىپ قالدى.
چىرايلىقتىن ئاشىق تۇتسام،
تالىشىپ قالدى.

ساي تۇۋەن يۈگۈرەپتىمەن،
كىردى ئاياغىمغا تىكەن.
چىرايلىق يار تۇتماڭلار،
ۋاپاسى بولماس ئىكەن.

قارلىق تاغدا ياز بولمايدۇ،
قىش ـ ياز زىمىستان.
كەچىمەس كوڭلۈم كەچكەيمىكىن،
سەندىن ئايرىلسام.

دەردىم تولادۇر مىنىڭ،
بىشىمدىكى ساچىمدەك.
دەرت تارتماي ئۆلۈپ كەتسەم،
ھاۋادىكى لاچىندەك.

چىقىپ ئالدى تىرەككە،
ئوتنى ياقتى يۈرەككە.

مېنىڭ كوڭلۇم ئۇنۇمايدۇ،
قارا كوزدىن بولەككە.
تاماكاڭنى تارتقان بىلەن،
غىزا بولامدۇ.
قۇرۇق بەدنام كوتەرسەڭ،
ئىزا بولمامدۇ.

چايغا باق دەيسەن مېنى،
چايغا باقماي نەگە باقاي.
ئىچى گۇللۇك، تېشى مارجان،
چىننى قايدىن تاپاي.

باغ ئىچىدىن ئاڭلىسام،
كەلمىگۇدەك يارىم مېنىڭ.
قايدا بولسا بارلا بولسۇن،
ئولمىسۇن يارىم مېنىڭ.

ئاپپاق ئايدىڭغا چىقىپ،
تۇرسام كوڭلۇم قايان باقۇر.
كۇندۇزى ئاپتاپقا چىقىپ،
ئايدەك چىرايىم ساغىرۇر.

كەل يارىم ئولتۇر قېشىمدا،
باشقىلار قالسۇن قاراپ.
كوزلىرىگە قان يۇگۇرسۇن،
بىز ئىككىمىزلەنگە قاراپ.

شۇ يارىمدىن مەن يىراق،
شول يارىم مەندىن يىراق.

شول يارىم يادىمغا كەلسە،
ياندۇرارمەن شام چىراق.
سۈزۈك سۈنى لاي قىلغان،
چوڭ كوۋرۈكنىڭ توپىسى.
چوكانلارنى ئاق قىلغان،
بەيبەگخۇنىڭ ئۆپىسى.

بارارمەن يولۇم تۈزدۇر،
كېچە ماڭا كۈندۈزدۇر.
تاشلىۋەتسەڭ كېتەرمەن،
يارىم ئۇندا يالغۇزدۇر.

ئالمىخان تاغلارغا چىقتى،
ئاتلىرىنى تاقلاپ.
رەۋشخان قورايدا قالدى،
توشلىرىنى تاتلاپ.

هاۋادا غاز كېلىدۇ،
ئىگىز ئۇچۇپ پەس كېلىدۇ.
شۇغىنە ئايلا خېنىم،
هاراق ئىچىپ مەس كېلىدۇ.

چىنىنى بەرمەڭ نادانغا،
چېكىپ ئۇيناپ سىندۇرۇر.
كەم ئەقىل تەلۋە كوڭۇل،
قاچان كوڭلۈمنى تىندۇرۇر.

تاماكىنى سىز تارتىپ،
ئىسلىرى بىزگە كېلۇر.

ئاشىقلىقنى سىز قىلىپ،
داغلىرى بىزگە كېلۇر.

تاماكىڭىزنى تارتارمىز،
كاتتا دەڭدە ياتارمىز.
قاراقاش يارنى ساقلاپ،
شىرىنجاننى ساتارمىز.

ئۆچتىن - ئۆچتىن تۆگمە تۆگدۈم،
ئالتە ئەمەسمۇ
ئالتە ئايدىن ئەگەشكىنىم،
زايە ئەمەسمۇ.

دېپىنى چەرتسە بولۇر،
چېكىپ، سوقۇپ چەرتسە بولۇر.
دېپىنى چەرتالمىسا
چەرت كۆچمىگە بەرسە بولۇر.

ئاستا - ئاستا بىر - بىر بېسىپ،
كوچىنىڭ باشىغا كەل.
چىن ئاشىق بولاي دىسەڭ،
تاماكا سال قاشىمغا كەل.

سۇدا سۇقسۇر بوغاز بولسا،
تامادۇر قانى،
ياخشىنىڭ قولىدادۇر،
يامانىنىڭ جانى.

چاپىنىمنىڭ يېڭىنى،
بېشىمغا قويدۇم تېڭىنى.

ئارزۇلاپ تۇتقان يارىم،
ئازلا قويدى جېنىمنى.

ئەتىگەندە شەبنەمدە،
يورغىلايدۇ بوز توشقان.
بىزنىڭ يار قارا كوزنىڭ
لېۋىگە ناۋات قوشقان.

يارىمنىڭ ياغلىقىدا،
تۇگۈن - تۇگۈن كەشتىسى بار.
يارىمنىڭ خىيالىدا،
مېنى تاشلاپ كەتكىسى بار.

ئوڭ يېنىمدىن ئاي چىقتى،
سول يېنىمدىن قارىغىنا.
قەغىزىمنىڭ ئازلىقىدىن،
نامە يازدىم ئازغىنا.

چىلان تورۇق ئېتىمنىڭ،
سوڭگىچىدە ئالاسى.
كوچاردا بىر يارىم بار،
قارچوغىنىڭ بالاسى.

قار بىلەن مولدۇر يېغىپتۇ،
كەلمە يارىم ئىز چىقۇر.
ئاخشام كىلىپ ئەتە يانساڭ،
ھەممە خەقتىن سوز چىقۇر.

يار بېغىغا بېرىپتۇ،
ئويى يوق نەدە قونۇر.

يوللاردا دەڭلەر تولا،
پاڭچەن بىرىپ دەڭدە قونۇر.
يارغىنەم گۈل بىرىدۇ،
باغدا ئولتۇرۇپ يەڭ ئىچىدە.
گۈلنى قانداق ئالاي مەن،
شۇنچە خەقنىڭ ئىچىدە.
ئوڭ قولۇمغا ئۈزۈك سالدىم،
سول قولۇمغا يوق.
شۇ يار بىلەن ئوتەي دىسەم،
ئانچە مەيلىم يوق.
بۇ يول بىلەن ماڭمايمەن،
هەر يەر بىلەن ماڭسام يول.
دوستنىڭ تولىسى دۈشمەن،
سەن ئوزەڭگە سەگەك بول.

## هەر خىل مەزمۇندىكى قوشاقلار

ئىشىك تۈۋىدە بىر ئىرىق،
بىر ئىرىقتا مىڭ ئىرىق.
بارچە ئاغرىق بىر سىرى،
يامان ئىكەن غىرىپچىلىق.
بۇ دۇنيادا ئۈچ نەرسە بار،
ئىزلەپ تىپىلماس.
بىرى ئاتا، بىرى ئانا،
بىرى قىرىنداش.

رۇم شەھرىدىن چىقىپ كەلسەم،
تۇتۇلدى تۇمان.
ئاتمۇ ياخشى ـ پۇلمۇ ياخشى،
غېرىپلىق يامان.

مۇز داۋان توپەسىدە،
لەپ ـ لەپ ئۇچىدۇ قۇشلار.
ئۆلۈپ كېتىمىز بىر كۈن،
ئوينىۋالىلى دوستلار.

ئىگىز قارىغاي تاغدا،
سۇلار ئاقىدۇ سايدا.
غېرىپلىق ئىسەر قىلدى،
ئاتا ـ ئانامىز قايدا.

قارچۇغۇم ئۇچتى قولۇمدىن،
پەلىيىمنىڭ يوقىدىن.
قارا كوز يىراقتا قالدى،
تەلىيىمنىڭ يوقىدىن.

دەريا سۈيى تارتىلدى،
يار ئالدىمىكىن باشتىن.
دوستلىرىم دۈشمەن بولۇپ،
ئايرىلدۇق قەلەم قاشتىن.

هاۋادىكى بوز لاچىن،
كورمەي تورغا چۈشەمدۇ.
ئادەم ئوغلى بېشىغا،
شۇنداق كۈنلەر چۈشەمدۇ.

بىزنىڭ ئۆيلەر بۇلاقتا،
خۇرجۇن ـ قاچا ئۇلاقتا.
مىنى دىگەن دوستلىرىم،
شەن يامۇلدا سولاقتا.

قىزىلگۈللەر ئېچىلسا،
ئاقئۇەت لەيلى بولۇر.
هەر بۇلاقتىن سۇ تېشىلسە،
ئايىغى دەريا بولۇر.

كەمبەغەلنىڭ ئاتلىرى،
تاسقىمىغان قوناق يىدى.
بىزنى ئەزگەن زالىملار،
بېشىغا چوماق يىدى.

ئاقار ياشىم تامار ياشىم،
يېشىلگىن باشىم.
مەن ئولگەندە ئوبدان يىغلاڭ،
جان قېرىنداشىم.

يازغى بۇغداي مايسا بولدى،
شاخى قويىدى هەر تەرەپ.
دوستلۇغىمىز شۇنچە ئىكەن،
دۇشمەن بولدى بىر تەرەپ.

ئېتىگىمگە قان توكۇلدى،
قان ئەمەس ياشىم مىنىڭ.
دوست ـ دۇشمەن ئاراسىدا،
پاتمىدى باشىم مىنىڭ.

ياخشىلىقتا دوستمۇ ـ دوست،
دۇشمەنمۇ دوست.
باشقا كۈن چۈشكەن زامان،
جان قېرىنداش جانغا دوست.

يازغى بۇغداي مايسا بولدى،
كۈزگى بۇغدايلار قېنى.
جان چىقۇر هالەتكە يەتتىم،
جان قېرىنداشلار قېنى.

دەردى يوق دەمسەن مېنى،
دەرت ئەمەسلا بىر غورا.
ئىككى دەرتمەن بىر بولۇپ،
هالىم سورىسا نە بولار.

ئارا تامنى تاغ دىمەڭلا،
ئاراتام بەهىش ئىكەن.
ئۈستىدە قارلار يېغىپتۇ،
ئاستىدا كىشمىش ئىكەن.

قەندى ناۋات ئاغزىڭدىدۇر،
شېكەر لېۋىڭدا.
سېرىق زەپەر قات ئاچىلۇر،
باسقان ئىزىڭدا.

سېرىق زەپەر قات ئاچىلسا،
ئۈچ كۈن ئاچىلۇر.
مەن يارىمنى كۈندە كورسەم،
كۆڭلۈم ئاچىلۇر.

قانداق كىشى كېتەرىكىن،
يارىنى تاشلاپ.
مەيلى بولسا ئېلىپ كەتسۇن،
ئۆيىگە باشلاپ.

تاشلاپ كەتسەڭ كەتكىنىڭنى،
ئۇنۇتمىغايمەن.
ئەمدى كەلسەڭ قاشقىنامغا،
يولاتمىغايمەن.

ئارپا، پۇرچاق سامانىنى،
شامال ئايرىيدۇ.
ئىككى ياخشى بىر بولغاندا،
دۇشمەن ئايرىيدۇ.

كېۋەز ئۈزدۈم، كېۋەز ئۈزدۈم،
ياخشىلاپ ئۈزدۈم.
ياخشى كىشى يامانلارمۇ،
بىر قوۋۇز سوزدىن.

ياخشىلار ئىچسە هاراق،
بىزگىمۇ هاراق ئىچرۈر.
ئىچكىنىمدە كوپ گۇنا،
ئىچسەم خۇدايىم كەچۈرۈر.

ئاق ساقاللىنى كورۇپ،
مېنى قېرىدى دەيدۇ.
يىگىتلىك شەدنەمىدىن،
چۈشتى ساقاللىغا قىرو.

ئاتامۇ ئۆلۈپ كەتتى،
ئانامۇ ئۆلۈپ كەتتى.
بىر تۇققان قېرىنداشتىن
كوڭلۈم ئايرىلىپ كەتتى.

ئاھ خۇدايىم ـ خۇدايىم،
ئاسماندا ئادەم بارمىكىن.
بەندىلەر ئاراسىدا،
مەندىن گۇناكار بارمىكىن.

ئاتلار ئورۇق يوللار ئۇزاق،
كوزلەردىن ئۇچتى.
ئاتنى سىيمىز ساقلىغانلار،
قۇش بولۇپ ئۇچتى.

قارالسام كورۇنمەيدۇ،
دۇنيانىڭ ئۇچى.
دۇنيا دىگەن ئەسكى راۋاپ،
مەن يول ئوتكۈنچى.

تورغاي تولا سايرايدۇ،
داۋانچىگىنىڭ غولىدا.
ئولمەيمەن دىگەن بىلەن،
جان خۇدانىڭ قولىدا.

خۇدايا بەرمىدىڭ توھپىق،
ئەزەلدىن قاخشىغان قۇلمەن.
نەسىھەت سوزىنى ھەرگىز،
قۇلاققا ئالمىغان قۇلمەن.

دوپپىڭىز توپاق تېرىسى،
مەيدىڭىزگە قاقىسىز.
كوزىڭىز كانتۇ مۈشۈكتەك،
ھەربىر بۇلۇڭغا باقىسىز.

سۇ قۇۋۇقىنىڭ ئالدىدا،
مېنىڭ بېلىم يېشىلگىدەك.
خەقلەرنىڭ بەدىنامىغا،
قۇلاق - مېيەم تېشىلگىدەك.

قېرىنداشنى يەرگە سالسام،
تېرىسام ئۈنمەس.
كوز يېشىمنى دەريا قىلىپ،
سۇغارسام قانماس.

سەن ياراتتىڭمۇ مېنى،
ئاللا ياراتقان بەندىمەن.
بەندىلەرنىڭ ئىچىدە،
خوش بىتەلەي بەندىمەن.

ئاسماندىكى ئۈكەر بىز،
ۋاڭ غوجامغا نوكەر بىز.
كۈندۈزلىرى مەس بولۇپ،
كېچىلىرى بىكار بىز.

ئاتامنىڭ ئاتاسى يوق،
بېلىدە پوتاسى يوق.
ئىشەنمەڭلار ئالەمگە،
ئالەمنىڭ ۋاپاسى يوق.

ئاتالغلار ـ ئانالغلار،
دەستە ـ دەستە گۈل ئىكەن.
ئاتاسىزلار ـ ئاناسىزلار،
كويۈپ ئۆچكەن كۈل ئىكەن.

بۈگۈن كېچە بوران بولۇپ،
بارالىڭ ئۈرۈلدى.
يۈرەكتىكى سىرلىق سۆلار،
قانغا ئۈرۈلدى.

ئات مىنىپ كىمخاپ كىيىپ،
يارىم مېنى كويدۈرگۈدەك.
ئىچمىسەم مەن شول هاراقنى،
ئاخىرى ئۆلتۈرگۈدەك.

دەرەخ بولسا ئىگىز بولسا،
ئېگىلمەس بولسا.
كوپ ـ كوك يېشىل يوپۈرمىغى،
توكۈلمەس بولسا.

ياخشى ئادەم يامانلىنى،
دورىماس بولسا.
بىر ياخشىغا بىر يامانىنى،
بۈيرۈماس بولسا.

# خاسىيەتلىك ئەڭگۈشتەر

(چۆچەك)

بۇرۇنقى زاماندا بىر بوۋاي بىلەن موماي ئۆتكەن ئىكەن. ئۇلار ئاق كۆڭۈل، ئەمگەكچان كىشىلەر بولۇپ، بىرلا ئوغلى بار ئىكەن. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بوۋاي ئېغىر كېسەل بولۇپ يېتىپ قاپتۇ. ئۇ ھاياتىنىڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرىدا ئوغلىنى يېنىغا چاقىرىپ: ”بالام، مەن ساقىيالمايدىغان ئوخشايمەن، ئاناڭمۇ قېرىپ قالدى، مېنىڭ ئۆمۈر بويى كىشىلەرگە ئىشلەپ تاپقان 3 يامبۇ پۇلۇم بار. مېنىڭدىن كېيىن قالساڭ، ئۇنى بۇزۇپ چاچماي كېرەكلىك يەرگە ئىشلەت......“ دەپ ۋەسىيەت قىپتۇ. دادىسى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئوغلى ئۇنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە تىنىمسىز ئىشلەپ، ئانىسىغا ياخشى قاراپتۇ. بىر بازار كۈنى ئۇ: ”شەھەرگە كىرىپ بىر تاماشا قىلىپ چىقايچۇ“ دەپ كېتىۋاتسا، يولدا بىر توپ بالىلار بىر سۇ ئىلانىنىڭ بالىسىنى يىپ بىلەن چىگىپ، ئۇنى گاھ يولنىڭ يېنىدا ئېقىۋاتقان ئېرىقتىكى سۇغا، گاھ يولدىكى چاڭ توپىغا تاشلاپ، سۆرەپ يېرىم جان قىلىپ قويغانىمىش. يىگىتنىڭ ئۇنىڭغا بەك ئىچى ئاغرىپ قۇتۇل-

دۇرۇۋالماقچى بوپتۇ-دە: "باللار، ئۇنى ساتامسىلەر؟" دەپ سو-راپتۇ. باللار ئۇنى چاخچاق قىلىۋاتسا كېرەك دەپ بىر بىرىگە قارىشىپتۇ ۋە جاۋاپ تەرىقىسىدە: "ساتىمىز، بىر يامبۇ" دەپ چۇقۇرىشىپتۇ. يىگىت كېرەك بولۇپ قالار دەپ، يامبۇلاردىن بىرىنى يېنىغا سېلىۋالغان ئىكەن، ئۇ دادىسىنىڭ ۋەسىيىتىنى ئەسلەپ "كېرەك يەر دىگەن مۇشۇ ئەمەسمۇ" دەپ ئويلاپتۇ-دە، يامبۇنى باللارغا بېرىپ، سۇ ئىلاننىڭ بالىسىنى ئېلىپ مېڭىپتۇ ۋە ئۇنى مەخسۇس بىر ئويگە قويۇپ، بېقىشقا باشلاپتۇ. كۈن-لەردىن كۈن ئۆتۈپ، يەنە بىر بازار كۈنى ئۇ يانچۇقىغا بىر يامبۇنى سېلىپ شەھەرگە كېتىۋاتسا، يولدا يەنە بىر توپ باللار بىر سېرىق كۈچۈكنى بوينىدىن باغلاپ، سۆرەپ قوغلاپ ياكى چالما ئېتىپ، ئۇنىڭ ھەر بىر ھەركىتىگە قىزىقىپ چۇقان-سۈ-رەن بىلەن ئوينىشىۋاتقۇدەك. يىگىتنىڭ ئۇنىڭغىمۇ رەھمى كېلىپ: "باللار، كۈچۈكنى ساتامسىلەر؟" دىگەن ئىكەن، باللار: "ساتى-مىز، بىر يامبۇ" دىيىشىپتۇ. يىگىت ئۇنىمۇ بىر يامبۇغا سېتىۋېلىپ، ئايرىم بىر ئويگە سولاپ بېقىشقا باشلاپتۇ. كۈنلەردىن بىر كۈنى يەنە بىر بازارغا كەپتۇ. ئۇ ئاخىرقى يامبۇنى يانچۇقىغا سېلىپ بازارغا كېتىۋېتىپ، يولدا يەنە بىر توپ باللارغا دۇچكەپتۇ. باللار بۇ قېتىم بىر ئاسلاننى بوينىدىن باغلاپ ئويناپ، ئۇنىڭمۇ شۇنداق رەسۋاسىنى چىقارغانمىش. يىگىت ئۇنىمۇ بىر يامبۇغا سېتىۋېلىپ، ئايرىم بىر ئويدە بېقىشقا كىرىشىپتۇ.

يىللار ئۆتۈپتۇ. يىگىتنىڭ كوڭۇل قويۇپ بېقىشى نەتىجە-سىدە، ئىلان بالىسى يوغىناپ بىر ئويگە پاتماي قاپتۇ. كۈچۈكمۇ يولۋاستەك قاۋۇل، توپاقتەك يوغان بىر ئىت بوپتۇ. ئاسلانمۇ ئالاھىدە يوغان بىر مۈشۈك بوپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە، يىگىتنىڭ باشقا يۇرتلارغا چىقىپ كېتىپ كورۇشمىگىلى ئۇزۇن يىللار بولغان بىر ئاغىنىسى ئۇنى ئىزلەپ كېلىپ قاپتۇ. كونا دوستلار تېپىشقانلىقىغا خوشال بولۇپ، باشتىن ئۆتكەن كەچمىشلىرىنى سوزلىشىپتۇ. يىگىتمۇ ئۆز سەرگۈزەشتىلىرىنى سوزلەپ، ئىلان، مۈشۈك ۋە ئىت توغرىسىدا گەپ ئېچىپتۇ. ئاندىن ئۇنى ئوزىنىڭ بۇ ئاجايىپ نەرسىلىرىنى تاماشا قىلىشقا تەكلىپ قىپتۇ. لېكىن مۇنداق قىلىش — ئۆز بېشىغا بالا بولىدىغانلىقىنى ئويلىمىغان ئىكەن. ئاغىنىسى بىرىنچى ئويدىكى ئىلاننى كورۇپلا قورققىنىدىن دات - پەريات كوتىرىپ بەدەر قېچىپتۇ ۋە يىگىتنى پادىشاغا قارشى ئىسيان كوتەرمەكچى دەپ ئەرز قىلماقچى بوپتۇ.

يىگىت بولسا بۇنىڭدىن قاتتىق غەم - ئەندىشىدە قاپتۇ. ئەگەر پادىشا بۇ ئەھۋالنى ئۇقۇپ، ئوزىنىڭ قىلىچ - نەيزىلىك چېرىكلىرىنى ئەۋەتسە، ئۇنى تۇتۇپ كېتىشى ھەتتا ئولتۇرۇۋېتىشى تۇرغان گەپ. نېمە قىلىش كېرەك؟ مۇشۇنداق قىيىن ئەھۋالدا تۇرغاندا، ئىلان يىگىتكە قاراپ مۇنداق دەپتۇ: "ئەي شەپقەتلىك ئىگەم، مېنىڭ ماكانىم نەسلى بۇ يەردىن ئۈچ كېچە - كۈندۈزلۈك يولنىڭ نېرىسىدىكى قەدىمقى تاغ - ئورمانلاردا. مېنىڭ ئاتا - ئانا، ئۇرۇق - تۇققانلىرىمنىڭ ھەممىسى شۇ يەردە. مەن بولسام، ئەقىلسىزلىقىمدىن ئاتا - ئانامنىڭ نەسىھەتلىرىگە قۇلاق سالماي، بېشىم قايغان، پۇتۇم تايغان يەرلەردە يۇرۇپ، ئاخىرى ئېزىپ - تېزىپ بۇ يەرلەرگە كېلىپ قالدىم ۋە ھېرىپ - ئېچىپ ھالىم قالمىغاندا باللارنىڭ قولىغا چۈشۈپ ئويۇنچۇق بولدۇم. بەختىمگە سەن مېنى قۇتۇلدۇرۇپ، مۇشۇنداق بالاغەتكە يەتكۈزدۈڭ. بۈگۈن بىزنىڭ تۆپەيلىمىزدىن سەن بالاغا قېلىۋاتىسەن، ئەگەر ماقۇل

كۆرسەك ھازىرلا مېنىڭ ئۈستۈمگە مىن، مەن سېنى ئاپىرىپ ئاتا-ئانامغا كۆرسىتىمەن، ئۇلار مېنىڭ ھايات ئىكەنلىگىمنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە سېنىڭ ماڭا شۇنچىلا رەھىم-شەپقەت قىلغانلىغىنى ئاڭلىسا چەكسىز خۇرسەن بولىدۇ ۋە سېنى ئۆمۈر بويى بەختلىك قىلىدۇ“.

يىگىت بۇنى ئاڭلاپ دەرھال ماقۇل بوپتۇ ۋە ئانىسى ۋە باشقا نەرسىلىرىنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ، ئىلانغا مىنىپ يولغا راۋان بوپتۇ. ئۇلار ئۈچ كېچە-كۈندۈز يول يۈرۈپ، يول يۈرگەندىمۇ يول يۈرۈپ، ئاخىرى بىر قەدىمىي تاغ ئورمانلىقتا يېتىپ كەپتۇ. بىر غارنىڭ قېشىغا كەلگەندە، ئىلان يىگىتنى ئۈستىدىن چۈشۈرۈپتۇ. چۈنكى ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسى مۇشۇ غارنىڭ ئىچىدە ئىكەن. ئۇ ئاۋال يىگىتنى بىر يەرگە يوشۇرۇپ قويۇپ، ئاتا-ئانىسىنى ئەھۋالدىن خەۋەردار قىلىش ئۈچۈن غارنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىپتۇ. بۇ چاغدا ئاتا-ئانىسى يوقالغان بالىسىنىڭ دەردىدە كېچە-كۈندۈز ھەسرەت چېكىپ، ئېغىر كېسەل بولۇپ قالغان ئىكەن. ئۇ ئاتا-ئانىسىغا ئۆزىنىڭ پۈتۈن سەرگۈزەشتىلىرىنى، يىگىتنىڭ ئۆزىنى قۇتقۇزۇپ قالغانلىغى ۋە قىلغان ياخشىلىقلىرىدىن تارتىپ، ھازىرغىچە بولغان ئەھۋاللارنىڭ ھەممىسىنى بىر-بىرلەپ بايان قىپتۇ. ئاتا-ئانا ۋە بالا قايتىدىن كۆرۈشكىنىگە خۇشال بولۇپ، قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپتۇ. ئاندىن ئاتا-ئانىسى ئۆز بالىسىغا شۇنچىلىك غەمخورلۇق قىلغان يىگىتنى ئالدۇرۇپ كېلىپ، ئۇنىڭغا چوڭقۇر مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپتۇ ھەمدە ئۇنى ھەر جەھەتتىن ئالاھىدە كۈتۈپتۇ.

يىگىت بۇ يەردە بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن، يەنىلا ئانىسى ۋە يۇرتىنى سېغىنىپتۇ ۋە قايتىش ئىستىگىنى ئىزھار

قىپتۇ. ئىلان بالىسى بۇنى ئاڭلاپ كوڭلى قاتتىق يېرىم بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ راينى قايتۇرۇشقا ئامالسىز قىلىپ: ”بوپتۇ، بۇمۇ ئىختىيارىڭ، ئاتا - ئانام بۇنى ئاڭلىسا، سېنى ھەرگىز قۇرۇق قايتۇرمايدۇ. ئالتۇن ۋە مال - دۇنيالاردىن خالىغانچە ئال دېيىشى مۇمكىن. بىراق سەن بۇنداق نەرسىلەرنى ئالمىغىن، چۈنكى ئۇنى ئېلىپ يۈرۈش ئەپسىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە بەرىبىر خەجلەپ تۈگە-تىسەن. دادامنىڭ بىر خاسىيەتلىك ئەگكۈشتىرى بار، ئۇنى دائىم ئاستىغا باستۇرۇپ ئولتۇرىدۇ. دادام سېنىڭدىن نېمە ئالىسەن دەپ سورىسا، سەن ئەنە شۇ خاسىيەتلىك ئەگكۈشتەرنى ئالىمەن دې-گىن. ئۇنى قولغا كەلتۇرسەڭ، نېمە تەلەپ قىلساڭ شۇ ھازىر بولىدۇ ۋە سەن ئۆمۈر بويى بەختلىك بولىسەن“ دەپتۇ. ئاندىن ئۇنى ئاتا - ئانىسىنىڭ قېشىغا باشلاپ كىرىپتۇ. دېگەندەك، يىگىت شۇنداق قارىسا، غارنىڭ ئىچىدە كېسەك - كېسەك ئالتۇنلار تۇر-غانمىش. ئىلان بالىسىنىڭ ئاتا - ئانىسى يىگىتنىڭ قايتىش تىلە-گىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئىلاجىسىز ئىجازەت بېرىپ: ”ئالتۇن ۋە مال - دۇنيالاردىن خالىغانچە ئال“ دەپتۇ. يىگىت ئالغىلى ئۇنىماپتۇ. ”نېمە ئالىسەن؟“ دېگەن ئىكەن، ”خاسىيەتلىك ئەگ-كۈشتىرىڭىزنى بەرسىڭىز“ دەپتۇ. ئۇلار چوڭقۇر ئويلانغاندىن كېيىن ئەگكۈشتەرنى بېرىپتۇ ۋە ئايرىلىشقا كوزى قىيمىغان ھالدا يىگىتنى ئۇزىتىپ قويۇپتۇ.

يىگىت ماڭا - ماڭا، ئاخىرى كەچ كىرىپتۇ. ئۇزۇن يول يۈرگەچكە قوساقلىرى ئېچىپ، ئۇسساپ ھالى قالماي بىر يەرگە بېرىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئاندىن ئەگكۈشتەرنىڭ خاسىيىتىنى سىناش ئۈچۈن، ئۆزى ياخشى كورىدىغان بىرنەچچە خىل تاماقنىڭ ئىسمىنى ئېيتقان ئىكەن، شۇ ھامان ئىسسىق، ھورى چىقىپ

تۇرغان تاماقلار پەيدا بوپتۇ. يىگىت قوساقنى تويغۇزغاندىن كېيىن، ئۆي ۋە ئورۇن-كۆرپە تەلەپ قىلغان ئىكەن، بۇ نەرسىلەرمۇ دەرھال پەيدا بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كېچىچە ياخشى ئۇخلاپ ھاردۇغىنى چىقىرىپتۇ. ئەتىسى سەھەر ئورنىدىن تۇرۇپ يەنە تاماق پەيدا قىلىپ يەپ، ئۆي ۋە ئورۇن - كۆرپىلەرنى تەلەپ بىلەن يوق قىلىۋېتىپ يولغا راۋان بوپتۇ. شۇ تەرىقىدە بىرنەچچە كۈن يول يۈرۈپ، قوسىقى ئاچسا تاماق پەيدا قىلىپ يەپ، ئۇيقۇسى كەلسە ئۆي پەيدا قىلىپ ئۇخلاپ ئەتىسى يەنە يوق قىلىۋېتىپ، ئاخىرى يۇرتقا كېلىپ ئانىسىنى تېپىپتۇ. بىچارە ئانا ئوغلىنىڭ كەلگىنىگە خوشال بولۇپ كۆز يېشى قىپتۇ. يىگىت ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەنلىرىنى ئانىسىغا سۆزلەپ بېرىپتۇ. لېكىن خاسىيەتلىك ئەڭگۈشتەر توغرىسىدا ئېغىز ئاچماپتۇ. ئۇ ئانىسىغا: "ئانا، مەن ساڭا ئۆي سېلىپ بېرىمەن ۋە ئۆمرۈڭنىڭ ئاخىرىغىچە سېنى بەختلىك قىلىمەن" دېگەن ئىكەن، ئانىسى ھەيران بولۇپ: "بىزنىڭ ھېچ نەرسىمىز بولمىسا، سەن قانداقمۇ ئۇنداق قىلالايسەن؟" دەپتۇ. يىگىت: "خاتىرجەم بول ئانا" دەپ تەسەللى بېرىپتۇ. يىگىت يېرىم كېچىدە ئورنىدىن تۇرۇپ بىر كەڭرى مەيدانغا كېلىپ، خاسىيەتلىك ئەڭگۈشتەردىن مۇشۇ يەرگە ئۆزى ۋە ئانىسى ئۈچۈن كېرەكلىك ھويلا - ئاراملىق ئۆي پەيدا قىلىشنى ئېيتىپتۇ. شۇ ھامان ئۇنىڭ دېگىنىدەك ھويلا - ئاراملىق ئازادە ئۆي پەيدا بوپتۇ. ئاندىن ئۇ، جاڭگالغا بېرىپ، خاسىيەتلىك ئەڭگۈشتەردىن قىرىق ئۇلاق ئوتۇن ۋە قىرىق خېچىر پەيدا قىلىشنى ئېيتىپتۇ. بۇ نەرسىلەرمۇ شۇ ھامان پەيدا بوپتۇ. يىگىت ئوتۇنلارنى ئۆيگە چۈشۈرۈپ، ھەممىنى غەملەپ ئانىسىنى چەكسىز خوشال قىپتۇ.

ئايلار - يىللار ئۆتۈپتۇ. ئانا ئۆز ئوغلىنى كۆڭۈلدىكىدەك
يەردىن ئۆيلەش، كۆزىنىڭ يورۇغىدا نەۋرە كۆرۈشنى كېچە -
كۈندۈز ئارزۇ قىلىدىكەن. بۇ توغرىدا ئوغلىغا قانچە مەسلىھەت
سالسىمۇ ئۇنىمايدىكەن. چۈنكى مۇشۇ شەھەر پادىشاسىنىڭ گۈ-
زەللىك ۋە ئەقىل - پاراسەتتە داڭقى كەتكەن بىر ساھىبجامال
قىزى بولۇپ، يىگىت ئۇنىڭغا ئۆزۈندىن بۇيان ئاشىق بولۇپ
يۈرگەن ئىكەن. ئانىسى ئۆيلىنىش مەسلىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇ-
ۋەرگەندىن كېيىن، ئاخىرى بىر كۈنى كۆڭلىدىكىنى ئانىسىغا ئېيت-
تىپتۇ ۋە ئۇنىڭ پادىشانىڭ قىزىغا ئەلچى بولۇپ بېرىشىنى ئىل-
تىماس قىپتۇ. ئانىسى بۇنى ئاڭلاپ قۇيقا چېچى تىك بوپتۇ ۋە
ئوغلىغا نەسىھەت قىلىپ: "بالام، بۇ نىمە دېگىنىڭ؟ ياكى ئەق-
لىڭدىن ئازدىڭمۇ؟ 'سۇنى سەپ سىڭەر يەرگە، گەپنى قىل سىغار
يەرگە' دېگەن گەپ بار. ئۆزىمىزگە ئوخشاش كەمبەغەللەرنىڭ
نى - نى قىزلىرى تۇرسا ئالماي، پادىشانىڭ قىزىنى ئالىمەن
دېگىنىڭ نىمىسى؟ ئەلچى بولۇپ بېرىش ئۇياقتا تۇرسۇن، بىزنىڭ
مۇشۇ گەپلىرىمىزنى ئاڭلىسىمۇ، پادىشا بىزنىڭ ئۇرۇغىمىزنى قۇ-
رۇتىدۇ. سەن مېنى خوشال قىلىمەن دېسەڭ، بۇ نىيىتىڭدىن يان"
دەپتۇ. لېكىن يىگىت يەنە ئانىسىغا يالۋۇرۇپ: "جېنىم ئانا،
'ئەلچىگە ئۆلۈم يوق' دېگەننى ئاڭلىمىغانمىدىڭىز؟ مېنى دېسىڭىز
تەلۋىمنى يەردە قويماڭ. بۇنىڭ ئۈچۈن، سىز ئەتە كۈن چىق-
ماستا ئورنىڭىزدىن تۇرۇپ، قولىڭىزغا سۈپۈرگە ۋە چېلەك
ئېلىپ، پادىشا ئوردىسىنىڭ ئالدىنى پاكىز سۈپۈرۈپ سۇ
چېچىپ قويۇپ كېلىڭ. بۇ ئىشنى بىرنەچچە كۈن داۋاملاش-
تۇرسىڭىز، پادىشا چوقۇم سىزنى چاقىرتىدۇ، شۇ چاغدا مەقسەتنى
ئېيتىسىز، قالغىنىنى ئۆزەم ئەپلەشتۈرىمەن" دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن

موماي ئوغلىنىڭ رايىنى قايتۇرالماي، ھەر كۈنى سەھەر تۇرۇپ ئوغلىنىڭ دىگىنى بويىچە ئىشلەۋېرىپتۇ.

ئەمدى پادىشاغا كەلسەك، ئۇ ھەر كۈنى ئوردا ئالدىنىڭ پاكىز تازىلىنىپ قويۇلۇۋاتقانلىغىنى كورۇپ ھەيران قاپتۇ. كىمنىڭ شۇنداق قىلغانلىغىنى سۈرۈشتۈرسە ھىچكىم جاۋاپ بېرەلمەگۈدەك. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ياساۋۇللىرىغا مەيداننى ھەر كۈنى يوشۇرۇن كۈزىتىشنى، كىمدە ـ كىم ئۇ يەرنى تازىلايدىكەن ئۇنى دەرھال ئوزىنىڭ ئالدىغا ئېپكېلىشنى بۇيرۇپتۇ. ياساۋۇللار پادىشانىڭ پەرمانى بويىچە كېچىچە مەيداننى كۈزىتىپتۇ. تاڭ ئاتاي دىگەندە قارىسا، بىر موماي سۇپۇرگە ۋە چىلەك كوتىرىپ كېلىپ مەيداننى تازىلاۋاتقۇدەك. ياساۋۇللار شۇ ھامان ئۇنى پادىشا ھوزۇرىغا ئەكىرىپتۇ. پادىشا مومايدىن بۇ ئىشنىڭ سەۋۋىنى سۈرۈشتۈرگەن ئىكەن، موماي شۇ ھامان پادىشانىڭ ئاياقلىرىغا يىقىلىپ، ئەھۋالنى بىر ـ بىرلەپ بايان قىپتۇ. پادىشا بۇنى ئاڭلاپ غەزەپلىنىپ جاللاتلىرىغا دەرھال مومايىنىڭ كاللىسىنى ئېلىشنى بۇيرۇپتۇ. لېكىن پادىشانىڭ بىر دانىشمەن ۋەزىرى بار ئىكەن، ئۇ پادىشاغا مەسلىھەت بېرىپ: "ئەي پادىشاھى ئالەم، سىلى پۈتۈن يۇرتنى باشقۇرۇۋاتقان ئادەم، ئەگەر بۇ مومايىنى سەۋەپسىزلا ئولتۇرگە بۇيرۇۋەتسىلە، پۇقرالارنىڭ ئالدىدا ئابرويىلىرىغا تەسىر يېتىدۇ. چۈنكى 'ئەلچىگە ئولۇم يوق' دىگەن گەپ بار ئەمەسمۇ؟ شۇڭا، ئۇنىڭغا ئورۇنلىيالمايدىغان تېخىر شەرتلەرنى قويسىلا، سىلى بەلگىلىگەن ۋاقىتتا شەرتلىرىنى ئورۇنلىيالمىسا، ئاندىن ئولتۇرسەكمۇ كېچىكمەيمىز" دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پادىشا مومايغا: "ئۇنداق بولسا ئوغلۇڭغا ئېيىت، مېنىڭ قىزىمنى ئالماقچى بولسا، 7 كۈن ئىچىدە مېنىڭ ئوردامغا ئوخشاش ھەيۋەتلىك

ئوردا سالسۇن، ئۇنىڭ تاملىرى ۋە نەقىشلىرىگە ئالتۇندىن ھەل بېرىلسۇن، ئۇنىڭ دەرۋازا ۋە سالاسۇنلىرى ياقۇتتىن، پەلەمپەي-لىرى مەرمەردىن بولسۇن، ئۇ ئوردا بىلەن مېنىڭ ئوردامنى تۇتاشتۇرىدىغان قىرىق مەيە قاتار ماڭسىمۇ تاقاشمايدىغان كەڭرى يول سېلىنسۇن. بەلگىلەنگەن مۇددەتتە بۇ شەرتلەرنى ئورۇنلىيال-مىسا، ھەر ئىككىڭنىڭ كاللىسىنى ئالىمەن" دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ياساۋۇللىرى مومايىنى داقىرىتىپ سورەپ، ئوردىدىن ھەيدەپ چىقىرىپتۇ.

قورقىنىدىن جېنى تۇمشۇغىغا كېلىپ قالغان موماي ھا-سىراپ، ھومىدەپ نەچچە يەردە پۇتلىشىپ، مىڭ بالالىقتا ئو-يىگە كەپتۇ ۋە "ئاقچى شۇم، كوكچى شۇم. مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلىماي، ئەمدى مېنىمۇ، ئوزەڭنىمۇ بالاغا تىقىدىغان بولدۇڭ" دەپ زار قاخشاپ بولغان ۋەقەنى ئوغلىغا ئېيتىپتۇ. ئوغلى بۇنى ئاڭلاپ خوشال بولۇپ: "جېنىم ئانا، شۇنىڭغىمۇ قايغۇرامسىز؟ سىز ۋەزىپىنى ياخشى ئورۇنلاپسىز، قالغىنىدىن سىز خاتىرجەم بولۇڭ" دەپ ئانىسىغا تەسەللى بېرىپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن يىگىت 5 — 6 كۈن خاتىرجەم يۈرۈپتۇ. 7 - كۈنى يېرىم كېچىدە ئورنىدىن تۇرۇپ بىر تۇزلەڭلىككە بېرىپ، خاسىيەتلىك ئەڭگۈشتەردىن شۇ يەرگە پادىشا ئېيتقاندەك بىر ئوردا سېلىشنى، ئۇنىڭ بىلەن پادىشا ئوردىسىنى تۇتاشتۇ-رىدىغان، 40 مەيە قاتار ماڭسىمۇ تاقاشمايدىغان بىر يول سې-لىشنى تەلەپ قىپتۇ.

ئەمدى پادىشاغا كەلسەك، ئۇ ئوز شەرتلىرىنى يىگىتنىڭ ئورۇنلىيالايدىغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەپتۇ. بەلگىلەنگەن مۇد-دەت توشقان كۈنى ئوز نامىغا داغ تەككۈزمەكچى بولغان بۇ

پاخشەكنى قاتتىق جازالاپ، پۇقرالارنى ئاگاھلاندۇرۇش مەقسىدىدە ئەتىگەن ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. يۈزىنىمۇ يۇماي، دەرىزىنى ئېچىپ شۇنداق سىرتقا قارىغان ئىكەن، يىراقتا ۋال - ۋۇل قىلىپ نۇر چاچقان، قوببىلىرى ئاسمانغا تاقاشقان ھەيۋەتلىك بىر ئوردىنى كورۇپ، ئوز كوزىگە ئىشەنمەي قاپتۇ. ئۇ دەرھال چاپارمەنلىرىنى بۇنىڭ نېمە ۋەقە ئىكەنلىكىنى بىلىپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ. كوپ ئوتمەي چاپارمەنلەر قايتىپ كېلىپ، ئۇنىڭ پادىشا پەرمانىغا ئاساسەن يىگىت تەرىپىدىن سېلىنغان ئوردا ئىكەنلىكىنى خەۋەر قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پادىشا ئوز شەرتىدىن يانالماي 40 كېچە - كۈندۈز توي قىلىپ، مەلىكىنى يىگىتكە بېرىپتۇ.

يىگىت پادىشانىڭ قىزىغا ئويلەنگەندىن كېيىن، تېخىمۇ بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ. ئانىسىمۇ ئومرىنىڭ ئاخىرىدا خاتىرجەم ياشاپ، ئالەمدىن ئوتۇپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، يىگىت پات - پات ئوۋغا چىقىدىغان بوپتۇ. ھەر قېتىم چىققاندا 15 - 20 كۈن ياكى بىرەر ئايسىز قايتىپ كەلمەيدىكەن. بۇ ۋاقىتتا مەلىكە ئويدە ئولتۇرۇپ كەشتە توقۇيدىكەن. يالغۇزچىلىقتىن زېرىكىپ، مۇڭدىشىشقا بىرەر كىشىنىڭ بولۇشىنى خالايدىكەن. خاسىيەتلىك ئەڭگۈشتەر بولسا دەرىزىدە بولۇپ، مەلىكە ئۇنىڭدىن بىر مىنۇتمۇ ئايرىلمايدىكەن.

دەل شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە مەلىكە يالغۇز كەشتە توقۇپ يالغۇزچىلىقتىن زېرىكىپ ئولتۇرسا، بىر موماي مۇلايىملىق بىلەن كۈلۈمسىرەپ، سالام بېرىپ ئويگە كىرىپ كەپتۇ. ئۇ ئەسلىدە بىر جادىگەر بولۇپ خاسىيەتلىك ئەڭگۈشتەرنى قولغا چۈشۈرۈشنى ئۇزۇندىن بۇيان قەستلەپ يۈرگەن ئىكەن. بىراق، مەلىكە بۇنىڭدىن خەۋەرسىز بولغاچقا، ئۇنى خۇددى ئوز ئانى-

سىدەك ئىززەت - ئىكرام بىلەن قارشى ئاپتۇ. موماي: "قىزىم، مەن شەھەرنىڭ يۇقۇرقى كوچىسىدا ئولتۇرىدىغان بىر تۇل ئايال- مەن، ئېرىم ئۆلۈپ كەتكەن. باللىرىممۇ يوق. سىزنىڭ يالغۇز قالغانلىغىڭىزنى ئاڭلاپ، بىردەم ئولتۇرۇپ چىقاي دىگەن ئىدىم" دەپتۇ ۋە ھىكايىلەرنى ئېيتىپ، قىزىق پاراڭلارنى سىلىپ مەلىكىنى تازا كۈلدۈرۈپتۇ. ئاندىن: "كېلىڭ قىزىم، چېچىڭىزنى تاراپ قوياي"، دەپ، ئۇنىڭ چېچىنى تاراپتۇ. بۇ جەرياندا خاسىيەتلىك ئەگۈشتەرنىڭ قەيەرگە قويۇلغانلىغىنىمۇ كۆرۈۋاپتۇ. كېتىدىغان چاغدا، مەلىكە بۇ مېھرىۋان مومايدىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيماي: "موما، پات - پات كېلىپ تۇرسىلا، زېرىكىپ قالىدىكەنمەن، پا- راڭلىشىپ ئولتۇرايلى"، دەپتۇ. شۇندىن كېيىن موماي ھەر كۈنى كېلىپ تۇرىدىغان بوپتۇ. بىر كۈنى موماي كەتكەندىن كېيىن، مەلىكە دەرىزىگە قارىسا خاسىيەتلىك ئەگۈشتەر يوق تۇرغۇدەك، ئۇياق - بۇياقنى ئاختۇرۇپ زادى تاپالماپتۇ. لېكىن مومايدىن ھەر- گىز گۇمانلانمايدىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئېرىگە قانداق جاۋاپ بېرىشنى بىلمەي چوڭقۇر غەمگە چۆمۈپتۇ.

يىگىت بېقىۋالغان مۈشۈك بىلەن ئىتمۇ بۇ چاغلاردا بار ئىكەن. مۈشۈك ئۆيگە كىرىپ چىقىپ يۈرۈپ، ئىگىسىنىڭ كۈن- دىن - كۈنگە غەم ئەندىشىدە قېلىۋاتقانلىغىنى كۆرۈپ، نىمە ئۈ- چۈن شۇنداق ئىكەنلىگىنى بىلەلمەي تىت - تىت بولىدىكەن. ئا- خىرى بىر كۈنى تاقەت قىلالماي مەلىكىدىن: "ئەي ئىگەم، چى- رايىڭىزنى بارغانسېرى غەم بېسىپ كېتىۋاتىدۇ، نىمە بولدىڭىز؟ كۆڭلىڭىزدىكىنى ئېيتىسىڭىز، دەردىڭىزگە شېرىك بولسام" دەپتۇ. ئايال بۇنى ئاڭلاپ سۆيۈنۈپ، بارلىق ئەھۋالنى ئېيتىپتۇ. موماي تۇغرىسىدىكى گەپنىمۇ، ئەگۈشتەر يوقالغاندىن كېيىن كەلمەيدى-

خان بولۇپ قالغانلىقىنىمۇ ئېيتىپتۇ.

مۇشۇك بۇنى ئاڭلاپ: "بالدۇرراق ئېيتسىڭىز بولماسمىدى، خەير ھېلىمۇ كەچ ئەمەس، خاتىرجەم بولۇڭ، بىز چوقۇم ئەڭ-گۈشتەرنى تېپىپ كېلىمىز" دەپتۇ. ئاندىن ئىت بىلەن مەسلىھەت-لىشىپ ئىككىسى ئىزلەشكە مېڭىپتۇ. نۇرغۇن ئۆيلەرگە كىرىپتۇ. ئۆيگە مۇشۇك كىرىدىكەن، ئىت تالادا ساقلاپ تۇرىدىكەن. لې-كىن ئەڭگۈشتەرنى ياكى ھېلىقى جادىگەر ئايالنى تاپالماپتۇ. كۈن چۈشتىن قايرىلغاندا، ئۇلار شەھەرنىڭ چەت كوچىسىدىكى بىر مەھەللىگە كىرىپ كەپتۇ. مۇشۇك بىر پاكار ئۆيگە كىرسە بىر دەللە موماي يالغۇز ئولتۇرۇپ تاماق يەۋاتقۇدەك. مۇشۇك مياڭ-لاپ، ئەركىلەپ، چىرايلىق تۈكلىرى بىلەن ئۇنىڭغا سۈركۈشۈپتۇ. جادىگەر موماي شۇنداق چىرايلىق ۋە يېقىملىق مۇشۇكنىڭ كىر-گەنلىكىدىن مەمنۇن بولۇپ نېمە قىلارىنى بىلمەي قاپتۇ. بۇ جەر-ياندا مۇشۇك خاسىيەتلىك ئەڭگۈشتەرنىڭ تاختىۋېشىدا تۇرغانلى-قىنى كۆرۈپ قاپتۇ. ھەش-پەش دېگۈچە تاختىۋىشىغا سەكرەپ چىقىپ ئەڭگۈشتەرنى ئاغزىغا سېلىۋاپتۇ. جادىگەر موماي ئاللا-كاللا دەپ چىنە-تەخسىلىرىنى ئاتقىچە، غىپ قىلىپ تۈڭلۈكتىن سەكرەپ چىقىپ كۆزدىن غايىب بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن مۇشۇك ئالدىدا، ئىت كەينىدە چېپىشىپ، كەچ كىرەي دېگەندە چوڭ بىر دەرياغا دۈچ كەپتۇ. دەريادا لىپمۇ-لىپ سۇ ئېقىۋاتقۇدەك. ئىت ئۇنىڭغا: "سەن كىچىك، مۇنداق چوڭ دەريادىن ئۈزۈپ ئۆتەل-مەيسەن، شۇڭا ئۈستۈمگە مىن، ئەڭگۈشتەرنى ماڭا بەرگىن، ئاغ-زىمغا سېلىۋالاي"، دەپتۇ. مۇشۇك قوشۇلماي: "ئۈستۈڭگە مىنسەم مىنەي، لېكىن ئەڭگۈشتەر مېنىڭ ئاغزىمدا تۇرسۇن، چۈنكى سې-نىڭ نەپسىڭ يامان، ئارىدا بىرەر بېلىق ئۇچراپ قالسا، يەيمەن

دەپ ئەڭگۈشتەرنى سۇغا چۈشۈرۈۋېتىسەن" دەپتۇ. ئىتنىڭ بۇ گەپكە ئاچچىقى كېلىپ: "ئۇنداق بولسا ئۆزەڭ ئۈزۈپ ئوت، مىندۈرمەيمەن" دەپ چالۋاقاپتۇ. مۈشۈك نائىلاج چىڭ ساقلاشنى قايتا-قايتا جىكىلەپ ئەڭگۈشتەرنى ئۇنىڭغا بېرىپتۇ ۋە ئىتقا مىنىپ دەريادىن ئۆتۈشكە باشلاپتۇ. ئۇ قاتقا ئۆتەي دەپ قالغاندا، سۇ ئىچىدە تۇيۇقسىز ئىككى بېلىق بىر-بىرىنى قوغلىشىپ، ئىتنىڭ ئالدىدىنلا ئۆتۈپ قاپتۇ. شۇڭا ئىت ھەممىنى ئۇنتۇپ، كاپ قىلىپ بېلىقنى تۇتىمەن دەپ شۇنداقلا ئاغزىنى ئاچقان ئىكەن، ئەڭگۈشتەر سۇغا چۈشۈپ يوقاپ كېتىپتۇ. مۈشۈك ھەسرەتلىنىپ: "مانا دېمىدىممۇ، نەپسىڭ يامان، ئەڭگۈشتەر مېنىڭ ئاغزىمدا تۇرسۇن دېسەم ئۇنىمايسەن، ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟" دەپ زار قاخشاپتۇ. ئاڭغىچە ئۇ قاتقىمۇ ئۆتۈپتۇ. كەچ كىرىپ قالغاچقا سۇ ئاستىدا ھېچ نەرسىنى پەرق قىلغىلى بولماپتۇ. ئىت كېتەيلى دەپ ئالدىراتقۇدەك. مۈشۈك: "سەن كەتسەڭ كېتىۋەر، مەن تۈننى مۇشۇ يەردە ئۆتكۈزۈپ، ئەتە تاڭ يورۇغىدا ئەڭگۈشتەرنى تېپىپ ئاندىن كېتىمەن" دەپتۇ. تۈننى شۇ يەردە ئۆتكۈزۈپ، ئەتىسى تاڭ يورۇغىدا سەپسېلىپ قارىسا، سۇنىڭ ئاستىدا ئۈچ بېلىق قاتار ياتقانمىش. ئوتتۇرىدىكى بېلىقنىڭ قوسىقىدا خاسىيەتلىك ئەڭگۈشتەر پاقىراپ نۇر چېچىپ تۇرغۇدەك. مۈشۈك پۈتۈن كۈچىنى يىغىپ، سۇغا ئوقتەك شۇڭغۇپ كىرىپ ئوتتۇرىدىكى بېلىقنى تۇتۇۋاپتۇ ۋە قوسىقىنى يېرىپ ئەڭگۈشتەرنى ئاپتۇ. ئاندىن ئۆيگە قايتىپ ئۇنى ساق-سالامەت ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ مەلىكىنى چەكسىز خۇشال قىپتۇ.

يەنە كۈنلەر كەينى-كەيندىن ئۆتۈپتۇ. يىگىت ئوۋدىن قايتىپ كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا، يەنە ئوۋغا كېتىپتۇ. كۈنلەرنىڭ

بىردە ئەگگۈشتەر يەنە تۈيۈقسىز يوقاپ كېتىپ، مەلىكىنى قاتـ
تىق غەم ـ ئەندىشىگە ساپتۇ. مۈشۈك بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىغان
ئىكەن، مەلىكە ھەممە ئەھۋالنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ بېرىپتۇ. مۈشۈك
بۇنى ئاڭلاپ: "ئۇنداق بولسا، ئەتە سىز بازارغا چىقىپ ماڭا
كەلگۈدەك بىر سەللە، بىر مەسە، بىر تەسۋى، بىر پەرىجە ئېلىپ
كېلىڭ. ئاندىن مەن سىزگە ئەگگۈشتەرنى تېپىپ بېرىمەن" دەپتۇ.
مەلىكە ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى قىلىپ بېرىپتۇ. مۈشۈك سەللىنى ئو-
راپ، مەسە ۋە پەرىجىنى كىيىپ، تەسۋىنى ئېلىپ بىر ئەسكى تام-
لىققا كەپتۇ. ئاندىن بىر تام تۈۋىدىكى توشۇكنىڭ ئالدىدا يۈ-
كۈنۈپ ئولتۇرۇپ، كوزىنى مەھكەم يۇمۇپ تەسۋى سېرىپ: "موللا
مۈشۈك ـ موللىمەن، چاشقان يېسەم تۇۋبىمەن" دەپ تىنماي تەك-
رارلاپ ئۇنلۇك ئاۋازدا ئوقۇشقا كىرىشىپتۇ.
بۇ ئەسلى چاشقانلار پادىشاسىنىڭ ئوردىسىغا بارىدىغان تو-
شۇك بولۇپ، پۈتۈن چاشقان توشۇكلىرى مۇشۇ ئوردىغا تۇتىشىدىكەن.
چاشقانلار موللا مۈشۈكنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ئۇنى دەرھال چاش-
قانلار پادىشاسىغا خەۋەر قىپتۇ. پادىشا بۇنى ئاڭلاپ: "بۇ بىر
ھىلىگەر مۈشۈك بولسا كېرەك، مۈشۈكنىڭ چاشقان يېمەيدىغىنى
يوق، ئۇنىڭ سوزىگە ھەرگىز ئىشىنىپ قالماڭلار" دەپتۇ ـ دە، بىر-
نەچچە چاشقانلارنى ئۇنى سىناش ۋە كۈزىتىشكە ئەۋەتىپتۇ. ئۇلار
بېرىپ ماراپ قارىسا، دېگەندەك سىرتتا بىر مۈشۈك پەرىجە كە-
يىپ، سەللە ئوراپ، مەسە كىيىپ، تەسۋى سېرىپ، كوزىنى يۇم-
غان ھالدا ھەدەپ ئوقۇپ ئولتۇرغۇدەك. بەزى يۈرەكلىكلىرى توشۇك-
تىن چىقىپ قىلىپ چىقىپ كىرسىمۇ، مۈشۈك كوز قىرىنىمۇ سالماس-
مىش. ئاخىرى ئۇلارنىڭ يۈرەكلىرى يوغىناپ مۈشۈكنىڭ ئالدىدا
ئۇياقتىن ـ بۇياققا يۈگۈرۈپ بېقىپتۇ. ئاندىن بەزىلىرى مۈشۈكنىڭ

قويرۇقىنى چىشلەپ-تارتىپ، پەزىلىرى تۇمشۇقىنى يالاپ، ھەتتا
بەزىلىرى، ئۇنىڭ قوينىغا كىرىپ يېتىپمۇ بېقىپتۇ. لېكىن مۇشۇكنىڭ
قىلچە كارى بولماي ھەدەپ تەسۋى سىرىپ ئوقۇپ ئولتۇرغۇدەك.
شۇنىڭ بىلەن چاشقانلار ئۇنىڭغا تامامەن ئىشىنىپ، چۇقان-سۈ-
رەن بىلەن قايتىپ كېلىپ، پادىشاغا: "ۋاي پادىشاھىم، بۇ ھە-
قىقەتەن موللا مۇشۇك ئىكەن......" دەپ ئەھۋالنى بىر-بىرلەپ
دوكلات قىپتۇ. پادىشا بۇنىڭغىمۇ ئىشەنمەي، ئارقا-ئارقىدىن
بىرنەچچە تۈركۈم چاشقانلارنى كۆزىتىشكە ئەۋەتكەن بول-
سىمۇ، ھەممىسى شۇ گەپنى تەكرارلاپتۇ. پادىشا مۇشۇكنىڭ
ھەقىقەتەن موللا ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەندىن كېيىن: "ئۇنداق بول-
سا دەرھال ھەركەتلىنىپ، توشۇكنى مۇشۇك پاتقۇدەك چوڭايتىڭ-
لار، مۇشۇكنى مېنىڭ ئالدىمغا چەمبەرچەس باغلاپ كەلتۈرۈڭ-
لار" دەپ ئەمر قىپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن جىمى چاشقانلار قوزغىلىپ، قولىغا نىمە چىقى-
سا شۇنى ئېلىپ توشۇكنى چوڭايتىشقا كىرىشىپتۇ ۋە مىڭ تەس-
لىكتە توشۇكنىڭ ئاغزىدىن ئوردىغىچە مۇشۇك پاتقۇدەك چوڭلۇقتا
قېزىپتۇ. ئاندىن چاشقانلار مۇشۇكنى چەمبەرچەس قىلىپ باغ-
لاپ، سورەپ ۋە پىشاڭ قويۇپ ئىتتىرىپ بىر كەمدە پادىشانىڭ
ئالدىغا ئېپكەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پادىشا ئۇنى غەزەپ بىلەن سو-
راق قىلىشقا كىرىشىپتۇ: "سەن بۇ كەمگىچە چاشقانلاردىن قانچى-
نى ئولتۇردۇڭ؟ قانچە ئۇرۇق-جەمەتىمىزنى قىردىڭ؟ سېنىڭ قان
قەرزىڭ ھېساپسىز كۆپ، بىر-بىرلەپ جاۋاپ بەر" دەپ سوراق
قىلغانسېرى سەپرايى ئۆرلەپ، سەكرەپ-سەكرەپ كەتكۈدەك، بە-
زىدە مۇشۇكنىڭ ئالدىغا دىۋەيلەپ كېلىپ، قوللىرىنى مۇشۇكنىڭ
كۆزىگە ھەيۋە قىلغۇدەك. مۇشۇك سەپسېلىپ قارىسا ئەڭگۈشتەر

ئۆنىڭ ئولتۇرغان ئورنىدا تۇرغانمىش. شۇ ھامان مۈشۈك بىرلا سىلكىنىپ، پۈت-قوللىرىغا چىگىلگەن يىپلارنى ئۈزۈۋېتىپتۇ ۋە چاشقانلار پادىشاسىنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈپتۇ. ئاندىن ئېتىلىپ بېرىپ ئەڭگۈشتەرنى ئاغزىغا سېلىۋاپتۇ. قورقۇپ كەتكەن چاشقانلار ھەر تەرەپكە ئۆزىنى ئۇرۇپ، تىقىلىپ كۆپ قىسمى ئۆلۈپتۇ. قالغانلىرىنى مۈشۈك پەنجىلىرى بىلەن قىسىپ، بوغۇپ تامامەن ئۆلتۈرۈپ تۈگىتىپ، خاسىيەتلىك ئەڭگۈشتەرنى ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ، ئۆزىنى باققان ئەجرىنى قايتۇرۇپتۇ. ئىتمۇ تۇرلۇك يوللار بىلەن ئىگىسىنىڭ باققان ئەجرىنى قايتۇرغان بولسىمۇ، لېكىن قانداق قايتۇرغانلىقىدىن مېنىڭ خەۋىرىم بولماپتۇ.

توپلاپ رەتلىگۈچى: ئىبرايىم ئەمەن

# ۋەلى باپكا

(چوچەك)

بۇرۇنقى زاماندا ۋەلى ئىسىملىك بىر باپكا ئۆتكەن ئىدى. كەن. ئۇ ناھايىتى چىچەن، تەدبىرلىك ۋە باتۇر كىشى ئىكەن. ئەمما ئۇ، يىل بويى دۇكاندىن چىقماي ماتا توقۇسىمۇ، بازىرى كاسات بولغاچقا، باللىرىنى باقالمايدىكەن، چاپىنى تىزىدىن ئاشمايدىكەن. بىر كۈنى ئۇ ئالتە دانە ماتانى قولتۇقىغا قىستۇرۇپ، نېنىنى بەلۋېغىغا تۈگۈپ، بازار ئىزلەپ يولغا چىقىپتۇ. كېتىۋېتىپ ئىككى تۈلكىگە ئۇچراپتۇ.

— ئۇستام، — دەپ سوراپتۇ ئۇلار بىر ياقتىن ھىجىيىپ، بىر ياقتىن قۇيرۇغىنى شىپاڭشىتىپ، — قاياققا ماڭدىڭىز؟

ۋەلى باپكا جاۋاپ بېرىپ، سەپەر مۇددىئاسىنى ئېيتىپتۇ. تۈلكىلەرنىڭ دەرھال نىيىتى بۇزۇلۇپ، نەزمە قىپتۇ:

بەكمۇ ئاۋات بازار بار،
بىز بىلگەن ياقا يۇرتتا.
شۇ تەرەپكە سەپەر قىل،
ئوبدان بولىدۇ سودا.

ۋەلى باپكا ناھايىتى خوشال بولۇپ، ئۇلارغا رەھمەت ئېيتىپتۇ، بازارنىڭ يولىنى يېنىشلاپ-يېنىشلاپ سوراپتۇ، ئەمما تۇلكىلەردىن ھە دېگەندە جاۋاپ چىقماپتۇ. شۇنداق قارىسا، ئۇلار مىشىلداپ يىغلاۋاتقۇدەك. ۋەلى باپكا ھەيران بولۇپ سوراپتۇ:

— ھەي ياخشى نىيەتلىك تۇلكىلەر، نېمىگە كوز يېشى قىلىسىلەر؟

— بىراق بىرئاز ئەندىشە قىلىپ قالدۇق، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ تۇلكىلەر ۋە بۇنىڭ سەۋەۋىنى ئىزھار قىلىپ، مۇنداق نەزمە ئوقۇپتۇ:

ئاۋات بازار خەتەرلىك،
بار قاراقچى پەيلى يات.
يالغۇز سەپەر ئەيلىسەڭ،
قىلارسەنمۇ پەندىيات؟

ۋەلى باپكا غەم-غۇسسىغا پېتىپ، تۇلكىلەرگە بىللە بېرىشنى مۇراجەت قىپتۇ. تۇلكىلەر رازىلىق بىلدۇرۇپتۇ. ئۇلار توپمۇتوغرا ئۈچ كۈن يول يۇرۇپ، يول يۇرگەندىمۇ مول يۇرۇپ بازارغا يېتىپ بېرىپتۇ. دېگەندەك ۋەلى باپكانىڭ سودىسى يۇرۇشۇپ كېتىپتۇ. ئۇ خاملىرىنى دېگىنىدىگە سېتىپ، خوتۇنىغا كەمچەت تۇماق، باللىرىغا كىيىم-كېچەك، ئۇيىگە گوش پىياز، نان-قاق دېگەندەك نەرسىلەرنى سېتىۋېلىپ، خۇرجۇننى تولدۇرۇپتۇ. تۇلكىلەرنىمۇ مېھمان قىپتۇ. كەچ كىرىپتۇ. ۋەلى باپكا تۇلكىلەرنىڭ مەسلىھىتىگە كىرىپ، بازارنىڭ بىر چېتىدىكى سارايغا چۈشۈپ قونۇپ قاپتۇ. ئۇ ئەمدى يېشىنىپ ياتاي دەپ تۇرغان ئىكەن، تۇلكىلەر خۇرجۇننى ئېلىپ قېچىپتۇ. ۋەلى باپكا شۇئان تۇلكى-

لەرنىڭ غەرىزىنى چۈشىنىپتۇ ـ دە، دەر غەزەپ بولۇپ قوغلاپتۇ. قوغلا ـ قوغلا بىر تاغدىن ئېشىپتۇ. شۇنداق قارىغۇدەك بولسا، تاغ باغرىدا بىر توپ ئادەم ئۇزىگە قاراپ كېلىۋاتقۇدەك. ۋەلى باپكا ئۇلارغا قاراپ مۇنداق دەپتۇ:

تۈلكىلەرگە ئالداندىم،
ئېلىپ قاچتى خۇرجۇننى.
تۇتتۇۋالساق ھە ـ ھۇ، دەپ،
قىسقارتساڭلار يولۇمنى!

خالايىق قەدەملىرىنى توختىتىپ، ئەھۋالنى سۈرۈشتە قىلـ ـغان ئىكەن، ۋەلى باپكا كەچۈرمىشلىرىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ.

— بۇرادەر، — دەپتۇ ئۇلاردىن بىرى ئۇلۇق ـ كىچىك تىنـ ـنىپ، — سېنىڭ دەردىڭ بىزنىڭ دەردىمىزگە ياماقمۇ بولمايدىكەن. قايتقىن يولۇڭدىن، چىقمىسۇن يەنە بالا ئالدىڭدىكى بۇلۇڭدىن.

ۋەلى باپكا چوچۇپ سوراپتۇ:

— نىمە دىگىنىڭلار بۇ؟

— ئاڭلىساڭ بىلىسەن دەرتداش، — دەپتۇ بىرسى ۋە بۇ نەزمىنى ئوقۇپتۇ:

يۇرتىمىزغا ماكانلاپ،
قەسىر سالدى بىر دىۋە.
مەللەرنى يوق قىلدى،
چاچقان قانۇ ـ ئوت بىرلە.

تىرىك ئىنسان يەم بولدى،
باغۇ-ۋاران چەيلەندى.
قېچىپ چىقتۇق، يۇرتىمىز —
خانۇ-ۋەيران ئەيلەندى.

ۋەلى باپكانىڭ غەزىپى مىڭ گەز ئۆرلەپتۇ. ئۇ مۇنداق دەپتۇ:

قىيما-چىما قىلىمەن،
كورەڭلىگەن دىۋىنى.
كورۇپ باقسۇن ئۇ ياۋۇز،
ۋەلىكاڭنىڭ بىگىسىنى.

جامائەت بارىكاللا ئېيتىپتۇ، قوللىرىنى كوتىرىپ ئۇنىڭ ئومرىگە دۇئا قىپتۇ. روزانە يىغىش قىلىپ يولغا سېلىپ قويۇپتۇ.
ۋەلى باپكا دىۋە قەسرىگە قاراپ مېڭىپتۇ. ماڭا-ماڭا بىر چولسىرىگەن سەھراغا كېلىپ توختاپ، بۇلاق بېشىدا دەم ئالغاچ غىزالىنىپتۇ. غىزالانغاچ دىۋە قەسرىگە كىرىشنىڭ ئامالىنى ئىز-لەپتۇ. ئۇ شۇ ھالدا ئولتۇرسا، بۇلاقتىن ئادەم يوتىسىدەك چوڭلۇقتا بىر چار ئىلان چىقىپ، قاشقا يامىشىپتۇ. ۋەلى باپكا بىر پەس ئويلىنىپ كورۇپ، دىۋە بىلەن ئىلاننىڭ ئوچلىگى توغ-رىسىدا ئاڭلىغانلىرىنى ئېسىگە ئېلىپ، ئىلاننى ئولتۇرۇپتۇ-دە، ئۇنى ئۈچ قاتلاپ، كولىدا باغلاپ يۈدۈپ، يولىنى داۋاملاشتۇ-رۇپتۇ ۋە يول بويى: ”مەندۇرمەن، مەندۇرمەن، چار ئىلاننى ئولتۇرگەن ۋەلى باتۇرمەن“ دەپ توۋلاپتۇ. خالايىق قايىل بو-

لۇپ ئۇنى ”ۋەلى باتۇر“ دەپ چاقىرىدىغان بوپتۇ. بۇ خەۋەر قۇ-
لاقتىن - قۇلاققا ئاڭلىنىپ، ئاخىرى دىۋىگە يېتىپتۇ. دىۋە ۋەلى
باپكانى بىر كورمەك بولۇپ ئوردىسىغا چاقىرتىپتۇ. ۋەلى باپكا
دىۋە قەسرىگە قاراپ ئالدىراش كېتىۋاتسا، ئالدىدىن بىر بوۋاي
توساپتۇ

— باتۇر يىگىت، — دەپتۇ بوۋاي يىلىنىپ، — ئىشىگىم لايغا
پېتىپ قالدى، تارتىپ بەرسەڭ، باتۇرلۇغىڭنى كوزۇم بىلەن
كورسەم.

— ماقۇل، ئەمما ئىشىگىڭنىڭ بېشىنى ئوزەڭ تۇت، مەن تۇتسام
بوينى ئۈزۈلۈپ كېتىپ، سالتاڭ قالىسەن، مەن قۇيرۇغىدىن يو-
لەي، — دەپتۇ ۋەلى باپكا.

بوۋاي ماقۇل بوپتۇ. ۋەلى باپكا ئىشەكنىڭ قۇيرۇغىدىن
تۇتۇپ شۇنداق بىر تارتقان ئىكەن، ئىشەكنىڭ قۇيرۇغى يۇلۇ-
نۇپ قولىغا چىقىپتۇ. ۋەلى باپكا ئۇنى ئەسقىتىپ قالار، دەپ
قوينىغا سېلىپ، قولتۇغىغا قىستۇرۇۋاپتۇ. ئىشەك بىرلا ئوخچۇپ
ئورنىدىن قوپقان پېتى مېڭىپ كېتىپتۇ. ۋەلى باپكا بوۋاي بىلەن
خوشلىشىپ، دەريا بويىغا كېتىۋاتسا، بىر دوۋە ئودەك تۇخۇمى ئۇچ-
راپتىكەن، ئۇ تۇخۇملاردىن بىرنى ئاپتۇ-دە، سول قوينىغا
ساپتۇ. ۋەلى باپكا ماڭا-ماڭا دىۋە قەسرىگە يېتىپ كەپتۇ.

— كىم سەن، — دەپ سوراپتۇ بويى ئاسمانغا تاقاشقۇدەك
ئىگىز، بېشى گۈمبەزدەك، كوزى داشقازاندەك يوغان، ئۈستى كال-
پۈگى بۇلۇتقا، تېگى كالپۇگى يەرگە تېگىپ تۇرىدىغان، يۈزى
مورىدەك قاپ - قارا بىر دىۋە، ۋەلى باپكا قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپ،
مۇنداق جاۋاپ قايتۇرۇپتۇ:

— مەندۇرمەن، مەندۇرمەن، ئىككى بالاڭنى چېقىپ ئول-

تۇرگەن چار ئىلاننى يوقاتقان ۋەلى باتۇرمەن.
— دەلىل - ئىسپاتىڭ بارمۇ؟ — ياندۇرۇپ سوراپتۇ دېۋە.
— بولمامدىغان، — ۋەلى باپكا يۇدۇۋالغان ئۆلۈك ئىلاننى دېۋىنىڭ ئالدىغا پالاقىدە تاشلاپتۇ. دېۋە قورققىنىدىن تىترەپ كېتىپتۇ. ئىلان مىدىرلىمىغاندىن كېيىن پۇراپ بېقىپتۇ، ئىلاننىڭ تىلىدىن تامغان زەھەردىن دېۋە بالىسىنىڭ پۇرىغى كەپتۇ، دېۋە كوزلىرىگە ياش ئېلىپ، ۋەلى باپكا ئالدىدا تىزلىنىپ، ئۇنىڭغا سەجدە قىلاي دەپ ئېگىلىپ بولۇپ توختاپ قاپتۇ.
— ھەي مەخلۇق، — دەپتۇ ئۇ توساتتىنلا تەرىنى تۈرۈپ، — باتۇرلۇغىڭغا ھېچ ئىشەنگىم كەلمەيۋاتىدۇ، سېھىر قىلدىڭمۇ ياكى ئالدامچىلىق، بىلىپ بولمايدۇ. چىن باتۇر بولساڭ ئىما - ئىشارەت-لىرىمگە جاۋاپ بەر!
دېۋە شۇنداق دەپلا قولتۇغىدىن قامچىدەك بىر تال تۇك-نى يۇلۇپ كورسەتكەن ئىكەن، ۋەلى باپكا ئوڭ قوينىغا قولىنى سېلىپ، ھېلىقى ئىشەكنىڭ قۇيرۇغىنى ئېلىپ پۇلاڭلىتىپتۇ؛ دېۋە تامبىلىنىڭ لىپىزىدىن چىلاندەك بىر پىتنى ئېلىپ قاسىسىدا مە-جىپتۇ. ۋەلى باپكا سول قوينىدىن ئودەكنىڭ تۇخۇمىنى ئېلىپ ۋاچچىدا مىجىغان ئىكەن، بارماقلىرىنىڭ ئارىلىغىدىن تۇخۇم چە-پىلداپ ئېقىپتۇ.
— ياپىر! — دېۋېتىپتۇ دېۋە پېشانىسىنى تۇتۇپ، — راستىنلا باتۇر ئىكەنسەن، كەل، ئىككى باتۇر دوست بولايلى.
ئۇ، ۋەلى باپكانى ئوردىسىغا باشلاپ، نازۇ - نىمەتلەر بىلەن كۇتۇۋاپتۇ، بىر پەتنوس يامبۇ ئىنئام قىپتۇ، قەسىر مەنزىرىسىنى تاماشا قىلدۇرۇپتۇ. كەچتە ئايرىم ھوجرا تەييارلاپ قوندۇرۇپ قاپتۇ.

ۋەلى باپكا قاتمۇ-قات كورپە-ياستۇق ئۈستىدە بەھۇزۇر يېتىپ، ئۆلگەن بولۇۋېلىپ، راسا خورەك تارتىپتۇ. قوسىقىدا بولسا دىۋنى جەھەننەمگە ئۇزىتىشنىڭ چوتىنى سوقۇپتۇ. دىۋمۇ ئۇخلاپ ياتماپتۇ. تۈن تەگدىن ئاشقاندا ياردەمچىلىرىنى چاقىرىپ مەسلىھەت سوراپتۇ.

— ئەي ئەزىز قولداشلىرىم، — دەپتۇ دىۋە پەرىشان ھالدا، — مەن ئۆزەمنى دۇنيادا بىرلا چاغلايتتىم، مەندىنمۇ ئېشىپ چۈشكەن باتۇرنىڭ بارلىقىنى كوردۇم، ئۇنى ۋاقتىدا جايلىۋەتمىسەك، بېشىمىزغا بالا، قەسرىمىزگە قازا يەتكۈدەك. كىم ئۇنىڭ جېنىنى ئېلىپ قۇتقا سالالىسا، قەسىر بىساتىنىڭ يېرىمىنى بولۇپ بېرىمەن.

سوز تۈگىشى بىلەن دىۋنىڭ بىر سەردارى قىلىچىنى يالىڭاچلاپ ۋەلى باتۇر ياتقان ھوجرىغا قاراپ ئېتىلىپتۇ. يەنە بىر سەردار ئۇنىڭ ئالدىنى توسىۋاپتۇ.

— باشلىقىمىزنىڭ ئېيتقىنى بەرھەق، — دەپتۇ ئۇ ئەقىل كورسىتىپ، — ئەمما، مۇنداق كۈچلۈك باتۇرغا قىلىچ بىلەن تەڭ كەلگىلى بولمايدۇ، ئۇنى شاراپمۇ يىقىتالمايدۇ، پەم بىلەن تۈگمەن تېشىدا باسۇرۇپ ئۆلتۈرگىنىمىز تۈزۈك.

— ياق، — دەپ چالۋاقاپتۇ ئالدىنقى سەردار پەيلىدىن يانماي، — تۈگمەن تېشى تەننى بېسىپ، جاننى قاچۇرۇۋېتىدۇ. ئۇ چاغدا قۇرۇق قۇتنى سىقىمداپ قالىمىز. تەختى-بەختىمىزمۇ تۈگەيدۇ.

— ئىشىك، تۈڭلۈكنى ئوبدان دۇملىسەك، جان دېگەن نەگە قاچالايدۇ، دەيسەن؟ — دەپتۇ كېيىنكى سەردار ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرۇپ.

دىۋە كېيىنكى سەردارنىڭ ئەقلىگە بارىكاللا ئېيتىپ يار-

دەمچىلىرىنى تۈگمەن تېشى تەييارلاشقا بۇيرۇپتۇ، تاش ئېلىپ كېلىنىپتۇ ئىككى سەردار تۈگمەن تېشىنى ئۆگزىگە ئېلىپ چىقىپ، تۈگلۈك بېشىغا ئېلىپ كەپتۇ.

ئەسلىدە ۋەلى باپكا ھەممە گەپنى ئاڭلاپ ياتقان ئىكەن، ئۇ، ئۆگزىدىكى شەپىنى سېزىپ، يوتقاندىن غىپپىدە سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ، ئۆزىنى چەتكە ئاپتۇ. ۋەزىرلەر ئىككى تاشنى زەنجىر بىلەن چېتىپ تاشلاپتۇ. تۈگلۈكنى تاختا تومۇر بىلەن يېپىپ بېكىتىپتۇ. جان سالغۇچ قۇتىنىڭ بىر بېشىنى بىر سەردار، بىر بېشىنى يەنە بىر سەردار مەھكەم تۇتۇپ، تاختا تومۇرنىڭ توشۇكىگە ئاغزىنى توغرىلاپ كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. تاڭ ئاتاي دەپ قاپتۇ. ئۇلار ئۆگزىدىن چۈشمەپتۇ. دىۋىنىڭ تاقىتى تاق بولۇپ ئۆزى ھوجرىنى كۆزدىن كەچۈرمەك بوپتۇ.

— رەھمەت، دىۋە ھەزرەتلىرى! — دەپتۇ ۋەلى باپكا، — توڭۇپ قالمىسۇن دەپ ئۈستۈمگە مىڭ پاتمان تۈگمەن تېشى يېپىپ قويۇپسىلەر، ئېغىر ئۇخلاپ ھاردىقىم چىقىپ قاپتۇ، ئەمدى مەن كېتەي.

ئەسلىدە تۈگلۈكتىن تاشلانغان تۈگمەن تېشى ئورۇن-چۈشەكنىڭ ئۈستىگە چۈشكەن ئىكەن. بۇ ھالنى كۆرگەن دىۋىنىڭ ئەرۋايى ئۇچۇپ، كۆزلىرىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلىپتۇ. ۋەلى باپكا ئۇنىڭغا ئۆزىدىن كۈچلۈك ۋە ناھايىتى يوغان كۆرۈنۈپتۇ. ئەمما ئۇ چاندۇرماي، تىزلىنىپ يەتتە تازىم قىلىپ تۇرۇپ:

— ھەي ئومۇرلۇك جان-جىگەر دوستۇم، ھوزۇرىمدا تۇرۇپ قالساڭ بولاتتى. بەجايىكى، كەتمەكچى بولساڭ پەقىرنىڭ ئۇزىتىپ قويماقتىن باشقا ئامالى يوق. لېكىن. ئۆيۈڭ بىزگە نامەلۇم، باردى-كەلدىمىز ئۈزۈلۈپ قالمىسۇن ئۈچۈن سەردارلى-

رىمدىن بىرى بىرگە بىرىسپ، ئويۇڭنى كورۇۋالسۇن، — دەپتۇ. ئۇ پەيتنى تېپىپ ۋەلى باتۇرنى ئوز ئويىدە جەددى-جەمەتى بىلەن بىللە جىمىقتۇرۇش غەرىزىدە بوپتۇ.

ۋەلى باپكا ئوز سىرىنىڭ ئاشكارىلىنىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، بىر دەقىقە تېڭىرقاپ قاپتۇ. لېكىن شۇ زامان ئوزىنى ئوڭشاپ، بىر ئەقىل ئويلاپ مۇنداق دەپتۇ:

— يول يىراق، يۇكۇم ئېغىر، هورمىتىم ئۇچۇن بولسىمۇ، بىر سەردارنىڭ بىلەن 4 ياساۋۇل هەمرا قىلمىساڭ، پەقىرنى ۋاپاسىزلىق قىلدى، دەپ قالما.

دېۋە رازىلىق بىلدۇرۇپتۇ.

ۋەلى باپكا يۇك-تاقلىرىنى دېۋە سەردارىغا كوتەرتكۇزۇپ دېۋە ياساۋۇللىرىغا نوۋەتلىشىپ مىنىپ، سازلىق، تاغ-داۋانلاردىن ئېشىپ، ئىككى كۇنلۇك يولنى ئىككى هەپتە بېسىپتۇ. ئۇھ دىگۇچىلىگى قالمىغان دېۋىلەر ئويگە كىرىپلا بورىنىڭ ئۇستىگە ئوزلىرىنى تاشلاپ، قوساقلىرىمىز ئېچىپ كەتتى دېيىشىپتۇ. ۋەلى باپكا خوتۇنىنى بىر چەتكە تارتىپ، قۇلىغىغا بىر نىمىلەرنى دەپ كۇسۇرلاپتۇ. خوتۇنى ئېرىنىڭ ئۇگىتىپ قويغانلىرى بويىچە ئىش قىپتۇ.

— ۋاي خوتۇن، — دەپتۇ ۋەلى باپكا ئويگە قايتىپ كىرىپ، مېهمانلارنىڭ قوسىغى ئېچىپ، ئۇچىيى ئۇزۇلگۇدەك بولۇپ كەتتى. ئوخشىتىپ بىر تاماق ئەتمەمسىلەر؟

— پولو ئەتەيمۇ، چوچۇرىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ۋەلى باپكانىڭ خوتۇنى ئويدە نە گۇرۇچ، نە بۇغداي ئۇنى يوقلۇقىغا قارىماي.

— مېهمانلىرىمىز بەك ئەزىز، ئەتكىن پولو، يىسۇن تېز، —

دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ ۋەلى باپكا. خوتۇن بېشىنى تاتىلاپ، خىجىل بولغان قىياپەتتە مۇنداق دەپتۇ:

— گۈرۈچ دېسە بار، ياغ دېسە بار، سەۋزە، قۇرۇق ئوتۇن دۆۋىسى بىلەن تۇرۇپتۇ. پەقەت گۆشلا يوق. بازارغا بېرىپ كەلسەڭلا بولارمىكىن.

— گۆش بولمىسا، ئېغىلدىكى دېۋىدىن بىرىنى سويۇڭلار، — دەپ كۆز قىسىپتۇ ۋەلى باپكا.

— قارىسى بوغاز، ئالىسى قېرى، ئېقى ئورۇق، تاغىلى كېسەل، سېرىغىنى سويساقمىكىن، — دەپتۇ خوتۇنى.

بۇ گەپلەرنى ئىشىتكەن توت دېۋىنىڭ قورققىنىدىن چىرايلىرىدا قان قالماپتۇ. كۆڭلىدە "بىزنىمۇ سويۇۋەتمىگەيدى" دېيىشىپ كېتىشنىڭ قازىنىنى ئېسىپتۇ. ۋەلى باپكا سەۋرى قىلىشنى ئوتۇنۇپتۇ. خوتۇنىغا قاراپ:

— بوپتۇ، شۇنى سويۇڭلار، قالغىنىنى باش دېۋە مېھمانغا كەلگەندە ئۆلتۈرەرمىز، — دەپتۇ.

خوتۇنى قىڭراقنى ئېلىپ سىرتقا مېڭىپتۇ. بورا ئۈستىدە لاغىلداپ تىترەپ ئولتۇرغان دېۋىلەر بىردىن-ئىككىدىن تالاغا چىقىپ، ئالدى-ئارقىسىغا قارىماي قېچىپتۇ. ئۇلار قېچىپ كېتىۋېتىپ ئىككى تۈلكىگە ئۇچراپتۇ.

— ۋاي ھاماقەتلەر، — دەپتۇ تۈلكىلەر دېۋىلەردىن قېچىشىنىڭ سەۋەبىنى ئۇققاندىن كېيىن مەسخىرە قىلىپ، — مۇشۇ ئەپتىڭلار بىلەن بىر باپكادىن قورقتىڭلارمۇ؟ ئۇنىڭ ئۆلتۈرگۈدەك دېۋىسى تۈگۈل، توخۇ چاغلىق بىرەر جانلىغى بولسا كاشكى!

تۈلكىلەر ئۆزلىرىنىڭ ۋەلى باپكانى بازاردا قانداق ئەخمەق

ئەتكەنلىكىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئاخىرىدا، — بۇرادەرلەر ئالدىنىپ-سىلەر، يۇرۇقلار ئۇنىڭ سىرىنى ئېچىپ، دىۋە ئىنئام قىلغان يامبۇنى قايتۇرۇپ كېلەيلى دەپتۇ.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان دىۋىلەرگە يېڭىدىن جان كىرىپتۇ. ئالدانغىنى ئۈچۈن بىر بىرىنى قاتتىق كايىپ، يامبۇ ئىشقىدا ئوت بولۇپ يېنىپتۇ ۋە ۋەلى باپكانىڭ ئۆيىنى كۆزلەپ ئۇچقاندەك مېڭىپتۇ.

بۇ چاغدا ۋەلى باپكا بىئارامان ئولتۇرۇپ، خوتۇن، بالا-چاقىلىرى بىلەن پاراڭغا چۈشكەن ئىكەن. بىر قاغا ئۇنىڭ ئوگ-زىسىنى ئايلىنىپتۇ. ئايلىنىپ-ئايلىنىپ بىرنەچچىنى قاقىلداپ، كۆزدىن غايىپ بوپتۇ. ۋەلى باپكا ئەنسىزلىنىپ، قاغا كەلگەن تەرەپكە قارىغۇدەك بولسا ھېلىقى دىۋىلەر يەرنى تالقان، ئاسمان-نى كۆمپەيكۆم قىلىۋەتكۈدەك ئەلپازدا ئۆزى تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقۇدەك. ئۇلارنى باشلاپ كېلىۋاتقىنى ئىككى تۈلكە ئى-كەن. ۋەلى باپكا قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ:

— ھەي ھارامزادىلەر، قەرزگە ئوتكەندە دىۋە تۇتۇپ بېرىمىز دېيىشكەن ئىدىڭ، بۇگۈن ئاران توتنى ئېلىپ كېلىشىپ-سەن، ھەر كۈنى مۇشۇنداق توت-بەشتىن ئوتكۈزۈشسەڭ قەرزنى قىيامەتكىچە ئۈزەلىشەمسەن؟ بوپتۇ، قەرزداردىن پۇتكىنىنى ئال دەپتىكەن. ئەپكېلىشكىنىڭنى ئېلىپ تۇراي، تېزرەك ئەپكېلىش، — دەپ تۋۋلاپتۇ. خوتۇنى بولسا چوڭ بالىسىنى:

— ۋاي بالام، ئاۋۇ قوزۇقتىكى دىۋە باغلايدىغان زەنجىرنى چاققان ئېلىپ چىق، — دەپ ئالدىرىتىپتۇ.

دىۋىلەر ساراسىمىگە چۈشۈپ قېچىپتۇ، تۈلكىلەرنىڭ قۇيرۇغى-

دىن تۇتۇپ داقىرىتىپ سورىگەن پېتى قەسرىگە ئېلىپ بېرىپ باش دېۋىگە داتلىشىپتۇ. باش دېۋە "ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ" دەپ تۈلكىلەرنى ئۆلتۈرۈپتۇ. گوشىنى چەيلەپ، سۆڭگىنى سەيلەپ، كۆلىنى كوككە سورۇپتۇ. ئارقىدىن ئىش ئەپلەشتۈرەلمىگەنلىكلىرى ئۈچۈن، سەردارلىرىنى دارغا ئېسىپتۇ. ئۇ ئاخىر خاتىرجەم بولالماي، ۋەلى باپكادىن جىنىنى ياقىغا ئالماق بولۇپ، كېچىلەپ قەسرىنى كوچۇرۇپتۇ. مەشرىقتىن - مەغرۇپقا كوچۇپ بېرىپ، كويىقاپقا بېكىنىۋاپتۇ.

ئاپەت تۈگەپتۇ. ماكانلىرىدىن تىزىپ كەتكەنلەر، قايتىپ كېلىپ ئۆز يۇرتلىرىنى يېڭىۋاشتىن گۈلگە ئوراپتۇ. ئۇلار ۋەلى باپكاغا ئاپىرىن ئەيلەپ، ئۇنى يۇرت بېشى قىلىپ، تەختتە ئولتۇرغۇزۇپتۇ.

**توپلاپ رەتلىگۈچى: سىيىت زۇنۇن**

# «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» نىڭ تەتقىقات تېمىلىرى

ئابدۇشۈكۈر مەمتىمىن

## سۆز بېشى

ئۇيغۇر خەلقى كۆپ مىللەتلىك ۋەتىنىمىزدىكى قەدىمقى مەدەنىيەتلىك مىللەتلەرنىڭ بىرى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم بىر تارمىقى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كۆپ ئەسىرلىك مەدەنىيەت تارىخىنى، جۈملىدىن غايەت مول ئەدەبىيات تارىخىنى نىگىلىزىملىق ئاساستا ئىنكار قىلىش، بۇرمىلاش ۋە كەمسىتىش لىن بياۋ ـ جياڭ چىڭ گۇرۇھى فېودال فاشىستلىق مەدەنىيەت ھاكىم مۇتلەقلىق جىنايىتىنىڭ بىر تەركىۋىي قىسمى. ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىنى ماركسىزىملىق تارىخىي ماتىرىيالىزىملىق كۆزقاراش ۋە ئۇسۇلدا ھەر تەرەپلىمە تەتقىق قىلىش ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدىكى مۇھىم ۋەزىپىلەرنىڭ بىرى. بۇ، جۇڭگو مەدەنىيەت تارىخىنى تەتقىق قىلىش ۋە قېزىش، جۇڭگو ھەر مىللەت خەلقلىرى ئەدەبىيات ـ سەنئەت، پەلسەپە ۋە ئىدېولوگىيە تارىخىنى تەتقىق قىلىش ۋە قېزىشتىكى مۇھىم بىر ئىلمىي ساھە.

بۇ ساھەدىكى خىزمەت ئايرىملىقتىن ئومۇملۇققا قاراپ، باش-
قىچە ئېيتقاندا ئايرىم خاس تېمىلاردىن بىر پۈتۈن ئۇيغۇر ئەدە-
بىياتى تارىخى ھەققىدىكى بىر ياكى بىرقانچە كىتاپقا قاراپ
ئېلىپ بېرىلغىنى بىرقەدەر ئەقىلغا مۇۋاپىق. ئۇ كۆپچىلىكنىڭ
ئاكتىپچانلىغىنى قوزغاشقا، ئىلمى پائالىيەتنى بىرقەدەر كەڭ قانات
يايدۇرۇشقا، ھەرقايسى تېمىلار بويىچە چوڭقۇرلاپ ئىچكىرىلەشكە
پايدىلىق. ئەلۋەتتە، بۇ بىردىن - بىر ئۇسۇلمۇ ئەمەس.

«‹ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى› تەتقىقات تېمىلىرى» بىر
قۇرۇق جازا. شۇنداقتىمۇ ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ مىڭلىغان يىللار
ئىچىدىكى جاپالىق بەدىي تەپەككۇرى ۋە ئەدەبىي ئىجادىيىتى
ئاساسىدىكى بىر قۇرۇق جازا. بۇنداق قۇرۇق جازىنىڭ يوقلۇغى
بىلەن بارلىغى بىر بىرىگە سېلىشتۇرۇلسىلا ئۇنىڭ ئەھمىيىتى، پايدىسى
ۋە زورۇرىيىتى ناھايىتى ئېنىق ئايان بولىدۇ. بۇ ئىزلىنىش تەرەپ-
لىرىنى بەلگىلەشكە ۋە ئىزلىنىش قىزغىنلىغىنى ئاشۇرۇشقا، ما-
تېرىياللارنى كۆپرەك تېپىش ۋە تەتقىقاتنى بىرقەدەر كەڭ يولغا
قويۇشقا مەلۇم پايدا يەتكۈزىدۇ. ھېچ بولمىغاندا بۇ تېمىلار
ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تارىخى تېماتىك سىستېمىسى ھەققىدىكى
كۆزقاراشنى تىكلەش ۋە روشەنلەشتۈرۈشكە پايدىلىق.

بۇ «تەتقىقات تېمىلىرى» نى مەن 1975 يىلى بىر قې-
تىم رەھبەرلىككە يوللىغان ۋە كېيىن بىر قېتىم تولۇقلىغان، بۇ
قېتىم ئازراق ئۆزگەرتتىم. بۇ ھەرگىز "تولۇقلانغىنى" ئەمەس.
ھېلىمۇ كەم جايلار، خاتا جايلار، ئاستىن - ئۈستۈن جايلار كۆپ.
پەن ئۆز تەرەققىياتىدا تەسەۋۋۇر ۋە گىپوتىزىدىن خالى بولالماي-
دۇ، بۇنداق كەملىك، خاتالىق، ئاستىن - ئۈستۈنلۈكتىنمۇ خالى
بولالمايدۇ. ئىنتايىن يىراق تارىختا، نۇرغۇن يوقىتىلىش ۋە چې-

تىشىپ كېتىش قىسمەتلىرىگە ئۇچىرىغان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىنى بىر يولدىلا تولۇق ۋە ئەينەن ئەكس ئەتتۈرۈش، ئارزۇ قىلىشنى، تەلەپ قىلىشنى ناھايىتى قىيىن.

جامائەتچىلىككە سەممىي ئېھتىرام بىلەن:

ئابدۇشۇكۇر مەمتىمىن

## مۇقەددىمە

ئەدەبىيات — بەدىئىي تەپەككۇرنىڭ بىر خىل ئىپادىسى، ئەدەبىيات — سۆز سەنئىتى. ھايات ۋە ئاڭ. بەدىئىي تەپەككۇر ۋە سەنئەت. ئوبرازلىق پىكىر قىلىش ۋە ئوبرازلىق تىل بىلەن ئىپادىلەش. نۇتۇقلۇق تىل ۋە نۇتۇقسىز تىل ھەم سەنئەت شەكىللىرى. ئوبرازلىق سۆز سەنئىتى ۋە ئەدەبىيات.

ئۇيغۇر تىلى ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى. سەنئەتتە مىللىي شەكىل مەسىلىسى. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ قەدىمىلىكى، مىللىي شەكىل ئالاھىدىلىكلىرى ۋە تارىخىي خاراكتېرىستىكىسى. ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىنى دەۋرلەرگە بۆلۈش مەسىلىسى.

«ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» نىڭ پىرىدمېتى، دائىرىسى، تەتقىقات ۋەزىپىسى ۋە ئۇنىڭ ئەھمىيىتى. ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە يازما ئەدەبىيات؛ دىنىي ئەدەبىيات ۋە دۇنياۋى (رېئالىزملىق خاھىشتىكى) ئەدەبىيات؛ تەرجىمە ئەدەبىياتى ۋە تەقلىدى ئەدەبىيات. رىۋايەت، ھېكايەت، شېئىرىيەت ۋە باشقىلار.

«ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» نى تەتقىق قىلىشنىڭ ماركسىزم-

لىق ئىلمىي پرىنسىپلىرى ۋە ئۇسۇللىرى. ئەدەبىيات تارىخى ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەر ئانالوگىيىسى. تارىخىي، كونكرېتنى تەھلىل قىلىش ئۇسۇلى مەسىلىسى.

### بىرىنچى قىسىم

## ئىپتىدائىي ئۇيغۇر سەنئىتى ۋە ئەدەبىياتى

قەدىمقى ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئىپتىدائىي ساد- دا مەدەنىيىتىدىكى ئوبرازلىق تەپەككۇر نەمۇنىلىرى. تىل ۋە تىل سىستېمىسىنىڭ شەكىللىنىشى. ئىپتىدائىي ساددا مەدەنىيەت ۋە ئىستېتىك پىكىر نەمۇنىلىرى. رەسىم-تامغا، ئويما-قويما، گېئومېت- رىك فىگۇرا ۋە ئىپتىدائىي سەنئەت نەمۇنىلىرى.

يېزىقتىن ئىلگىرىكى سەنئەت ۋە ئەڭ كونا ئېغىز ئەدەب- ياتى — ئەپسانە ۋە رىۋايەتلەر. كونا دىنىي ئىرىملار ۋە ئەپسانە- لار. بۆرە سىمۋولى ۋە ياندىش توتېم رىۋايەتلىرى. شامان ئەق- ىدىلىرى ۋە تەڭرىنىڭ بەدىي تەسۋىرى. "ئاۋستا"، "رىگاۋىدا" ئەپسانىلىرىدا ئەڭ قەدىمقى ئوتتۇرا ئاسىيا قەبىلىلىرىنىڭ بەدىي ئىپادىلىنىشى ياكى ئۇنىڭ ساقىندىلىرى.

«ئوغۇزنامە» ئېپوسى. ئېپوسىنىڭ تارىخىي چۈشەندۈرۈلۈشى، مەزمۇنى ۋە بەدىي قىممىتى. «ئوغۇزنامە» ئېپوسىنى تەھلىل قىلىشتا ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى ۋە قەبىلىلەر ھاياتىنى تەھلىل قىلىشنىڭ مېتودىك ئەھمىيىتى.

«تومارىس ئەپسانىسى»، «شىراق ئەپسانىسى»، «ئاتادىدا

ۋە زەرىادىر ئىشقى ھېكايىسى» ھەققىدە تونۇشتۇرۇش، ھېكا-يىلەرنىڭ بەدىي قىممىتى.

«ئەپراسىياپ - ئەلىپ ئەرتۇڭا» ئوبرازى ۋە ھېكايىتى.

ئەپراسىياپنىڭ تېپىلغان ھەيكىلى. «قۇتادغۇبىلىك»، «دىۋان لۇغەتىت تۈرك»، «شاھنامە»، «مۇجمەل بۇلدان» قاتارلىق كىتاپ-لاردىكى ئەپراسىياپ تەسۋىرى ۋە مەرسىيىسى.

ئىسكەندەرنىڭ شەرققە يۈرۈشىگە ئائىت ھېكايەتلەر.

«دىۋان لۇغەتىت تۈرك» تىكى «خور - خور» لار خاتىرىسى. ئوسرۇشان جېڭى، ئالتۇن قان جېڭى ھەم سۇلايمان بىلەن تىنچ سۇلھى ھېكايىتى. رۇخسانەنىڭ ئىسكەندەر بىلەن تويى. ئىسكەندەر-نىڭ شەرققە يۈرۈشى ھەققىدە ئۇرلان، مەخمۇت قەشقىرى ۋە بىرقانچە «خەمسە» داستانلاردىكى تەسۋىرلەر.

«موتىيەنزىنىڭ تەزكىرىسى» ۋە باتىسخان ئانا رىۋايىتى (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 9 - ئەسىر).

ئىككىنچى قىسىم

## قەدىمقى يېزىق ۋە يازما ئەدەبىيات

ئۇيغۇرلار ھاياتىدا قوللانغان يېزىق شەكىللىرى مەسىلىسى ۋە بۇ يېزىقلارنىڭ ئاۋاز بەلگىلىرى — ھەرپلىك خۇسۇسىيەتلىرى.

قەدىمقى بەلگە - ئالامەتلىرىنىڭ يېزىقلىق رولى. سوغدى يېزىقى. قاراشتى يېزىقى ۋە ئۇنىڭ تاراشا پۇتۇك نەمۇنىلىرى. ئەنەتكەن يېزىقىدىكى يازما ۋە تەرجىمە ئەدەبىياتلار. مانى يېزىقى (كونا ئۇيغۇر يېزىقى).

ئورخۇن رون يېزىقى.

بۇددا ئۇيغۇر ئەدەبىياتى. كوشان (قوشخان) خانى كادپىس ئۆتكۈزگەن بۇددا يىغىنىغا بېغىشلانغان ۋېداياسىلا (Vedayasila) نىڭ بۇددا زەپەرنامىسى «Buddha Storardhasataka» قەسىدىسى. بۇددا دىرامىسى «Matterya Samitka».

بۇددا ھېكايىلىرىنىڭ ئورتاقلىقى ۋە مىللىي ئالاھىدىلىكى مەسىلىسى. دىن ۋە سەنئەت ئورتاقلىقى ۋە ئالاھىدىلىكى. بۇددا قائىدىلىرىنىڭ مەھەللىي ۋە مىللىيلاشتۇرۇلۇشى. خوتەندە «مەئبۇت يوتكەش». بۇددا چۆچەكلىرى.

خوتەنلىك مەلىكە سېمىرا (Semira) نىڭ يۇرت سېغىنىش لىرىكىسى.

زاراتۇستىرا دىنى ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى. پال كىتاۋى. ئىببى كىتاپچىكى ۋە يورۇقلۇق، قاراڭغۇلۇق ھەم يەك (جىن) لار ھەققىدىكى بەدىي تەسەۋۋۇرلار.

ھىندىستان داستانى «ماخاپخاراتا» ۋە «رامايانا» دىن «ماخاپخاراتا»نىڭ، ئىسوس چۆچەكلىرىنىڭ تۇرپاندا تېپىلغان تەرجىمە نۇسخىسى. جىنلار ۋە بالايى-ئاپەتكە قارشى ئەزىمەت ئىلىك بېك ھەققىدىكى «چىستانى ئىلىك بېك» داستانى.

ئۇيغۇرلاردا بۇددا تاشچىلىق-نەققاشلىق سەنئىتى. ئۇيغۇرلاردا ئەڭ ئىپتىدائىي غار ھاياتى سۈرەتلىرى. بۇددا دىنىنىڭ ھەيكەلتاراشلىق ۋە شېرىيەت بىلەن بېزەكلەندۈرۈلۈشى ۋە ئۆبرازلاشتۇرۇلۇشى، داندان ئۆيلۈك، كۆچا مىڭ ئۆي، قۇمتۇر، بېزەكلىك ۋە دۇڭخۇاڭ ئۆيما نەققاشلىرى ۋە تام سۈرەتلىرى. يىپەك يولى ۋە كارۋان يولى تەسۋىرى سۈرىتى، كۆچا ئۆركىس-

تىرى ۋە ناخشا - ئۇسۇل تەسۋىرى. «پىتمىردىما ئۇسۇل» رەسىمى. ھەر خىل چالغۇ نۇسخا سۈرەتلىرى. ۋايىسا ئىزاسانگا ۋە ئۇنىڭ دادىسى ۋىسا بوجىنانىڭ "پىتىنقى - كوپۇنكى" ئۇسۇلىدىكى سۈرەتچىلىك مۇۋەپپەقىيەتلىرى. قانىقىل ساتۇ، قانىقىل شىر، سەلىزجۇڭدا ۋە بومى قاتارلىقلارنىڭ رەسساملىق ئۇتۇقلىرى.

«خۇ» نەزمىلىرى ۋە ئۇيغۇر كۈيشۇناسلىقى. چالغۇ ۋە ئاھاڭ. ناخشا ۋە مۇزىكا، مۇزىكا ۋە قوشاق. خوتەندە تېپىلغان ئىستىردىت. سۇجۇپ ۋە ئۇنىڭ «12 تېمپېرامېنتولوگىيىلىك كۈيشۇناسلىق قانۇنى» ۋە ئۇنىڭ ئەھمىيىتى. ماندا ئاقارى. بۇددا راھىپلىرى ئۇيغۇر - شىنجاڭ مەدەنىيىتى ۋە سەنئىتى ھەققىدە.

ئورخۇن رونىچە ئۇيغۇر يېزىقى نەمۇنىلىرى. خوتەندە ۋە ئورخۇندا تېپىلغان ياغلۇقار قالۇ ۋە ياغلىقالارنىڭ رونىچە يېزىقلىرى. تاشپۇتۇك ۋە تەزكىرىلەر «كۆل تىكىن» ئابىدىسى، «بىلگە قاغان» ئابىدىسى، «تونيۇقۇق ئابىدىسى». ئۇلارنىڭ تارىخىي، ئىجتىمائىي، بەدىئىي ئامىللىرى ۋە قىممىتى.

كونا ئۇيغۇر مانى يېزىقى نەمۇنىلىرى. «چۇق ئارت تىكىن تەزكىرىسى»دىكى رىۋايەتلەر. «شۈەنجاڭنىڭ تەزكىرىسى» ۋە ئۇنىڭ «ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدە غەربكە ساياھەتنامە» كىتاۋىدىكى مەدىنى ھاياتقا ئائىت خاتىرىلەر. «توبە دۇئاسى»، «ئالتۇن يارۇق»، «ئەتىلدان ۋە نادانامە» (ئىككى تېكىن ھېكايىسى) ۋە باشقىلار.

## ئۈچىنچى قىسىم

# ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى.

ئومۇمى ئوبزور. ئىسلامىيەتنىڭ پەيدا بولۇشىدىن ئۇيغۇرلار ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلغىچە بولغان دەۋردىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىياتى «خوتەندە گۈل سەيلىسى» شېرى. «ئۇيغۇر نەغمىسى» شېرى ۋە قورغۇرسۇ ئالتۇننىڭ «تېلى ناخشىسى» شېرى.

ياغلىقار باشچىلىقىدىكى ئورخۇن ئۇيغۇرلىرىنىڭ كوچۇشى.

سېرىق ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئېغىز ئەدەبىياتى مەسىلىلىرى.

درامىچىلىق ۋە ئارسلانخاننىڭ مۇزىكىلىق زىياپىتى خاتىرىسى 9 چاۋۇپلار.

## تۆتىنچى قىسىم

# ئىسلامىيەتتىن موڭغۇل ئىستىلاسىغىچە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى (10-، 12- ئەسىرلەر)

ئومۇمى ئوبزور. ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىسلام ۋە باغدات خەلىپىلىكلىرىنىڭ سىر دەريانىڭ جەنۇبىي قىسمىغا تەسىرىنى كىرگۈزۈشى. قارلۇق ۋە ئوغۇزلارنىڭ سىر دەريا بويىدىكى باغ-

دات ئىسلام خەلىپىلىكىگە قارشى لىنىيىسى. ياغما - قارلۇق قاتارلىق ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ قاراخانىلار ھاكىمىيىتى، ئۇنىڭغا ياغلىقار، قاتارلىق ئورخۇن قەبىلىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى. ئەخمەت سامانىنىڭ سامان سۇلالىسىنى قۇرۇشى. ئىدىقۇت، قاراخان ۋە گەنجۇ سېرىق ئۇيغۇر ھاكىمىيەتلىرى. غەزنەۋىلەر. مانۇچىھرانىڭ تۈركى شېئىرلىرى. «شاھنامە» نىڭ مەيدانغا كېلىشى. سامانىلار ۋە قاراخانىلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ۋە سىر دەريا بويىدىكى سامانىلار سېپىلى. سىر دەريا شىمالىنىڭ ئىسلاملىشىشى. «گوز ئوغلى» داستانى. قاراخانىلار ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشى. ئۇيغۇرچە قۇرئان نۇسخىسى.

ئوتتۇرا ئەسىر ئادىتىنو تىلى ئەبۇ نەسىر فارابى (870—950). ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى ئۇيغۇر - قارلۇق مەدەنىيىتىنىڭ تۇنجى نامايەندىسى. ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى ئوتتۇرا ئاسىيا روھى ئاتموسفېراسىدىكى بىرقانچە ئالامەتلەر. فارابىنىڭ مەدەنىيەت، تىل ۋە سەنئەت ھەققىدىكى كۆزقاراشلىرى. فارابى ئوبرازلىق تەپەككۇر ۋە مەنتىقىلىق تەپەككۇر ھەققىدە. فارابىنىڭ ئەدەبىياتنىڭ تونۇش رولى ۋە زوقلىنىش رولى، تەربىيىۋى رولى ھەققىدىكى ئىستېتىك كۆزقاراشلىرى. فارابى چىنلىق ۋە گۈزەللىك توغرىسىدا. فارابىنىڭ ئىستېتىك بىلىش نەزەرىيىسى. فارابى رىتىم-تېمپا، گارمونىيە، قاپىيە ۋەزىن ھەم شېئىرىي ئۇسلۇبلار توغرىسىدا. فارابىنىڭ ھازىرغىچە مەلۇم بولغان پەلسەپىۋى شېئىرلىرى، فارابىنىڭ مۇزىكىشۇناسلىق ساھەسىدىكى غايەت زور تۆھپىلىرى. فارابى ئىستېتىك كۆزقاراشلىرىنىڭ ئىلغار تارىخىي ئەھمىيىتى ۋە تەسىرى.

يۇسۇپ خاس ھاجىب ۋە ئۇنىڭ «قۇتاتقۇبىلىك» داستانى.

داستاننىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە شائىرنىڭ ھاياتى. شائىرنىڭ داستاندا ئىلگىرى سۈرگەن ئاساسىي ئىدىيىلىرى. داستاننىڭ تۈزۈلمىسى ۋە ئاساسىي مەزمۇنى. شائىرنىڭ ئىجتىمائىي-پەلسەپىۋى ۋە ئېستېتىك كوزقاراشلىرى. فارابى تەلىماتلىرىنىڭ شائىرغا تەسىرى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ تەشەببۇسىدىكى ئىلمىي پائالىيەتلەر ۋە «ساجىيە» جاماسىنىڭ (ئالى مەكتىۋىنىڭ) قۇرۇلۇشى ۋە ئوقۇتۇش مەزمۇنلىرى.

مەخمۇت قەشقىرى ۋە «دىۋان لۇغەتىت تۈرك». لۇغەتنىڭ ئەدەبىي ۋە ئېستېتىك قىممىتى. دىۋاندا يازما ۋە ئېغىز ئەدەبىياتى، تەمسىل، ۋەزىن مەسىلىلىرى. دىۋاننىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىنى يورۇتۇشتىكى ئەھمىيىتى.

ئەخمەت يۈنەكى ۋە «ھىببەتۇل ھاقايىق» داستانى. داستاننىڭ مەيدانغا كېلىش مۇھىتى، قاراخانىلار ھاكىمىيىتىنىڭ چۈشكۈنلىشىش ئالامەتلىرىنىڭ داستاندىكى ئىپادىسى. داستاننىڭ مەزمۇنى ۋە ئەخلاقىي، پەلسەپىۋى ۋە بەدىئىي قىممىتى.

مۇھەممەت خارازمى ۋە «مۇھەببەتنامە». دابىخۇزى ۋە «قىسسەتۇل ئەنبىيا». بۇ ئىككى ئەسەرنىڭ تىل تەلەپپۇز مەسىلىلىرى ۋە بەدىئىي مەزمۇنى.

قوشۇمچە: ئەخمەت يەسەۋىي «دىۋان ھىكمەت» شېئىرىيىتىنىڭ تىل مەسىلىسى ۋە پەلسەپىۋى مەزمۇنلىرى. ئەخمەت يەسەۋىدىكى خەلقپەرۋەرلىكنىڭ روھانىيەتچىلىك بىلەن بىرلىشىپ كېتىش خاھىشى مەسىلىسى. ئەخمەت يەسەۋى شېئىرىيەت يولىنىڭ كېيىنكى تارىخىي تەسىرى ۋە ئەدەبىياتتا ئىدىيولوگىيىلىك كۈرەشنىڭ ئەۋج ئېلىشى.

ئەينى زامان مەنۋى هاياتىغا بېغىشلانغان نەسرى ئەدە-
بىيات نەمۇنىلىرى.

«تەزكىرى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان غازى»، «تەزكىرى ئەبۇنەسىر سامانى»، ئوبۇل فوتۇق هوسەيىن ئەل ئالمايىنىڭ يو-
قالغان ئەسىرى»، «قەشقەر تارىخى». خوتەنلىك موللانىيازنىڭ كېيىنكى زاماندا يازغان «تەزكىرى يەتتە ئىمام» داستانىدىكى شۇ دەۋرگە ئائىت بەدىي تەسۋىر.

قوشۇمچە: ئوبۇلقاسىم فىردەۋسىنىڭ «شاهنامە» شەيخ سە-
ئىدىنىڭ «گۇلىستان» داستانىدا ئۇيغۇرلار ھەققىدە. ئومەر ھەي-
يام رۇبائىلىرىنىڭ ئىدىيىۋى ۋە بەدىي تەسىرى. ئەرەپ سايا-
ھەتچىلىرى قاراخانىلار دەۋرى مەدەنىيىتى توغرىسىدا. قاراخانىلار دەۋرىدىكى كوچا، قاراشەھەر، تۇرپان، بەشبالىق، ئالمىلىق، ئۇۋىر-
غول (قومۇل) ۋە قالقالۇ، ماچىن (خوتەن) مەدەنىيىتى.

نايمان — كۈچلۈك ۋە كىران — گورخان دەۋرىدىكى ئۇي-
غۇر سەنئىتى. رىۋايەتلەر. خىرىستىيان مەدەنىيىتى تەسىرى. يەتتە سۇ، سىر دەريا ۋە پەرغانىدىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى.

بەشىنچى قىسىم

## موڭغۇل — (قۇبلاي) دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى

ئومۇمى ئوبزور. موڭغۇللار ۋە ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىياتى ۋە سەنئەت - مەدەنىيىتى.

قوشۇمچە. زەمەقسەرى (1143 - يىلى ۋاپات قىلغان) نىڭ «مۇقەددىمە تۇل ئەدەپ» لۇغىتى. مۇھەممەت ئىمىن قەيسى قان-
قىلىنىڭ «تۈركى لۇغەت» كىتاۋى ۋە ئەدەبىي تىل مەسىلىلىرى.

## ئالتىنچى قىسىم

# موڭغۇل — چاغاتاي دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى

ئومۇم ئوبزور. ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى شېئىرىيىتىنىڭ يېڭى دەۋرى.

سەددى قەشقىرى ۋە ئۇيغۇر — تۈركى شېئىرىيەت مەسىلىسى.

چاغاتاي دەۋرى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئاساسچىسى مەۋلانا ئەبەيدۇللا لۇتپى. (1360 - 1465)

«دىۋان لۇتپى»، «گۈل ۋە نەۋروز» داستانى. لۇتپىنىڭ تەرجىمىچىلىقى «زەپەرنامە»، «هاشىيەتى مەتالىئول ئەنۋار» (نۇر-مەنبەلىرىنىڭ شەرھى). لۇتپىنىڭ پەلسەپىۋى ۋە ئىستېتىك قاراشلىرى. لۇتپى شېئىرىيىتىنىڭ بەدىئى خۇسۇسىيەتلىرى.

يۈسۈپ سەككاكى ۋە ئۇنىڭ شېئىرىيىتى. (14 - ئەسىر ئاخىرى)

ئاتايى شېئىرىيىتى. (15 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمى)

ئوتتۇرا ئەسىر تۈرك — ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ يۈكسەك ئۆلگىسى — ئەلىشىر ناۋايى. ناۋايى دەۋرى ۋە ناۋايىنىڭ هايات - پائالىيىتى. ناۋايى ئەسەرلىرىنىڭ تىلى ۋە ئۇنىڭ مىللى فونىتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرى. ناۋايى مەسىلىسى. ناۋايىنىڭ لىرىك غەزەللىرى «چاردىۋان» (غەزەيىنۇل مائانى) ۋە «خەمسە» بەش داستانى. ناۋايىنىڭ ئىلمىي ۋە دىداكتىك ئەسەرلىرى. ناۋايىنىڭ پەلسەپەۋى، ئىجتىمائى، پېداگوگىكىلىق ۋە ئىستېتىك كوزقاراشلىرى. ناۋايى شېئىرى تىلىنىڭ بەدىئى خۇسۇسىيەتلىرى. ناۋايى لۇغىتى. نا-

ۋايىنىڭ «خەمسە» داستانلىرىنىڭ سىدىق خۋاشاھ يەركەندى تەرىپىدىن نەسىرلەشتۈرۈلۈشى — «نەسرى خەمسە ناۋايى». نا-ۋايىشۇناسلىق مەسىلىلىرى.

خەلق ئېغىز ئەدەبىيات مەسىلىلىرى. «چىن تومۇر باتۇر». «ئوكتولمىشنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى». «نەسرىددىن ئەپەندى لەتىپىلىرى». «يۈسۈپ ئەخمەت ۋە بوز ئوغلان».

قوشۇمچە. سالجۇقلار شېرىيىتى. خىسراۋ دېھلىۋى ۋە ئۇنىڭ «چار دەرۋىش» ئەسىرى. «چار دەرۋىش» نىڭ يەركەنلىك موللا سىدىق تەرىپىدىن قىلىنغان ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى. نىزامى گەنجىۋى شېرىيىتىنىڭ تەسىرى. جامى ئەسەرلىرىنىڭ تەسىرى. بابۇر ۋە «بابۇرنامە». بابۇر شېرىيىتىنىڭ تىلى ۋە سەنئىتى.

يەتتىنچى قىسىم

## 17 - ئەسىر (سەئىدىيە) ئۇيغۇر ئەدەبىياتى

ئومۇمى ئوبزور. موگغۇل دەۋرىنىڭ ئاخىرلىششى.

سەئىدى، رەشىدى، مەۋلاناخۇلقى، ئايازى غەزەللىرى. شائىرە نەفسى. نەفسى (ئاماننىساخان) ھەققىدىكى خاتىرىلەر. «دىۋان نەفسى»، «سورۇلقۇلۇپ» (قەلبلەر سوھبىتى)، «ئەخلاقى جەمىلىيە» (گۈزەل ئەخلاق).

قىدىرى ۋە «دىۋان قىدىرى». 12 مۇقامنىڭ رەتلىنىشى.

سەئىدىيە دەۋرىدىكى تۇرپان - قۇمۇل ئۇيغۇر ئەدەبىياتى.

موللا يۈسۈپ ئىبنى قادىر ھاجىنىڭ «غېرىپ - سەنەم» داستانى. داستاننىڭ مەزمۇنى ۋە كەڭ تارقىلىشى. داستاننىڭ كې-

يىنكى زاماندا ئوپېرالاشتۇرۇلۇشى.

نەسرى ئەدەبىيات. مىرزا ھەيدەر كورگاننىڭ «تارىخىي رەشىدى» كىتاۋى. مەخمۇت جوراسنىڭ «تارىخىي رەشدى» كىتاۋى. مۇھەممەت ئىبلي مۇھەممەت يەركەندىنىڭ «ھەپتە مۇھەممەدان» ناملىق كىتاۋى (ئابابەكرى مىرزا، سۇلتان سەئىددىخان، ئابدۇرىشىتخان، خوجا مۇھەممەت شىرىپ، ئابىلىمىت سۇلتان قاتارلىقلار ھەققىدىكى 366 بەتلىك لىرىك ئەسرى). «تەزكىرى ئۇۋەيسى».

سەككىزىنچى قىسىم

## 18 - ئەسىر (غوجىلار دەۋرى) ئۇيغۇر ئەدەبىياتى

ئومۇمى ئوبزور. ئىجتىمائى مۇھىت ۋە دىنى ھەم دۇنياۋى (گۇماتىزىملىق) ئەدەبىيات ئارىسىدىكى كۈرەش. خەلق ئەدەبىياتى ۋە ئوردا ئەدەبىياتى. سوپىزىم ۋە دەھىرلىك ئېقىمى. ئەخمەت يەسەۋى تەلىملىرىنىڭ تەسىرى. يەسەۋىچىلىك ۋە نەخشۇەندىچىلىك ئېقىمى. سوپى ئاللايار ۋە خوجا نەزەر ھۇۋەيدا ھەققىدە. ئاق تاغ - قاراتاغ كۈرىشى. ئەدەبىي تىل مەسىلىسى.

مۇھەممەت ئىمىن غوجام قۇلى خىرقىتى (1724 - يىلى ئولگەن) ۋە ئۇنىڭ «مۇھەببەتنامە - مىھنەتكام» (1670 - يىل) داستانى.

رەھىم بابا مەشرەپ ۋە ئۇنىڭ ھاياتى ھەم ئەسەرلىرى. مەشرەپنىڭ ياشىغان ۋە تەربىيە كورگەن جايلىرى. «مۇبدەئى نۇر» ۋە «دىۋان مەشرەپ». مەشرەپ غەزەللىرىدە ئىپادىلەنگەن ئىدىيولوگىيىلىك

مەسىلىلەر. مەشرەپ شېئىرىيىتىنىڭ ئۇسلۇبى، تىلى ۋە ئاھاڭدارلىقى.

مۇھەممەت سىدىق زەلىلى (پىقىرى). «كۇللىيات دىۋان زەلىلى» (ھىجرىيىنىڭ 1147 - ، 1155 - يىللىرى) مىلادىنىڭ 1734 - ، 1742 - يىللىرى يېزىلغان «سەپەرنامە» (1718 - يىل) داستانى. «ئىمام سادىق جەپپەرى» داستانى. زەلىلى شېئىرىيىتىنىڭ تېماتىكىسى ۋە بەدىي ماھارىتى.

«دىۋان نوبىتى». نوبىتىنىڭ ئابدۇراخمان خەلپەت تەرىپىدىن 1797 - يىلى كۆچۈرۈلگەن لىرىكىلىرىنىڭ بەدىي خۇسۇسىيىتى. نوبىتىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە گۈزەللىكنى مەدھىيىلەش تېمىسىدىكى غەزەللىرى.

«دىۋان مەجلىسى». (1797)

ئۆمەر باقى (18 - ئەسىر) ۋە ئۇنىڭ «پەرھات شىرىن»، «لەيلى - مەجنۇن» داستانى.

مۇھەممەت سىدىق بەرشىدى (18 - ئەسىر) ۋە «سىدىقنامە».

نامەلۇم ئاپتورلار ۋە ئەسەرلەر.

— گۇمنام ۋە ئۇنىڭ شېئىرلىرى.

— سەييادى ۋە «تاھىر - زوھرە» داستانى.

— سابىر سەيقەلى ۋە «قىسسە سەيقەلى»، «بەھرەم ۋە گۈلەندەم».

— ئەندەلىب ۋە «لەيلى - مەجنۇن» داستانى.

— سامائى ۋە «دىۋان سامائى».

— رىزائى ۋە ئۇنىڭ «خۇرشىد ۋە مەلىكە دىللام» داستانى.

# نەسرى ۋە تەرجىمە ئەدەبىياتلار.

مەشھۇر ئەدىبى تەرجىمشۇناس خامۇش موللا يەركەندى ۋە ئۇنىڭ «شاھنامە تۈركى»، «كەلىلە دىمانە تۈركى» تەرجىمە ۋە نەسرىلەشتۈرگەن كىتاۋى. خامۇش موللانىڭ نەسرىلەشتۈرۈش ۋە تەرجىمە قىلىش ماھارىتى.

— مۇھەممەت سادىق قەشقىرى ۋە «تەزكىرى خوجىكان (ئەزىزان)»، «زۇبەيدە تۇل ماسائىل»، «ئەسھابۇل كەپ» قاتارلىق نەسرى ئەسەرلىرى.

## توققۇزىنچى قىسىم

## 19 - ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى (1)

موللا شاكىر ۋە ئۇنىڭ «زەپەرنامە» داستانى. (1802 — 1890 - يىللار) ئۇشتۇرپاندا ياشىغان.

19 - ئەسىر مەشھۇر ئۇيغۇر شائىرى ئابدىرىھىم نازارى.

نازارى ئۇمۇر بايانى ۋە ئىجادى پائالىيىتى. «خەمسە نازارى»، «دارىلھاد». نازارى ئەسەرلىرىنىڭ ئىدىئولوگىيىلىك ۋە ھېكايەتلىك مەزمۇنى. نازارىنىڭ تىلى ۋە نازارى شېئىرىيىتىنىڭ بەدىي خۇسۇسىيەتلىرى.

«دىۋان زوھۇرى» ۋە تەلقىن.

زىيائى «مەھزۇنۇل ۋائىزىن» (قايغۇلۇق نۇتۇقلار) ئەسىرى.

نورۇز ئاخۇن كاتىپ زوھىردىن ھېكىم بەگ دەۋرىدە يازغان 2400 مىسرالىق شېئىرىي ئەسەر.

تۇردۇش ئاخۇن غېرىبى ۋە «كىتاپ غېرىبى». (1841 -

يىل) يازغان. «كەسپلەر مۇسابىقىسى».

ئىمىن خوجا يار ئىبنى مۇھەممەت شەھيارى «ئىشتىياق نامە» ئەسىرى. (بۇ شائىرمۇ غېرىپ تەخەللۇسىنى ئىشلەتكەن)

موللا ئەلەم شەھيارى ۋە لىرىك داستان «گۈل ۋە بۇلبۇل».

ئېمىر ھۈسەيىن سوبۇرى (قەشقەرلىق). سوبۇرى ناۋايى ئەسەرلىرىنىڭ ۋارىسى ۋە ناۋايىشۇناس سوپىتىدە، ناۋايىنىڭ «مەنتىقى تەير» (قۇشلار تىلى) ئەسىرىنى شەرھلەپ يازغان. «ماقالەت شەرھى مەنتىقى تەير»، «داستان ئىسكەندەر تەر مۇۋائىز».

بىر قاتار شائىرلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى.

— موللارىھىم (18 - ئەسىر) «مۇھەببەتنامە» ئەسىرى. 1807 - يىلى موللايۇنۇس يەركەندى كوچۇرگەن.

— موللا سىدىق يەركەندى «تەسرى مۇھەممەت ھۈسۈيۈن بەگ» (18 ، 19 - ئەسىر)

— ئەرشى ۋە «دىۋان ئەرشى» (18 ، 19 ئەسىر)

— ئابدۇكېرىم زىيائى شېئىر - داستانلىرى

— «دىۋان سادائى» (18 ، 19 - ئەسىر)

— «دىۋان قەلەندەر»

— مۇتربىان قەشقىرى ئىجادىيىتى

— «دىۋان ناقىس». مۇھەببەت ۋە مەرىپەت تېمىسى.

سابىر ئاخۇن قولىيازمىسى، «گۈلزارىبىنىش».

نەسرى ۋە تەرجىمە ئەدىبىياتلار.

موللا مۇھەممەت تۆمۈر قارىقاش «تەركىرشۇل رىشات»

(1818 - يىل)
— نېمىتۇللابىن ئىسمىتۇللا (موجزى) «تارىخ مۇسقىيۇن»،
— قاسىمى «تەزكىرى ئارسلانخان»
— قازى قۇززات ئەخمەت تومۇر ئاقسۇيى (موللا مەۋلانە مانو چىخرى ھەكىم) تەرجىمە قىلغان «ئىسكەندەرنامە».
— موللا نىياز «تەزكىرى ئىمام زەبىھۇللا» داستانى.
— موللا ئابدۇل غاپپار: «زەپەرنامە شاھ باھادىرخان».
— يەكەنلىك موللا سىدىق ۋە ئۇنىڭ خىسراۋ دېھلەۋى داستانى «چار دەرۋىش» نى تەرجىمە قىلىشى.

## ئونىنچى قىسىم

## 19 - ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى (2)

19 - ئەسىر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە ئەدەبىيات ئوقۇتۇش مەسىلىلىرى.

— ئۈزۈگۈم — خەلق شائىرەسى. ئۈزۈك قوشاقلىرى.
— «گۇلەمخان»، ئىلى ئۇيغۇرلىرى قوشاقلىرى. يەتتە سۇ ئۇيغۇر قوشاقلىرى.
خەلق شائىرى سادىر ۋە ئۇنىڭ قوشاقلىرى.
— قۇمۇل - تۇرپان خەلق ئەدەبىياتى. قۇمۇل مۇقام قوشاقلىرى. سەلەي چاققان لەتىپىسى.
— چارقىلىق، چەرچەن، كورلا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى.
سېيىت نوچى قوشاق - داستانى.
— باشقا تارىخىي قوشاقلار.

— ئەدەبىيات. ئوقۇتۇشى، داستانكەشلىك، مەدداھلىق، ھە-
كايەتچىلىك، سەيلى قوشاقلىرى.

مولla بىلال بىننى موللا يۈسۈپ (1823 — 1899).

«غەزەلىيات»، «كىتاب غازات دەر مۈلكى چىن»، «نۇزۇگۇم»،
«چاكىمۇزا يۈسۈپخان». موللا بىلالنىڭ ئىجتىمائى كوز قاراشلىرىدىكى زىددىيەتلەر. موللا بىلال شېئرىيىتىنىڭ بەدىي خۇسۇسىيىتى.

سېيىت مۇھەممەت ھېيت مۇھەممەت قاشى (1858 — 1909). «شەرھى شىكەستە».

پۈرقەت توغرىسىدا (1858 — 1909). ئۇنىڭ 57 يىللىق
ھاياتىنىڭ 32 يىلى ئوتتۇرا ئاسىيادا، 5 يىلى چەتتە، يېتىلگەن
14 يىلى (1896 — 1909) خوتەن-يەركەندە ئۆتكەن.
پۈرقەتنىڭ بۇ دەۋردىكى شېئرلىرى.

ئايال شائىرلار. مۇتربە، مۇزەييەنە، سىكىنە، ئاجىزى.

بىر قاتار شائىرلار ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى.

— مۇھەممەت ئومەرى. «دىۋان ئومەرى» (1850)
— ئابدۇخالىق شەھيارى ۋە ئۇنىڭ شېئرىي دىۋانى.
— ئەخمەتشا قارىقاش ۋە ئۇنىڭ ساتىرىك شېئرىيىتى.
«ئات»، «مۇلەر مۇنازىرىسى».
— مەخمۇت ھېكىم بەگ (مەخمۇدى)، ھوشۇر قازى،
سېيىت ئارتۇشى، نىياز شېئرلىرى.
— فازىلى.

دىنى — مىستىك ئەدەبىيات ئۈلگىلىرى.

— «دىۋان سامائى».
— «دىۋان سايرامى».

— «دىۋان بىنشان» (1842 - يىلقى پەيغەمبەر تەرجىمە-ھالى داستانى).

— «ھەجنامە». چىرىيىدە توختىسۇن خوتەنى يازغان ساياھەت داستانى.

نەسرى ئەدەبىيات.

— موللا مۇسا سايرامى. «تارىخىي ئەمىنە»، «تارىخىي ھەمدىيە».

— «مىڭ بىر كېچە» نىڭ سىراجىدىن مەخمۇت تەرجىمە نۇسخىسى.

قۇتلۇق شەۋقى ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ئىمىر ھەسەن قازى.

ئۇلارنىڭ شېئرى ئۇتۇقلىرى. ئىمىر ھەسەن قازىنىڭ «شاۋاز قارى ۋە قىزىلچى خېنىم» ھېكايىسى.

تەجەللى ۋە «بەرقى تەجەللى» توپلىمى. تەجەللىنىڭ غەزەللىرى ۋە «قارا» قەسىدىسى.

ئابدۇقادىر داموللا ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى. كونا دېموكراتىك مەتبۇئاتچىلىق ۋە «ئاڭ» مەجمۇئەسى، ھەپتىلىك «نەسىھەت ئاما» گېزىتچىسى. ئابدۇقادىر داموللاغا زاماندىش ئەدىپلەر.

كونا دېموكراتىك ئەدەبىيات نامايەندىلىرى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر. ئەخمەت زىيائى ۋە 20 — 30 - يىللار ئارىسىدىكى ئەدەبىيات.

خاتىمە.

ئەدەبىي مىراسلارغا توغرا مۇئامىلە قىلىش مەسىلىسى.

**源　　泉（丛刊）**（维吾尔文）
1981年第1期

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市解放路306号）
新疆新华书店发行　新疆新华印刷厂印刷
850×1168毫米 32 开本 15,25 印张 插页1
1981年1月第1版　1981年8月第1次印刷
印数：1—12,000

统一书号：M10098·478　定价：0.86元